«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىغا سوۋغا (2)



# ئايرىلىدىكى گۇگۇم پەسلى

## (ھېكايە ۋە شېئىرلار)




مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100سان نەشر قىلىنغانلىقىغا سوۋغا (2)

# ئاپرېلدىكى گۈگۈم پەسلى

## (ھېكايە ۋە شېئىرلار)


باش تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا

مۇھەممەت شاھنىياز

تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا

تۇرغۇن جالالىدىن



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ



0005/98

# كىرىش سۆز

خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، روھىيىتىنى دەۋرنىڭ يېڭى — يېڭى ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن بېزەپ ئىستېتىك زوق، مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلاپ كېلىۋاتقان «تۇرپان» ژۇرنىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى، ۋىلايىتىمىز ئىچى، سىرتىدىكى قەلەم ساھىبلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، شۇنداقلا تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەرنىڭ توختاۋسىز ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە 25 يىللىق مۇساپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىپ ئۆتتى. ئىدىقۇت ئەدەبىيات — سەنئەت بېغىدىكى «تۇرپان» ژۇرنىلىدىن ئىبارەت بۇ گۈل 100 غۇنچىنى پورەكلىتىپ، خۇش ھىدلىرى بىلەن ئەجدات روھىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن ھېكمەت دۇردانىلىرىنى خەلقىمىزنىڭ روھىيەت ئالىمىدە جۇلالاندۇرۇپ كەلدى. دەۋرنىڭ ئەڭ نازۇك تىۋىشلىرىغا دىققەت نەزىرىنى ئاغدۇرالايدىغان، مەنىۋىيەت چوڭقۇرلۇقىدىن مەنا يۈكسەكلىكىنى تاپالايدىغان ھوشيار قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ مېھنىتىگە مۇناسىپ سورۇن ھازىرلاپ كەلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى، ۋىلايىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى، «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم نادىر

ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەر مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، مەيلى بەدىئىي قىممەت جەھەتتە بولسۇن ۋە ياكى تىل ماھارىتى جەھەتتە بولسۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەر بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ۋە نەتىجىلىرىنى ھېس قىلدۇرالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا روھىيىتىمىزدىكى يىتتۇرۇپ قويغان، يىتتۇرۇپ قويۇۋاتقان ھېسلىرىمىزدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ؛ مەدەنىيىتىمىزنىڭ نۇرانە ئىزلىرىنى ئەدەبىيات نۇقتىسىدا تۇرۇپ سۇرەتلەپ، ئۇنتۇلغۇسىز بەدىئىي زوق بېرەلەيدۇ؛ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم بېسىۋاتقان ھەۋەسكارلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۈرنەك بولالايدۇ.

نۆۋەتتە بىز، بۇ توپلامنى تۈزۈش داۋامىدا بىزنى قوللىغان رەھبەرلەرگە، مىللەتلەر نەشرىياتى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مىللەت دىن ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارغا، ئەسەر تەۋسىيە قىلغان يازغۇچى، شائىر ۋە ھەۋەسكارلارغا، جۈملىدىن بىزنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئابلىز ياقۇپقا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

— تۈزگۈچىدىن.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


ئەركىن كېرىمى
خاسىيەتلىك قوم ........................................ (3)
پەرھات كازىم
ئالتۇن پاچىئەسى ............................ (13)
پەزىلەت ئىسرائىل
ئاپرېلدىكى گۈگۈم پەسلى ............ (23)
جاپپار شەمشىدىن
چۈمۈلە ...................................... (51)
شىرئەلى ھوشۇر
«دوزاخ»قا سېتىۋېتىلگەن قىزلار ............ (59)
شازادىگۈل ئەرشى
بىنا ئۆي ............................................ (103)
گايىت مۇھەممەت
توي كېچىسىدىكى ئاجايىپ ۋەقە ............ (131)
مۇھەممەت شاھنىياز
رۇسلارنىڭ ئەلشىر نەۋائىيسى.................. (155)
ھېلىمنىياز قادىر
ئانارخان پاچىئەسى.............................. (167)
ئۆمەر نوھ
قۇتۇلۇش ........................................ (195)

ئۆمەرجان سىدىق
توغراقتا ئايلانغان ئادەملەر ................................ (209)
ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت
سۇزۇك زەرداپ ................................ (231)
ئىلھام سەدۇللا
قۇياش كۇلۇمسىرىگىچە ................................ (241)
جىنايەت يولى ................................ (273)
ياقۇپ ئىسمايىل قۇرۇلچى
قورۇغان چىنار ................................ (295)

# شېئىرلار

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
باھار چېچىكىدىن بىر تەسىر ................................ (313)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر
تۇرپان تەسىراتلىرى ................................ (315)
ئابابەكرى ئەمەت
ئىككى ساتىرا................................ (321)
ئايگۈل مۇتىلا
باغۋەن بوۋا................................ (323)
ئابدىسىم ئىسمايىل
توپىلىق يول،گۈل ھىدلىق سەھرا................................ (329)
ئەكبەر نىياز پەتتارى
يىلتىز ................................ (331)
ئەخمەتجان ئىمىن ئارمان
ئىككى شېئىر................................ (349)

توختى نەمتۇللا
ئۈچ مۇخەممەس ........................................ (351)
رىشىت مەخسۇت
رۇبائىيلار .......................................... (357)
روزى نىياز
ئىككى شېئىر ........................................ (359)
رەيھانگۇل غېنى
ئايال ............................................... (363)
مۇھەممەتجان راشىدىن
ئىككى ساتىرا ....................................... (371)
مۇھەممەت خېۋىر
ئاتەش رىۋايەتلىرى ................................... (375)
ھەبىبۇللا رەجەپ
كارىزنىڭ سۈيىدە يۇيدۇم روھىمنى ....................... (379)
ھەمراگۇل غۇپۇر
رېئاللىقتا قايتاي مەن ئەمدى ......................... (387)
ئوسمانجان ساۋۇت
ئىككى شېئىر ........................................ (389)
ئۆمەر نىياز تالىپ
ئىككى شېئىر ........................................ (391)
ئېلى ھېمىت
قۇمتاغ باغرىدىكى قىسسە ............................... (393)
ئىسمايىل ئېلى
ئىككى شېئىر ........................................ (403)

# ھېكايىلەر

ئەركىن كېرىمى

# خاسىيەتلىك قۇم

بۇ قۇملار خاسىيەتلىك. بۇ يەرگە تۇنجى كەلگەن ھەربىر ئادەم، بۇ قۇم دۆۋىلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. بۇ جايغا ھەرخىل ئادەملەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ پارىڭىنى تىڭشاش، ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ — ئادەت ۋە تۇرمۇشىنى كۆرۈش، كىشىگە كۆڭۈللۈك تۇيۇلىدۇ. ساناتورىيىنىڭ غەربىي دەرۋازىسىغا يۈز مېتىرلا كېلىدىغان جايدىكى كونۇس شەكلىدىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ «ھورۇنلار قۇمى»؛ بەش يۈز مېتىر غەربىدىكى، تۇرۇشى غايەت زور لەھەڭگىلا ئوخشايدىغان قۇم دۆۋىسىنىڭ «قەھرىمانلار قۇمى»؛ ئۇنىڭغا يېقىنلا يەرگە جايلاشقان قۇم دۆۋىسىنىڭ شەكلىگە قاراپ «ھىلال ئاي قۇمى»؛ ئادەم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان، ياز كۈنلىرى 70 — 80°C قىزىپ كېتىدىغان، ئىككى تۈپ سۆگەت ياشناپ تۇرغان قۇم دۆۋىسىنىڭ «مۇھەببەت قۇمى» دەپ ئاتىلىشى بۇ يەرنىڭ يېڭىدىن كەلگەن مېھمانلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى، كونا مېھمانلىرىغىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. سىرلىقلىقى، بۇ جايغا يىراقلاردىن كەلگەن، سوغۇقتىن چىرايى قارىداپ قالغان، بەدەنلىرى ئېچىغان خېمىردەك ئىششىغان، ھاسا تاياققا تايىنىپ كەلگەن كىشىلەر، ھەپتە — ئون كۈن سۇنايلىنىپ قۇمغا كۆمۈلسە، قارىدىغان چىرايى ئاقىرىپ، ئۆز ۋاقتىدا ساغرىسىغا ئوكۇل ئۇرۇپ، غەلۋىر تۆشۈكىدەك قىلىۋەتكەن بولسىمۇ

ساقايمىغان ئىششىقلىرى يېنىپ، ھاسا تايىقىنى يىراققا تاشلاپ بىمالال مېڭىشى، بىمارنىڭ ئۆزىگىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدۇ.

ئەنە، شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى «قۇم ساناتورىيىسى»نىڭ مىللىي ئۇسلۇبتا كۆركەم سېلىنغان بىناسى. بىر قىز ئىنچىكە بارماقلىرىنىڭ ئۇستىگە ئېڭىكىنى قويغىنىچە كېسەللەر بىناسىنىڭ لاپىسى ئاستىدىكى كېسەل كارىۋىتىدا خېلىدىن بېرى چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئويچان، چوڭ، قوي كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ئىدى.

بۇ قىز، بۇ يەرگە ئاپىسىغا ھەمراھ بولۇپ، ئىككى ھەپتە ئىلگىرى كەلگەنىدى. ئۇنىڭغا بۇ يۇرتنىڭ تونۇر تەپتىدەك ئىسسىق ھاۋاسى، ساناتورىيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى قۇم بارخانلىرى، ئادەملىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى يېقىپ قالدى. قىزنىڭ مەيلىنى ھەممىدىن بەكرەك تارتقىنى ئۇلار كەلگەن بىرىنچى كۈنى، ساناتورىيىنىڭ ئامبولاتورىيە بىناسىنىڭ كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىدە بويىنىغا تىڭشىغۇچ ئېسىۋېلىپ كېسەل كۆرۈۋاتقان 22 ياشلاردىكى يىگىت ئىدى. قىز ئۇنىڭ ئىسمىنى شۇ كۈنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىسمى يالقۇن ئىدى. ئەگەر شۇ كۈنى يالقۇن بۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە ئۇلگۈرۈپ كېلىپ قالمىغان بولسا، قىزنىڭ ئاپىسى نېمە بولاركىن تاڭ. ئۇ كۈنى مۇنداق بولغانىدى:

قىز ئاپىسى بىلەن چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، ئېغىر سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھالسىرىغىنىچە ساناتورىيە ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار باشقىلارغا ئوخشاشلا كېسىلىنى تەكشۈرتكۈزۈپ، تېزلا ياتاققا ئورۇنلاشتى.

قىزنىڭ ئاپىسى قۇمغا كۆمۈلۈشكە ئالدىرايتتى. چۈنكى، بۇ يەرگە كېلىپ داۋالىنىش ئۇدۇل كەلگەن ئادەمگە نېسىپ

بولىۋەرمەيتتى، پۈرسەت غەنىمەت. دوختۇر ئۇنىڭغا ھەپتە ئىچىدە بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈش، ئاندىن قۇمغا كۆمۈلۈشنى ئۆزى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ قۇلاق سالماي ئەتىسىلا قۇمغا بېرىپ بېلىگىچە كۆمۈلىۋالدى. كىم بىلسۇن، يېرىم سائەت ئۆتمەيلا بېشى ئايلىنىپ، كۆڭلى ئېلىشقىلى تۇردى. قىز ئاپىسىغا قۇمدىن تېز چىقىپ كېتىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئاپىسى: «ھەرقانداق ئادەم دەسلەپتە قۇمغا كۆمۈلگەندە مۇشۇنداق بولىدۇ. بۇ نورمال ئىش» دېدى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان سۆزنى تەكرارلاپ. ئەمما، قىزنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشتى. ئاخىرى خۇدىنى يوقاتتى. قىز قاتتىق چۆچۈدى. لېكىن، ۋارقىراپ — جارقىراپ كەتمىدى. ئۇ تىببىي ئىنىستىتوتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئاپىسىنى جىددىي تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئالدى بىلەن يۈرەكنىڭ سوقۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. يۈرەكنىڭ سوقۇشى تولىمۇ ئاستا ئىدى. تومۇرلارنىڭ سوقۇشىمۇ زەئىپ ئىدى. قىز ئالدىراپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قىز ئۆزى يالغۇز 90 كىلوگرام كېلىدىغان ئاپىسىنى كۆتۈرەلمەيتتى. قىز ئەتراپتىكىلەرنى ياردەمگە چاقىردى. ئۇلار بىر نەچچەيلەن بۇ سېمىز ئايالنى تەسلىكتە يۆلەپ، نېرىسىدىكى جىگدە سايىسىگە ئېلىپ باردى. قىزنىڭ ئاپىسىنىڭ ئەھۋالى بارغانچە يامانلاشماقتا ئىدى. مۇشۇ تەرىزدە بۇ ئايالنى يۆلەشتۈرۈپ، ساناتورىيە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغىچە خېلى بىر ۋاقىت كېتەتتى. «يۈرەكنىڭ سوقۇشى ئاجىز تۇرسا، مۇشۇ ئاپامنى ... بۇنداق يەرگىمۇ كېلەمدىغان» قىز تىت — تىت بولۇپ يىغلاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، يالقۇن داۋالاش سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى...

تۇرمۇشتا بۇنداق تاسادىپىيلىقلاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. قىز دەسلەپتە بەكمۇ خۇشال بولدى ھەم ھەيران بولدى. بىر پەستىن كېيىن قىزنىڭ ھەيران بولۇشىنىڭ ئورنىنى ئاستا — ئاستا قىزىقىش ئالدى. قىزلاردىكى بۇ خىل قىزىقىش، كۆپىنچە ئۇلارنى سۆيگۈ دېڭىزىغا باشلاپ كىرىدۇ. قىزلار ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن خىيالغا بېرىلىدۇ. خىيالدا ئۆزلىرى قىزىققان ئادەمگە ھەمراھ بولىدۇ. ئەمما، بۇ تېخى چۈشتىن ئىبارەت. چۈشمۇ بەزىدە رېئاللىققا ئايلىنىدىغۇ؟

— تېخىچىلا مۇشۇ يەردە ئولتۇرىسەنغۇ؟ «ئىسسىق ئۆتۈپ قالىدۇ» دەپ يا مەن بىلەن قوغا بارمىدىڭ.

قىز خىيالدىن ئەندىكىپ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا ئۇستىگە ئەدىيال ئورىۋالغان، ئاپتاپتا قىزارغان يۈزلىرىدىن تەر تامچىپ تۇرغان، قولاق ۋە بويۇنلىرىغا قۇملار يېپىشقان، كۆرۈنىشىدىن خېلىلا ھاردۇق يەتكەن ئاپىسى تۇراتتى. قىز ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ قولىدىكى قۇرۇقلىنىپ قالغان چۆگۈن بىلەن كۈنلۈكنى ئالدى. قىزنىڭ ئاپىسى كارىۋاتتا بىردەم ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ياتاققا كىردى.

— ئۇھ، ھەمراھلار تېخى كەلمەپتۇ — دە، — قىزنىڭ ئاپىسى زوڭزۇيۇپ ئولتۇرۇپلا، چۆگۈندىن چاي قويۇپ ئارقا — ئارقىدىن ئۈچ سىركاي ئىچىۋەتتى.

— ھەي مۇكەررەم! — دەپ چاقىردى قىزنىڭ ئاپىسى ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرغان قىزنى، — ماڭا ئاۋۇ قۇرۇق چۆگۈنگە ئىلمان سۇ قىلىپ كىرگىن. خويمۇ ئىچىم سىقىلدى بۇ تىنجىق ھاۋادا.

مۇكەررەم چۆگۈننى ئېلىپ ئالدى بىلەن قايناق سۇ ئېلىشقا ماڭدى. قايناقسۇخانىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇ بىردەم

ساقلاشقا مەجبۇر بولدى. نېمىشقىدۇ ئۇ، ساناتورىيىنىڭ ئامبولاتورىيە بىناسىغا قارىدى. كۆزلىرى كىمنىدۇ ئىزدەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدا ئىزدىگەننى تاپتى. شۇ تاپتا يالقۇن بىلەن چىرايلىق كىيىنگەن بىر قىز قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن مۇكەررەم ئۆزىدە ئىلگىرى پەقەت كۆرۈلۈپ باقمىغان، قانداقتۇ بىر خىل ئازابلىنىش تۇيغۇسىنى سەزدى.

كېچە. ھاۋا سالقىن ھەم سۈزۈك، ئەتراپ چېكەتكىلەرنىڭ تىنماي چىرىلدىشى بىلەن ياتاقلاردىن تۇرۇپ تۇرۇپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان خورەك ئاۋازلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا جىمجىت ئىدى.

مۇكەررەمنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇ كارىۋاتتا بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يالقۇننىڭ ئاق پىشماق چىرايى، دائىم كۈلۈمسىرەش يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى كېلىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى. مۇكەررەم بۈگۈن يالقۇن بىلەن پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان ھېلىقى قىزنى ئەسلىدى. قىز چىرايلىق ئىدى. ئۇ نېپىز كۆڭلەكلىكى بىلەن يالقۇننىڭ ئالدىنى توسىۋالدى. مۇكەررەم ئۇ قىزنى ئىتتىرىۋېتىپ يالقۇننى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ قانچە ئىتتەرسىمۇ، قىز تەۋرەپمۇ قويمىدى. ئۇ، تىت — تىت بولدى. ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسسىق بىر نەرسە ئېقىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتەن ياشقا تولغانىدى.

سەھەر، قۇياش ئىدىقۇت تېغى كەينىدىن توي ئاخشىمى يۈزى ئېچىلغان قىزدەك گويا خىجىللىقتا چۆمگەن يۈزىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى بىلەن ساناتورىيىنى ئاجايىپ ھەيۋەت بېزىگەنىدى. مۇكەررەم ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ، ئىششىغان كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە يۈزىنى يۇيۇشقا

ماڭدى. ئۇ ئەمدىگىنە يۇزنى يۇيۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا يالقۇن كەلدى.

— يېڭىلىشمىسام، ئىسمىڭىز مۇكەررەمغۇ دەيمەن؟

— ھەئە...

— ھازىر جىددىي بىر كېسەل كېلىپ قالغانىدى. بىزنىڭ سېستىرا ئۆيىگە كېتىپ قېلىپ، تېخى كېلەلمىگەن. سىز بىزگە ياردەملەشكەن بولسىڭىز.

مۇكەررەم ھودۇقتى. يۈرىكى دۇپۇلدەپ ئىتتىك سوقماقتا ئىدى. ئۇ، يا «ھە»، يا «ياق» دېيەلمەي بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە تېز — تېز قەدەم بىلەن يالقۇننىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

— سىزگە كۆپ رەھمەت، سىز بولمىغان بولسىڭىز بۇ كېسەل...

— نېمىگە رەھمەت ئېيتىسىز، بۇ ھەربىر تىببىي خادىمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى. بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىراش بولۇپ قالساڭلار، مەن ياردەملىشەي.

— بولىدۇ، — يالقۇن مۇكەررەمنى بىنانىڭ ئالدىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى. «تۇۋا! — دەيتتى يالقۇن كۆڭلىدە، — قوللىرى بىزنىڭ مۇنۇ ئون يىللىق سېستىرالىرىمىزدىن چاققان ئىكەن. مۇشۇنداق قىزلار بىزنىڭ دوختۇرخانىلارغىمۇ تەقسىم قىلىنىسچۇ كاشكى...»

مۇكەررەم ئاشۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوكۇل بۆلۈمىگە كىرىپ، سېستىرا باھارخانغا ياردەملىشىدىغان بولدى. باھارخانمۇ مۇكەررەمنىڭ چاققانلىقىغا ھەيران قالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن قولىنىڭ خېلىلا بوشاپ قالغانلىقىغا خۇش بولاتتى. مۇكەررەم ئۇچۇن بۇ ۋاقىت تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇ يالغۇز قالغاندا چاقچاق قىلغان

يوسۇندا قىز دوستىنىڭ بار — يوقلىقىنى سورىدى. بۇنداق ۋاقىتتا يالقۇن، بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ بۇ ئىش توغرىلىق تېخى ئويلىنىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. جاۋاب مۇكەررەمنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى.

— توختاپ تۇرىڭە يالقۇن، — مۇكەررەم ھېلىلا ياتاقتا بىر كېسەلنى كۆرۈپ چىققان يالقۇننىڭ كەينىدىن توۋلىدى. يالقۇن توختاپ ئارقىغا بۇرۇلدى. ئۇ «نېمە ئىش» دېگەندەك مۇكەررەمگە تىكىلدى. مۇكەررەم سەل ھودۇققان، لېكىن، بىر جۈپ چوڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ چاقناپ تۇراتتى.

— سىزدىن بىر مەسلىھەت سورايمىكىن دېۋىدىم. ۋاقتىڭىز يېتەرمىكىن؟

— مانا ھازىر سورىسىڭىزمۇ بولىدىغۇ، — دېدى يالقۇن قىزغىنلىق بىلەن.

— بۇ، باشقا بىر ئىشتى.

— ئۇنداقتا مېنى بەش مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ. مۇنۇ خالتىمنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ قوياي، — دېدى يالقۇن خالتىنىڭ تۈگمىلىرىنى يەشكەچ. ئۇ، شۇ تاپتا بىردە ئاخىرقى نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىۋاتقان قۇياشقا، بىردە قىزنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىككىسىنى سېلىشتۇرماقتا ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئىككىسى بىنانىڭ يان تەرىپىدىكى قېرى ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ جاي باشقا يەرلەرگە قارىغاندا خالىي ھەم ئازادە ئىدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ يۈرىكى ھاياجان ئىچىدە سوقماقتا ئىدى. مۇكەررەمنىڭ مۇھەببەت دۇلقۇنى مەۋج ئۇرۇۋاتقان كۆڭلىدە، مۇنۇ يېنىدا ئولتۇرغان، ئۆزى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتكە مۇھەببىتىنى ئەپچىللىك بىلەن قانداق ئىپادىلەشنى خىيال قىلىۋاتقان بولسا، يالقۇنمۇ بۇ قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى نەچچە رەت خىيال قىلغانىدى. لېكىن، توختاپ قالدى. چۈنكى، ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقان، چوڭ شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بۇنداق قىزلار بۇ چەت جايلارغا

كەلمەيتتى. شۇنداقلا ئۇلار چوڭ دوختۇرخانىلاردىمۇ ئاشمايتتى.

— سىزدىن مۇنداق بىر ئىشنى سورىماقچى ئىدىم، — دەپ سۆز باشلىدى مۇكەررەم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ھەپتە ئىلگىرى مائارىپ ئىنىستىتۇتىدىن كەلگەن پولاتنى بىلەمسىز؟ ھېلىقى ئورۇقراق كەلگەن، ئىلمەك بۇرۇن يىگىتنىچۇ؟ ئۆتكەندە سىز بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانتىغۇ؟ شۇ بالا ماڭا بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. خېتىدە نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ ...

مۇكەررەم سۆزىدىن بىردىنلا توختاپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىل گۈلنىڭ غۇنچىسىدەك لەۋلىرىنى سەدەپتەك چىشلىرى بىلەن ئاستا چىشلىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزى ۋىللىدە قىزارغانىدى. يالقۇن مۇكەررەمگە يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن قىزنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، — ئۇ ماڭا تەلەپ قويۇپتۇ، سىزچە قانداق قىلاي؟

يالقۇننىڭ قەلبىنى بىردىنلا ئازاب، ئېچىنىش ھېسلىرى چولغىۋالدى. ئۇ ھەسرەتلىك تىنىپ، ئۆز كۆڭلىنى مۇكەررەمدىن ئەمدى مەڭگۈ يوشۇرۇشنى خىيال قىلدى. مۇكەررەم يالقۇننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىرىنى شۇ ھامان سەزدى. ئۇ «پىسسىڭگىدە» كۈلۈپ قويۇپ، يالقۇنغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرىۋەردى. يالقۇن يېنىدىكى نەم يەردە ئۆسكەن ياۋا ئوتنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئۇنى قولىدا يېنىك ئايلاندۇرغاچ:

— پولات بىلەن مەن يېقىندىلا تونۇشتۇم. قارىغاندا ياخشى بالىدەك قىلىدۇ. ئۇ ھازىر مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلەشسىڭىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز.

— سىز پولاتنى راستىنلا شۇنچىلىك چۈشەندىڭىزمۇ؟ — يالقۇن تۇكرۇكىنى «غۇرت» قىلىپ يۇتتى. ئۇ ئەمدى ئەپسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. يالقۇن پولات بىلەن ئۇلۇشكۇنلا

ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلىشقان. ئۇنى ھېچقانچە چۈشەنمەيدۇ. ئۆز سىرلىرىنى يات كۆرمەي دەپ بېرىۋاتقان بۇ قىزغا ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىنى ئەپقېچىش كېرەك.

— كەچۈرۈڭ! مەن سىزنىڭ مۇھەببەت مەسىلىڭىزگە ئارىلىشالمايمەن.

يالقۇن ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تەمشەلدى. مۇكەررەم ئۇڭايسىزلىنىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىپ، لېۋىنى چىشلەپ بىردىنلا قەتئىي قارارغا كەلگەندەك بولدى — دە، ئۇنىڭ يېڭىنى تارتتى:

— نەگە ئالدىرايسىز؟ گېپىم تېخى تۈگىمىدى. مەن ...مەن باشقا بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانتىم.

— مەن سىزگە ھېلى دېدىمغۇ؟

— بىراق، سىز بۇنىڭغا ئارىلىشىشىڭىز كېرەك. مەن بۇ يەرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مۇشۇ يەرگە ماكانلىشايمىكىن دەيمەن.

— راستمۇ؟ — يالقۇننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى، — مەن چوقۇم سىزگە ياردەم قىلىمەن.

— ئەخمەق، تېخىچە چۈشەنمىدىڭىز...

مۇكەررەم قوي كۆزلىرىنى شوخلۇق بىلەن ئويناتقىنىچە كىيىكتەك ئىرغىپ تۇردى — دە، ياتاق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يالقۇن ھاڭ — تاڭ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ خۇشاللىقتىن شېرىن بىر تۇيغۇ ئىلكىدە مەستخۇش بولۇپ قالغانىدى.

مۇكەررەم ئاپىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە قايتتى. ئۇ ئاپتوبۇس ئىچىدە ئولتۇرۇپ ئاخشام يالقۇن بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەسلىدى.

— مۇكەررەم سىز يەنىلا ئۇرۇمچىدە قالغىنىڭىز تۈزۈك، بۇ يەرگە كەلسىڭىز جاپا تارتىپ قالارسىزمىكىن، — دېدى يالقۇن كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا.

— سىز مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمنى خالىمامسىز؟

— ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ...

— بولدى، ماڭا ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىڭىز كۇپايە يالقۇن. ھاياتنىڭ قىممىتى تەر تۆكۈشتە. بىز ئاشۇ ھەشەمەتلىك چوڭ شەھەرلەرگە بېكىنىۋالماي، يېزىلارغا بېرىشىمىز، ئۇسسۇزلىقىمىزنى تۇرۇبا سۇلىرى بىلەن قاندۇرۇپ يۈرۈۋەرمەي، تەبىئەت بەرگەن بۇلاق، كارىز سۇلىرىنىمۇ ئىچىشىمىز كېرەكقۇ؟! قاراڭ تەبىئەت نەقەدەر گۈزەل، يۇرتىمىز نېمە دېگەن كەڭرى! مەن بۇ يۇرتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇۋامنىڭ مۇشۇ يۇرتلۇق ئىكەنلىكىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمەن. يالقۇن، مەن يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ يېنىڭىزغا قايتىپ كېلىمەن. بىز مانا مۇشۇ تۇپراقتا ماكانلىشىپ، مەڭگۈ مۇشۇ قۇم بارخانلىرى بىلەن سىردىشىپ ئۆتەيلى، ماڭا ئىشىنىڭ!

مۇكەررەم تەشنالىق ئىلكىدە يالقۇننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. يالقۇن غايىبانە كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن مۇكەررەمنىڭ ھارارەتلىك قوللىرىنى ئاستا سىقتى.

ئاپتوبۇس غەربكە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە. مۇكەررەم ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ئويمانلىقتا جايلاشقان بۇ ئەزىز ماكان، قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ساناتورىيىنى ئىزدىدى. قويۇق يېشىللىق، ساناتورىيىنى توسىۋالغان بولۇپ، ئۇ قانچە ئىزدىسىمۇ ياپيېشىل ئورمان، كەڭ ئۈزۈمزار باغلاردىن باشقىسىنى كۆرەلمىدى.

پەرھات كازىم

# ئالتۇن پاجىئەسى

«ئويمان كارىز» مەھەللىسىدە 20 ئائىلىلىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كارىز يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئويمانراق جايغا قېزىلغانلىقى ئۈچۈن «ئويمان كارىز» دەپ ئاتالغان. تۇردى قارى بۇ كارىزنى قازغۇچىنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى. ئۇلارنىڭ لەقىمىمۇ شۇ كارىزنىڭ نامى بىلەن «ئويمان» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ بىرەرسى دەرسكە كېچىكىپ قالسا، ساۋاقداشلىرى «ئويماندىن چىقالماي كېچىكتىڭمۇ؟» دەپ مەسخىرە قىلاتتى. نەسرۇللا باشلانغۇچنىڭ 5 — يىللىقىغا چىققان يىلى، قىش سوغۇقى تازا كۈچەيگەن بىر كۈنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىدىن تەنقىد يېدى. ئۇ كۈنى ئاتىسى ئاغرىپ قالغانلىقتىن، ئاپىسىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ مەكتەپكە ماڭغان ئىدى.

— ھە، نەسرۇللا، ئويماندىن چىقماق تەس كېلىۋاتامدۇ؟ مەنغۇ ئويمان كارىزدىن بىرەر بالىنىڭ «يۇقىرى» مەكتەپكە ماڭغىنىنى بىلمەيمەن. بۇ، قوڭغۇزنىڭ ئويماندىن چىقالمىغىنىدەكلا ئىش ...

نەسرۇللاغا بۇ گەپ ھار كەلدىمۇ قانداق، تىرىشچان، ئىرادىلىك بۇ بالا ئاخىرى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. نەسرۇللانىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشى تۇردى ئويماننى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. نەسرۇللادىن ئىككى ياش كىچىك ئىنىسى قادىر

ئاكىسىنىڭ نەتىجىسىدىن پەخىرلىنىپ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتىدىغان بولىۋالدى. نەسرۇللا ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىققاندا ئىنىسى قادىر توختى ئىمامنىڭ ئۈچىنچى قىزى ئالتۇنگۈل بىلەن مۇھەببەتلىشىۋالدى. ئالتۇنگۈل ئەمدىلەتىن ئون ئالتىگە كىرگەن، قاراقاش، كۆكسى مىققىدە تولغان، پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىدى. قادىر ئالتۇنگۈلنى كۈندە كۆرمىسە چىدىمايتتى.

ئىللىق باھار ئايلىرى ئۆزىنىڭ ناز — كەرەشمىلىرى بىلەن بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈۋالغاندىن كېيىن ياز كەلدى. سۈت ئۇيقۇدىكى جىمجىت ۋە جىلۋىلىك، بۈككىدە دەرەخلىك كارىز كۆلىدىن مۇزدەك شامال كەلسە، كىشىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. كېچىسى پاقا، چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى ئاجايىپ يېقىملىق ئاڭلىناتتى. سۈپسۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلىشى كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى. كىشىلەر ياز كۈنلىرى كەچتە ئۆگزە ياكى ئوچۇقچىلىق جايلارغا چىقىپ ياتاتتى. بۇ مەھەللىنىڭ جەنۇپ تەرىپى ئوچۇقچىلىق، بىپايان جاڭگال بولغاچقىمىكىن كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن غۇر — غۇر شامال كىشىنى تولىمۇ راھەتلەندۈرەتتى. قادىر بىلەن ئالتۇنگۈل دائىم دېگۈدەك كۆل بويىدىكى يوغان بىر تۈپ ئۈجمە سايىسى ئاستىدا ئۇچرىشاتتى. ئۇلارغا بۇنداق پۇرسەت بەك ئاز كېلەتتى. ئۇلار ئۆز — ئارا مۇڭدىشاتتى. ئارمانلىرىنى، غايىلىرىنى سۆزلىشىپ ··· قېنىشمايتتى. تېلېۋىزور تۈگەيدىغان چاغدىلا بىر — بىرىنىڭ تېنىگە سىڭىشىپ كېتىدىغاندەك چىڭگىدە قۇچاقلىشىپ ئايرىلاتتى ··· مانا ئەمدى ئۇلار ئېتىز — ئېرىقتىكى كۆك قومدا ئۇچرىشىدىغان بولدى. مۇزدەك، يۇمشاق قومدا، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ مۇڭدىشىش، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش ياز كېچىسىنىڭ ئەڭ ئېسىل

خاسىيىتى ئىدى. قادىر ئالتۇنگۈلنى تۇنجى سۆيگەندە ئالتۇنگۈل ياپراقتەك تىترىگەن، ئۆزىمۇ بىر قىسما بولۇپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئالمىدەك چىڭ، چوغدەك ئىسسىق كۆكسىگە قول تەگكۈزگەندە، مىققىدە تولغان، مامۇقتەك ئاپئاق بەدىنىنى سىيلىغاندا ئۆز ھاياجىنىنى باسالماي قالاتتى.

6 — ئاينىڭ ئىسسىقى تازا كۈچەيگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالتۇنگۈل قادىرغا ئۆزىنى ئىتتىپ ھازىدار كىشىدەك ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— بىلەمسەن قادىر، مېنىڭ ئاتا — ئانام ئۆگەي ئىكەن. ئۆز ئاتا — ئانام بوۋاق ۋاقتىمدا ئاجرىشىپ كېتىپ... ھازىرقى ئاتا — ئانامغا بېرىۋېتىپتىكەن. ئاپام مېنى ئالغىلى كەپتىكەن، تىللاپ قوغلىۋەتتىم. قادىر، مەن قانداق قىلاي؟ — ئۇ ئېسەدەپ يىغلاپ قادىرغا چىڭ يېپىشتى.

— يىغلىما ئالتۇنۇم، مەن بار. مەن سېنى بەختلىك قىلىمەن. قارا سېنىڭ كىچىك بالىلىقىڭغا... مەن ساڭا مەڭگۈ ئاشىق.

قادىر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئالتۇنگۈلنى تەلۋىلەرچە سۆيۈپ كەتتى. ئالتۇنگۈلمۇ چوكا مۇزدەك ئېرىپ قادىرنىڭ قۇچىقىدا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە تولغىناتتى.

— قارىغىنا بۇ ئىسسىقنى، — قادىر كىيىمىنى سالدى. ئالتۇنگۈلنىڭ كىيىمىنى قوللىرى تىترىگەن ھالدا سالدۇردى. قادىر سۈزۈك ئايدىڭدا سۆيگەن يارىنىڭ بەدىنىنى سۆيەتتى. ئۇلار سېرىق يۆگەيدەك چىرمىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار پۈتۈن بەدىنى قۇمغا مىلەنگەن ھالدا قۇچاقلىشىپ ياتتى.

— قادىر، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ سەن ئالمىساڭ باشقا ئەرنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ — دېدى

ئالتۇنگۈل قادىرنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۇلار كارىزنىڭ مۇزدەك سۈيىدە يۇيۇنۇپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى.

قادىر شۇ كۈندىن باشلاپ بويى ئۆسۈپ، يېشى چوڭلاپ، تېنىدىن بىر ئەزاسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ھېسقا كېلىپ قالدى. ئۈچىنچى كۈنى ئېتىزغا كېتىۋاتقاندا ئالتۇنگۈل ئۇچراپ قالدى. ئالتۇنگۈل «ۋىللىدە» قىزىرىپ يۇمشاققىنە كۈلۈپ قويدى. قادىرنىڭ يۈرىكىدىن بىر تال يىپ سۇغىرىۋالغاندەك «ۋىژژىدە» بولۇپ كەتتى.

نەسرۇللا تەتىل قىلىپ كەلدى. قادىر ئاكىسىنىڭ ئالدىدا تويغا ئالدىراپ قالغىنىغا بىئارام بولدى. نەسرۇللا بوي تۇرقى ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئۇكىسى قادىرغا ئۆزىدىن ئاشقان كىيىملىرىنى بېرەتتى. قادىر يېڭى كىيىم كىيمەي، ئاكىسىدىن ئاشقىنىنى كىيىپ يۈردى. ئاكىسى «ئېتىزغا چىقىمەن» دېسە ئۇنىمايتتى. ئىككى ئوغلىنىڭ بۇ كۆيۈنۈشلىرىدىن سۆيۈنگەن تۇردى ئويمان خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. قادىر سەھەر تۇرۇپ، كەچ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەجرى ھەربىر تۇپ تەك، ھەربىر تۇپ كېۋەزگە ھەممىدىن كۆپ سىڭدى. ئۇنىڭ مەقسىدى ئۇ كۆپرەك پۇل تېپىپ ئاكىسى بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا توي قىلىۋېلىش ئىدى. ئالتۇنگۈل بارغانچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى يۇلاتتى. بىر ئوغۇل ئۆيلەنگەن كىشىلەر ئىككىنچىسىنى ئۆيلىگىچىلىك ئويمان كارىزدىلا ئەمەس، باشقا كارىزلاردىمۇ بىر — ئىككى يىلدا ئۆزىنى ئاران رۇسلىيالايتتى. قادىر مەيلى تەكلىكتە بولسۇن، مەيلى كېۋەزلىكتە بولسۇن كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىدى. كېۋەز غوزىسىنىڭ ئالدى ياخاقتەك بولغاندا غوزا قۇرتى مەرەزدەكلا يامراپ كەتتى. كېۋەزلەردە تۇزۇك غوزا قالمىدى. قادىر نەچچە قېتىم دورا سەپتى. بىراق، دورا سەپكەنچە قۇرتلار ئاۋۇپ

كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى تەككە باغلىدى. ئۇ توي ئىشىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ كۆردى. ئاكىسى بىلەن ئىككىسى بىر يىلدا توي قىلسا بىر مۇنچە قەرزدار بولىدىغىنىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

نەسرۇللا بەش يىلنى ئىنىسى قادىر تاپقان پۇل بىلەن بەگدەك ياشاپ تاماملىدى. بۇ بەش يىلدا قادىر قانچە قېتىملاپ ئاتا — ئانىسىغا دېمەي ئاكىسىغا پۇل سالدى.

— مەن يەنە ئوقۇيمەن. ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇيمەن. ماڭا بەش مىڭ يۈەن بېرىپ تۇرساڭلار، — دېدى ئۇ تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۆيگە كېلىپ.

يىراق — يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن نەسرۇللا پۇلنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمىدى. لېكىن، ئۈرۈمچىدىكى بىر ئورۇندا خىزمەتكە چۈشتى. بۇ ئىشتىن تۇردى ئويماننىڭ تۇغقانلىرى، قولۇم — قوشنىلىرى خۇشال بولدى. ئەمما، تۇردى ئويمان ئۆتنە ئالغان بەش مىڭ يۈەننى ئويلاپ كېچىلىرى ئۇيقىسى كەلمەي غەمگە پاتاتتى. سۇ قىس، كېۋەزگە ھال چۈشكەن، ئۈزۈمنى نىسىگە سېتىۋاتقان مۇشۇ چاغلاردا قايسى دېھقاننىڭ غېمى بولمايدۇ دەيسىز؟ شۇنداق قىلىپ تۇردى ئويمان كېۋەزدىن قىلغان ئاز — تولا كىرىمى بىلەن سۇ ھەققى ۋە باجنى ئارانلا تۆلىيەلىدى؛ ئۈزۈمنى باشقىلاردىن بىر يۈەن ئەرزان باھادا يەتتە مىڭغا نەق ساتتى؛ بەش مىڭنى قەرزگە بەردى. قالغان ئىككى مىڭ كوي بىلەن يىل ئاخىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن تۇردى ئويمان بىلەن ئايالى زەۋەرخان پۇل خەجلەيدىغان چاغدا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتى. يېنىدىن 10 يۈەن چىقىرىپ بىر تاختا چاي ئېلىشقا كۆزى قىيمىغان زەۋەرخان، چۈنجىدىكى ئۈزۈم شاكىلىنى

يۇيۇپ قۇرۇتۇپ چاي خالتىسىغا سېلىپ قويىدى. ئۇ بىر سىقىم ئۆزۈم شاكىلىنى چەينەككە سېلىپ، بىر چىمدىم سىيادان سالاتتى — دە، تاتلىق، خۇشپۇراق چاي تەييار قىلاتتى. باشقا كىشىلەر بولسا ئۆزۈملىرىنى چۈنجىدىن چۇشۇرۇپ بولۇپ شاكىلىنى تاشلىۋېتەتتى. مانا ئەمدى خېلى كۆپ ئائىلىلەر زەۋەرخانغا ئوخشاش چاي تەييارلاپ ئىچىدىغان بولدى.

قادىر يەنە خىيالغا پاتتى. «ئالتۇنگۈلنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدى توي قىلىپ بالىلىق بولدى. توختى ئىمام ئۇنى ئەرگە بېرىۋەتسە قانداق قىلارمەن؟ قاغىنىمۇ جۈپتى بىلەن ياراتقان ئاللا ئىگەم، ماڭىمۇ ئالتۇننى نېسىپ قىلار» قادىر ئالتۇنگۈلنى پات — پات قۇملۇقتا كۆتىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشىشى بارغانسېرى ئازلاۋاتاتتى. قادىر توساتتىنلا تېرىككەك بولۇپ قالدى. ئالتۇنگۈلمۇ بەزىدە قادىرغا قوپال گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى رەنجىتەتتى.

ئالتۇنگۈلنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئاشتى. توختى ئىمام قىزنىڭ مەخپىيىتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن تالا — تۈزگە چىقارماي چىڭ تۇتتى. ئالتۇنگۈلمۇ ئۆزىنىڭ توختى ئىمامنىڭ قىزى ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن بۇيان مۇئامىلىسى باشقىچىرەك بولۇپ قالدى. توختى ئىمام ئالتۇنگۈل بىلەن قادىر ئىككىسىنىڭ خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئويلىسا سەپرايى تۇتاتتى. بىر كۈنى توختى ئىمام ئارىغا ئادەم قويىدى. تۇردى ئويمان «چوڭ ئوغلۇمنى ئۆيلىمەي تۇرۇپ كىچىكىنى ئۆيلىمەيمەن» دەپ گەپنى كېسىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنگۈل سىرتلارغا ماڭسا ئۇ كەنجى بالىسىنى قوشۇپ قويىدى. ئۇكىسىمۇ قوغۇراقتەك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى بولمىدى. ئالتۇنگۈلمۇ قادىرنىڭ تىلى تۇتۇق، قولى قىسقىلىقىنى ئويلاپ ئامال ئىزدەيتتى. ئۇ ئاتا — ئانىسىنىڭ

زورلىشى بىلەن كۆزى قىيمىغان هالدا «دورغا كارىز» مەھەللىسىدىكى ئوسمانغا ياتلىق بولدى. توي كۈنى قادىر ھېلىقى قۇملۇقتىن كەلمىدى. ناغرىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئەتراپنى تىترەتمەكتە. ناغرا كالتىكى گويا قادىرنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغاندەك سېزىلەتتى. ئۇنىڭ گېلىنى بىر كىم سىققاندەك دېمى يېتىشمەي، كانىيى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ ئۆلۈۋېلىشنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى. ناغرا ساداسىنىڭ ئۇدارى بارغانچە تېزلىدى. قادىرنىڭ نەپىسىمۇ تېزلەشتى. ناغرا نازىركومغا چېلىنغاندا ئۇ قۇلاقلىرىنى ئېتىپ مۇزدەك كۆك قۇمدا دۈم ياتتى. قىز كۆچۈرۈلۈپ كەتتى ...

— ئىمامنىڭ قىزى يۈزى تۆۋەن قىز دېسەك، يۈزىمىزنى چۈشۈردى.

— بۇ بۇزۇقنى ساقلىمايمەن، ئاپا.

— پوقنى يەپسەن، بۇ ئىنەكنى ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىمەن. ساڭا يەنە نەچچە مىڭ كوينى خەجلەپ، خوتۇن ئېلىپ بەرگۈچىلىكىم بار، ئاغزىڭنى يۇم، «ساقلىمايمەن» دېمەي!

قادىر ھەممىنى بىلدى. ئالتۇنگۈلنىڭ تاياق زەربىسىدىن كۆكەرگەن يۈزىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى. ئوسماننى دەسسەپ يەنجىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈردى. ئۇ بارغانچە جىمغۇر ۋە تېرىككەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى. دوستلىرى بىلەنمۇ كۆپ ئارىلاشمايتتى. ئوغلىنىڭ دەرد — ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇردى ئويمان «نەسرۇللا يول قويغاندىكىن قادىرنىڭ توينى قىلىۋەتكەن بولساممۇ بولار ئىكەن. ھەي، ئىست، ئالتۇنگۈلمۇ ئالتۇندەك قىز ئىدى» دەپ پۇشايمان قىلدى.

ئۆتكەن يىل ھوسۇل كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. بۇ يىل تۇردى ئويمان ياز باشلىنىپلا تەكنى ئۆزى بىر قوللۇق پەرۋىش

قىلدى. كېيىنكە تېگىشلىكلىرىنى ئۆزى كەستى. بەش قوينى تولۇمدەك سەمرىتىپ جۈمە بازىرىدا ساتتى. شۇنداق تېجەپ ئۇ ئاخىرى بىر ئوغۇل ئۆيلىگۈدەك پۇل تاپتى.

قادىرنىڭ كۆز ئالدىغا دائىم ئالتۇنگۈلنىڭ تاياق زەربىسىدىن كۆكەرگەن يۈزى، ئېرىنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىدەك بېشىنى كۆتۈرمەي، خامۇش مېڭىشى كېلەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتا كۆيمەكتە. تېنى سىقىلىپ يېرىلىش ئالدىدا تۇرغان شاردەك چىڭقىلاتتى. شۇ كۈنلەردە نەسرۇللا ئۈرۈمچىدە ئۆي ئېلىش، سېتىش توغرىلىق بولغان ئىسلاھاتلارنى دەپ ئاۋۋال ئۆي ئېلىپ ئاندىن ئۆيلىنىدىغانلىنىنى ئېيتتى. تۇردى ئويمان تاپقان تەرگىنىنىڭ نەسرۇللاغا كېتىۋاتقانلىقىغا نارازى بولسىمۇ، خوتۇنىنىڭ خاپا بولۇشى بىلەن ئاچچىقى قۇمغا سىڭگەن سۇدەك ئاجىز تېنىگە سىڭىپ كەتتى. قادىر ئېتىزدىن كېلىۋېتىپ ئىمامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە چوڭ يولدىن بىر ھارۋا كېلىپ ھارۋىدىكى بېساتنى توپا تۆككەندەك تۆكتى. يوتقان — ياستۇقلار توپىغا مىلەندى. چامادان يەرگە تاشلاندى. دېمەك، ئالتۇن ئاجرىشىپ يېنىپ كەلگەن ئىدى. ئالتۇننىڭ ياداپ، قارىداپ قالغان چىرايى بۇرۇنقى نازاكەتلىك ئىسكەتىنى تامامەن يوقاتقان بولۇپ، شوخلۇقلىرى يوقاپ ھازىدار چوكاندەك جىمغۇر قىلىپ قويغان ئىدى. قادىرنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ يۈرەك بېغىشىنى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىدى؛ كەتمىنىنى قويۇپ ئۇدۇل ئابدۇل چۇپاقنىڭ دۇكىنىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ھېلىقى قۇملۇققا چىقتى — دە، غۇرتىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلەتتى. ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى خېلى يىراقلارغىچە باراتتى. ئارىدىن ئاللا ھەزەل ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتتى. بوتۇلكىدىكى ھاراق يەنە بىر يۇتۇمدەك قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى دەڭسەپ باقتى. ئاچ قورساق ئىچكەن ھاراق ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى ئاغرىتتى. ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇردى — دە، ئېشىپ قالغان ھاراقنى بىر

كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئاندىن قايسى — بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ كۆزلىرىگە قان قۇيۇلغان ھالدا، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. «نەسرۇللا بولمىغان بولسا، ئالتۇننى مەن ئالماسمىدىم. ئۇنىڭ ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىدەك لەۋلىرىدىن، قاشتېشىدەك سۇزۇك، ئاق ئۆرۈكتەك پارقىراق يۈزىدىن گۈل ئۈندۈرمەسمىدىم، ئۇنى بەخت دەرياسىدا چۆمدۈرمەسمىدىم، ئىست يىگانە، بىچارە گۈلۈم. مەن سېنىڭ بەختىڭنى نابۇت قىلدىم، سېنىڭ پاك قەلبىڭنى بۇلغىدىم، مېنىڭ يولۇمنى نەسرۇللا توستى، شۇنىڭ كاساپىتىدىن ئىككىمىزنىڭ بەخت گۈلى توزىدى. خەپ، نەسرۇللا، نەچچە مىڭ پۇلنى ئۈرۈمچىدە كۆككە سورىۋەتتىڭ، خىزمەت ئالمىشىمەن دەپ يەنە نەچچە مىڭنى ... مەن توي قىلىش نىيىتىدە يىغقان پۇلغا ئۆي ئالساق، سەنلىمۇ بۇ جاھاندا؟!...» ئۇ گادىرماچ خىياللار ئىچىدە دەلدەڭشىگىنىچە ئارقا ئىشىكنى تېپىپ ئۆيىگە كىردى. ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ ئايدا — يىلدا بىرەر قېتىم قوي سويىدىغان پىچاقنى قولىغا ئالدى — دە، نەسرۇللانى ئىزدىدى. ئۇ نەسرۇللانىڭ تەييارلىقسىز چېغىدىلا ئۇنىڭغا پىچاق تىقىۋەتتى. ئەتراپ بىردىنلا قىيا — چىيا بولۇپ كەتتى. قادىرنىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھشىيلىك ۋە ھەسرەت چاقنايتتى. ئەتراپتىكىلەر قادىرنى مىڭ تەستە تۇتتى. نەسرۇللا شۇ يەردىلا تۈگۈلۈپ قالدى. نەسرۇللانى بىر نەچچىسى يېزا دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ ماڭدى. قادىرنى ساقچى قولغا ئالدى. قادىرنىڭ غەرق مەست ھالەتتە بوزلاپ يىغلىشى، يۈرەكنى تىترەتكۈدەك سۆزلىرى نەسرۇللانى ھەم باشقىلارنى ئويغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىردا دېگەن گېپى مەست ئادەمنىڭ گېپىگە پەقەت ئوخشىمايتتى.

— سەن ئاكام بولساڭ، ھالىڭغا بېقىپ ھال تارتساڭ بولمامدۇ؟ ئوقۇيمەن دەپ ئوقۇدۇڭ، پۇلۇڭنى ئايدا كىمەيتمەي، ۋاقتىدا چىقاردۇق ... ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىمەن، دەپ پۇل خەجلىمىسەڭمۇ بىزنىڭ بۇ يېزىدا

قىلغۇدەك خىزمەت چىقماسمىدى؟ ئالتۇنۇم ··· ھەسرەتتە قالدى، مېنىڭ ئالتۇنۇم، ۋاي، ئالتۇنۇم، جېنىم ئالتۇنۇم ···

تۇردى ئويمان بۇ ئىشتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى. ھەر ئىككىسى ئۆز پۇشتى. نېمىلا بولغان بىلەن قادىر ئاكىسىغا تىغ كۆتۈرمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ؟ ھەي، بۇ زاماننىڭ سېھىرلىك كارامەتلىرى، يەنىلا ئالتۇنگۈل ئالتۇندەك قىز ئىدى. ئۇ، ئويلىغانسېرى خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كېتىۋاتاتتى.

پەزىلەت ئىسرائىل

# ئاپرېلدىكى گۆگۈم پەسلى

مەن بىلىمەن، ئايالالار دەريا،
چىم — چىم دولقۇن، خىرامان،
تىمتاس
ئۈستى تار ھەم ئېقىنى ئاستا،
ئەمما، ئاستى تېرەن بىقىياس.

— مارگارىتا ئالىگېر

مەن ئەينەك ئالدىدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم، گويا مېنىڭ تويۇم بولىدىغاندەك. ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ تويغا بېرىشتىن ئۆزۈمنى تۇسۇپ قالالمىدىم. ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىيىمىمنى كىيدىم. كۆپتۈرۈلگەن چاچلىرىم مۇرەمدە يېيىلىپ تۇراتتى، ئەينەككە ئۇزۇن قاراپ كەتتىم. كۈلۈمسىرەشكە تەمشەلدىمىيۇ، كۆز ياشلىرىم يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ، نىجات! سېنىڭ تويۇڭ — مېنىڭ ماتىمىم! ئۆزۈم ئەڭ مۇقەددەس بىلگەن، مەڭگۈلۈك دەپ بىلگەن چىن سۆيگۈنىڭ كېپەنلەنگەن كۈنى! مەن تويۇڭغا سېنى سۆيگۈم بىلەن قوشۇپ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە دەپنە قىلغىلى بارىمەن...

※ ※ ※

— چاقىرىق، جەمىلە قىزىم، سىزگە چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ! دادام بىر كونۋېرتنى تۇتقىنىچە خۇشال هالدا كىرىپ كەلگەندە يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردىم. ئاھ! هاياتىمدىكى بۈيۈك بىر ئارزۇيۇم رېئاللىققا ئايلانغان ئىدى. كونۋېرتنى باغرىمغا باستىم، ئۆيدىكىلەر شادلىققا چۆمدى. مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سەھرانىڭ سۈزۈك ئاسمىنى، قىزىق تۇپرىقى، پېژغىرىم ئىسسىقتا ماڭا سالقىن قوينىدىن ئورۇن بەرگەن بۈككىدە مەجنۇنتاللار، ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان سۇلار… ھەممىسىلا كۆلۈۋاتقاندەك ئىدى. ھەتتا، ئۆگىنىۋېرىپ زېرىكىپ كەتكەن ئاشۇ توقۇم كىتابلىرىمنى سۆيۈپمۇ كەتتىم. تۆككەن تەرلىرىم، چەككەن رىيازەتلىرىم بەدىلىگە نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنغانىدىم. تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، دادام ئىككىمىز ئۇرۇمچىگە مېڭىپ كەتتۇق. چۈشكە يېقىن بۇ گۈزەل شەھەر قوينىغا كىرىپ كەلدۇق. ئۇنىۋېرسىتېت دەرۋازىسىدىن كىرىشىمىز بىلەن رەڭمۇ — رەڭ گۈللەر ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان گۈلزارلىق كۆزۈمگە چېلىقتى. گۈلزارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فونتاندىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇلار قۇياش نۇرىدا ئالماستەك يالتىرايتتى. ئۈچ قەۋەتلىك كۇتۇپخانا بىناسى ئالدىدا يېڭى كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۇزۇن ئۆچرەت بولۇپ كەتكەن ئىدى. پاكار قارىياغاچلار بىلەن ئېھاتىلەنگەن يوللاردا جۇشقۇن ستودېنتلار ئالدىراش مېڭىشاتتى. شۇ چاغدا، يېنىمىزغا ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت كەلدى. بۇ سەن ئىدىڭ نىجات. سەن دادامغا ياردەملىشىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشقا كەتتىڭ. ئېيتىشىڭچە، سەنمۇ ئەدەبىيات فاكولتېتىغا قوبۇل قىلىنىپسەن، بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز. ئادىلە ئىسىملىك

يەنە بىر يۇرتدىشىمىزمۇ بىز بىلەن بىر سىنىپتا ئىكەن. دادام ئىككىڭلار يۈك — تاقلارنى كۆتۈردۈڭلار. بىز بەش قەۋەتلىك ياتاق بىناسىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگە چىقىپ چوڭ بىر ياتاققا كىردۇق. ياتاقتا ئوندەك قىز ئولتۇراتتى (تۇرقىدىن يېڭى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى). بىلىشىمچە، بۇ ياتاقتا يەنە يۇقىرى يىللىقتىكى بىر قانچە قىزمۇ ياتىدىكەن. بىز ئۆزئارا تونۇشتۇق، ھېلىقى ئادىلە ئىسىملىك قىز تېخى كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن دادامنى ئېلىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتىڭ. سەن ناھايىتى ئوچۇق سۆزلۈك ئىكەنسەن. ئەتىسى سىنىپقا يىغىلدۇق. ئادىلەمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئاق — سېرىق قىز ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئالىي مەكتەپ ھاياتىم باشلىنىپ كەتتى. دادام ئۆيگە قايتماقچى بولغاندا بىز ئۈچەيلەن دادامنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بېكەتكە باردۇق. مەن بىردىنلا دادامنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. يەككە —يېگانىلىق تۇيغۇسى مېنى ئەسىر قىلىۋالغان ئىدى.

— دادا، كەتمە، يا بولمىسا مەنمۇ سەن بىلەن بىللە كېتىمەن!

دادامنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى كۈلكىگە زورلايتتى:

— يىغلىماڭ قىزىم، سىز ناھايىتى قەيسەر قىز ئىدىڭىزغۇ؟ ئوبدان ئوقۇڭ، خەير — خوش!

دادام شۇنداق دەپلا ئاپتوبۇسقا چىقتى. مەن قول پۇلاڭلىتىپ قالدىم. ئۈچىمىز مەكتەپكە قايتتۇق. نىجات، بىز گويا بۇرۇندىنلا تونۇشىدىغاندەك ئاسانلا چىقىشىپ كەتتۇق. ئادىلەمۇ ئوچۇق مىجەزلىك قىز ئىكەن. سىنىپىمىزدىكى 51 نەپەر ساۋاقداش ھەر يەرلەردىن كەلگىنىمىزگە قارىماي ئىجىل — ئىناق بولۇپ كەتتۇق. ھەتتا 15 نەپەر قىزمۇ ناھايىتى تېزلا

«سىز» دىن «سەن» گە ئۆتتۇق. ھايات بەكمۇ قايناق ئىدى. مەن ئەزەلدىن تىرىشچان ئىدىم. ئالىي مەكتەپتىمۇ بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەسلىكنى ئويلايتتىم. ئەمما، سىنىپىمىزدا مەندىنمۇ ئۆتە تىرىشچان بالىلارنىڭ خېلىلا كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بولۇپمۇ، سەن — نىجات سىنىپىنىڭ ئالدى ئىدىڭ. بىز بىر يۇرتلۇق ئۇچەيلەن گويا تۇغۇلۇشىمىزدىنلا بىللە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك بەك ئىجىل ئىدۇق. گويا ئادىلە ئىككىمىز قوشماق سىڭىللىرىڭغا ئوخشايتتۇق.

نويابىر ئېيىنىڭ بىر ئەتىگەنلىكى پۇتكۇل كائىناتنىڭ ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. پاھ! بۇ يەردە قار ئەجەپمۇ قېلىن ياغىدىكىنا! ياتاقتىكى قىزلار سىنىپقا چىققىچە بىر — بىرىمىزگە قار ئېتىشىپ قارغا دومىلىشىپ يولنى بىر ئالدۇق. دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا سەن ئادىلە ئىككىمىزنى سۇرەتكە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدىڭ. بىز يۇگۇرۇشۇپ ئاپئاق قارغا چۆمكىلىپ قالغان يوغان بىر تۇپ ئارچا يېنىغا كەلدۇق. سەن ئوتتۇرىدا، ئادىلە ئىككىمىز قار پوڭزەكلىرىنى تۇتۇپ ئىككى يېنىڭدا ئولتۇردۇق.

مەن قانچە كۈچىسەممۇ دەرستە ھېچلا ئالدىڭغا ئۆتەلمەيۋاتاتتىم. شۇ سەۋەبلىك ساڭا ئۆچلىكىم كېلىدىغان بولۇپ قالدى. سەندىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان، ئۆگىنىش زالىغا، كۇتۇپخانىغا بىللە كىرمەيدىغان بولدۇم. بۇنداق چاغلاردا سەن مەيۈسلەنگەندەك ئادىلەنى باشلاپ كېتىپ قالاتتىڭ. سوغۇق تازا كۈچەيگەن دېكابىر كۈنلىرىنىڭ بىرىدە پۈتۈم تۇيۇقسىزلا ئىششىپ كەتتى. مىدىرلاتسام جاننى ئالغىدەك ئاغرىيتتى. ياتاقداشلىرىم سىنىپقا چىقىپ كېتىشتى. كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم. مۇشۇنداق چاغدا

دادام، ئاپاملار يېنىمدا بولسىچۇ؟ دائىم غېمىمنى يەيدىغان مېھرىبان ئانام يادىمغا كېلىشى بىلەن يىغام تېخىمۇ كۈچەيدى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ئۆڭسىلىڭ ئۆچكەن ھالدا ياتاققا كىردىڭ.

— جەمىلە، نېمە بولدۇڭ؟ ئەكىلە، پۇتۇڭنى كۆرۈپ باقاي،— سەن پۇتلىرىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىڭ.

— يۈر، سېنى دوختۇرغا ئاپىرىمەن، ماڭا ھاپاش بولغىن!

— ياق، ساڭا ھاپاش بولسام قانداق بولىدۇ؟ كەچكىچە قاراپ باقاي، ئىششىقى يېنىپ قالار،— دېدىم مەن ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— جاھىللىق قىلما، دوختۇرغا ۋاقتىدا كۆرۈنگىنىڭ تۈزۈك!

مەن زادىلا ئۇنىمىدىم. سەن ياتاقتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتىڭ ۋە ھايال ئۆتمەي سىنىپىمىزدىكى تۆت ساۋاقدىشىمنى باشلاپ كىردىڭ. سىلەر مېنى جىرغىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردىڭلار. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەلۇم بولدىكى پۇتۇمدا رېماتىزم بار ئىكەن. ئۆيدىكىلەرنى چاقىرتىش ھەققىدىكى تەكلىپكە سەن قوشۇلمىدىڭ. «ئەنسىرىمە جەمىلە، ھالىڭدىن ئادىلە ئىككىمىز ئوبدان خەۋەر ئالىمىز» دېدىڭ. بالنىستا بوش ئورۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن كارىدورغا كارىۋات قويۇپ مېنى شۇ يەردە ياتقۇزۇشتى. پۇتلىرىم خېلى بۇرۇنلا سىزىمنى يوقاتقان ئىدى. مەن بىر تېمىم بىر تېمىمدىن چۈشۈۋاتقان ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا قاراپ ياتماقتىمەن. ئادىلە ياتاقتىن يوتقىنىمنى ئەپچىقىپ بەردى. كەچ كىرگەندە مەن سىلەرنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدىم. ئەمما، سەن ئادىلەنى قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزۈڭ قالدىڭ. كارىدوردا باشقا كارىۋات يوق ئىدى. ساڭا شۇنچە گەپ قىلساممۇ ئۇنىمىدىڭ، شۇ ئارىدا

سەن قاياقتىندۇر بىر جۇۋا تېپىپ كېلىپ ئۈستۈمگە يېپىپ قويدۇڭ. مەن شۇ چاغدا ساڭا ئورۇنسىز قىيداپ يۇرگەنلىرىم-نى ئويلاپ خىجىل بولدۇم. بىر چاغلاردا تاتلىق ئۇيقۇ مېنى ئۆز قوينىغا ئالدى. پۇتۇمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇيقۇچىلىقتا پۇتۇمنى كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئۇرۇۋالغان ئىكەنمەن. كۆزۈمنى ئېچىپ سېنىڭ كارىۋاتنىڭ ئاياق تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆردۈم. بېشىڭ قوللىرىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئىدى. كۆزۈمگە لۆمىمىدە ياش كەلدى، شۇ تاپتا قانچە مۇزلاپ كەتكەنسەن — ھە؟!

كۈندە دەرستىن چۈشۈپ ئادىلە ئىككىڭلار يېنىمغا كېلەتتىڭلار. بولۇپمۇ، سەن دوختۇرخانا، سىنىپ، ياتاق ئارىلىقىدا قاتراپ كۆپ چارچاپ كەتتىڭ...

جىددىي داۋالاش ئارقىلىق پۇتۇم ساقايدى. بىز مەۋسۇملۇك ئىمتىھاننىڭ تەييارلىقىغا جىددىي كىرىشىپ كەتتۇق. كۈنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. ھەش — پەش دېگۈچە بىر يىللىق ئوقۇشىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى. سىنىپىمىزدىن سەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشتىڭ.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلى باشلاندى. بىر شەنبە كۈنى بىز ياتاقتىكى قىزلار مەكتەپ كىنوخانىسىدا كىنو كوردۇق. كىنو تۈگىگەندە قايتىپ چىقىۋاتساق بىر ئايال شىددەت بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە مېنى قولتۇقلاپ چىقىۋاتقان ئاتىكەمنى چېچىدىن قاماللاپ تۇتۇپ يۇزلىرىگە ئۇرۇپ كەتتى. ھاڭ — تاڭ بولغىنىمدىن تۇرۇپلا قاپتىمەن. مەن ھېلىقى ئايالنىڭ قولىدىن ئاتىكەمنى بوشاتماقچى بولدۇم.

— ئاچا، نېمىشقا ئۇنى ئۇرىسىز، گەپ بولسا چىرايلىق قىلمامسىز؟

— ئۆتەپ بارە، ئاڭلاپ قويۇڭلار داشۆسىڭلار!

قولۇمدىكى بۇ پاسكىنا ئېرىمنى ئازدۇرۇپ يولدىن چىقاردى، چۆچۈرىدەك ئىككى بالام بار. بۇ داپيۇز جالاپ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، مەن يوق ۋاقتىمدا ئۆيۈمگە كىرىپ قونۇپ يۈرۈپتۇ تېخى! ماڭا قارىغىنە بۇزۇق! بىڭسىڭ بولسا ئۆيى بار ئەرگە سۈركەلگىچە ماۋۇ ئاقپىشماق يىگىتلەرنى كەلتۈرسەڭ بولمامدۇ؟!

ئەسەبىيلەشكەن ئايال ئاتىكەمنى يۇلقۇشلاپ ئۇراتتى، تىللايتتى. ئاتىكەم بىچارە ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان بولۇپ، ھەدەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى. شۇ ئارىدا توپ ئارىسىدىن ئىككى يىگىت چىقتى — دە، ھېلىقى ئايالنىڭ قولىدىن ئاتىكەمنى بوشىتىپ نېرىغا ئېلىپ كەتتى. ئايال توختىماي تىللايتتى.

— ئەرسىراپ كەتكەن مۇنداق شاللاقلارنى داشۆدە ئوقۇتىمەن دېگۈچە ئەرگە بېرىشسىچۇ...

قۇلىقىمنى ئەتكەن پېتى ياتاققا يۈگۈردۈم. ئاھ، مەن چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن؟ كۇلۇمسىرەپلا تۇرىدىغان قارا قۇمچاق ئاتىكەم شۇنداق ئادەم بولسا — ھە!

قىزلار مۇشۇ ھەقتە خېلىغىچە تالاش — تارتىش قىلغاندىن كېيىن يېتىپ قېلىشتى. ھېلىقى ئىككىيلەن ئاتىكەمنى نەگە ئېلىپ كەتكەندۇ؟ (ئۇلار ئاتىكەمنىڭ يۇرتلۇقلىرى ئىكەن) كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا ئىشىك زەرپ بىلەن ئېچىلىپ ئاتىكەم ھۆ تارتىپ يىغلىغىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. يۈزلىرى كۆپتەك ئىششىپ، كۆزلىرى كۆرۈنمەيلا قالغان، چېكىسىدىن ئاققان قان يۈزلىرىدىن سىرغىپ، بىر يەرلىرى كۆك، بىر يەرلىرى قىزىل، ئادەم قورققىدەك ئەلپازدا ئىدى. قىزلاردىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى،

ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپمۇ قويمىدى.

— ئاتىكەم، نېمە بولدۇڭ؟— ئاغزىمغا شۇ گەپ كەلدى. ئۇ گەپ — سۆز قىلماي ئۇستىدىكى كارىۋىتىغا چىقىپ خېلىغىچە يىغلىدى. ئۇنىڭ دەم — دەم ئۇياق — بۇياققا ئۆرۈلگىنى، «ۋاي قورسىقىم، ۋاي بېقىنىم» دەپ ۋايساشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى...

ئەتىسى سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا چىرايى باشقىچە ئىدى. ھېچكىم ئاتىكەمنى ئەيىبلەپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ بۇ ئىشقا غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى، مۇشۇنداق سەت ئىشنىڭ بىزنىڭ سىنىپتىن چىققانلىقىغا نومۇس قىلىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئاتىكەم بىر ھەپتىگىچە سىنىپقا چىقمىدى. مەن ئۇنىڭغا تاماق ئەكىرىپ تۇردۇم.

«نىجات، مۇھەببەتنىڭ چەكلىمىسى بولمايدۇ، دەپ ئاشۇنداق مۇھەببەتلىشىش بەزىلەر ئېيتقاندەك راستىنلا يوللۇقمۇ؟ بۇنداق مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك ھاياتىي كۈچى بولار؟!»

مەن بۇ قارىشىمنى ساڭا ئېيتقىنىمدا، سەن ئويچان ھالدا «بۇ ئىشتا ئاتىكەمنىلا ئەيىبلەۋېرىشكە بولمايدۇ. جەمىلە، بۇ خىلدىكى ئىشلارنى مۇنداقلا چۈشەندۈرۈپ كېتىش تەس» دېدىڭ.

ئۆرۈمچىنىڭ قارلىق كۈنلىرى يەنە باشلاندى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككىمىز كۈتۈپخانىغا كىردۇق. (ئادىلە بازارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى) بوينۇم قىچىشىپ بەك بىئارام قىلىۋەتتى. ئۈچ — تۆت كۈندىن بۇيان بوينۇم مۇشۇنداق قىچىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

— نېمانداق بوينۇڭنى تاتىلاپ ئىچىمنى پۇشۇرىسەن

جەملە؟ — دېدىڭ سەن. مەن ئەھۋالنى ئېيتتىم. سەن جىددىيلىشىپ:

— ئەكىلە، مەن كۆرۈپ باقاي،— دېۋىدىڭ مەن تارتىنىپ تۇرۇپ بوينۇمنى كۆرسەتتىم. سەن چۆچۈپ:

— يۈرە هازىرلا مىللىي شىپاخانىغا بارايلى،— دېدىڭ. مەن ساڭا ئەگەشتىم. سەن بىردەمدىلا سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ كەلدىڭ ۋە مېنى مىندۈرۈپ شىپاخانىغا ئېلىپ باردىڭ. تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كىرسەك، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر دوختۇر ئولتۇرۇپتۇ. سەن مېنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتىڭ. دوختۇر بوينۇمنى تەكشۈرۈپ: «ئاق تەمرەتكە چۈشۈپتۇ» دېدى ۋە «سوغۇق، يەللىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى ئىسسىق تۇتۇڭ» دەپ جېكىلەپ بىرمۇنچە دورىلارنى يېزىپ بەردى. مەن ساڭا دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋىدىم، سەن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— هە، ئەمدىغۇ سېرىق ئاش بىلەن لەمپۇڭغا تويغانسەن؟

— دېدىڭ. مەكتەپكە قايتقىچە پىيادە ماڭدۇق. نېمىشقىدۇر سەن بىردىنلا شۈكلەپ قالدىڭ. مەكتەپنىڭ كەينىدىكى كۆل بويىغا كەلگەندە سەن توختىدىڭ. تۇرقۇڭ خىيالچان ئىدى. «توختاپ قالدىڭغۇ؟ ماڭمامسەن؟» دەپ سېنى ئالدىراتتىم. خېلى بالدۇر بولسىمۇ ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ، قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

— جەملە، مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرغىنا! — دېدىڭ. سېنىڭ غەلىتە تۇرقۇڭغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

— جەملە، سەن نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

بۇ سوئالدىن مەڭدەپ قالدىم.

— دېگىنە جەملە. سەن نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

— مەنمۇ؟ قارلىق دالانى، قارلىق دالادىكى تولۇن ئاينى، ئاپرېلدىكى گۈگۈم پەسلىنى، ئاۋغۇست ئېيىدىكى كەچكى شەپەقنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇلارنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن.

— نىجات، سەن بۇگۈن نېمانداق غەلىتە بولۇپ قالدىڭ؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن جەمىلە. ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ كۆزلىرىمگە قارا، يۈرىكىمدىكى كۆزلىرىم سۆزلىسۇن.

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە سېنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلەر ئوراپ تۇرغان يوغان قوي كۆزلىرىڭگە قارىدىم. شوخلۇق ئۇچقۇپ تۇرىدىغان بۇ كۆزلەردىن ھازىر تەگسىز بىر خىيالچانلىق، غەمكىنلىك بالقىپ تۇراتتى. كۆڭلۈم ئاجايىپ بىر ئىچكى سېزىم تۇپەيلىدىن داۋالغۇپ كەتتى. ئەمدى مېنىڭ ئاۋازىم تىترەپ چىقىشقا باشلىدى.

— كۆزلىرىم ساڭا سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ئېيتتىمۇ جەمىلە؟ شۇنداق، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. سېنى مەكتەپكە كەلگەن كۈنى كۆرگەن چېغىمدا ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلگەن ئىدى. ئۇزاق يىللار ئىزدىگەن قەلب سىرداشىمنى تېپىۋالغاندەك، ياشلىق ھېسلىرىم تەلپۈنگەن دىلرەبا بىر قىزنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولغانىدىم. مەن سېنى ۋۇجۇدۇمنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايمەن.

ئاۋازىڭ بارا — بارا پەسلەپ كەتتى. ئاپئاق قارغا كۆمۈلۈپ تۇرغان كۆل يۈزىگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. ياشلىقىنىڭ سىرلىق ئۇچقۇنلىرى چېقىنداشقا باشلىغان يۈرىكىمدە غەليان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. كۆڭۈل ئالبۇمىمنى ۋاراقلاپ كۆردۈم. ساپلا سېنىڭ سۈرەتلىرىڭ بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. يۈتلىرىمنىڭ مۇزلاپ قېتىپ قالغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ، يۈرەك تېۋىشلىرىمغا قۇلاق سالغىنىمچە تۇرۇپ كەتتىم.

— ئەجەپ خىيالغا چۈكۈپ كەتتىڭغۇ جەمىلە؟ سېنى هازىرلا جاۋاب بەر دېمەيمەن. ئاخىرى كۆڭلۈمدىكى ئىستىكىمنى ساڭا ئىزهار قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. سەندىن ئۈمىدىم، يۈرىكىڭنى ئوبدان تىڭشاپ كۆر، ئۇ نېمە دەيدىكىن!

— نىجات، كېتەيلىچۇ، بولامدۇ؟

تاكى ياتاق بىناسىغا كەلگەنگە قەدەر هېچقايسىمىز گەپ قىلمىدۇق. يۈرەك سوقۇشلىرىم نىجاتنىڭ تەكلىپىگە تەنتەنە قىلغاندەك شوخ تېپچەكلەۋاتاتتى. مەن ساڭا ئۈيىلىش ئىچىدە قارىدىم ۋە ياتاق بىناسىغا ئىتتىك كىرىپ كەتتىم.

كۆڭلۈمدىكىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىققا تىرىشىپ ياتاققا كىردىم.

— ۋاي — ۋۇي، شۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ؟ دېسەم

— دېمىسەم نىجات ئىككىڭلار بىللىغۇ دەيمەن. ساڭا تاماق ئالغاچ كەلگەنتىم، پارۋاينىڭ ئۈستىدە خېلى ئىسسىق تۇرۇپتۇ.

ئادىلە سۆزلىگەچ قوللىرىمنى تۇتتى ۋە مېنى دېرىزە تەرەپتىكى پارۋاي يېنىغا ئەپكەلدى. شۇ تاپتا ئادىلەنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىشتىن ئۆزۈمنى ئاران — ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزاق قاراپ كەتكەن ئوخشايمەن، ئۇ كىرپىكلىرىنى شوخلۇق بىلەن قاقتى:

— نېمە، سەن مېنى كۆرۈپ باقمىغاندەكلا قارايسەنغۇ؟ چىرايىم ئۆزگىرىپ قاپتىمۇ يا؟

— سېنى كۆرگۈم كېلىپچۇ.

— قېنى، جېنىم دوستۇم، قورسىقىڭنى توقلىۋېلىپ، ماڭا ئەتىگىچە قاراپ ئولتۇرساڭمۇ مەيلى. ماڭا قارىغانغا قورسىقىڭ تويۇپ قالمايدۇ.

تاماقنى ئانچە – مۇنچە يەپ كارىۋىتىمغا چىقىۋالدىم. ئەگەر شۇ تاپتا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتسام، ياتاقتىكى ھەربىر قىزنى قۇچاقلاپ چىقسام، ئۇلار مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار. يۈرەك دولقۇنلىرى كۆڭۈل گىرۋەكلىرىمگە كۈچ بىلەن ئۇرۇلاتتى. شۇ چاغدا بايا نەگىدۇر چىقىپ كەتكەن ئادىلە پەيدا بولدى.

— قېنى ئېيتە، بۈگۈن ساڭا چوقۇم بىر ئىش بولدى. سەن باشقىچىلا بولۇپ قالدىڭ.

— يۇر، بىنانىڭ ئالدىغا چىقايلى. ساڭا شۇ يەردە دەپ بېرىمەن.

— سوغۇقتا نېمە بار ئۇ يەردە، سۇخانىغا چىقايلى بولمىسا.

كۈتكىنىمدەك سۇخانىدا ئادەم يوق ئىدى. مەن ئادىلەنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، ئوتتەك قىزىپ تۇرغان يۈزۈمنى ئۇنىڭ يۈزىگە چىڭ ياقتىم. «نىجات، نىجات ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلدى ئادىلە، مەن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن». نېمىشقىدۇر ئادىلەنىڭ مېنى قۇچاقلىغان قوللىرى بوشىشىپ كەتتى. ھېچقانداق گەپمۇ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئاجراپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇنىڭ ئاق – سېرىق يۈزلىرى تاتىرىپ كەتكەندەك ئىدى. ئويناق كۆزلىرىمۇ بىردىنلا خۇنۇكلىشىپ قالدى. ئۇ زەئىپ بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن:

— شۇنداقمۇ، نىجات تەلەپ قويدى، دېگىن. ئۇ، ئۇ ساڭا شۇنداق دېدىما؟

ئۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ كەتتى. بايىقى ھاياجانلىنىشلىرىم بىردىنلا پەسكويغا چۈشتى.

— ئادىلە، نېمە بولدۇڭ؟ باشقىچىلا بولۇپ قالدىڭغۇ؟

ئۇنىڭ كىرپىكلىرى لىپىلداپ كەتتى. ئىزتىراپلىق بىر ھالەتتە «سېنى تەبرىكلەيمەن» دەپ مېنى مۇنداقلا قۇچاقلاپ قويدى ۋە ئىتتىك چىقىپ كەتتى...

ئادىلەنى مەن ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ دەپ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسى بولدى. كۆڭلۈم غەش. ياتاققا كىرسەم ئادىلە كۆرۈنمەيدۇ. يۇقىرى يىللىقتىكى قىزلاردىن بىرى ماڭا چاقچاق قىلدى:

— ھە، بىر مەخپىيەت بارغۇ سىزدە. چوقۇم بىرى تەلەپ قويدى.

يۈزلىرىم قىزىرىپ جىمجىتلا كارىۋىتىمغا چىقىپ يېتىۋالدىم. ئادىلەنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ — بۇ؟ ئاجايىپ بىر خىيال گۇپپىدە كۆڭلۈمگە كەلدى. ئەجەبا، ئۇمۇ نىجاتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟...

شۇندىن باشلاپ ئادىلە باشقىچىلا بىر ئادىلەگە ئايلىنىپ قالدى. بۇرۇنقى شوخلۇقىدىن ئەسەر يوق، زۆرۈر بولمىسا ماڭا گەپمۇ قىلمايدۇ. نىجاتقىمۇ شۇنداق. ئەمما، بىز نەگىلا بارمايلى، ئادىلەنى چاقىرىۋېلىشنى ئۇنۇتمايتتۇق. ئۇ، خىلمۇ — خىل بانىلارنى تېپىپ بارغىلى ئۇنىمايتتى.

كۈنلىرىمىز بەكمۇ ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتاتتى. دەرستىن چۈشۈپ لېكسىيلەرگە قاتنىشاتتۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن تاللاپ ئۆگىنىدىغان دەرسلەر. كەچتە مۇزاكىرە. نىجات ئىككىمىز يەنە ھەپتىدە ئۈچ ئاخشام رۇس تىلى كۇرسىغا قاتنىشاتتۇق. ۋاقىت بىز ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى.

ئادىلەنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى كۆڭلۈمنى غەش قىلاتتى. مېنىڭچە بولغاندا، ھەقىقىي دوست دېگەن دوستىنىڭ بەختىنى ئۆز بەختى ھېسابلايدۇ. ئۇ نىجاتنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ نىجاتنىڭ قەلبىدە ئۆز ئورنىنىڭ يوقلۇقىنى

بىلگەندىن كېيىن بۈنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشقا كېرەك ئىدىغۇ؟ ھەي، بىز قاچانمۇ دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتكە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان بولارمىز؟!

بۈگۈن شەنبە كۈنى ئىدى. چۈشتە دەرستىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپ سەن بىلەن كەچتە كىنو كۆرۈپ كېلىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. كىنولارغا بېرىپ باقمىغىلى بىرەر ئايدەك بولۇپ قالغاندۇ. تەلىيىمىزگە شۇ ئاخشىمى داڭلىق فرانسوز يازغۇچىسى بالزاكنىڭ «يېۋگىنى گرانتى» ناملىق رومانىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن «خەسىس» فىلىمى قويۇلماقچى ئىكەن. بىز كىنونى ناھايىتى زوقلىنىپ كۆردۇق. باشتىكى مۇلايىم، نازاكەتلىك يېۋگىنى ئاخىرىدا سوغۇق، تەكەببۇر خېنىمغا ئايلىنىپ قالغاندا ئىختىيارسىز غەزەپلىنىپ كېتىشتۇق. كىنو ئاخىرلاشتى. بىز ئەپسۇسلۇق ئىچىدە قايتىپ چىقتۇق. مارت ئېيى كىرىپ قالغان بولسىمۇ قالدۇق مۇزلار تېخى ئېرىپ بولمىغانىدى. بىز يول بويى ھېلى كۆرگەن كىنو توغرىلىق سۆزلىشىپ ماڭدۇق. بىر چاغدا قارىسام ئالدىمىزدىلا تونۇشلا بىر گەۋدە كېتىپ بارىدۇ. ئۇ ئادىلە ئىدى. يېنىدىكى ئۆزىگە ئوخشاش ئۆسكىلەڭ بىر يىگىتنى قولتۇقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. مەن ساڭا ئادىلەنى ئىما قىلدىم، ۋە:

— ئۇنىڭ يىگىتىنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىللە يۈرگىنىنى بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن. ئاۋۇ يىگىت قانۇن فاكولتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسىغۇ دەيمەن، ئۆزى ئۇرۇمچىلىك.

قىزلار ياتاق بىناسى ئالدىغا كەلگەندە ئادىلە بۇرۇلۇپ بىزگە قاراپ قويدى ۋە ھېلىقى يىگىتنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى شۇنداق قويۇپلا بىناغا كىرىپ كەتتى. ھە، ئەسلىدە ئۇ بىزگە

ئېنىقىنى ئېيتقاندا، ماڭا كۆرسەتمەكچى ئىــــكەندە. سەن بېشىڭنى سۈسقىنا چايقاپ قويدۇڭ. بىز خوشلاشتۇق.

بۇ ئوقۇش يىلىمۇ ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇراتتى. ئىيۇن ئېيىنىڭ بىر كەچلىكى مۇزاكىرىدىن قايتىپ ياتاققا كىرسەم، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان مېھرىنىسا ئىسىملىك قىــــز كارىۋىتىدا دۈم يېتىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. كۆزلىرى كۆلۈپ تۇرىدىغان زىلۋا بۇ قىزنى مەن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ كەمسۆز ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئىرغىتتىم:

— مېھرىنىسا ئاچا، ســــىزگە نېمە بولدى؟ نېمــــگە يىغلايسىز؟

ئۇ ھېچنېمە دېمەستىن يىغلاۋەردى. ھەربىر ئۆكسۈگەندە ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى نازۇك مۈرىلىرى بىلەن تەڭ سىلكىنەتتى. شۇ چاغدا شەمسىيە مېنى يېنىغا تارتىپ «سوراۋەرمىگىن، ئۇ يۇرگەن يىگىتى بىلەن ئايرىلىپ كېتىپتۇ» دېدى. ئىشەنگۈم كەلمىدى. قويۇق چاچلىرى دولقۇنلىنىپ تۇرغان چىرايلىق يىگىت كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇلار ئادەمنىڭ مەستلىكــــى كەلگۈدەك بىر جۈپلەردىن ئىدىغۇ؟ ئۆتكەندە ئۇ مېھرىنىسانىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتكەندە نەچچە قېتىم ئۇنى ھاپاش قىلىپ دوختۇرخانىغا ئاپارغان. شۇ كېچە خېلىغىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەتىسى يەكشەنبە ئىدى، ئورنۇمدىن ۋاقچىــرەك تۇردۇم. بۈگۈنكى پىلانىمدا تاپشۇرۇقق بېرىلگەن رۇس تىلى سۆزلۈكلىرىنى پۇختا ئۆگىنىش ئۈچۈن سىنىپقا چىقماقچى ئىدىم. مېھرىنىسا قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ:

— جەمىلە، مەن بىلەن كۆل بويىغا بېرىشنى خالامسىز؟

— دەپ سوراپ قالدى.

— خالايمەن، ھازىر بارامدۇق؟— ئىتتىك جاۋاب بەردىم. بىز ئانچىكى ناشتا قىلىپلا ياتاقتىن چىقتۇق. ئىيۇننىڭ

پارلاق قوياشى سېخىيلىق بىلەن نۇر چېچىپ تۇراتتى. دەل — دەرەخلەر، چىملىقلار شۇ قەدەر يېشىل ئىدى. بىز سالقىن كۆل شامىلى يەلپۈپ تۇرغان يۇمشاق چۆپلەرنى دەسسەپ، ئەپچىل ياسالغان راۋاقا كەلدۇق. «مۇشۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلىچۇ» دېدى مېهرىنىسا. ئۇنىڭ يىغىدىن سەل ئىششىپ قالغان قاپاقلىرىغا، خۇشپىچىم قامىتىگە قاراپ ئىچىم ئۆرتەندى. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ سۇزۇك تېرىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆكۈچ چېكە تومۇرلىرى، زىلۋا قامىتىگە خوپ ياراشقان هاۋارەڭ شايى كۆڭلىكى، چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا «چالىقۇشى» رومانىدىكى فەرىدەنى ئەسلەتتى.

— جەمىلە، سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەنلىكىمدىن ئەجەپلىنىۋاتقانسىز؟ ئەسلى بۇ سىرلىرىمنى ئۆزۈم ئۆلگىچە ئىچىمدە ساقلاپ ئۆتەي دېگەن. سىز كۆزۈمگە بەكمۇ ئىسسىق كۆرۈنىسىز. بەلكىم، دېگەنلىرىمنىڭ كېيىنكى هايات مۇساپىڭىزدە ياردىمى بولۇپ قالار. سىز سىنىپىڭىزدىكى بىر يىگىت بىلەن يۇرىۋاتىسىزغۇ دەيمەن. دەرسلەردە ئەلاچى هېلىقى يىگىت. مەن ئىلىيارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەندە دۇنيادا مەندىنمۇ بەختلىك قىز بارمىدۇ دەپ ئويلىغان. شۇنداقلا ئىلىياردىن ئارتۇق ياخشى يىگىت بار دېسە مەن ئىشەنمەيتتىم. مەن ئۇچىنچى يىللىقا چىققاندىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن يۇرگەن. هازىرقى ستودېنتلار ئارزۇ قىلغان ئارتۇقچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنىڭدىن تېپىلاتتى. بۇ ھەقتە ئۇجۇر — بۇجۇرىگىچە سۆزلەپ ئولتۇرماي. ئۆتكەن يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئىلىيار مېنى ئۆز يۇرتلۇقلىرى ئويۇشتۇرغان چايغا ئېلىپ باردى. سورۇن بەكمۇ مول راستلانغان ئىدى. بىر — بىرىدىن پوزۇر ياسانغان قىزلار

سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئۈستىباش بىلەن كەلگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۈستىبېشىمنىڭ ئاددىيلىقىمۇ ياكى ئۆز يۇرتلۇقىنى مەن تارتىپ كەتكىنىم ئۈچۈنمۇ قىزلار ماڭا ئانچىلا قىزغىن بولۇپ كەتمىدى. سورۇن بارا — بارا قىزىپ، ھېلىقى قىزلارمۇ سالاپىتىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. چۈنكى، قىزىل ئىچىملىك ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتىپ خۇشكەيپ قىلىۋەتتى. توۋا دەيمەن. قىز بالىمۇ ھېچ ھېيىقماي ئوغۇللار بىلەن تەڭ رومكا سوقۇشتۇرغان نەدە بار؟ بىر چاغدا يۈزى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن بىر يىگىت رومكىنى كۆتىرىپ يېنىمغا كەلدى.

— قېنى، سىز بىلەن بىر سوقۇشتۇرۇپ ئىچەي، دەپ كەلدىم، رومكىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىڭ.

— مەن ئىچىپ باقمىغان، مۇشۇ ئىشقا مېنى زورلىمىساڭلار،— دېدىم كەچۈرۈم سورىغان تەلەپپۇزدا.

— ئىچىپ باقمىغان، ھا، ھا، ھا، سىلەردەك ستودېنتلارنى ئىچىپ باقمىغان دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئېلىيار مېنىڭ يېقىن ئاغىينەم بولىدۇ. بىزمۇ كۆرۈنگەنلا قىزنىڭ ئالدىغا بېرىۋەرمەيمىز جۇمۇ، قېنى، كۆتىرىڭ!

مەن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئېلىيارغا قارىدىم. ئۇمۇ تەڭقىسلىقتا قالغاندەك كۆرۈنەتتى. سورۇندىكى جۈپ — جۈپ كۆزلەر قانداق قىلىدىكىن دەپ ماڭا قادىلىپ تۇرۇشاتتى.

— ئۇنداق بولسا مەن ئۈچۈن ئېلىيار ئىچسۇن،— دېدىم.

— ۋاھ، ئېلىيار، سەن قاچاندىن بېرى خانىم — قىزلار ئىچىدىغان قىزىل ھاراق ئىچىدىغان بولۇپ قالدىڭ؟ مەن ھېچقانداق بىرەر قىزنىڭ ئالدىدا بۇنداق تۇرۇپ قالمىغان. مۇنۇ قىزىڭغا ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىنە، تولا ناز قىلىۋەرمىسۇن.

غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. ئىچكەن قىزلارنى تېخى تىللىسا، ئىچمىگەنلەرنى قەستەن قىينىسا. شۇنداقتىمۇ چىرايىمغا چىقارماي بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇردۇم. كەيىپ بولغان يىگىتلەر تۇشمۇ — تۇشتىن ۋارقىراشتى.

— ئېلىيار، ھالىڭ شۇمىدى، سەن خېلى بىر يىگىت ئىدىڭغۇ؟

— زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتتىغۇ، بەك قاتتىق باشقۇرامدۇ نېمە، سېنى؟

— ئەگەر ئۇنىڭ ھارىقىنى سەن ئىچسەڭ سېنى ئېلىيارگۇل دەيمىز جۇمۇ.

مەن بىلەن بىر تائىپىدىن بولغان قېرىنداشلىرىمۇ ئوغۇللارغا قوشۇلۇپ «ۋەيت — ۋەيت» دەپ ۋارقىرىشاتتى. شۇ چاغدا ئېلىيار ئاچچىقى بىلەن ئالدىمغا كەلدى. ئۇ كۆزلىرىمگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ:

— ئىچىۋەتكىنە، مېھرى، مەن ئۈچۈن، — دېدى. مەن نارازىلىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بوپتۇ، ئېلىيار، ئىچمىسە ئىچمىسۇن. ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى بىرنى سۆيۈپ قويسۇن، قانداق دەيسىلەر يىگىتلەر؟

سورۇننى قىقاس — چۇقان قاپلاپ كەتتى. ئاچچىقتىن قاپاقلىرىمنى شۇنداق تۈردۈم. يا مەن كۆندۈرگۈچىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئىش قىلىدىغان كۆندۈرۈلگەن ھايۋان بولمىسام! كۆپكۆندۈزدە، شۇنچە ئادەمنىڭ كۆزىچە ئۇنى سۆيگۈدەكمىشمەن! ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدىم.

شۇ چاغدا ئېلىيارنى پات — پات ئىزدەپ كېلىدىغان ئورۇقراق بىر يىگىت ئالدىمنى توسۇۋالدى.

— ھاي ئاغىنىلەر، قىز بالىنى مۇنداق تەڭلىكتە قويمىساڭلار قانداق، تەكلىپ بىلەن ئەكەلگەن مېھمانغىمۇ

مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان بارمۇ؟ — دەپ مېنى جايىمغا ئاپىرىپ قويدى. ياڭراق مۇزىكىلار ئىچىدە بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۇنتۇلۇپ سورۇن كەيپىياتى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەمما، مەن ئۇقۇشماي كىرىپ قالغان ئادەمدەك ئۆزۈمنى يىگانە ھېس قىلماقتىمەن.

تانسا ئويناۋېتىپ ئېلىيارغا «كېتەيلىچۇ» دەپ بىر نەچچە قېتىم دېدىم. ئۇ قاپىقىنى تۈردى: «گەپلا بولسا سېنىڭ بولىۋەرمىسۇن مېھرى. بۇلار مېنىڭ يۇرتلۇقلىرىم، ئۆمۈر بويى ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىم، مېنىڭمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇدەك يېرىمنى قويارسەن ئەمدى» دېدى. خوشۇم قاچقان بولسىمۇ ئاخىرىغىچە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بايىقى تەنىلەر ئېغىر كەلدىمۇ ئېلىيار ئۆزىگە سۇنۇلغان هاراقلارنى رەت قىلماي ئىچىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئىچىۋېرىپ پۇتى كالۋالاشقان يىگىتلەر ئورنىدا جىم ئولتۇرمىغان، ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ. نېمە ئامال، رەت قىلسام يەنە بىر چاتاق چىقىرىشى تۇرغانلا گەپ. ئاخىرى بۇ «ئالۋاڭ» ئاخىرلاشتى. ئېلىيار ئىككىمىز مەكتەپكە قايتتۇق. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۇرۇك، بۇرۇنقى خۇشخۇيلۇقىدىن ئەسەر يوق ئىدى. مەكتەپكىمۇ يېتىپ كەلدۇق. دەرۋازىدىن كىرىپ ئېلىيار ياتاق تەرەپكە ئەمەس، ئوقۇتۇش بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. «ئېلىيار، نەگە بارىمىز؟» دەپ سورىدىم.

— ياتاقتا بارغۇم يوق. يۈر، سىنىپقا كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى،— دېدى. ئۇ يەنە تاكاللاشسام گۆلىيىدىغاندەكلا تۇراتتى. گەپ قىلماي ماڭدىم. ئۇچىنچى قەۋەتتىكى سىنىپقا كىردۇق. بۇ خېلىلا كەچ بولۇپ قالغان ۋاقىت ئىدى. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقىمۇ بىنادا ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى. ئېلىيارنىڭ ئەقلى — ھۇشى جايىدا ئەمەس، كۆڭلۈم دەككە —

دۇككىدە.

— بېرى كەل، جېنىم، بېرى كەل! مەن سېنى يەپ قويمايمەن، — ئېلىيار مېنى چاقىردى.

— ئېلىيار، تۇرە، ياتاققا كېتەيلى، سەنمۇ ئارام ئالغىن.

— بىلىمەن. مېنىڭمۇ بۇ يەردە تۇنەپ قالغۇم يوق. ساڭا گېپىم بار.

ئۇ ئاخىرقى سۆزىنى تىلىنى چاينىغاندەك ئېيتتى ۋە تويۇقسىز مېنى قۇچىقىغا تارتتى. ئۇ مېنى ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ مېنى سۆيۈشى تۇنجى قېتىملىق ئەمەس ئىدى. ئەمما، بۇنداق يورۇق جايدا ئېچىرقاپ قالغاندەك ئەمەس، بۇك دەرەخلەر ئارىسىدا ياكى چىرايىمىزنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىغان تۈن قۇچىقىدا تارتىنىپقىنا سۆيگەن ئىدى. هازىر بولسا ئۇنىڭدىن گۇپۇلدەپ تۇرغان قاڭسىق پۇراق تۇنجى قېتىم مېنى ئۇنىڭدىن سەسكەندۇردى. مەن ئۆزۈمنى قاچۇرغانسېرى ئۇ بەك يېپىشاتتى.

— مېھرى، مېنى ياخشى كۆرمەس بولۇپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ئۆزۈمدىن كەتتى. سېنى بەك ئەركە قىلىۋەتكەن ئۆزۈم ئەمەسمۇ؟ لەنەت مېنىڭ ئەركەكلىكىمگە! سەن بۈگۈن مېنىڭ يۈزۈمنى چۈشۈردۈڭ. بۈگۈن ساڭا گەپنى قانداق ئاڭلاشنى ئۆگىتىپ قوياي!

قېرىشقاندەك شۇ چاغدا چىراغمۇ ئۆچۈپ قالدى. ئېلىيار مېنى قىسماققا ئالغاندەك بارغانچە چىڭ قۇچاقلايتتى. مەن باسماققا چۈشۈپ قالغان كىيىكتەك تىپىرلايتتىم. ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ مېنى يەرگە بېسىۋالدى. يۈرىكىم شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا بۇاقىت يەنە كېلىپ مەست هالەتتە ئېيپتىمنى تەقدىم قىلىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ جېنىمىز ئەمەسمۇ؟! مەن كۈچىسىز قارشىلىق

كۆرسەتتىم. ئۆزۈم پەخىرلىنىدىغان زىلۋا بەدىنىمگە ئەمدى ئۆچلىكىم كەلدى. مەن شۇنچىلا ئاجىزدىمەنمۇ؟ ياتاق بىناسى خېلىلا يىراقتا. مېنى بۇ تەلۋىنىڭ قۇچىقىدىن كىممۇ قۇتقۇزار؟ مەن بار ئاۋازىم بىلەن «ئادەم بارمۇ!» دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم. قىزلىق نازاكىتىمدىن ئايرىلىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغان شۇ دەقىقىدە بىرىنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ماڭا جان كىردى، يەنە ۋارقىرىدىم. ئىشىك قاتتىق ئېچىلىپ بىر خەنزۇ يىگىتنىڭ «كىم بار» دېگىنى ئاڭلاندى. ئېلىيار چۆچىدىمۇ قانداق ئۆزىنى چەتكە ئالدى. مەن ئۆلە تىرىلىشىمگە باقماي پەلەمپەيدىن مۈدۈرۈلۈپ سوقۇلۇپ دېگەندەك بىنادىن چىقىۋالدىم ۋە توختىماي يۈگۈرگىنىمچە ياتاق بىناسىغا كېلىۋالدىم. ئىشىك باققۇچى ئايالنىڭ قار — يامغۇر تىللاشلىرى ئىچىدە بىناغا كىردىم ۋە ئۆزۈمنى سۆيۈملۈك كارىۋىتىمغا تاشلاپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم...

مېھرىنىسا نېپىز كۆينىكىنى كۆتىرىپ تۇرغان نازۇك كۆكرەكلىرىنى كېرىپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. مەرۋايىتتەك ياش تامچىسى مەڭزىدە توختاپ قالغان ئىدى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ئاڭلىدىڭىزمۇ جەمىلە، مەن ئۆزۈم سۆيگەن يىگىت تەرىپىدىن ئاياق ئاستى قىلىنغىلى تاس قالدىم. ئېلىيارنىڭ ناتىۋان قىزلارنى قاقشىتىپ بوزەك قىلىدىغان لۈكچەك ئەرلەردىن ھېچقانچە پەرقى يوق ئىكەن. ئۇلارغا ئۆزىمىزنى ئاتقىنىمىز چىن دىلدىن ياخشى كۆرگىنىمىزنىڭ دەلىلى ئىمىش! نېمە دېگەن بىمەنە سەپسەتە! ئۇلار ئېرىشىدىغىنىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ قايسى كىيىمنى كىيىش، قايسىنى كىيمەسلىكىمىزنى باشقۇرىدۇ. ئۇلارغا يېپىسىز باغلىنىمىز،

خالىمىساقمۇ دېگىنىنى قىلىمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ — دە! ئادەمدە ئۆز ئەركىنى باشقىلارنىڭ قولىغا بېرىپ قويۇشتىنمۇ ئېچىنارلىق ئىش بولمىسا كېرەك. سىڭلىم، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. سىز گە دەيدىغىنىم، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىز گە سەگەك بولۇڭ. ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن ئادەمنى باشقىلار ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرىدۇ. پاكلىق ھامان ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

— ئۇنداقتا، ھازىر ئېلىيار بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار قانداق؟

— شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ بىرەر ھەپتىگىچە گەپ — سۆز قىلماي يۈردى. مەستلىكتە قىلغانلىرىغا خىجىل بولغاندۇ، دەپ ئويلىدىم. كېيىن بىز يەنە يارىشىپ قالدۇق. مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئىللىق باغرىغا باش قويغىنىمدا ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىنى چۈشۈمدە كۆردۈممىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئاخشام ئۇ مېنى چاقىرتىپتىكەن، بىز قارىغايلىق ئارىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇق. ئۇ ئۇزمەي تاماكا چەكتى. ئەمما، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. مېنىڭ ئىچىم پۇشتى.

— مېھرىنىسا، قارىغاندا تەقدىر پېشانىمىز تەتۈر ئوخشايدۇ. بىز باشتىلا بۇنى ئويلىساق بولاتتى. ئەمدى ئىككىمىز قارىمۇ — قارشى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭىمىز، سەن جەنۇبقا، مەن شىمالغا.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېنىم شۈركەندى. ئۇنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قارىدىم. ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى.

— ئېلىيار، ئۇنداق چەك باسمايدىغان گەپلەرنى قىلماي نەق گەپنى دېگىنە. گەپنى ئەگىتىپ ئۆزۈڭنىمۇ قىيناپ كەتتىڭ.

— نەق گەپنى قىلدىم، نېمىشقا ئىشەنمەيسەن؟

— ماڭا قارىغىنا، كۆزۈمگە قاراپ باققىنا!

ئۇ ماڭا قارىدى. بۇ كۆزلەردە ھەم گۇناھكارانە ھەم قىيالماسلىق يەنە دىلغۇللۇقتەك ئىپادىلەر ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

— سەن بىر يىگىتقۇ، ئىلىيار، قورقماي راست گېپىڭنى ئېيت، مەنمۇ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلىپ قالاي.

ئۇ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. يۇپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرسىمۇ ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتىم.

— مەن، مەن پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ... ياق، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ھەر ھالدا راست گېپىڭنى دېدىڭ.

يۈرىكىم ئۇنىسىز غەليان كۆتىرىۋاتسىمۇ، ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۆزۈمنى مەغرۇر تۇتۇپ ئولتۇردۇم.

— ئۇنداقتا، خوشلىشىدىكەنمىزدە؟ ماقۇل ئەمىسە، خەير!

— توختا، مېھرىنىسا مۇشۇنداقلا خوشلىشىمىزمۇ؟ مەن تېخى گېپىمنى دەپ بولمىدىمغۇ.

— خوشلىشىشنىڭ چالا قالغان يەرلىرى بارمىدى؟

بەلكىم، ئۇ مېنى ئاچچىق گەپلەر بىلەن زەردە قىلىدۇ ياكى بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلايدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، شۇنچىلىك خاتىرجەم تۇرقۇمنى كۆرۈپ قىيالمايۋاتقاندەك ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا تىترەك ئاۋازدا:

— سېنى بىر سۆيۈپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلغىن، ئاخىرقى بىر قېتىم! — دېدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىدى دېسەم مۇبالىغە قىلغان بولمايمەن. ئۇ «ۋىجدان ئازابى» چېكىۋاتسا كېرەك، بەلكىم.

— ئېلىيار، بۇ سېنىڭ ئاخىرقى سۆيۈشۈڭ ئەمەستۇ؟ سەن
بۇ گەپنى بىرلا قېتىم دېمەسسەن؟ ئەگەر سەن جاھاندا بەخت
دېگەن نېمىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالىساڭ، ساڭا شۇ بەختنىڭ
ھەممىسى يار بولغاي. خەير...

مەن يەنە بىردەم تۇرسام ئېلىيارنىڭ قۇچىقىغا
تاشلىنىدىغاندەكلا تۇراتتىم. شۇ گەپلەرنى ۋەزمىن ئاھاڭدا
ئېيتتىم — دە، بۇرۇلۇپ ئىتتىك — ئىتتىك كېتىپ قالدىم.
مانا بۇ سىزگە ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان كەچۈرمىشلىرىم.
مەن ئۆزۈمنى ھەرگىز بەختسىز دېيەلمەيمەن. ئاخشامقى يىغام
بىلەن جىق يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. سۆيۈشكە
ئەرزىمەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇۋېرىش ئۆزىنى
پەسلەشتۇرگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايمەن.

ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ ئاجايىپ چىرايلىق قىزغا قاراپ
ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم. «مېھرىنىسا ئاچا» دېگىنىمچە ئۇنى چىڭ
قۇچاقلىۋالدىم...

ئادىلە تۇرۇپلا غەلىتە كېيىنىدىغان بولۇپ قالدى. يەڭسىز
قىسقا كۆينەكلىرى تىزلىرىنىمۇ ياپالمايتتى. ئۇنىڭ بويىندا
ئوقۇغۇچىلار ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان ئالتۇن زەنجىر،
بارمىقىدا يالت — يۇلت قىلىپ ئۈزۈكلەر پەيدا بولدى.
چاچلىرىنىمۇ چوققىسىغا يۆگەپ تۇرمەكلىۋالاتتى. ئۇنىڭ ماڭا
بولغان مۇئامىلىسىمۇ سەل ئىللىقلىشىپ قالدى. سەن بىلەنمۇ
قىزغىن پاراڭلىشىدىغان ھەتتا بىلىپ بىلمەي قوللىرىڭنىمۇ
تۇتۇپ سالىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇنداق پەيتلەردە سەل
قىزغانسامۇ ئۇنىڭ قىزغىنلىقى غەشلىكىمنى بېسىپ
كېتەتتى.

— ئادىلە، داداڭ ئەمەلدار بولىۋېدى سەن ئەسلىڭگە
قايتتىڭ. بۇرۇنراق شۇنداق بولسىمۇ بوپتىكەن داداڭ جۇمۇ،

— دېدىڭ ئۇچىمىز باغچىغا بارغان بىر كۈنى.

— چاقچاقلا ئۇستا جۇمۇ سەن، نىجات. دادامنىڭ باشلىق بولۇشىنىڭ مېنىڭ مىجەزىم بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى؟ ماڭا ۋاقتى — ۋاقتىدا ئۆيدىن پۇل كەلسە، چىرايلىق كىيىنسەم بولدى. ئىشقىلىپ ئەمدى يۇرتقا بارغىچە — كەلگىچە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرىمىز دەپ يۈرمەيمىز. دادامنىڭ ماشىنىسى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

— ئۇنداقتا، سېنىڭ سايەڭدە بىزمۇ سالقىنداپدىكەنمىزدە. بەك چىرايلىق ياسىنىۋالما، سېنى ئەپكېتەلمەي قالمايلى يەنە.

— ئەپكېتىدىغان ئادىمىڭ يېنىڭدا تۇرسا مەندىن نىمە غەم يەيتتىڭ؟ ئىككىمىزنى تەڭ كېرەك قىلامسەن — يا؟

بۇ سوغۇق چاقچاق ئوغامنى قاينىتاتتى. نىماىداق غىلجىڭلايدۇ ماۋۇ. ساڭا قارىسام سەنمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قاپسەن.

— ياقەي، ماڭا ئىسمى — جىسمىغا لايىق مۇشۇ جەملەم بولسىلا بولدى. سېنىڭ ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك يىگىتىڭ يوقاپ كەتتىغۇ، ھازىر قانداق بولۇپ كەتتىڭلار؟

— قويغىنا ئۇنداق يارىماسنىڭ گېپىنى. يا ئوڭلاپ پۇل خەجلەشنى بىلمىگەن، يا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمىگەن.

مەن ئادىلە شۇمۇ ئەمەسمۇ دېگەندەك ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كەتتىم. ئۇ پەرۋاسىز ھالدا ئېگىشىپ پايپىقىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىنى ئوڭشاۋاتاتتى. ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان كۆينىكىدىن ئاپئاق كۆكسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆزۈم ئۇ يەرگە چۈشۈشى بىلەن سەندىن ئۆيلىپ كەتتىم. سەن خىرامان تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتىڭ...

ئۈچقۇر يىللار قوينىدا ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىز ئاخىرلىشىپ قالدى. ماتېرىيال كۆرۈش ئىشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. دىسسېرتاتسىيە ياقلاپ بولساقلا بۇ سۆيۈملۈك ئانا مەكتەپ قۇچىقىدىن ئايرىلاتتۇق. شۇ كۈنلەردە ئۈيدىن تېلېگرامما كېلىپ قالدى. ئاكامنىڭ توي ئىشى بىلەن مېنى چاقىرتىپتۇ. سىنىپ مۇدىرىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئېلىپ ئۈيگە ماڭدىم. سەن تېزرەك قايتىپ كېلىشىمنى جېكىلەپ مېنى ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدۇڭ.

ئاكامنىڭ تويىنى ئۈتكۈزۈپ بولۇپ ئالدىراش مەكتەپكە قايتتىم. يۈز كۆزلىرىمنى بىرەر قۇر يۇيۇپ كىيىمىمنى ئالماشتۇردۇم ۋە ئۈيۈڭدىكىلەر ساڭا ئەۋەتكەن پۇل بىلەن خالتىنى ئېلىپ ياتىقىڭغا چىقتىم. سەن شۇ چاغقىچە ئورنۇڭدىن تۇرماپسەن. ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھېسداشلىق قىلغاندەك باش لىڭشىتىپ قويۇپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى. مەن ئالدىراپ سېنى چاقىردىم. سەن ئەسلى ئويغاق يېتىپتىكەنسەن، ئۈرۈلۈپلا ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. بىر ھەپتە ئىچىدە چىرايىڭ تونۇغۇسىز ئۈزگىرىپ كەتكەن ئىدى. كۆزلىرىڭ ئولتۇرۇشقان، ئېڭەكلىرىڭ چىقىپلا قالغان، ساقاللىرىڭ ئۈسۈك، بەكمۇ ھەيران قالدىم:

— نېمە بولدۇڭ، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

— ئاغرىپ قالغان بولسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى.

قىزىق ئىش، ئاۋازىڭمۇ ئۈزگىرىپ كېتىپتۇ. ئاغزىڭ ئۈمچەيگەندەك بولدى. جىددىيلىشىپ كەتتىم:

— ئېيتقىنا نىجات، ساڭا نېمە بولدى؟ مېنى كۆرگۈڭ كېلىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ — يە؟

— سوراۋەرمە جەمىلە، ساڭا قارىغۇدەك يۈزۈم قالمىدى.

مەن مەست بولۇپ قېلىپ ئادىلە بىلەن...
— ئادىلە، ئادىلەگە نېمە بوپتۇ؟ ئالدىرىماي دېگىنە.
— ماقۇل، مەن ئالدىرىماي دەي. سەن شەنبە كۈنى يۇرتقا كەتتىڭ. يەكشەنبە كۈنى ئادىلە بىر دوستۇمنىڭ تويىغا بىللە بارايلى دەپ تۇرىۋالدى. كۈتۈپخانىغا چىقىدىغان ئىشىم بار دېسەم مەن كەچتە قايتىپ كېلەلمەيمەن، مېنى ئەپكېلىشىپ قويغىلى بولسىمۇ بارمامسەن دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. بىز تويغا باردۇق. تويى بولغان قىز يەككە تىجارەتچى ئىكەن. مەن تونۇيدىغان بىر قانچە بالىلارمۇ تويغا كەپتۇ. كۆڭۈل قايتۇرالماي ئىچىۋېرىپتىمەن. توي ئاخىرلاشقاندا ئۇبدانلا قىزىپ قالغانلىقىمنى بىلدىم. ئادىلە پەيدا بولۇپ مېنى قولتۇقلىۋالدى. كوچا ئاپتوبۇسلىرى توختاپ كېتىپتۇ. ئادىلە قايسىبىر دۇكاندا ئىشلەيدىغان دوستىنىڭ ياتىقىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋاپتىكەن (ئۇ دوستى ئۆيىگە كېتىپتۇ). مېنى شۇ ياتاققا ئەپكىرىپ قويۇپ ئۆزى شۇ ئەتراپتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قونماقچى بولدى. بىز ياتاققا كىردۇق. ئادىلە قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن يېرىم بوتۇلكا هاراقنى ئىككىمىز ئىچتۇق، ياكى ئادىلە ئىچمىگەندۇ، مەن كېيىنكى ئىشلارنى بىلمەيمەن، ئويغانسام، ئادىلە ئۇ...

لەۋلىرىمنى چىشلەپ قانتىۋەتكەندىمەن. ۋۇجۇدۇمغا ئۇلاشقان سوغۇق تىترەكتىن ئاغزىم گەپكە كەلمىدى. قاماللاپ تۇتىۋالغان كارىۋات شادىسىنى چىڭ سىققانلىقىمدىن قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. سەن ئېسەدەيتتىڭ، ياشلىرىڭ تىزلىرىڭ ئۇستىگە ئۇن — تىنسىز سىڭىپ باراتتى. تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. بىر خىش بىر خىشتىن قوپۇرۇپ چىققان ھەيۋەتلىك كۆڭۈل قەسرىم گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. بىر تال بىر تالدىن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن سۆيگۈ گۈلزارىم بىر

كېچىدىكى ئۇششۇكتە نابۇت بولدى. مۇھەببەت بوستانىغا جۇت تەگدى، ھەممە ۋەيران بولدى. نېمە دەي؟ نېمە قىلاي؟ ئەڭ ياخشىسى ھېچنېمە دېمەي! مەن بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم.

— جەمىلە، چىقىپ كەتمە. ئۆتۈنۈپ قالاي!

سەن مۇرەمدىن قامالالاپ تۇتىۋالدىڭ. ئۆزۈمنى بىر سىلكىپ قولۇڭدىن ئاجراتتىم. ئېيتقۇسىز غەزەپ ئىچىدە يۈزۈڭگە چاڭگىدە بىرنى سالدىم ۋە ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم...

※ ※ ※

بۈگۈن سېنىڭ تويۇڭ، نىجات! سېنىڭ تويۇڭ مېنىڭ ماتىمىم! ئۆزۈم ئەڭ مۇقەددەس بىلگەن چىن سۆيگۈنىڭ كېپەنلەنگەن كۈنى! مەن تويۇڭغا سېنى سۆيگۈم بىلەن قوشۇپ يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە دەپنە قىلغىلى بارىمەن!...

— جەمىلە، سەن نېمىنى ياخشى كۆرىسەن؟

— مەنمۇ؟ قارلىق دالانى، قىش كېچىسىدىكى تولۇن ئاينى، ئاپرېلدىكى كۆكۆم پەسلىنى، ئاۋغۇست ئېيىدىكى كەچكى شەپەقنى... شۇ قەدەر ياخشى كۆرىمەن.

شۇنداق، مەن ئاپرېلدىكى كۆكۆم پەسلىنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

جاپپار شەمشىدىن

# چۈمۈلە

ئايال تاھارەت سۇيى تەييارلاۋېتىپ، سۇپىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان ئېرىگە نەپرەتلىك ئالايدى. ئۋرىقنىڭ جوغىسىدىن تېشىپ چىققان سۇ ئۇنىڭ ساپما كەش كەيگەن پۇتلىرىغا تۆكۈلگىنىدە چۆچۈپ كەتتى. ئەر سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغان ئايالىنىڭ چىرايىغا «لاپ» قىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن باغچا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. قىزىغان تونۇرنىڭ تەپتىدەك ھاۋا ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىكى چىقىر كۆلەڭگۈلۈك ھويلىنى ئىسسىتىۋەتكەن ئىدى. دەرۋازا تۈۋىدىكى چوڭ ئۈژمە دەرىخىنىڭ ياپيېشىل ياپراقلىرى سالپىيىپ تۇراتتى. بىزەڭ چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ، ھويلىنى بىر ئالغانىدى. ئەر نامازغا كەتتى. ئايال نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، سۇپىدا سۇنايلىنىپ ياتتى. تەڭگىسىمان ئاق نۇرلار ياپراقلار ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كۆزلىرىنى چاققاچقا، ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنى گويا قىزىل پەردىگە ئورالغاندەك ھېس قىلىپ، تاتلىق — تاتلىق كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. دەرۋازا ئېچىلدى، ئايال چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. دەرۋازىدىن ئۇلار 2 ئايدىن بېرى مەدىكار قىلىپ ئىشلىتىۋاتقان گاچا يىگىت

كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئايال ئۇنىڭ قاۋۇل بەستىگە زوقلىنىپ قارىدى. بولجۇڭ گۆشلىرى، بۆرتۈپ تۇرغان غۇژمەك تۈكلەر ئايالنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتلۇق سېزىمغا چۆمۈلدۈردى. ئۇ سۇپىغا داستىخان سېلىپ تاماق كەلتۈردى. گاچا يىگىت يۈز — كۆزلىرىنى يۇيۇپ سۇپىدا بەداشقان قۇردى — دە، ئىشتىها بىلەن تاماق يېيىشكە كىرىشتى. ئايال ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، قويۇق قاپقارا قاشلىرىغا، پېشانىسىنى يېپىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىغا، چوڭ كۆزلىرىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى. ئۇنىڭ تاماقنى ئىشتىها بىلەن يېيىشىدىن كۆڭلى يايراپ يۈرەكلىرى تىترىدى. گاچا يىگىت ئايالنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، قىزارغىنىچە ئالدىراپ — تېنەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى...

ئايال كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقان يىگىتكە قاراپ ئۇھ تارتقىنىچە پىچىرلىدى. «ئىست، كېلىشكەن تۇرقۇڭغا يارىشا زۇۋان بەرگەن بولسىچۇ، تەڭرىم! » ئايالنىڭ خىياللىرى چىگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ خىيالغا پاتقانسېرى چىۋىنلەرنىڭ يۈز — كۆزلىرىگە قونۇشلىرىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىمتىھانغا قاتناشتى — يۇ، ئۆتەلمەي قالدى. ئوقۇشقا ماڭغان دوستلىرىغا قاراپ، كېچە — كېچىلەپ يىغلىدى. كۆزلىرى شاپتۇلدەك ئىششىپ كەتتى. بىرەر يىل ئۆتمەيلا تويى بولىدىغان بولدى. ئاتا — ئانىسىنىڭ زورى بىلەن ئۇ توي قىلىشقا ئۈنسىز ياش تۆككىنىچە رازىلىق بەردى. دوختۇر بولۇشتەك گۈزەل ئارزۇ — ئارمانلىرى ئۇنىڭ ئۇنتۇلغان چۈشىگە ئايلاندى. ئوقۇشقا

كېتىپ قالغان سۆيگەن يىگىتى ئەكبەرگە خەۋەر بېرىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ بۇ ئۈلگۈرەلمەسلىكنىڭ نېمىدىن بېشارەت بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىدە تۇرۇپتۇ… رومال بىلەن ئورالغان گەۋدىسىنى كىمدۇر بىرى دەس كۆتۈرۈپ، كىچىك ماشىنىنىڭ قېشىغا ئېلىپ ماڭغاندا، گويا ئۆلۈمگە ئېلىپ مېڭىلغان مەھبۇستەك دات — پەرياد سالدى. قىزىل رەڭلىك پىكاپ خۇددى قانغا بويالغان تاۋۇتتەك ئۇنى يېنىك چايقىغىنىچە ياتلا بىر ھويلىغا ئەكىرىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگىدى… قىزلىق دەۋرى، تاتلىق ئارمانلىرى، تۇنجى سۆيگۈسى بىراقلا…

تەتىلدە قايتىپ كەلگەن ئەكبەر نېمىشقىدۇر ئۇنى ئىزدەپ كەلمىدى. ئۇ بىر قىز دوستىدىن ئەكبەرنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە 10 نەچچە كۈن بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۆزى ئىزدەپ بېرىشقا يۈزى چىدىمايتتى. 2 كۈندىن كېيىن ئۇ يوقلاپ كەلگەن قىز دوستىنى ئەكبەرنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. كەچقۇرۇن دوستى قايتىپ كەلدى. ئۇ دوستىنىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈك ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، دېمى ئىچىگە چۈشتى. تەقەززالىقتا تولغان كۆزلىرى ياشلىنىپ قالدى… بىر ھازادىن كېيىن، قىز دوستى ئۇنىڭغا ئەكبەرنىڭ ئۇنى بىر ھازا تىللىغانلىقىنى، ھازىر بىرگە ئوقۇيدىغان بىر قىز بىلەن يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئىككىنچى ئۇنى كۆرەرگە كۆزى يوقلىقىنى ئېيتقانلىقىنى دېگەندە، ئۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. «ئاجرىشىپ كېتىپ، ئەكبەر بىلەن تۇرمۇش قۇرىمەن» دېگەن گۈزەل ئارمانلىرى ئەمدىلىكتە يۈرىكىگە مىخ بولۇپ سانجىلاتتى… قۇياش ئولتۇرۇش ئالدىدا قاندەك قىزىرىپ، سارغايغان يېزا باغرىنى

قىزىللىققا پۈركىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ، ياشلىرى شەپەق رەڭگىدە، قان رەڭگىدە تۆكۈلەتتى.

ئېرى نامازدىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئۇخلاپ قالغان ئىدى. ئەر كېلىپلا ئۇنى ئويغۇشلىدى:

— قوپ ھوي، دىگەرنى ئوقۇماي ياتىسەنغۇ؟

ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ يەرگە چۈشتى — دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كەچقۇرۇن ئەر ئايالنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، كىتابنى يېيىپ ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ قىيامەت قايىم بولغىچە بولىدىغان ئىشلارنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ قەلبىنى ۋەھىمىگە تولدۇردى. ئۇ ئېرىنىڭ ساقالسىز قارامتۇل چىرايىغا قارىغانسېرى قورقۇمسىراپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ كۆزىنى ئاچسىلا يەنە شۇ ئورۇق، ۋىجىك گەۋدە، قىلچە سېھرى يوق يىغلاڭغۇ ئاۋاز. «ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!» ئۇلۇغ كىچىك تىندى ئۇ.

ياسىداق ئۆيلەر ئۇنىڭغا تار قەپەزدەك تۇيۇلدى. ھېچقانداق مەززىسى يوق مېخانىكىلىق تۇرمۇش ئۇنى ھەقىقەتەن زېرىكتۈرمەكتە ئىدى. «شەيتان قۇترىتىۋاتامدىغاندۇ؟» بەزىدە قورقۇپ قالاتتى ئۇ… تاماق ئېتىش، تاھارەت سۈيى تەييارلاش، ناماز ئۆتەش، ئېتىزدا سوغۇقنى سوغۇق، تومۇزنى تومۇز دىمەي ئېرى بىلەن تەڭ كەتمەن چېپىشلار ئۇنى قاتتىق ھاردۇرۇپ، ھەتتا ئۇنى ئۆلۈۋېلىش خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوپال ئېرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بىرەر يېرىم ئېغىز

ئەركىلىتىش سۆزىنىمۇ قىلالمايتتى. بۇيرۇق ئۈستىگە بۇيرۇق، بېسىم ئۈستىگە بېسىم، تەھدىت ئۈستىگە تەھدىت ... ئۇ ئەينەككە قاراپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. دوستلىرى تېخىچە قىزلىق دەۋرىدە يۈرىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچبىر غېمى يوقتەك ۋىلىقلاپ كۈلۈپ يۈرگەنلىرىنى كۆرسە قەلبى ئازابتىن پۇچۇلىنىدۇ. كۈندىن — كۈنگە سولىشىۋاتقان ھۆسنىگە قاراپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىدۇ.

— نېمە دېگەن ئىسراپچىلىق بۇ؟ خۇدانىڭ نېمىتىنى خارلىغان بەندە خارلىقتا ئۆلىدۇ، بىلەمسەن بۇنى؟!

ئېرى ئايالى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۇن خالتىسىدىن تۆكۈۋەتكەن بىر ئوچۇم ئۇنغا قاراپ سەكرەپ كەتتى. ئايال ئېرىنىڭ كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرغان سوغۇق نۇرلاردىن تېنى شۈركۈنۈپ تېخىمۇ كىچىكلەپ، شۈمشەيگىنىچە ئۇننى قاچىغا ئېلىشقا باشلىدى. ئەر بۇغدايىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئاياللارنىڭ ئەخمەقلىقى، ئاشلىقنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە بىر ھازا سۆزلەپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئايال بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئېرىنىڭ بارغانچە پىخسىقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ ئىچىدە تىللاشقا باشلىدى. تېخى مۇشۇ چوڭ قورۇغا ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. بىراق، نەگە قاچىدۇ؟ ئاتا — ئانىسىنى بىر مۇنچە بالاغا تىقىۋېتىپ نەگىمۇ بارىدۇ؟! ... ئۇ ئۆزىنىڭ قىز بولۇپ تۆرەلگىنىگە يەنە بىر قېتىم پۇشايمان قىلدى.

ئىلگىرى تېلېۋىزوردا كۆرگەن ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، ئەركىن مۇھەببەت كۆرۈنۈشلىرىنى ئويلاپ، كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تاپاتتى. تويىدا سېلىنغان تېلېۋىزورنى ئېرى

بىر ئاي ئۆتۈپلا «كۆرسە كۆپرى بولىدۇ» دەپ سېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرەلمەيۋاتاتتى. تېلېۋىزور بار ۋاقىتتا ئېرى تېلېۋىزوردىكى سۆيۈشۈۋاتقان، قۇچاقلىشىۋاتقانلارنى كۆرسە تىللىغىنىچە بېرىپ، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى ياكى بولمىسا تەتۈر قارىۋالاتتى. «ئۆزى ئۇنداق ئىش قىلمايدىغاندەك قىلىپ كەتكىنىنى قارا» دەپ پىچىرلىغىنىچە كۈلۈپ كېتەتتى ئايال. ئېرى تېخىمۇ تېرىكىپ ئايالغا تەنبىھ بېرىشكە كىرىشەتتى…

ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا جاھان ئىللىپ كەتتى. ئايال ئۆيلەرنى باشقىدىن يىغىشتۇرۇپ، كىگىز، پالازلارنى قاقماقچى بولۇپ ئۆيدە قالدى. ئەر بىلەن گاچا يىگىت ئېتىزغا كېتىپ قالدى. ئايال كىگىزنى هويلىغا توشۇۋېتىپ، كاڭدىكى خىلىلا چوڭ كامارنى كۆرۈپ هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بىر تاياق تېپىپ كېلىپ، ئىچىنى مالتىلاشقا باشلىدى.

تۆشۈك ئىچىدىن مۆلدۈرلەپ تۇرغان ساپسېرىق چۈمۈلىلەر چىقىشقا باشلىدى. ئايال چۆچۈپ قېتىپ قالدى. «تۇۋا، خۇدايىم تۇۋا، چۈمۈلە قارا ياكى سارغۇچ بولىدىغان، نېمانداق سېرىق چۈمۈلە بۇ!» دەۋەتتى ئۇ. چۈمۈلىلەر بىردەمدە كاڭغا يېيىلىپ سېرىق قۇم يېيىۋەتكەندەك بىر قەۋەت قېلىن پەردە هاسىل قىلدى. ئايال دەرهال سۈپۈرگىنى پۇلاڭشىتىپ هەممىسىنى سۈپۈرۈپ كامارغا تىقىۋەتتى — دە، 2 چېلەك قايناقسۇ ئەكىرىپ كورىلدىتىپ قۇيۇشقا باشلىدى. كامار ئىچىدىن ۋىشىلدىغان ئاۋازلار كېلەتتى. ئايال بىر كومۇلاچ لاي ئېتىپ تۆشۈكنى هىم ئېتىۋەتتى. ئاندىن خاتىرجەم هالدا ئىشقا كىرىشتى. كەچقۇرۇن ئېرى ئېتىزدىن كېلىپ

ھارغىنلىق يەتكەنلىكتىن بىردەمدە ئۇخلاپ قالدى. ئايال بولسا نېمىشقىدۇر تولغىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمايتتى. بىر نەچچە ئايدىن بېرى ئېرى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنى نوقۇپ بېقىپ، ئويغانمىغاندىن كېيىن جىلە بولۇپ ئورنىدىن تۇردى — دە، ئاستاغىنە دەسسەپ ھويلىغا چىقتى.

دەرۋازا تۈۋىدىكى گاچا يىگىت تۇرىدىغان كىچىك ھۇجرىنىڭ چىرىقى يېنىق تۇراتتى. دېرىزە پەردىسىنىڭ قىسىلچىقىدىن چىققان قىلىچ بىسىدەك نۇر قاپقاراڭغۇ ھويلىنى كىرىمسەنلەشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئايال دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ تۇيدۇرماي مارىلاشقا باشلىدى. كاڭدا كالتە ئىشتان بىلەن ياتقان مەدىكار يىگىت توكلۇك پاقالچاقلىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ دۈم ياتقىنىچە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى... ئايالنىڭ تەنلىرى سوغۇقتا تۇرۇۋاتقاندەك تىترەپ كەتتى. ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئۆيگە كىردى. گاچا يىگىت چۆچۈپ كەتكىنىدىن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — يۇ، ئايالنى كۆرۈپ ئالمان — تالمان يوتقانغا ئورۇنىۋالدى، ئاق پىشماق يۈزلىرى پەمىدۇردەك قىزىرىپ، يېنىك تىترەشكە باشلىدى.

— قورقما يىگىت. ماڭا بۈگۈن كېچە ھەمراھ بول! — گاچا يىگىت ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئايالغا قاراپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئايال كېلىپ مۇرىسىگە ئېسىلغىنىدا ئاندىن ئېسىگە كېلىپ ئايالنى ئىتتىرىۋەتتى. ئايال ئۇنىڭ قوپاللىقىنى قىلچە ئېغىر ئالمىغاندەك كۈلۈمسىرەيتتى، تىترەيتتى.

— ماقۇل بولمىساڭ، ئېرىمگە «ماڭا چېقىلدى» دەپ ئېيتىپ تاناۋىڭنى تارتىمەن،— دېدى ئايال تەھدىت بىلەن.

ئايال ئۇنىڭ ئەنسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىدىن

تارتقىنىچە باغچىغا ياندىش سېلىنغان قاپقاراڭغۇ ئاشلىق ئامبىرىغا يېتىلەپ كىردى. نەمخۇش ھاۋا ئۇلارنىڭ تېنىنى ئورىۋالدى. سىمونتىلانغان پولغا تۆكۈلگەن چوڭ بىر دۆۋە بۇغدايدىن بىخسىغان پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

قارا بېسىپ ئويغىنىپ كەتكەن ئەر چىراغنى ياندۇردى. يېنىدا ئايالى كۆرۈنمەيتتى. «ھاجەتكە چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دەپ بىردەم ئولتۇرۇپ باقتى. ئايال يەنىلا كىرمىدى. ئەرنىڭ كاللىسىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان گۇمان پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر تەپچىرىتىۋەتتى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، قول چىرىقىنى ئالدى — دە، يېنىدىن ئايرىمايدىغان پىچىقىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، ھويلىغا چىقتى. گاچا يىگىتنىڭ چىرىقى تېخىچە يېنىق تۇراتتى. ئەر ئۇچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئەر ھويلىغا چىقىپ، ئۇيمۇ — ئۆي ئاختۇرۇپ ئاخىرى ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئاچتىيۇ دەھشەتلىك ۋارقىرىۋەتتى. قول چىرىقى يورۇقىدا مىغىلداپ تۇرغان ساپسېرىق چۈمۈلىلەر قىپيالىڭاچ گىرەلىشىپ كەتكەن بىر جۈپ جەسەتنى يەپ، ئۇستىخانلىرىنى چىقىرىپ قويايلا دېگەن ئىدى.

ئەر جايىغىلا يىقىلىپ چۈشتى، قول چىرىقى «لىپ» قىلىپ ئۆچتى.

شىرئەلى ھوشۇر

# «دوزاخ» قا سېتىۋېتىلگەن قىزلار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

قانۇن بىلەن ئەخلاق جىنايەت ۋە چاكىنا ھەۋەسلەرنىڭ جەمئىيەت ئاتمۇسفېراسىنى بۇلغىشىدىن ساقلايدىغان، كىشىلەرنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ھاياغا ئۈندەپ، پاسىقلىقتىن، شەرمەندىلىكتىن يىراق قىلىدىغان تىلتۇمار، «جەننەت» بىلەن «دوزاخ» نى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىلدۇر. دۇنيادا تۈرلۈك ئەخلاقسىزلىق، ۋەھشىيلىكلەر كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، كىشىلەردە مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت ئېڭى ئۆلگەن. ئەخلاقتىن ئىبارەت بۇ سېھىرلىك پاسىل يوقىغان ھامان، دوزاخ ئوتى ئىنسانىيەتنى ھالاك قىلىدۇ. بۇ ئاللىقاچان تارىخ تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. يېتۈك مۇتەپەككۇرلاردىن موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرى ئەخلاق — ھايا توغرىلىق مۇنداق ھېكمەتلەرنى بايان قىلغانىدى: «ھايانىڭ مەنىسى يامان ئىشنى قىلىشتىن ئۆيالماقتۇر. ئۇ ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل پەزىلەت ۋە ئوبدان ئادەتلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھايا — گۈزەللىك دەرىخىنىڭ بىر شېخى، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم

شەرتتۇر. ئىنساندىن هايا كۆتۈرۈلسە، هېچ كىشى هېچ كىشىدىن ئۇيالمايدىغان بولىدۇ. جەمئىيەت ئىنتىزامى بۇزۇلۇپ، ياخشى رەسىم – قائىدىلەر تۈگەپ كېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئىشلىرى ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىدۇ. ئىنساپسىزلىق ئەۋج ئېلىپ، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىدىغان، گۇناھتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ...»

XX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى دېھقان ياسىن قىزىنى ئىزدەش جەريانىدا، هايانى تەرك ئەتكەن، قانۇندىن تەپ تارتمايدىغان بىر ئوچۇم كىشىلەرنى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى، XX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىدىكى ئەخمەت قاتارلىق خەلق ساقچىلىرىنىڭ ئىز قوغلاپ زەربە بېرىشى ئارقىسىدا، «دوزاخ» قا سېتىۋېتىلگەن 12 قىزنىڭ قان – ياشلىق هېكايىسى ئاشكارىلاندى . . .

## قىزىم سەن نەدە

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى سەھرانىڭ مول هوسۇل پەسلى، شادلىق پەسلى. توقچىلىققا تولغان بۇ كۈنلەردە يۇرت – مەھەللىلەردە توي – مەشرەپلەر قايناپ، كۆڭۈللۈك هايات جۇلالىنىدۇ. بولۇپمۇ، سېنتەبىر ياشلارنىڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك پەسلى. لېكىن، XX يېزىسىدىكى ياسىنغا ئالتۇن كۈزدىكى كۆڭۈللۈك كۈنلەر هارام بولدى.

2003 – يىلى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ياسىننىڭ ئەمدىلا يېشى 18 نىڭ قارىسىنى ئالغان ئارزۇلۇق يالغۇز قىزى گۈلسۈم قوشنا يېزىغا تويغا بارىمەن، دەپ

كەتكىلى ئىككى كۈن بولغان بولسىمۇ، تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. «قىز ساقلىماق پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىماقتىنمۇ تەس» بولغان بۇ كۈنلەردە، قىزنى بۇنچىۋالا تەربىيىسىز قويغىنىغا ياسىن بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئۆكۈندى. ياسىندىن باشقا يەنە نۇرغۇن دېھقان ئاتىلىرىمىز قىز پەرزەنتلىرىنى «بەربىر خەقنىڭ ئادىمى» دەپ، مەجبۇرىي مائارىپنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا «ئۆي قىزى» قىلىۋالىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ 80% تىنى تەشكىل قىلىدىغان دېھقانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسىم قىز پەرزەنتلىرى ئەنە شۇنداق يېرىم ساۋاتسىز ھالدا ئانا بولىدۇ. كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ يېرىمى ئەنە شۇ يېرىم ساۋاتسىز ئانىلارنىڭ قولىدا چوڭ بولۇپ، ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم باسىدۇ. بويىغا يېتىپ قالغان قىزىنىڭ سىرتتا قونۇپ قېلىشى مۇشۇ تۇنجى قېتىم بولسىمۇ، ياسىننىڭ كۆڭلىدىن ھەر خىل يامان خىياللار كېچەتتى. قۇياش پەسلەپ، قايسىدۇر بىر جاپاكەش دېھقاننىڭ ھويلىسىنىڭ كەينىگە قىزىرىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆيىدە ئولتۇرالماي قالدى.

—قىزىڭنى چىڭ تۇت دېسەم، كۇرۇك مېكياندەك ئۇنى ئانات ئاستىڭغا ئېلىپ ئۇنىمايسەن، مانا ئەمدى تويدۇڭمۇ؟

ياسىن «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، بارلىق ئاچچىقىنى ئايىشەمخاندىن ئالماقچى بولغاندەك ئايالىغا تېرىكتى. قىزى دەردىدە پۈچۈلىنىپ ئولتۇرغان ئايال ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ياسىن ھويلا ئىشىكىنى «جاققىدە» ياپقىنىچە چىقىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ بەك زېدىلەنمەكتە ئىدى. «قىزىم نەلەردە يۈرىدىغانسەن، خۇدايىم ساقلىسۇن سېنى» دەپ ئۆز — ئۆزىگە نالە قىلاتتى. ئۇ شۇ ماڭغانچە قوشنا يېزىغا بېرىپ

قىزىنىڭ دېرىكىنى قىلدى. قىزىنىڭ تەڭتۇشلىرىدىن سورىدى. ئاخىرى بىر قىزدىن: چۈشتىن كېيىن ئۆيگە قايتىمەن دەپ كەتكەن، دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ يەنە ئۇچقاندەك ئۆيىگە قايتتى.

ئۇ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، گۈلسۈم ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئاپىسى قازان بېشىدا يۈرەتتى. ياسىن قىزىنى كۆرۈپ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى — يۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى بۇنچىۋالا بىسەرەمجان قىلغانلىقىنى ئويلاپ، «غۇژژىدە» ئاچچىقى كەلدى:

— ئېيتە، نەدە يۈردۈڭ مۇشۇ چاغقىچە!

ئەركە قىزغا ئاتىسىنىڭ تەنبىھلىرى خۇشياقمىدى بولغاي:

— تويغا بارىمەن، دەپ ئېيتىپ قويدۇمغۇ. كىم سىلەرنى بىكاردىن — بىكار ئەنسىرەپ يۈرسۇن دەپتۇ، — دەپ غودۇڭشىدى.

پەرزەنت تەربىيىمىزدىكى سەۋەنلىكلىرىمىز تۈپەيلى، ئۇيغۇر قېنىدىكى نۇرغۇن ئېسىل ئەخلاق ئېلېمېنتلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ئاتا ھۆرمىتى، پەرزەنت ئىززىتى ئەسلىدىكىدەك نوپۇزلۇق بولماي قالدى.

قىزىنىڭ سۆزى ياسىنغا ئېغىر كەلدى. «بۇنداق قويۇۋەتسەم يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ» دەپ ئويلاپ، قىزىنى ئانچە — مۇنچە ئۇچۇغداپ قويماقچى بولدى.

— ئاتاڭغا گەپ ياندۇرىسىنا! بۇنىڭدىن كېيىن يەنە خەقنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغان بولساڭ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىپ، ئۆيگە سولاپ قويۇپ باقىمەن سېنى، — دېدى ۋە سۈر پەيدا قىلىپ، گويا قىزىنى ھازىرلا ئۇرىدىغاندەك ئەلپازدا قولىنى كۆتۈردى. ئايشەمخان ياسىننىڭ ئاچچىقىدىن چۆچۈپ:

—ياسىن بولدى، ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، تەربىيە دېگەننى سىلىق قىلمامسىز، —دېگىنىچە ياسىننىڭ قولىغا ئېسىلدى. ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان بۇ ئەركە قىز تا مۇشۇ كەمگىچە ئاتىسىدىن بۇنداق قاتتىق گەپنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭمۇ جەھلى قاتتى:

— كۆزۈڭلاردىن يۈتسەمغۇ خۇش بولارسىلەر، —دېگىنىچە سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

—قىزىم، قايتىپ كەل، نەگە بارىسەن . . .

ئايشەمخاننىڭ ئاۋازى كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى. گۈلسۈم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولدى. . .

شۇ كېچىدىن بۇيان مانا 10 قانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. گۈلسۈم راستىنلا قايتىپ كەلمىدى. ياسىن ۋە ئايالىغا كۈنلەر گويا يىلدەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ يۇرت تەۋەسىدە قىزنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى. ئەمما، ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. گويا قىزى ئاشۇ كېچىدە، ئاشۇ قاراڭغۇلۇققا سىڭىپ كەتكەندەكلا ئىدى. قىزىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئېيتىشقا تىلى بارمايتتى. ئەمدىلا بويىغا يەتكەن قىزىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈپ قېلىشىدىن قورقاتتى. قۇلۇم — قوشنىلارغا «قىزىمىز ئۈرۈمچىگە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن» دەپ يالغان ئېيتتى. ئۇلار ئۆزلىرى توقۇغان يالغان گەپنىڭ راستقا ئايلىنىپ قېلىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرى ئارزۇ پېتى قېلىۋەردى. ئايالىنىڭ قىزىنىڭ دەردىدە كۈندىن — كۈنگە تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياسىن چىداپ تۇرالمىدى.

ئۇ كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، T شەھىرىنىڭ Aرايونىدىكى مەلۇم مەيخانىدا گۈلسۈم ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، 2003 — يىلى 10 — ئاينىڭ 9 — كۈنى

قىزنى ئىزدەپ T شەھىرىگە قاراپ ماڭدى.

T شەھىرىدە تېخى ئۆكتەبىر بايرىمىنىڭ قاينام — تاشقىنلىقى يېتىمىگەنىدى. گۈزەللىكتە ۋايىغا يەتكەن بۇ شەھەر ئۆكتەبىردە جەننەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، رەستىلەرنىڭ ئاۋاتلىقى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. ياسىن T شەھىرىگە چۈشتىن قايرىلغاندا يېتىپ كەلدى. كىشىلەردىن سورۇشتۇرۇپ بىلىۋالغىنى بويىچە، T شەھىرىنىڭ A رايونىغا قاراپ يول ئالدى. بۇ يەر دۆلەت يولىدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلار ئۈچۈن ياخشى ئۆتەڭ ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يەردە ھەررەڭ — سەررەڭ ئاشخانا، مەيخانىلار كۆپەيدى. شەھەرنىڭ ۋاڭ — چۇڭدىن خالىي، كۆزىدىن يىراق بۇ يەرگە كۆڭۈل ئاچقىلى كېلىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەر مەشھۇر «قىزىل چىراغ رايونى» بولۇپ قالدى. كۈندۈزى ئاۋارە، كۆرۈمسىز كۆرۈنىدىغان بىر قەۋەتلىك ئاددىي ئۆيلەر قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن شۇنچە ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. شەيتان ئەقىلنى، ھاياني قەتلى قىلىپ، قاراڭغۇلۇقنى كىشىلەر قەلبىگە ئىتتىرگەندە، ئەركەك قېنى ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ تەسىرىدە بۇلغىنىپ، چىن ئەركەكلىكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇشقان ئاتالمىش ئەرلەر ئەرلىك ھاياسىنى، غورۇرىنى ئاغزىدىكى ئاچچىق تۈكۈرۈكنى تۈكۈرۈۋەتكەندەك تۈكۈرۈۋېتىپ، ئەرلىك ئىپپىتىنى ساتقىلى بۇ يەردىكى ئىشرەت بازىرىغا ئاقاتتى. بۇ يەردە ئادەم پۇلنى ئەمەس، پۇل ئادەملەرنى سېتىپ ئوينايتتى. ياسىن بىر تاكسىغا چىقىپ « XX نىڭ ئاشخانىسىنى بىلەمسىز» دەپ سورىدى. تاكسى شوپۇرى گويا شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق مېھمانسارايىنى ياكى

ھەممىگە تونۇشلۇق بىر جاينى سورىغاندەك، «بىلىمەن» دەپلا ماشىنىسىنى A رايون تەرەپكە ھەيدەپ ماڭدى. ماشىنا دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان، چۈشتىن كېيىنكى كۈزنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى. ماشىنا يول ياقىسىدىكى بىر باراڭلىق ھويلىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇلغان سىم كارىۋاتتا يانپىشىنى ئاران ياپقۇدەك يوپكا كىيگەن، قېنىق گىرىم قىلىشقان 4 — 5 قىز ئولتۇراتتى. ياسىن ماشىنىدىن چۈشۈشىگە قىزلار بىر — بىرىگە سەت چاقچاق قىلىشىپ، «ۋەيت» دېيىشىپ كۈلۈشتى ۋە:

—مەرھابا، ئېرىك كەپتۇ، ئالدىغا چىق،—دەپ ھويلىدىن بىرىنى چاقىردى. ھويلىدىن 20 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىسقا كىيىملىرى ئۇياتلىق يەرلىرىنى ئارانلا يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ گويا ياسىننىڭ كونا تونۇشىدەك، كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان مەشۇقىدەك ھېچ بىر تارتىنىشسىزلا:

—ۋاي — ۋۇي جېنىم، ئەمدى كەلدىڭىزمۇ، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ،—دېگىنىچە قۇچاق ئېچىپ كەلدى. ياسىن مەڭدەپ قالدى. «يامان چۈش كۆرۈپ قالدىممۇ نېمە» دەپ، يىرىك ساقال باسقان يۈزىنى كەتمەن چېپىپ قاپارغان قوللىرى بىلەن سىيلاپ كۆردى. بۇ ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس، رېئاللىق ئىدى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندا ناتونۇش قىز نايناقلاپ ئۇنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى. «خۇدايا تۇۋا، بەندەڭگە ئىنساپ، ھايا ئاتا قىلغايسەن» دەپ ئۆز — ئۆزىگە پىچىرلىدى ياسىن. قارا يەرگە ھالال تەر تۆكۈپ، ئىمانىنى پاك تۇتۇپ كەلگەن بۇ دېھقان بۇنداق ئىشلارنى تېلېۋىزوردىلا كۆرگەن. شۇڭىمۇ ئۇ تېلېۋىزورنى «دىل بۇزۇر» دەپ ئاتاپ قارغايتتى. مانا ئۇنىڭ

كۆزىنىڭ ئالدىدىلا سېرىق چاچلىق چەت ئەللىك قىز ئەمەس، ئۆزىنىڭ قىزىدەك ئۇيغۇر قىزى ناز — كەرەشمە بىلەن ئويناقلاپ تۇراتتى. ئۇ گويا ئاتىلىق ئىززىتى، ئەرلىك ھاياسى بىر تەستەك يېگەندەك سوغۇق تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ مۇلايىملىق بىلەن قىزدىن سورىدى:

— قىزىم، گۈلسۇم ئىسىملىك XX ناھىيىلىك بىر قىزنى تونۇمسىز!

— مەن بولسام بولمامدا جېنىم، مەن قايسى «گۈلسۇم» ىڭىزدىن كەمكەنمەن؟ — دېگىنىچە قىز ياسىنىنىڭ قولىنى تارتتى. ياسىن قىزنىڭ قولىنى قاتتىق سىلكىۋەتتى.

— مەن بۇ يەرگە قىزىمنى ئىزدەپ كەلدىم. نىجاسەت يەي دەپ كەلمىدىم.

قىز ياسىنىنىڭ قوپاللىقىغا رەنجىمىدى. ئۇ كۆرگەن قوپاللىقلار ئالدىدا بۇنچىلىك قوپاللىقنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيتتى. لېكىن، ياسىنىنىڭ «قىزىمنى ئىزدەپ كەلدىم» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى. بىر ئاتىنىڭ ئالدىدا قىلغان ئۇياتسىزلىقلىرىدىن خىجىل بولغاندەك قىزىرىپ كەتتى. قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر «پال» قىلىپ يېنىپ ئۆچكەن سەرەڭگىدەك تېز يۈز بەردى ۋە شۇئان ئەسلىگە قايتتى:

— ساراڭ، تومپاي! قىزىڭنى ئۆيۈڭدىن ئىزدىمەي، بۇ يەردە قايسى ئەرنىڭ قۇچىقىدىن ئىزدەيتتىڭ؟ — دېگىنىچە ھويلا دەرۋازىسىنى «جاققىدە» يېپىپ كىرىپ كەتتى. ياسىن غەزەپ، ئار — نومۇس ئىلكىدە يېرىلغىدەك بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگكىنىچە قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

— تاغا، بۇ يەردە ئۇ يۇرتلۇق قىزلار يوق. ئاۋۇ

«ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا بېرىپ سۇرۇشتۇرۇپ بېقىڭ، — دېدى سىم كارىۋاتتا ئولتۇرغان قىزلاردىن بىرى ياسىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ شىمال تەلەپپۇزىدا، بۇ هويلىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر هويلىنى كۆرسىتىپ. ياسىن قىز كۆرسەتكەن هويلىغا قاراپ ماڭدى. هويلا دەرۋازىسى ئېتىك ئىدى. ئۇ يا ئاشخانا، يا مەيخانا دەپ ئاسقان ۋېۋىسكىسى يوق، ئادەتتىكى دېهقان ئۆيلىرىدىن هېچ پەرقىمۇ يوق بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا ئىككىلىنىپ بىردەم تۇردى. شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ ياسىنىنىڭ تۇرقىغا بىر قاراپلا بۇنداق يەرلەردە پۇل خەجلەيدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلدى بولغاي:

—قىزلار ئارام ئېلىۋاتىدۇ، كەچتە كېلىڭ، —دەپ ئىشىكنى ئېتىپ بىر تاكسىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ياسىنىنىڭ كۆڭلى قىزنى تېپىشقا شۇنچە ئالدىراپ تۇرسىمۇ، ئەمدى بۇ سىرلىق «ئېرەمباغ» دېگەن يەرگە كەچتە كەلمەكتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى. ئۇ شۇ يەردىكى كۆزنىگە پاكىزرەك كۆرۈنگەن بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ، تاماق يېگەچ كۈننى كەچ قىلماق بولدى . . .

كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق بۇ يېشىل شەهەرنى ئاستا — ئاستا يالماپ يۇتۇشقا باشلىغاندا، ئۇ هېلىقى قورۇنىڭ ئالدىغا يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئىشىكنى چېكىشى بىلەن تەڭلا گويا چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان بەتبەشىرە ئالۋاستىدەك يوچۇن چىراي بىر ئەر ئىشىكنى ئاچتى. ياسىنىنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەستىن ياسىنغا سوغۇق تىكىلىپ تۇراتتى. ياسىن ئۆزىمۇ بىلمىگەن هالدا:

—قىزلار بارمۇ؟—دەپ سالدى. هېلىقى بەتبەشىرە

ئىشكنى يەنىمۇ يوغانراق ئېچىپ:

—قاندىقىنى خالىسىڭىز شۇندىقى بار، كىرىۋېرىڭ،—دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى چىرايىغا قارىغاندا خېلىلا يېقىملىق ئىدى. ياسىن پۇتلىشىپ دېگەندەك قورۇغا كىرىپ كەلدى. بۇ يەرنىڭ تىجارىتى تېخى ئەمدىلەتىن باشلانغان بولسا كېرەك، ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

—يالغۇزما؟—سورىدى بەتبەشىرە.

—ھە، ياق...

بەتبەشىرە ياسىننىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىگىمۇ قۇلاق سالماي ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى:

—قايسىڭ بار؟ مېھمان كەلدى.

ئۆي ئىچىدىن 17 — 18 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى. ياسىنغا بۇ قىز گويا قىزىدەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئەپسۇس، ھويلىدىكى چىراغ نۇرى ئۇنىڭ قىزى ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا قىزىنى بۇ مۇدھىش جايدىن قۇتۇلدۇرۇپ، تېزراق ئۆيىگە قايتىپ ئايالىنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلايتتى. يەنە يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى قىزىنىڭ بۇنداق نىجاسەت يەرلەردە يۈرىشىگە ئىشەنمەيتتى. قىز كېلىپلا ئۇنىڭ قولىنى تارتتى:

—ئۆيگە كىرىڭ، ھاڭۋېقىپ تۇرماي.

ئۇ ئۆزىنى رۇسلاپ مەقسىدىنى ئېيتىشقا ئۇلگۈرمەيلا، قىز ئۇنى تارتىپ بىر ئايرىمخانىغە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئايرىمخانا ئىچىدىن ھاراق — تاماكا، يەنە ئاللىقانداق قاڭسىق پۇراقلار گۇپۇلدەپ تۇراتتى. يەرگە قىزىل پاياندار سېلىنىپ، ئوتتۇرىغا جوزا قويۇلغان، جوزا ئەتراپىنى چۆرىدەپ كۆرپە سېلىنغانىدى. بۇ بىر كېمىر ئۆي بولۇپ، ئەمەلىيەتتە خانە دېگۇچىلىكىمۇ يوق ئىدى. قىز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ

قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ياسىن بۇ قېتىم «بۆرىنىڭ ئۇۋىسى»غا كىرىپ، قىزنى يوشۇرۇن ئىزدەش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇ قىز چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقا چىقتى ۋە ياندىكى ناخشا ئاۋازى چىقىۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆمرىدە تېخى تىمىسقىلاپ يۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىپ باقمىغاچقا، يۇرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا قىزى مۇشۇ ئۆيدە باردەكلا بىلىنەتتى. ئەگەر قىزى راستىنلا مۇشۇ ئۆيدە بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۆي ئىچىدە بىر قىزنىڭ شاللاقلارچە كۈلكىسى ئاڭلاندى. ئۇ خاتا كىرىپ قالغان كىشى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپلا كىردى. پايانداز ئۈستىدە بىر يىگىت ئىككى قىز بىلەن پومداقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنداق بىھايالىقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ياسىننىڭ يۈزلىرى ئوت بولۇپ ياندى. يا ئارقىسىغا، يا ئالدىغا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپلا يەنە ئۆز ئىشى بىلەن بولىۋەردى. ئۇ ئۆيدىن ئالەمچە خورلۇق ئىچىدە قايتىپ چىقتى.

ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، ئۇلار يېڭى توي قىلغان چىرايلىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى ئىسسىقتا چىدىماي ئۆگزىدە ياتقانىدى. ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ياش يۈرەكلەر ۋىسال سېغىنىپ، ئەمدى بىر — بىرىگە ئىنتىلىشىگە، قەيەردىندۇ ئۇندەرەپ كەتكەن بىر خوراز ۋاقىتسىز چىللاپ سالدى. ئىككى ياش گويا ئەل ئالدىدا گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك شۇنچە ھولۇققان، خىجىللىق ئىچىدە تاڭغىچە ئۇيقۇسىز قالغانىدى. لېكىن، ئاۋۇ شەيتاندىن تۆرەلگەنلەر ئاتىسىدەك بىر ئادەمنى كۆرۈپمۇ ھېيىقاي دېمىدى. گويا دىغىراپ كەتكەن

ھاڭگا ئېشەك ھېچنېمىدىن ئەيمەنمىگەندەك ... شۇ تاپتا ئۇلارنى ئۇيغۇردەك بىر ھايالىق مىللەتنىڭ پۇشتىدىن تامغان دېيىشكە تىل كۆيەتتى.

—توۋا!—دەيتتى ئۇ ئۆز — ئۆزىگە،—ئاخىر زامان بولدىمۇ — نېمە، پۈتۈن سۈرۈك بىر ئادەم كىرسە، ئاۋۇ بىھايالارنىڭ مىتمۇ قىلىپ قويمىغىنىنى!

راست، ئاخىر زامان كەلگەندە ئادەملەردىن ھايا، ئىزا دېگەنلەر كۆتۈرۈلۈپ كېتەرمىش. كوللېكتىپ پاھىشە قىلىش، بەچچىۋازلىقتەك كىشىنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان مەينەتچىلىك ئالەمگە يامراپ، جىنسىنىڭ ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيانقى سىرلىقلىقى، سېھرى يوقاپ، ئاشكارىلىقا ئىنتىلىش ئاخىرى ھەممىنى يالماپ كېتەرمىش. بۇگۈنكى ئەخلاقىنىكى چىرىش، پىسخىكىمىزدىكى ياتلىشىش، ئېكولوگىيىلىك بۇلغىنىشلار بىر قورقۇنچلۇق ۋەھىمىدىن بېشارەت بەرمەكتە. «توپان بالاسى» يېقىنلاپ كەلمەكتە ...

ئۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ، گەمە ئۆيلەرگە چۈشتى. گەمىدىكى ئايرىمخانىلەرنىڭ بىر قانچىسىدىمۇ مېھمان باردەك قىلاتتى. ياسىن ھەممە ئۆينى بىرمۇ — بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئۇيغۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاكىز ئەخلاق مۇھىتىدا ياشاپ كەلگەن بۇ ساددا دېھقانغا ئالەمچە بىر خورلۇق يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ئۇ ئاچقان ئىشىكلەرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىزلارنىڭ قىزى گۈلسۇم بولۇپ قالمىغانلىقىغا مىڭ شۈكۈر ئېيتاتتى.

ئاخىرقى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇ زادىلا ئاچالمىدى. ئىشىك يوچۇقىدىن ئۇ تېخىمۇ پاجىئەلىك ھالەتنى كۆردى. ئۆيدە بىر قىز قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ئىڭراپ ياتاتتى. ياسىننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئىشىكنىڭ

تاراقشىغان ئاۋازىدىن قىز تەستە ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. قىز گۈلسۈم ئەمەس ئىدى. قىزنىڭ ئۇياتلىق يېرىنىلا يېپىپ تۇرىدىغان كىيىملىرىدىن باشقا كىيىملىرى سالدۇرۇۋېتىلگەنىدى. قىز ياسىنىنى كۆرۈپ نىجاتچىسىنى كۆرگەندەك جانلاندى:

— ئاكا مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار ...

ئۇ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ قاتتىق ئىتتەردى. لېكىن، ئىشىك ئېچىلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سالاتتى. سىرتتىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن تۇتىشىپ تۇرغان گەمىنىڭ ئاساسى ئىشىكىدىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمە باستۇرۇپ كېلىپلا ئۇنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئىدى. قىز سۆزلەيتتى:

— ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، بولمىسا ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىسمىم ئالىيە، XX ناھىيىلىك.

— گۈلسۈم دەپ بىر قىز بارمۇ؟

— ئۇنداق قىز يوق. مەن XX يېزىسىدىكى XX نىڭ قىزى. مېنى بىرسى بۇ يەرگە ئالداپ ئېلىپ كېلىپ سېتىۋەتكەن...

ئۇنىڭ قىزنىڭ گېپىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى. بۈگۈنكى مۇشۇنداق ياخشى ئازاد دەۋردە، قانۇن بىلەن يۇرت سورىلىۋاتقان زاماندا بۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ئىشلار بار دېسە، ئۇ ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. لېكىن، شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىكى قىزنىڭ پاجىئەلىك ھالىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسماقتا ئىدى. قىز ئۇنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— نېمە قىلغىنىڭىزغا سىزنى بۇنچە قىيناشتى بۇ دەيۇزلەر!

— مېھماننىڭ تەلىپىگە ئۇنىماي ... — قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇنچە

ھەپىلىشىپ ئىشىكنى ئاچالمىغان ياسىن ئاخىر دەرغەزەپكە كەلدى — دە، مەيخانا خوجايىنىنى ئىزدەپ كەتتى. بۇ «ئېرەمباغ» نىڭ خوجايىنى ئۇ ئەتىگەن ئىشىك تۇۋىدە ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال بولۇپ چىقتى. ئۇ ئايالغا گەپنى دېھقانغا خاس ئۇدۇللا دېدى:

—مەن ئالىيەنى ئېلىپ كېتەي دېگەن.

—ئۇ چىقالماسمىكىن، باشقا قىزلارنى چاقىرىپ بېرەي!

—ئايال ياسىننىڭ مەقسىدىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانىدى. «توخۇ داڭگال چۈشەپتۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن شۇ — دە. بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ قايسى بىرى ھېلىقىدەك مەقسەتلىرى ئۈچۈن «قىز ئەكېتىمەن» دېمەيدۇ دەيسىز.

—ياق، گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، مەن ئالىيەنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېتىمەن دەۋاتىمەن.

—ئوھۇش! نېمە دەيدۇ ماۋۇ، ئەكېتىمەن دەپلا ئەپكېتىدىغان سايىنىڭ تېشى ئەمەس ئۇ. ئۇنچۇ، مەن تاراق — تاراق پۇل ساناپ سېتىۋالغان. ئۇنداق ئاسان ئېلىپ كېتىدىغان ئىش يوق. ئەپكەتكىلىرى بولسا ئۇنىڭ پاتىڭىدىكى قەرزىنى تۆلەپ ئېلىپ كەتسىلە! —بايىقى يۇمشاق ئاۋاز بىردەمدىلا چىرقىراق، يېقىمسىز ئاۋازغا ئۆزگەردى. ياسىن ئايالنىڭ گەپلىرىدىن مەڭدەپ قالدى.

—قانچە قەرزى بار؟ قانچە پۇل بەرسەم ئۇنى قويۇپ بېرىسىز؟

— 3000 يۈەن بەرسىڭىز بارلىق ھېساب — كىتابى تۈگەيدۇ. شۇنىڭغا چىدىسىڭىز، ئەنە يول، —ئايال سۆزۈم تۈگىدى، دېگەندەك ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ھېلىقى بەتبەشىرە گۆلىيىپ چىقىپ كەلدى. ياسىننىڭ يېنىدا 3000 يۈەن يوق ئىدى. بۇ، جاپاكەش

دېھقان ئۇچۇن ئاز پۇل ئەمەستە. بۇ پۇل بىلەن ئوتتۇراھال بىر دېھقان ئائىلىسى يېرىم يىل جان باقالايدۇ. شۇنداق، ئىنسان ئۆزىنى ئەخمەق قىلىش ئۇچۇن ياراتقان بۇ قەغەز بەزىدە خېلى — خېلى ئەركەكلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى، غورۇرىنى يەرگە ئۇرۇشقا قادىر. بۇنىڭ بىلەن ياسىنىنىڭ بۇگۈن ئالىيەنى قۇتقۇزۇپ چىقالىشىغا بولغان ئىشەنچىسىمۇ ئاجىزلاشقا باشلىدى. كۆز ئالدىغا شۇئان قىزى كەلدى. «قىزىم گۈلسۇم، نەلەردە يۈرىدىغانسەن، سېنىڭ بېشىڭغا قانداق كۈلپەتلەر چۈشكەندۇ؟» ياسىن ئالدى بىلەن يەنىلا ئۆز قىزىنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىگە كەلدى — دە، بۇ دوزاختىن تېزراق چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى . . .

ئۇ «ئېرەمباغ» مەيخانىسىدىن چىقىپ يەنە بىر قانچە يەرگە كىردى. بۇ شەھەردە - مەدەنىيەت سەمەرىلىرى پارلايدىغان، ئەركەكلىك غورۇرنى ئۇلغايتىپ، كىشىگە پەخىرلىك تۇيغۇلارنى ئاتا قىلىدىغان مۇشۇ پاكىز تۇپراقتا بۈگۈن كېچە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىشلارنىڭ راستىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ ئەسلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يامان چۈش بولۇپ قېلىشىنى شۇنچە خالايتتى. ئۇ قىزىنى ئاشخانىمۇ ئاشخانا، مەيخانىمۇ مەيخانا، ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇزۇم ساتقان 1300 يۈەن پۇلىنى ئاشۇ مەيخانىلەرنىڭ بىرىگە سېلىپ بېرىپ، «پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا» تاپالماي بىر بۇلۇڭدا بېشىنى قاماللاپ ھەسرەتتە ئولتۇرغان بىر دېھقان يىگىتنىمۇ ئۇچراتتى. بىر چاغدىكى شاھزادە سۈپەت يىگىتلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى ھالى شۇ ئىدى. قاراڭغۇدا كېتىۋېتىپ چىرىقى يورۇق تۇرغان بىر ساقچىخانىنىمۇ ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ساقچىخانىنى كۆرۈپ

خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى ۋە ئۆزىچىلا «‹چىراغ تۇۋى قاراڭغۇ›، دېگەن شۇ ئوخشىمامدۇ؟ يا ھۆكۈمەت بۇنداق ئىشلارنى قويۇۋەتكەنمىدۇ» دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى. بۈگۈن كۆرگەن ئىشلارنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر مۇنچە سوئال بەلگىلىرى يىغىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۆز سوئاللىرىغا توغرا جاۋاب تېپىشقا ئەقلىي مادارى يېتىشمەي قىينىلاتتى. ئۇ بولمىسا «مەجبۇريي مائارىپ» نى تاماملىغان ساۋاتلىق دېھقان ئىدى. كىچىكىدە مەھەللىسىدىكى موللىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئاز — تولا «قۇرئان ساۋادى» نىمۇ چىقارغان بولۇپ، دىنىي پەتىۋالارغىمۇ خېلى پىششىق ئىدى. لېكىن، بۈگۈن كۆرگەن بۇ كارامەتلەر ئۇنى گاڭگىراتتى. «شۇنداق ياخشى ھۆكۈمەت قانداقمۇ بۇنداق ناكەس ئىشلارغا يول قويسۇن؟» ئۇ پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە، قانۇنغا ئىشىنەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر يېشىل نۇر پەيدا بولدى. نۇر ئىچىدىن يارىشىملىق چاچ قويغان، كاستۇم — بۇرۇلكا كىيىپ، چىرايلىق گالىستۇك تاقىغان، كۆزلىرىدىن ھەقىقەت ۋە پەزىلەت ئوتى يالقۇنلاپ تۇرغان ئالىم سۈپەت بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ 30 —يىللاردا ئىسلامىيەت دۇنياسىدا يېتۈك بىلىمى، ھەقىقەت ۋە ئىمان سۆيى بىلەن سۇغۇرۇلغان تەپەككۇرى بىلەن يۇلتۇزدەك پارلاپ، ئۇلۇغلانغان زات مۇسا جارۇللا ھەزرەتلىرى ئىدى. ياسىن بۇ ئۇلۇغ زاتنى تونۇمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارىغان نۇر ياسىنىنىڭ قەلبىدە يۈكسەك ئورۇن ئالدى.

—ئەي، بىچارە، بىلىمەن، سىز قىزىڭىزنىڭ دەردىدە پۇچىلىنىۋاتىسىز. دېھقان بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىنى، ئېسىل ئۆرپ — ئادەتلىرىنى، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى جاھىلانە قوغداپ تۇرغۇچى تائىپە. كۆرۈۋاتىمەن، بىر دېھقان بولۇش

سۆيىتىڭىز بىلەن ۋۇجۇدىڭىزدا مىللىتىمىنىڭ ھايا، ئار — نومۇس ئېڭى يەنىلا چوغلىنىپ تۇرۇپتۇ. زامانىۋىيلىقنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەي، خەقنىڭ ئەخلەتلىرىنى گۆھەر بىلىپ ئەتىۋارلاشقا، مايمۇن كەبى شەكلەن نەرسىلەرنى دوراشقا كۆنۈپ قېلىۋاتقان كىشىلەر سىز كۆرۈۋاتقان ناكەسلىكنىڭ مەنبەسى. مەن سىزگە 30 — يىللاردا قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن چېغىمدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ھېكايەتنى سۆزلەپ بېرەي.

مەن قەشقەرگە كەلگەندە پۈتكۈل قەشقەر شەھىرى تەۋرەپ كەتتى. باي — بايۋەچچىلەر، ئالىم — ئۆلىمالار، بەگلەر ۋە ئەمەلدارلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىشىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. ئەمما، مەن بىر — بىرلەپ رەت قىلدىم ۋە:

—ئى ئۇلۇغلار! ماڭا مۇنچە قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟!

... ماڭا پەقەت ئۇشبۇ ئەزىزانە قەشقەرنى زىيارەت قىلىشقا پۇرسەت بەرسىڭىزلەر بولدى،— دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن رەستىلەرنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. مېنىڭ كەينىمدىن بىرەر يۈزچە يۇرت كاتتىسى سۆرىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يەنە نۇرغۇن ئاۋام كەلمەكتە ئىدى. مەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، توساتتىن بىر پاھىشىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. شۇ چاغدا پاھىشىخانىلار جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئوچۇق — ئاشكارە تىجارەت قىلىدىكەن. بۇ، ئادىمىيلىككە قىلىنغان بىر ھاقارەت ئىدى. مەن دەسلىپىدە بىر ئاز ئىككىلەندىم. كېيىن پاھىشىخانىغا كىردىم. ئاۋام بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غۇدۇراشتى. يۇرت كاتتىلىرى ئارقامدىن مېڭىشتى. بۇنى كۆرگەن پاھىشە ئاياللار چەكچىيىپ قاراپلا قالدى.

—ئەي، سىڭلىم! نېمە سەۋەبتىن تېنىڭىزنى ساتىسىز؟! ھالبۇكى، سىز ۋە سىزلەرگە ئوخشاش قىز — خاتۇنلىرىمىز

بىزنىڭ بارلىقىمىز، ئار – نومۇسىمىز ۋە ئەڭ قىممەتلىك كىشىلىرىمىز ئىدىڭىزلەرغۇ! سىزلەر مىللەتنىڭ بىر قانىتى ئەمەسمۇ! — دەپ سورىدىم.

بۇنى ئاڭلىغان پاھىشە ئايال پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى ۋە:

— جاھان قاتتىقچىلىق! ئامالسىز بۇ يولغا كىرىپ قالدۇق، بىزنى قۇتقۇزىدىغان ئەرەنلەر يوق! — دېدى. بۇنىڭ بىلەن پاھىشە ئاياللارنىڭ ھەممىسى دەسلەپتە مىشىلداپ، كېيىن ھۆڭرەپ يىغلىغىلى تۇردى. مەن يەنە سورىدىم:

— ئەي سىڭلىم! سىزلەر پاھىشە قىلغاندىن كېيىن بويىڭىزلەرنى سۇغا سالامسىزلەر؟

— بەزىدە سالىمىز، بەزىدە سالالمايمىز.

مەن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدىم:

— بۇنىڭدىن كېيىن پاھىشىنى داۋام ئېتىۋېرىڭىزلەر. ئەمما، ھەر قېتىم پاھىشە قىلغاندا جەزمەن بويىڭىزلەرنى سۇغا سېلىڭىزلەر، مانا مۇشۇ تەرىپىگە دىققەت قىلىسىڭىزلارلا، گۇناھ سىزلەرگە ئەمەس!

بۇنىڭ بىلەن ئەتراپىمدىكى يۇرت كاتتىلىرى ھەيرانۇھەس قېلىشتى ۋە بەزىلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ:

— يا خۇدايا، بۇ قانداق پەتىۋا، بۇ قانداق گەپ ئۆزى! بۇ قانداقمۇ پۈتكۈل ئىسلامىيەت ۋە روھىيەت دۇنياسىغا مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئالىمنىڭ سۆزى بولسۇن؟ بۇ قانداقمۇ ئۆلىمائى ئىسلامنىڭ سۆزى بولسۇن! — دېيىشتى. ئاۋام ھەيران بولۇشتى. مەن كۈلدۈم — دە، مۇنداق دېدىم:

— سىزلەر كەبى يۇرت كاتتىلىرى بار بۇ ئەزىز يۇرتتا خاتۇن – ئاجىزەلەر مانا مۇشۇنداق يولغا كىرگەنكەن، ئۇشبۇ ئەمەلىيەتكە مۇشۇنداق دېمەي، يەنە نېمە دېگۈلۈك! ئاللا ئاتا قىلغان شۇنچە كۆپ پۇل – مېلىڭىزلەرنى ئېقىن سۇ كەبى

ئىسراپ قىلىپ، ئەيش — ئىشرەتكە سەرپ قىلىشقا ئۆنىغان كۆڭۈللىرىڭىزلەر نۆۋىتىدە يوقسۇزلۇق ۋە قاتتىقچىلىقنىڭ دەستىدىن مۇشۇ يولغا كىرىپ قالغان قىز — خاتۇنلىرىڭىزلەرگە مەكتەپ ئېچىپ بېرىپ بىلىم تارقىتىش ئۇچۇن سەرپ قىلىشقا، ئۇلارنىڭ شېكەستىلەنگەن غېرىب كۆڭۈللىرىگە ئۇمىد پەنەرلىرىنى يېقىشقا ئۇنىماپتۇ. يەنە جاۋاب بېرىڭىزلەركى، ئاللا ئاتا قىلغان شۇنچە زور ھوقۇق ۋە كۆپ پۇل — مىلىڭىزلەرنى بۇ دۇنيادا مانا مۇشۇنداق پاھىشخانىلارنى يوق قىلىدىغان ئەڭ خەيرلىك ئىشلارغا ئىشلەتمەي ۋە سەرپ قىلماي گۆرىڭىزلەرگە ئەكېتەلەيتتى- ڭىزلەرمۇ؟ مۇشۇنىڭدەك بۇزۇلۇشلارغا ئاللاتائالا ھەر ئىككى ئالەمدە ھەر بىرىڭىزلەردەك يۇرت كاتتىلىرىدىن قاتتىق ھېساب ئالىدۇ.

—ئەي يۇرەك پارىسىنىڭ دەردىدە پۇچىلانغان بىچارە، سىز بايا كۆرگەن، ھېلىقى «دوزاخ» تىكى سىزگە نالە قىلغان قىز ئۆزىڭىزنىڭ قىزى بولمىسىمۇ، سىز بىر ئاتا سىز، بىر ئەركەك سىز، ئۇ بىچارە قىزنىڭ ئىلتىجاسىنى ئىلىك ئالمىسىڭىز، ئۇنى ئاشۇ «دوزاخ» تىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىسىڭىز، سىزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يەرگە قانداق يۈز كېلىسىز؟...

جارۇللا ھەزرەتلىرى يېشىل نۇر ئىچىدە غايىپ بولدى. ئۇنىڭ ھەقىقەت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ياسىننىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى.

—توغرا، ساقچىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ قىلمىشاتقىنى جىنايەت!—ياسىن ئاخىرى بىر جاۋابقا ئېرىشكەندەك ئۆزىگە خىتاب قىلدى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ھېلىقى ساقچىخانىغا كىرىپ ئەھۋال مەلۇم قىلماي، ئۆز

يۇرتىدىكى ج خ ئىدارىسىغا قاراپ يول ئالدى.

## خەلق ساقچىلىرى ھەرىكەتتە

XX ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ياسىن مەلۇم قىلغان ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئىدارە رەھبەرلىكى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتىدىكى تەجرىبىسى مول رازۋېدكىچى ئەخمەت خوجابدۇلنى بۇ دېلوغا مەسئۇل قىلدى. ئەخمەت خوجابدۇل ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەلق ساقچىسى ئالىم بىلەن شۇئان ئاتلاندى. ئۇلار T شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە يېرىم كېچە بولۇپ قالغان بولۇپ، بۇ A رايون ئەڭ ئاۋات بولىدىغان مەزگىل ئىدى. كېچە ئۆزىنىڭ كەڭ قوينىغا دۇنيادىكى بارلىق پاسىقلىقلارنى سىڭدۈرۈپ كەتكۈدەك كارامەتكە ئىگە. شۇڭىمۇ بارچە رەزىللىك كېچىگە ئاشىق، كېچە جىنايەتنىڭ ئۇۋىسى. 10 — ئۆكتەبىردىكى بۇ كېچە كىتابلاردا تەسۋىرلىنىدىغان تۇم قاراڭغۇ كېچىلەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. ئەخمەت، ئالىم «يىلاننى ئۇركۇتۇۋەتمەسلىك» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ياسىن دەپ بەرگەن «ئېرەمباغ» مەيخانىسىنى تاپقاندىن كېيىن، يۇقىراچە كىيىنىپ، خېرىدار سۈپىتىدە «بۆرە ئۇۋىسى» غا كىردى. تۆمۈر دەرۋازا دوزاخ ئىشىكىدەك غىچىلداپ ئېچىلىپ، ئىشىك يوچۇقىدىن ھېلىقى بەتبەشىرە چىراي كۆرۈندى. ئەخمەت پىشقان رازۋېدكىچىلارغا خاس ھالدا ئۇستاتلىق قىلىپ:

— كۆڭۈلنى ئالالىغۇدەك يېڭى قىزلار كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىغاچ، بەتبەشىرىنىڭ تەكلىپىنى كۈتمەيلا ئىشىكنى ئىتتىرىپ، ھويلىغا شۇڭغۇپلا كىرىپ كەتتى ۋە ھەمراھى كىرىپ بەتبەشىرىنى گەپكە تۇتۇپ تۇرغان پۇرسەتتە، ئالىيە

سولانغان گەمىگە چۈشۈپ بولدى. ئۇ 4 — 5 ئايرىمخاننى بىرمۇ — بىر تەكشۈرۈپ چىقتى. ئايرىمخانىلاردا ئىسپىرتلىق ئىچىملىكلەرنىڭ تەسىرىدە خۇدىنى يوقاتقان قىزلار بىلەن خېرىدارلارنىڭ هاياسىزلىقلىرى ئەۋجىگە چىققان ئىدى. ئەخمەت بۇلۇڭ تەرەپتىكى ئايرىمخانىدىن ئالىيەنى تاپتى. ئۇ قىز يەنىلا قاماقلىق ئىدى. ئۇ ئىشىكنى بىرنى تېپىپ ئېچىۋەتتى. قىز ئۆيگە ئادەم كىرگەنلىكىنى سېزىپ ئىڭراق ئاۋازدا:

— مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — دەپ نالە قىلدى. ئەخمەت دەرهال سىرتقا چىقىپ، ساقچى كېنىشكىسىنى بەتبەشىرىگە كۆرسەتتى ۋە:

— بۇ نېمە ئىش، خالىغانچە ئادەم سولاش هوقۇقىنى سىلەرگە كىم بەردى؟ — دەپ ۋارقىرىدى. گەرچە هېلىقى بەتبەشىرە خېلى قامەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ساقچىنىڭ سۈرى ئالدىدا «غىڭ» قىلالماي قالدى. قارا كۈچلەر قارىماققا شۇنچە هەيۋەت، كۈچتۈڭگۈر كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ ئاجىز كېلىدىكەن. ئادالەت هامىيلىرىنىڭ ئالدىدا هەيۋىسى سۇنۇپ، بىچارە قۇرتقا ئايلىنىپ قالىدىكەن. هويلا ئىچى بىردەمدە پاتپاراق بولۇپ كەتتى. خېرىدارلار مۈشۈكتىن قاچقان چاشقاندەك كۆزدىن غايىپ بولۇشقا باشلىدى. ساقچىلار بەتبەشىرە بىلەن هېلىقى ئايالنى ۋە ئالىيەنى T شەهەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ XX ساقچىخانىسىغا ئېلىپ كېلىپ، دەسلەپكى سوراقنى باشلىۋەتتى ...

ئالىيە زادى قانداق قىز، ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ ئۇنى كىم بۇ قاراڭغۇ گەمىگە سولاپ قويدى؟ ... ئۇنىڭ ساقچىلارغا ئېيتقانلىرى بۇ سوئاللارغا جاۋاب بولدى. ئۇنىڭ هېكايىسىدىن يەنە كىشىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىدىغان،

غۇرۇر ۋە ۋىجداننى غەزەپ قوقاسلىرىغا سېلىپ، قەلبىنى ئۆرتەندۈرىدىغان باشقا ئاجايىپ ئىشلار ئاشكارا بولدى.

ئالىيە ئەسلى گۈزەل، پاكىز، ساددا بىر دېھقان قىز ئىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاش گۈزەل ئارزۇ — ئارمانلىرى بولغان، ياشلىق غايىلىرىگە باي بىر قىز ئىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ چېچەن — چېۋەرلىكى بىلەن قۇرداشلىرى ئىچىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بالىلىق شۇ قەدەر گۈزەل بولىدۇ. لېكىن، ئالىيەنىڭ گۈزەل بالىلىق دەۋرى ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. ئۇ دەل 13 ياشقا كىرگەن يىلى ئاتىسى بىلەن ئاپىسى نېمە سەۋەبتىندۇ ئاجرىشىپ كەتتى. ئەمدى خۇشپۇراق چېچىپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىگە ئۇششۇك تەگكەندەك، بۇ بىر ئائىلىنىڭ بەختى ئەنە شۇنداق توزۇپ كەتتى. ئازابنىڭ مەنىسىنى ئۇنتۇپ كېتىۋاتقان، «چىۋىن قونسا تېيىلغۇدەك»، توقماق تەگسە جىم» يۈرۈيدىغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، ئۆز شەخسىيىتىنىلا ئويلايدىغان بۇ گۇنكى كىشىلەرگە «ئاجرىشىش» دېگەن بەك ئاددىي گەپ بولۇپ قالدى. ئۇلار «ئېغىرىنى يەر كۆتۈرىدىغان، رىزقىنى خۇدا بېرىدىغان» پەرزەنتلىرىنىڭ سەبىي قەلبىدە يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنى ھېس قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. ئالىيەنىڭ ئاتا — ئاپىسىمۇ ئەنە شۇ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بالىلىرىنى «تىرىك يېتىم» قىلىشتىن قورقمايدىغان «نوچىلار» قاتارىدا ئاجراشقانلار توپىغا قوشۇلدى. ئالىيەنىڭ تەقدىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەردى. ئۇ دەرستە چېكىندى. ئاستا — ئاستا «جەمئىيەت كۆرۈش» كە باشلىدى. ۋاقىت كېمىسى ئۇنى بىردەمدىلا 22 ياشنىڭ قىرغىقىغا تاشلىدى. ئۇ ھازىر ئۆينى تاشلاپ چىقىپ، ئۇ يەر — بۇ يەردە پارچە — پۇرات ئىشلارنى قىلىپ، كوڭۈلنىڭ كەينىدە ئىشرەتخانىلاردا كۈن

ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

2003 – يىلى 9 – ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى. ئالىيە T شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بۇ شەھەرگە كېلىپلا، ئىلگىرى مەلۇم بىر ئىشرەت سورۇنىدا تونۇشۇپ قالغان يىگىتنى تاپتى. بۇ يىگىت ئۇنىڭغا بۇ شەھەرگە كەلسە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، خالىسا رېستورانلاردا مۇلازىم بولسا بولىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. ئۇ T شەھىرىگە كېلىپ، ئەنە شۇ «ئاق كۆڭۈل» يىگىتنى ئىزدەپ تېپىپ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماقچى بولغانىدى. ئۇلار دەسلەپ بىر تاماقخانىغا كىرىپ غىزالاندى. ئاندىن يىگىت ئۇنى پىنھان يەردىكى بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار بۇ يەردە بىر كۈن ئىشرەت پەيزىنى سۈردى. قىز يىگىتنىڭ شېرىن – سۇخەن سۆزلىرىدىن مەست بولدى. ئەتىسى يىگىت ئۇنى «ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا ئېلىپ كېلىپ، «خىزمەت» كە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ساددا قىز يىگىت كەتكەن كۈنىلا ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى، بۇيەرنىڭ خوجايىنىغا 150 يۈەنگە سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ئۇقتى. ئۆزىنىڭ باھاسى ئۇچىسىدىكى كىيىمنىڭ نەرخىدىنمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ئۇققان ئالىيە شۇ قەدەر خورلۇق ھېس قىلدى. ئۇ شۇ چاغقىچە خېلى «ئېقىم» لارغا كىرىپ باققان بولسىمۇ، بۇنداق خورلۇققا ئۇچراپ باقمىغانىدى.

شۇ كۈنى كەچ خوجايىن ئايال ئۇنىڭغا مەيخانىدىكى مۇلازىم قىزلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى جېكىلەپ مۇنداق دېدى:

—بۇ يەرگە كەلگەنىكەنسەن، كېتىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە. مېھمانلارنى ئوبدان كۈتسەن، ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىپ مېھماننى كۆپ پۇل خەجلىتىسەن. دېگىنىمدەك قىلساڭ

ياخشى كۈن كۆرسەن، ئەگەر بويۇنتاۋلىق قىلىپ مېھماننى رەنجىتىپ قويساڭ ياكى مەيخانىمىزنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلساڭ، مەندىن رەنجىمە!

خوجايىن ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۈنى سۇر باستى. ئۇ بۇ يەردىن تېزراق كەتمىسە يامان كۈنگە قالىدىغانلىقىنى بىلدى — ده، «مەن سىزنىڭ قولىڭىزمىتىم، كېتىمەن» دېگىنىچە ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. لېكىن، ھېلىقى بەتبەشىرە ئۇنى بۇركۈت چۈجە بالىسىنى قاماللىغاندەك قامالالاپ، سامانلىققا سولاپ قويدى. كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئۇنى مۇشۇ مەيخانىنىڭ قائىدە — تۈزۈملىرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، بۇ يەرگە كېلىدىغان ئەركەكلەر شۇقەدەر چىركىن نەرسىلەر ئىدىكى، ھايۋانچىلىكمۇ نومۇس تۇيغۇسى يوق ئىدى. ئەل — ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدىلا ھاياسىزلارچە قىزلارنىڭ نومۇسلۇق يەرلىرىگە قول ئۇزىتاتتى. ئارىدىكى ئاز — تولا خىجىل بولۇشنى بىلىدىغانلار ئۇلپەتلىرىنىڭ چاكىنا چاقچاقلىرى ئارىسىدا «ئىزا» غا قالاتتى. بۇيەرگە كەلگەنلەرنىڭ تۇغۇلۇپلا ئائىلىسىدە ئەدەب، ھايا تەربىيىسى ئالىدىغان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ۋىجدانى پاكىز كىشىلەرنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئالىيە «ئىشقا چۈشۈپ» ھەپتە ئۆتمەيلا بىر مېھماننى رەنجىتىپ قويۇپ جازاغا ئۇچرىدى. شۇ كۈنى خوجايىن ئايالنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھېلىقى بەتبەشىرە ئالىيەنىڭ كىيىملىرىنى مەجبۇري سالدۇرۇپ تاشلاپ، خورۇم تاسمىنى سۇغا چىلاپ، ئۇنىڭ ئىككى تېقىمىغا قاتتىق ئۇردى. بۇنداق ئادەم قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك بۇ ئاجىزەنى يەنە ئىپلاسلىققا باش ئېگىشكە مەجبۇر قىلدى.

2003 — يىلى 10 — ئاينىڭ 9 — كۈنى. بۇ يەردىكى قىزلار كەچ كىرىشتىن شۇنچە قورقاتتى. پەقەت كۈندۈزىلا،

قوياش پارلاپ تۇرغاندىلا بۇ يەردىن يورۇقلۇقتىن قورقىدىغان ئىشرەت ئالۋاستىلىرىنىڭ ئايىقى بېسىلاتتى. قىزلارغا ئارام بولاتتى. لېكىن، قوياش ئۆزگەرمەس ئالەم قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇپ، يەنىلا غەربىي ئۈپۈققا باش قويغاندا، «ئېرەمباغ» كۇندۇزدىكى سۇكۇتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا جىلۋىلىنىشكە باشلايتتى. ئالىيە باشقا قىزلار بىلەن تەڭ مېھمان كۈتۈشنى باشلىۋەتتى. بۈگۈن ئۇ ياغلىما قاپاق تەتۈر ئۇستىخان بىرىگە هاراق ئىچىشكە هەمراھ بولدى. سورۇندا قىزلاردىن باشقا 4 — 5 ئەر بار ئىدى. هېلىقى تەتۈر ئۇستىخاننىڭ بىرەر رومكا ئىچمەيلا شوخلۇقى تۇتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ قوپال قوللىرى ئالىيەنىڭ نازۇك كۆكسىنى هېلىدىن — هېلىغا باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا مىجىقلايتتى. ئالىيە ئۇنىڭ بۇ قىلىقسىزلىقىغا چىدىيالمىدى. ئۇنى سىلكىشلەپ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئىسسىق چاي هېلىقى تەتۈر ئۇستىخاننىڭ جان يېرىگە تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ «ۋاي — ۋايلاپ» ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالىيەنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى — دە، ئالچاڭلاپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. هايال ئۆتمەيلا خانىگە هېلىقى بەتبەشىرە كىرىپ كەلدى — دە، ئالىيەنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە ئەپ چىقىپ كەتتى. سورۇن بىردەم پاتپاراق بولغان بولسىمۇ، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ماھىر قىزلارنىڭ ئۇستاتلىقى بىلەن سورۇن كەيپىياتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەنە ئەسلىگە قايتتى. لېكىن، ئالىيە يەنە بىر قېتىم دوزاخ ئازابىنى تارتتى. ئۇ يەنە گەمە ئۆيگە سولىنىپ، كىيىملىرى سالدۇرۇلدى. خورۇم تاسما سۇغا چىلاندى. خورۇم تاسمىنىڭ هەر قېتىم ئالىيەنىڭ نازۇك يەرلىرىگە تەگكەندە چىققان «چاس» قىلغان ئاۋازى بىلەن ئالىيەنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان نالىسى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. بۇ

مەيخانىنىڭ جازالاش ئۇسۇلىلا ئەمەس، بەلكى يېڭى كەلگەنلەرگە بۇ يەرنىڭ «قانۇنى» نىڭ «مۇقەددەس» لىكىنى بىلدۇرۇش ئۇسۇلى ئىدى. ھېلىقى بەتبەشرە ئۇرۇپ ھارغاندىن كېيىن، باشقا قىزلارمۇ «خاتا» لىق ئۆتكۈزگەن قېرىنداشنى يۇرىكىدە يۇم — يۇم يىغلاپ تۇرۇپ ئۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇ كېچىسىدىكى «جازا مۇراسىمى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئالىيە گەمىگە سولاندى. ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسى ۋە چىرايلىق تېقىملىرىنى خۇرۇم تاسما تىتىۋەتكەن، پۈتۈن بەدىنىگە كۆك چۈشكەنىدى. ئۇ ئەنە شۇ ھالەتتە ئىڭراپ ياتقاندا، ياسىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى. كېيىن ساقچىلار ئۇنى بۇ «دوزاخ» تىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى ...

ئالىيە ساقچىلارغا ئۆزىدىن باشقا يەنە ئون قانچە قىزنىڭ بۇ يەرگە XX ناھىيىلىك سالام دېگەن بىرسى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كۈنىنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش پاجىئەلىك ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. تەجرىبىلىك رازۋېدكىچى ئەخمەت بۇ بىر ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە زور دېلو ئىكەنلىكىنى پەملىدى. شۇئان مەيخانا خوجايىنىنى كېچىلەپ سوراق قىلدى...

## «ئېرەمباغ» ۋە «قىز سودىسى»

رازۋېدكىچى ئەخمەت ۋە خەلق ساقچىسى ئالىم سوراق ئارقىلىق، «ئېرەمباغ» نىڭ خوجايىنىنىڭ ئىسمى جەزىرە بولۇپ، T شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە يەككە تىجارەتچى ئىكەنلىكىنى؛ ھېلىقى بەتبەشرىنىڭ ئىسمى ھامۇت، T شەھىرىنىڭ A يېزىسىدىن بولۇپ، 2000 — يىلى ئوغرىلىق قىلمىشى بىلەن

2 يىل كېسىلىپ، 2002 — يىلى 5 — ئايدىن باشلاپ «ئېرەمباغ» مەيخانىسىنى ئاچقانلىقىنى؛ سالام دېگەندىن ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ 12 قىزنى ھەر بىرىنى 300 يۈەنلىك باھادا سېتىۋالغانلىقىنى ئىگىلىدى. . .

جەزىرە باشتا توغرا يولدىكى تىجارەتلەرنى قىلىپ كەلگەنىدى. 2002 — يىلىغا كەلگەندە A رايوندا ئاشخانا، مەيخانا ئېچىپ باي بولغانلارنى كۆرۈپ، شۇ يەردە بىر مەيخانا ئېچىش قارارىغا كەلدى. چۈنكى، خېلى ئېسىل ئادەملەرمۇ بۇ يەردە مەردلىك بىلەن پۇل خەجلەپ، خۇپىيانە لەززەتنىڭ تەمىنى تېتىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئاسان پۇل تېپىپ، تېزراق بېيىش ئۈچۈن «يېقىن» يولدا ماڭماقچى بولدى. بولۇپمۇ بۇنداق شەھەردىن يىراق، خىلۋەت، ئەمما يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان جايدا «3 تە ھەمراھ» نازىنىنلارنى ئىشلەتسە، سودىسىنىڭ ئاز كۈن ئۆتمەيلا جانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇنىڭ بىلەن مەيخانىسىغا «ئېرەمباغ» دەپ ئات قويۇپ، بۇ خىلۋەتنى ئىسمى — جىسمىغا لايىق «ئېرەمباغ»قا، يەنى ئىشرەت ئەھلىنىڭ «جەننىتى» گە ئايلاندۇرماقچى بولدى. لېكىن، مېھمانلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكۈدەك، «3 تە ھەمراھ» بولۇشنى خالايدىغان قىزلارنى تېپىش ئويلىغاندەك ئاسان ئەمەس ئىدى. گەرچە مۇشۇ كۈنلەردە غەربنىڭ بىر قىسىم چاكىنا ئىللەتلىرى مايمۇن مىجەز بىر قىسىم قىز — چوكانلىرىمىزنى ئاسانلا يولدىن چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ يەرگە «3 تە ھەمراھ» مۇلازىمەتچى بولۇپ ئىشلەشنى خالاپ كېلىدىغانلار كۆپ بولمىدى. لېكىن، ئاتلىق بۇرچ، ئەرلىك غورۇر دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئىلىكى سۇيۇق، نان يەپ، تەرەت قىلىش، ئەرلىكىنى دەپسەندە قىلىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان ساياق ئەركەكلەرنىڭ

كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، «ئېرەمباغ» نىڭ مېھمانلارنىڭ «قوچىقىدا توختىغۇدەك» قىزلارنى كۆپەيتىش جەزىرەنىڭ نەزىرىدە جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەت تەقەززاسى بولۇپ قالدى. جەزىرە «مەيخانا» دىكى قىزلارنى كۆپەيتىشكە باش قاتۇرۇۋاتقاندا سالام بىلەن تونۇشۇپ قالدى. سالام 23 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان خېلى قاملاشقان يىگىت ئىدى. ئەمما، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل قاراملىق، مۇدھىش سوغۇق تاراپ تۇراتتى. «ھەر كىم ئۆز خىلى بىلەن» دەپ، سالام گەرچە جەزىرەنىڭ بالىسى دېمەتلىك بولسىمۇ، بىراق ئۆز نەپسىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان تائىپىگە ئۆزئارا ئادىمىي ھۆرمەت، ئىززەت، ھايا دېگەن سۆزلەر يات بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ئاپاق — چاپاق بولۇشۇپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر قانۇنسىز كېلىشىم تۈزۈلدى. سالام «ئېرەمباغ» قا قىز تېپىپ بېرىدىغان، جەزىرە ھەر بىر قىز ئۈچۈن سالامغا 300 يۈەن بېرىدىغان بولۇشتى.

ئۇ يەر — بۇ يەردە تىنماي ئوغرىلىق قىلىپ، جېدەل تېرىپ يۈرىدىغان سالام ئۈچۈن بىر ياخشى پۇل تېپىش يولى ئېچىلغانىدى. بۇ دەل 2003 — يىلىنىڭ قۇياش زېمىندىكى بارلىق پاسىقلىقلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىماقچى بولغاندەك چاراسلاپ يېنىپ تۇرغان 6 — ئاي چاغلىرى ئىدى.

2003 — يىلى 6 — ئاينىڭ 16 — كۈنى، كەچقۇرۇن.

كۆڭلىگە شۇم خىياللارنى پۈككەن سالام تۇنجى «ئوۋ» نى ئىزدەپ، ئاغىنىسى پەتتارنى باشلاپ XXناھىيىسىنىڭ «314» دۆلەت يولى بويىغا جايلاشقان سېرىق دۆڭگە كەلدى. قۇياش قىزارغان، گۆگۈم زېمىنغا قىزىل تون كىيگۈزۈپ، جاھاننى شۇنچە گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەن ئىدى. ھاۋانىڭ كۆيدۈرگۈچ تەپتى بوشاپ، تاغ تەرەپتىن كەلگەن سالقىن شامال

كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سالام ئاغىنىسى بىلەن XX نىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، شۇ ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان ئامانگۈل ۋە گۈلشات ئىسىملىك ئىككى قىز بىلەن تاماق يېگەچ، بىر — ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى. ئامانگۈل 21 ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق، تولغان، چىرايلىق قىز ئىدى.

گۈلشات ئەمدى 18 ياشقا قەدەم قويغان بولۇپ، بۇ قىزنىڭ تازا بەرنا چاغلىرى ئىدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بۇ ئىككى قىز تېخى ھايات مەنالىرى توغرىلىق تۇزۇك چۈشەنچىگە ئىگە بولماي تۇرۇپلا، ئۇلارنى XX دىيارىدىن بۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگەنىدى. سالام بۇ ئىككى قىزنىڭ بەدىنىگە چىپپىدە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىملىرىدىن بۆرتۈپ چىققان تولغان كۆكسىگە ئاچكۆزلەرچە قاراپ، ئاچچىق تۈكۈرۈكىنى «غۇرتتىدە» يۇتۇۋەتتى. «تازا تولغان كاساپەتلەر ئىكەن، جەزىرە كۆرسە گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى — دە» دېدى ئىچىدە خۇشاللىقىنى باسالماي. ئۇلار بىلەن بىر ئاز ئىچىشىپ، مۇڭدىشىپ خېلىلا كېلىشىپ قالدى. ئەمدى شارائىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى پەملىگەن سالام ئاشخانىنىڭ ئىسسىپ كەتكەنلىكىنى بانا قىلىپ، قىزلارنى كەچلىك بازارغا بىللە بېرىپ ئويناپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

باياتىن بېرى يىگىتلەر بىلەن بەسلىشىپ ئىچىپ، ئوبدانلا تەڭشىلىپ قالغان قىزلار ئانچە نازلانمايلا سالامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار كەچلىك بازارغا چىقىپ يەنە ئىچىشتى.

سالام مەقسەتلىك ھالدا قىزلارغا ئۇزۇلدۇرمەي ھاراق زورلايتتى. قىزلارمۇ بىردەمدىلا مەست بولدى. تۇنجى «ئوۋ» نىڭ قولغا چۈشكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغان سالام قىزلارنى «تاكسى» غا سېلىپ T شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ T شەھىرىگە كېلىپ ئۇدۇل «ئېرەمباغ» قا چۈشتى ۋە قىزلارنى

يۆلەشتۈرۈپ جەزىرەگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، جەزىرە بەرگەن 600 سومنى يانچۇقىغا سالدى — دە، كەلگەن تاكسىدا قايتتى.
ئامانگۈل بىلەن گۈلشات ئەتىسى مەستلىكتىن يېشىلىپ ئويغانغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ناتونۇش بىر يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئۇقتى. ئۇلارنىڭ باشلىرى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكە تەمشەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەزىرە پەيدا بولدى:
— ھە! خان قىزلار ئويدان تۇرۇپسىلەرمۇ؟ ئېيتىپ قوياي، ھەر بىرىڭلارنى 300 يۈەندىن سېتىۋالدىم. بۈگۈندىن كېيىن مۇشۇ يەردە ئىشلەيسىلەر، ياخشى ئىشلىسەڭلار ياخشى كۈن كۆرىسىلەر، كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭلار! — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇلار بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندى. لېكىن، كېچىككەنىدى. ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىشىغا، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىغا چەك قويۇلغاچقا، بۇ يەرگە بەنت بولماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى.
تۈنجى سودىدىن ئوڭايلا نەپ ئالغان سالامىنىڭ يۈرىكى خېلى يوغىناپ قالدى. لېكىن، سېتىۋەتكەن قىزلىرىنىڭ بىر نەچچىسى «ئېرەمباغ» دا بىر ھەپتىمۇ تۇرماي، ساقچىلارنىڭ ياردىمىدە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق ھەرىكىتىنى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. تۈنجى سودىدا قاراپ تۇرۇپ 600 يۈەن زىيان تارتقان جەزىرەنىڭ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. شۇڭىمۇ ئۇ سالامىنى تېزراق قىز تېپىپ كېلىشكە ئالدىراتتى. 7 — ئاينىڭ 30 — كۈنى كەچ. مەخسۇس قىز ئوۋلايدىغان بۇ «بۆرە» يەنە ئۇۋىسىدىن چىقتى. ئۇ بۇ قېتىم خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئىشنىڭ بېشىدا ئۆزى بىۋاستە قول سالماي، ئىككى تونۇشىغا

100 يۇەندىن پۇل تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى سىرتتىن كەلگەن قىزلار كۆپرەك چۈشىدىغان XX نىڭ ياتاقخانىسىدىن ئىككى قىز ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىدى. ئۇلار ياتاقخانىغا كىرىپ گۇلئەنبەر، ئابىدە ئىسىملىك ياقا يۇرتلۇق ئىككى قىزنى كەچلىك بازارغا بىللە تاماق يەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. قىزلار دەسلەپ بۇ ناتونۇش يىگىتلەرگە ئىشەنچ قىلالماي ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئىشى ئاقمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن بۇ ساددا يىگىتلەر سالام بەرگەن كىچىككىنە نەپىنىڭ ئالدىدا خېلىلا دادىللىشىپ، تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، قىزلارنى يەنە تانسىغا تەكلىپ قىلدى ھەمدە تانسىخانىدا 100 يۇەن بېرىدىغانغا ۋەدە قىلدى. قىزلار پۇل ۋەسۋەسىسىدە «قاپقان» غا دەسسىدى. قىزلار ماشىنا بىلەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— قايسى تانسىخانىغا بارىمىز، ناھىيە بازىرى كەينىمىزدە قالدىغۇ، — دەپ چۇرقىراشتى. يىگىتلەر ئەمدى گەپنى ئۆزگەرتىپ:

— بۈگۈن بىز بىلەن بىللە بولىسىلەر، — دېدى. قىزلار ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، يىگىتلەرنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ ماشىنىدىن چۈشۈپ قالدى. بۇ چاغ كۈن ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغ ئىدى. يولدىن ئاندا — ساندا ئۆتكەن يۈك ماشىنىلىرىدىن باشقا ماشىنا كۆرۈنمەيتتى. قىزلار ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىپ پىيادە 10 مىنۇت ماڭا — ماڭمايلا، ئارقىدىن بىر كىچىك ماشىنا كېلىپ توختىدى. سالام ماشىنىدىن چۈشۈپ قىزلارنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. قىزلار ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئىلىك ئالماي كېتىۋەردى. بايا ئەۋەتكەن ئىككى قولچومىقىغا بوي بەرمەي، يېرىم يولدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغان بۇ ئىككى «جاھىل» قىز سالامنىڭ

ئوغىسىنى قايناتتى:

—قارىغاندا سىلەر ھۆرمەت شارابى ئىچمەي، جازا شارابى ئىچكۈدەكسىلەر—دەپلا، ئىككى تاقلاپ قىزلارغا يېتىشىۋالدى — دە، قىزلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تارتىپ ماشىنىغا چىقاردى.

—زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش، يۇۋاش بولۇشمىساڭ كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرسىتىمەن،—دەپ ھەيۋە قىلغىنىچە قىزلارنى نەچچە تەستەك ئۇرىۋەتتى. سالامنىڭ قاۋان ئەلپازىدىن قورققان قىزلار شۈمشىيىپلا قالدى. ماشىنا كېچە قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ T شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سالام «ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا كېلىپ قىزلارنى دۈشكەللەپ ماشىنىدىن چۈشۈردى ۋە جەزىرەگە:

—بۇ قانجۇقلارنىڭ بويىنى بەك قاتتىق ئىكەن. بولمىسىغۇ تازا كۆڭۈل ئاچىدىغان نەرسىلەر ئىكەندۇق،—دېگىنىچە ئۇلارنى جەزىرەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

—ھەر قانچە بويىنى قاتتىق بولسىمۇ بىزنىڭ بۇ يەردە يۇمشاپ قالىدۇ. ھە، قانجۇقلار، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يەردە ئىشلەيسىلەر. مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ، ھاراق ئىچىمىز دېسە ئىچىسىلەر، بىللە بولىمىز دېسە بىللە بولىسىلەر، ئۇقۇشتۇڭمۇ؟—جەزىرە شۇنداق دېگىنىچە قىزلارنىڭ يۈزىگە بىر نەچچە تەستەك ئۇرىۋەتتى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئۇلارنى سامانلىقتا سولاپ قويۇشنى بۇيرىدى. ئاندىن سالامغا 600 يۈەن بېرىپ يولغا سالدى. ئەتىسى ئۇ جەمئىي 1700 يۈەنلىك ئىككى پارچە قەرز ھۆججىتى يازدۇرۇپ، گۈلئەنبەر ۋە ئابىدەگە مەجبۇري بارمىقىنى باستۇردى. بۇ ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن قىزلارنى «دوزاخ» قا چىڭ بەنت قىلىشتىكى يېڭى چارىسى ئىدى...

2003 — يىلى 8 — ئاينىڭ 15 — كۈنى XX ناھىيىسىنىڭ

مەلۇم يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەريەمگۇل بىلەن ئامىنە ناھىيە بازىرىغا ئوينىغىلى كىردى. ئەمدىلا 18 — 19 ياشقا قەدەم قويغان، ياشلىق ھېسلىرى كۆۋەجەپ تۇرغان بۇ ئىككى قىزغا دۇنيا ئاجايىپ جەلپكار كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئادەم ئەنە شۇ ياشلىرىدا ھەممە نەرسىگە شۇقەدەر قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەر قانداق ئىش ئۇلار ئۇچۇن يېڭىلىقتەك، ھەر قانداق ئىشنى قىلسا راۋا بولىدىغاندەك بىلىنىدۇ. شۇڭا، دەل مۇشۇ پەيتتە چاپچىپ تۇرغان كۆڭۈل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭراق تارتمىغاندا، ئادەم ئاسانلا تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار ئەنە شۇ جىلۋىدار پەيتلىرىدە دائىم تەقدىرىنىڭ «ئاچچىق غورىسى» نى يەپ قالىدۇ. بۇ ئىككى قىز شۇ كۈنى بازار ئويناش جەريانىدا سالامغا يولۇقۇپ قالدى. سالام ساددا قىزلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى ۋە قىزلارنى T شەھىرىگە بېرىپ بىللە ئويناپ كېلىشكە كۆندۈردى. بۇنداق ئاسان قولغا كەلگەن ئامەتتىن دىلى يايراپ كەتكەن سالام دەرھال قىزلارنى تاكسىغا سېلىپ T شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. يولدا كېتىۋېتىپ قىزلارنى مۇشۇنداقلا «ئېرەمباغ» قا ئاپارسا قىزلارنىڭ ئۇنىڭ نىيىتىنى سېزىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مەككار سالام ماشىنا يول ئۈستىدىكى مەلۇم بىر ئاشخانىغا كەلگەندە، تاماق يېيىشنى بانا قىلىپ ئاشخانىغا كىردى. تاماق يېگەچ قىزىل ھاراق ئىچىشتى. قىزلار دەسلەپتە ئىچىپ باقمىغان دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېرىن گەپلەر بىلەن قايتا — قايتا زورلىشى ئارقىسىدا ھاراق ئاتلىق بۇ ئېزىتقۇغا ئاخىرى ئېغىز تەگكۈزدى. قىزلار ئېغىزىنىڭ ھاراق رومكىسىغا تېگىشى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمۇ ئاشۇ ھاراقتەك قاڭسىق ئۆتىدىغانلىقىنى، قىزلىق ئېتىبارىنىڭمۇ شۇنىڭ بىلەن يوقايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ

باقمىغانىدى. هاراق توغرىلىق يەنە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا بىر قاملاشقان تەقۋادار كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ پاشايدىغان مەملىكەتنىڭ ئايال پادىشاھى بەكمۇ شەھۋەتخور ئايال بولۇپ، قاملاشقان ئەرلەرنى كۆرسىلا بىر ئامال قىلىپ ئۇ ئەرنى يولدىن چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىكەن. بىر كۈنى تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە، ئايال پادىشاھ ھېلىقى تەقۋادار كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە شۇئان ياساۋۇللىرىنى ئۇ كىشىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ھېلىقى كىشى كەلگەندىن كېيىن، ئايرىم ئۆيگە باشلاپ ئۆز مەقسىتىنى ناز — كەرەشمىلەر بىلەن بىلدۈرۈپتۇ. لېكىن، ھېلىقى كىشى ئايال پادىشاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ. دەرغەزەپكە كەلگەن ئايال پادىشاھ ئاخىرى مۇنداق دەپتۇ: «بۇگۈن يا سەن مەن بىلەن بىرگە بولىسەن، يا 7 ياشقا كىرگەن بالىدىن بىرنى ئۆلتۈرىسەن، يا بولمىسا مۇنۇ بىر كۈپ شەربەتنى ئىچىۋېتىسەن.» ھېلىقى تەقۋادار كىشى بۇ ئۈچ تۈرلۈك گۇناھنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىچە «شاراب ئىچسەم زىنا قىلغاندىن، قان تۆككەندىن كۆپ يېنىك ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە شاراب ئىچىشنى تاللاپتۇ. كىم بىلسۇن، ھېلىقى تەقۋادار كىشى مەست بولغاندىن كېيىن تەقۋادارلىقى يوقىلىپ، ئۆز رايى بىلەن ئايال پادىشاھ بىلەن زىنا قىلىپتۇ. قېنى قىزىپ، كۆزلىرىگە قان تولۇپ، 7 ياشلىق بالىنىڭ كاللىسىنىمۇ ئاپتۇ. ئۇ ئەڭ يېنىك گۇناھ دەپ ئويلىغان نەرسە ئاخىرى ئۇنى ئەڭ ئېغىر گۇناھقا، ۋەھشىيلىككە باشلاپتۇ.

لېكىن، بۈگۈن بۇ يەردە هاراق ئىچىلدى. ئۇنداق ئېغىر گۇناھلار يۈز بەرمىدى. پەقەت بۇ ئىككى قىز مەست بولدى. ھېسسىياتلىرى ئۇرغۇپ، يۈرەكلىرى ياشلىق ئوتىدا بۆلەكچە شوخ تىپچەكلەشكە باشلىدى. قىزلىق ھايا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن يىراقلاشقا باشلىدى. سالام قىزلارنىڭ نەگە دېسە

خۇدنى بىلمەي ماڭىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىلا، ئۇنىڭ چېھرىدە غەلىبە كۈلكىسى جىلۋە قىلدى.

.. شۇنداق قىلىپ بۇ قىزلارمۇ جەننەتنىڭ ئىسمىنى سۈيئىستېمال قىلغان «دوزاخ» قا سېتىۋېتىلدى ...

كېچە ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ تاڭ ئاتىدۇ. شەرقىي ئۇپۇق سۆزۈلمەكتە ئىدى. رازۋېدكىچى ئەخمەت بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئالىم سوراقنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. سوراق خاتىرىسى يېزىۋاتقان ئالىمنىڭ قەلەم تۇتقان قوللىرى كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى. مۇشۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان» دىلا جىنايەت گۇماندارلىرىنى تولۇق ئىقرار قىلدۇرغىلى بولاتتى. بۇ نۇقتىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئەخمەت، جىنايەت گۇماندارلىرىغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرستى بەرمەي، زەربىدارلىق بىلەن سوراقنى داۋاملاشتۇردى ...

## قىستۇرما: گۈلەندەمنىڭ ھېكايىسى

«دوزاخ» قا سېتىلغان 12 قىز ئارىسىدا قىسمەت «ھاۋانچا» سىدا ھەممىدىن قاتتىق يانجىلغىنى گۈلەندەم ئىسىملىك بىر قىز ئىدى.

1983 — يىلى XX دىيارىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن گۈلەندەمنى ھازىر كۆرگەن كىشى ھەرگىزمۇ 20 ياشقا كىرگەن قىز دەپ ئويلىمايتتى. چېھرىگە مەزگىلسىز چۈشكەن قورۇقلار ئۇنىڭ ياشلىق زىباسىنى يەپ كەتكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تەقدىرگە تەن بەرمەي، بولۇشىچە گىرىم قىلىپ يۈرەتتى.

ئۇ بالىلىق چاغلىرىنى جەنۇب يېزىلىرىدىكى قۇرداش

دېھقان بالىلىرىغا ئوخشاشلا نامراتلىق ئىلكىدە ئۆتكۈزدى. ئۇ مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، مۇئەللىم ئالغىلى كەلسە ئاتىسى قازناقتا يوشۇرۇپ قويۇپ مەكتەپتىن قاچۇرۇشى، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىنمۇ بىر كۈن بارسا ئىككى كۈن توختىتىۋېلىشى، ئىشقىلىپ مۇئەللىم بىلەن ئاتىسىنىڭ «مۆكۈ —مۆكىلەڭ» ئويناشلىرى ئارقىسىدا «مەجبۇري مائارىپ» نى «بالدۇر» تۈگىتىپ، «ساۋات» لىق دېھقانلارغا قېتىلدى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەن يىلى قوشنا كەنتتىكى ئۆزىدىن 13 ياش چوڭ بىرىگە ياتلىق قىلىندى. بالىلىقنىڭ قىرىدىن ئاشماي تۇرۇپلا بىر بالىلىق بولۇپ قالدى. ئەسلى كۈنلەر شۇ ئىزدا كېتىۋەرگەن بولسىمۇ گۈلەندەم ئۆزىگە ئوخشاش قىسمەتتىكى «بالا» تۇرۇپ، بالىلىق بولغان قۇرداشلىرىغا ئوخشاشلا جەنۇبنىڭ ئاشۇ نامرات يېزىسىدا ئۆمۈر كىتابىنى ئوقۇپ تاماملىغانمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ 17 ياشقا كىرگەن يىلى يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ، باشقا بىرى بىلەن توي قىلىۋالدى. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان گۈلەندەم بېشىنى ئېلىپلا يۇرتىدىن چىقىپ كەتتى . . .

2003 — يىلى 8 — ئاينىڭ ئىسسىق قايناپ تۇرغان بىر كۈنى ئۇ T شەھىرىگە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم چوڭ شەھەردىكى بىر بەزمىخانىدىن قېچىپ چىققانىدى. T شەھىرىگە كەلگەندە يېنىدا بىرۋاخ تاماق يېگۈدەكمۇ پۇلى قالمىغانىدى. بىر ئايال كىشى ئۇچۇن ناتونۇش شەھەردە مۇشۇنداق ئېغىر كۈنگە قېلىشتىنمۇ ئارتۇق قاتتىقچىلىق بولمىسا كېرەك. ئۇ T شەھىرىگە كەلگەن تۈنجى كېچىسىنى T شەھىرىنىڭ خەلق مەيدانىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قورۇق چۈشۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، زىلۋا قامىتى يەنىلا ئەركەكلەرنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئۇ تاش ئورۇندۇقتا

ئولتۇرىۋېرىپ بەللىرى ئاغرىپ كەتتى. قورسىقى ئېچىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئاچلىق ئۇنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن خېرىدار ئىزدەشكە قىستىدى. لېكىن، ئۇ مىڭ بىر تەستە تاپقان «خېرىدار» ئۇنى بىردەمدىلا «ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا سېتىۋەتتى. ئامالسىز ئۇ چىشىنى چىشلەپ بىر نەچچە ۋاخ ئىشلەپ، يۇرتىغا قايتقۇدەك پۇلنىڭ ئېپىنى قىلىۋالسىلا بۇ «دوزاخ» تىن قېچىپ كەتمەكچى بولدى. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، بىر مەرد مېھمان بەرگەن «كۆكۆل ھەققى» نى خۇجايىنغا كۆرسەتمەي يوشۇرۇپ قويۇپ، ئەتىسى ھېچكىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە، بۇ يەردىن «غىپپىدە» تىكىۋەتتى. ئۇ قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشتەك شادلىنىپ، ئۇدۇل قاتناش بېكىتىگە باردى. ئۇ جەنۇبقا ماڭىدىغان ئاپتوبۇسلار ئارقىلىق يۇرتىغا قايتماقچى ئىدى. ئەپسۇس، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگكىچە، بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، بېكەتتە ماشىنىدىن چۈشۈپلا سالام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. سالام ئۇنىڭ «ئېرەمباغ» نىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇئان ئۇنى تۇتۇپ، مەجبۇري بىر ماشىنىغا سېلىپ، «ئېرەمباغ» قا قايتۇرۇپ كېلىپ جەزىرەگە تاپشۇرۇپ بەردى. گۈلەندەمنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇققۇپ جەزىرەنىڭ جۇدۇنى راسا تۇتقانىدى. سالام ئۇنى ئەپكېلىپ بېرىشى بىلەن، ھېلىقى بەتبەشىرىگە دەرھال گۈلەندەمنى «جازا ئۆيى» گە ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى ھەم باشقا قىزلارنىمۇ ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىپ، ئۇلارنى خورۇم تاسمىنى سۇغا چىلاپ گۈلەندەمنىڭ جىنسي ئەزاسىغا ئۇرۇشقا بۇيرىدى. گۈلەندەمنىڭ جىنسي ئەزاسى ۋە ئىككى تېقىمىنى خورۇم تاسما بىردەمدىلا قىپقىزىل گۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. گۈلەندەمنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى بۇ خىلۋەتنىڭ

جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى ... ۋەھشىيلىك ئەنە شۇنداق داۋام قىلدى. «ئاياللار ئەسلى مۇلايىم، باغرى يۇمشاق يارىتىلغان.» نۇرغۇن كىتابلاردا، ھېكمەتلەردە ئەنە شۇنداق يېزىلغان. لېكىن، بۇگۈن بۇ يەردە ئۇنداق بولمىدى. بەلكىم ئايالار ئەرلەرگە شۇنداق مۇلايىم، باغرى يۇمشاق، ئۆز تائىپىسىگە كەلگەندە باغرىتاش، دىلى ئوغا بولسا كېرەك. جەزىرە ئۆزىنىڭ جىنسداشلىرىنى ئەنە شۇنداق جازالاشنى ياخشى كۆرەتتى. كېيىن گۈلەندەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن توختىماي خۇن كەلدى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان گۈلەندەم جەزىرەگە شۇنچە يېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دوختۇرغا بېرىپ داۋالىنىشىغا يول قويمىدى.

## ... «ئىبلىس» ھەرىكىتىنى داۋام قىلماقتا

مۇشۇ كۈنلەردە سالام ئۆزىنىڭ ئاسان پۇل تېپىش يولىنى تېپىۋالغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ھېچكىمنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىغاچقا، يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ، ھېچنېمىدىن تەپتارتماس بولۇپ كەتتى.

2003 – يىلى 8 – ئاينىڭ 25 – كۈنى XX ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق نۇربىيە دوستى گۈلزىيە ۋە باشقا ئىككى ئوغۇل دوستى بىلەن ناھىيە بازىرىغا ئويناپ كىردى. نۇربىيە بىلەن دوستلىرىمۇ بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈپ، ناھىيە بازىرىدىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ، مەست بولغۇچە ھاراق ئىچىشتى. كۈن كەچ بولۇپ، ھاراق كەيپى نۇربىيەنى ئوبدانلا قىزىتتى. ئۇ مەستچىلىكتە دوستلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئالدىغا ئۇچرىغان بىر تاكسىنى توستى. ماشىنا ئىچىدە

ئولتۇرغان سالام بۇ ئۆز ئايىقى بىلەن كەلگەن «ئوۋ» نى كۆرۈپ ئىختىيارسىز «مانا ئامەت» دەۋەتتى. نۇربىيە ماشىنىغا چۈشۈپلا:

— مېنى بېكەت تەرەپكە ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى شوپۇرغا. شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سالام شوپۇرغا كەسكىن قىلىپ:

— T شەھىرىگە ھەيدە! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. نۇربىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ، ماشىنا ئىشىكىنى ئېچىشىغا، سالام ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ كاچىتىغا 2 شاپىلاق ئۇردى. ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندۇقىغا چېچىدىن تارتىپ ئېلىپ كىرىپ، بېشىنى چاترىقىغا قىسىۋېلىپ، ماشىنىنى T شەھىرىگە ھەيدەشنى بۇيرۇدى.

— مەن بىلەن ماڭمايدىغان بولساڭ، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ تەھدىت سالدى سالام ئۇنىڭغا ۋە ئۇنى T شەھىرىگە ئېلىپ كېلىپ، «ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا بۇرۇنقى كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋەتتى. نۇربىيە ئەتىسى بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغاندا جەزىرە:

— سېنى 300 يۈەنگە سېتىۋالدىم. كېتىمەن دەپلا كېتەلەيمەن دەپ ئويلاپ قالدىڭما! — دەپ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلدى. نۇربىيە:

— 300 يۈەن پۇلىڭىزنىڭ ئورنىغا 500 يۈەن بېرەي، مېنى ئۆيۈمگە كەتكىلى قويۇڭ، — دەپ يېلىنغان بولسىمۇ، جەزىرە ئۇنى يەنىلا كەتكىلى قويمىدى. باشقىلارغا ئۇنىڭغا ياخشى كۆز - قۇلاق بولۇشنى، سىرتقا چىقارماسلىقنى تاپىلىدى.

2003 — يىلى 9 — ئاينىڭ 26 — كۈنى «ئىبلىس» يەنە «ئۇۋۇسى» دىن چىقتى. كۆز كىلىشى بىلەن XX ناھىيىسىنىڭ ھاۋاسى خىلى سالقىنلاپ قالدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت 8 لەردە مۇكەررەم، زۆھرەئاي ئىسىملىك ئىككى قىز XX ناھىيىسىنىڭ XX ياتاقخانىسىدىن چىقىپ تاماق يېگىلى «بۇلاق» مېھمانخانىسى يېنىدىكى كەچلىك بازارغا ماڭدى. ئۇلار ئەمدىلا كەچلىك بازارغا كىلىپ تۇرۇشىغا، «ئوۋ» ئىزدەپ يۈرگەن سالام ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ گويا مۇشۇ يەرنىڭ خوجىسىدەك قىزلارنى سوراقلاپ كەتتى:

—نەدىن كىلىشتىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىشىسەن؟— قىزلار ئۇنىڭ سوئاللىرىغا رايىشلىق بىلەن جاۋاب بېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن سالامنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. كەچلىك بازاردىكى شۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدىلا قىلچە تەپتارتماي:

—ماشىنىغا چىقىشە، جالاپلار!—دەپ مۇكەررەمنىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق سالدى، زۆھرەئاينىڭ كاسىسىغا بىرنى تېپىپ، T شەھىرىدىن مەخسۇس «ئوۋ» ئوۋلاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىلىپ كەلگەن ماشىنىسىغا سىلىپ، T شەھىرىگە ئىلىپ بېرىپ «ئېرەمباغ» مەيخانىسىغا تاشلىدى ۋە جەزىرەگە بۇ «مال» لارنى ئىلگىرىكى كېلىشىپ قويغان باھا بويىچە بىرىنى 300 يۈەندىن ئۆتكۈزدى. 10 — ئاينىڭ 7 — كۈنى مۇكەررەم پۇرسەت تېپىپ نۇربىيە قاتارلىق قىزلار بىلەن «ئېرەمباغ» دىن قېچىپ كەتتى.

تاڭ يورىدى.

رازۋېدكىچى ئەخمەت بىلەن خەلق ساقچىسى ئالىم

«ئېرەمباغ» مەيخانىسىدىن ئېلىپ كەلگەن جىنايەت گۇماندارلىرىنى سوراق قىلىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، باش توخۇ چىللاپ ئۆپۈق قىزىرىشقا باشلىغانىدى. ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق ئۇلارنى قىيىناقتا ئىدى. لېكىن، ئەخمەت بۇ دېلودىكى ئەڭ غوللۇق جىنايەت گۇماندارى سالامنىڭ تېخى قولغا چۈشمىگەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، ۋۇجۇدى غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى. ۋۇجۇدىنى چىرمىغان ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق نەلەرگىدۇ غايىپ بولدى. ئۇلار سوراق جەريانىدا ئېرىشكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، سالامنى تۇتۇشقا دەرھال ئاتلاندى. ئۇلار ۋاقىت بىلەن بەسلىشىپ، سالام تېخى «ئېرەمباغ» نىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپمىغان پۇرسەتتە تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر تېپىپ قالسا، قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ئۇلار ئېرىشكەن ئەڭ توغرا يىپ ئۇچىغا ئاساسەن چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ سالام تۇرغان جايغا ئاتلاندى.

10 — ئاينىڭ 10 — كۈنى تاڭ سەھەردە قىسقىغىنە 4 ئاي ئىچىدە، قانۇننى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، 12 قىزنى ئالداپ سېتىش بەدىلىگە ياپراپ يۈرگەن سالام «314» دۆلەت يولىنىڭ بويىدىكى مەلۇم ياتاقخانىدا يەنە 3 قىزنى ئالداپ سېتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا قانۇن تورىغا چۈشتى. سوراق جەريانىدا سالام ئاياللارنى ئالداپ سېتىش قىلمىشىدىن باشقا، يەنە 9 قېتىم ئۆزى يالغۇز ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ ئوغرىلىق قىلىپ، ئاممىنىڭ 6163 يۈەن قىممىتىدىكى مال — مۈلكىگە زىيان سالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. قۇياش شەرقتىن ئاستا — ئاستا كۆرۈنۈپ بۇ قەدىمي

زېمىنغا نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە. قۇياش ئۆزىنىڭ پاكىز نۇرى بىلەن زېمىننىڭ تېنى، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلىماقتا ئىدى.

## خاتىمە

مۇئەللىپ بۇ خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى يېزىۋاتقاندا، ياسىن قىزى گۈلسۇمنىڭ ئۇچۇرىنى ئالدى. گۈلسۇم شۇ كۈنى كەچتە ئۆيىدىن يامانلاپ چىقىپ كەتكىنىچە بىر مەزگىل ئۇيەر — بۇيەردە ئاشخانىلاردا ئىشلەپ يۈرگەن، كېيىن باشقىلارغا ئەگىشىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن. ياسىن پەقەت قىزىنىڭ ئۆيگە ئۇرغان تېلېفونىدىن ئۇنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، گۈلسۇم هازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. ياسىن بىلەن ئايشەمخانغا بىر نەچچە ئاي ئىچىدىلا قېرىلىق يەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. بىر قۇرت ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى غاجىماقتا ئىدى. . .

قانۇننىڭ هەققانىيلىقى هامان جەۋلان قىلىدۇ. ياسىننىڭ دېلو مەلۇم قىلىشى بىلەن 12 قىز «دوزاخ» تىن قۇتۇلۇپ چىقتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئۆيگە قايتمىدى. «3 تە هەمراھ قىز» بولۇشتىن باشقا چىقىش يولى يوقتەك، باشقا «ئېرەمباغ» لارغا كىرىپ ئەخلاق چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدىكى ئاشۇ قاراڭغۇ يەرلەردە غايىپ بولدى.

مۇئەللىپ ئاخىرقى قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىدا، ئەنە شۇنداق پاسىق جىنايەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى نەدە؟ دېگەن بىر سوئال ۋۇجۇدىنى قىيىن — قىستاققا ئالدى. جاۋاب ئورنىغا

خىيال دەپتىرىگە تىزىپ باققان پىكىرلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا يۈزە ئىدى. خەلقنىڭ ئەخلاق ئېڭى، قانۇن — تۈزۈم قارىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بىلەن ماس هالدا كۈچەيمىگەندە، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان بىر قىسىم ناكەسلەر قانۇنسىز قىلمىشلارنى كۆرسىمۇ كۆڭلىنىڭ تىنچلىقىنى ئىزدەپ، غۇرۇرى بىلەن سودىلىشىپ «قۇلاقيوپۇرۇپ» يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن كىشىلىرىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئاچا — سىڭىللىرىمىزغا ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىك قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ هېچنېمىدىن ئەيمەنمەس قارا يۈرىكىنى ئەنە شۇنداق كىشىلەر بەرگەن. ئەنە شۇ كىشىلەرنىڭ «پىچاق ئۆز سۆڭىكىگە يەتكۈچە غىلىڭ قىلمايدىغان»، ئەركەكلىككە يات، قورقۇنچاقلارچە «ئالىيجاناپ» لىقى بەرگەن. «كۆزۈم كۆرمىسىلا مەيلى، كاسسامنى بۆرە يېسە يېسۇن» دەپ، بېشىغا يوتقان چۈمكىۋالىدىغان كىشىلىرىمىز ئۇلارنى ئەنە شۇنداق «ئەركە» ئۆگىتىپ قويمىدىمۇ؟ جىنايەت بىلەن كۈرەش قىلىش پەقەت سىياسىي — قانۇن دائىرىلىرىنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس. بەلكى، ئۆز قېرىنداشلىرىغا، ئۆز تائىپىسىگە نىسبەتەن ئاز — تولا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولغان كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى.

ئەخلاقى بۇزۇلغان مىللەت هالاكەتكە، ۋاباغا يۈزلىنىدۇ. قانۇن ئېڭى يېتىلمىگەن ئاۋام هامان قارا نوچىلارنىڭ دۇمباسىغا قالىدۇ.

مەن ئىسىم — شەرىپىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر خەلق ساقچىسىنىڭ چىن سۆزى بىلەن بۇ خاتىرىنى

ئاخىرلاشتۇرۇشنى توغرا تاپتىم: بىر «ئېرەمباغ» بىتچىت قىلىندى. لېكىن، جەمئىيەتتە قانچىلىغان «ئېرەمباغ» لارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى بىزگە قاراڭغۇ. ئۇلارنىڭ بارىنى بىتچىت قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقىغا كۆيۈنىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشىگە مۇھتاج. بولۇپمۇ ئانىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

شازادىگۈل ئەرشى

# بىنا ئۆي

شۇ چاغلاردا بىنا ئۆينى بەك ياخشى كۆرەتتىم. ھەتتا چۈشلىرىمدىمۇ بىنا ئۆينى چۈشەپ چىقىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە، بىنا ئۆينىڭ ئۆزى بىر يېڭى دۇنيا ھېسابلىناتتى. ئىشىكتىن چىقىپلا قوشنىلارنى كۆرۈش بولسا ماڭا بىر يېڭىلىق ئىدى. ئىشتىن ھېرىپ — ئېچىپ كەلگەننىڭ ئۈستىگە، سوغۇق ئۆيگە ئوت قالاشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىم. بىنا ئۆيدە ئولتۇرۇش قىزغىنلىقىم ئېشىپ بارغانچە، تېخى سالغىلى ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان ئۆيىمىز كۆزۈمگە سىغماس بولۇپ قالغانىدى.

يولدىشىمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، بانكىدىن قەرز ئېلىپ يۈرۈپ، ئاران دېگەندە بىنا ئۆينىمۇ ئالدۇق. ئالغاندىمۇ، ئەڭ يۇقىرى قەۋەتتىن ئالدۇق ۋە باشقىلارنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق بېزىۋالدۇق.

لېكىن، مەن يېرىم يىلدىلا بۇ بىنا ئۆيدىن جاق تويدۇم. ئۇدۇلىمىزدىكى قوشنىلاردىن شۇنچىلىك بىزار ئىدىمكى، ئۇلارغا قارار كۆزۈم يوق. ئۇلار مېنى بىنا ئۆيدىنلا ئەمەس، جېنىمدىنمۇ تويغۇزىۋەتكەنىدى. بۇ قانداقتۇر ئۇلار بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولدى.

ئەسلىدىغۇ ئەر قوشنام يولدىشىمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى

ئىدى.

—ئەگەر مېنى رازى قىلىمەن دەيدىكەنسەن، دوستلىرىم كىرگەندە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈت، —دەيتتى يولدىشىم.

بىنا ئۆيگە كۆچكەندىن كېيىن، يولدىشىم بىلەن ئۇ دوستىنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچىلىك يېقىنلىشىپ كەتتىكى، ھەتتا بىرەر ۋاقىلىق تاماقتا ئۇ بولمىسا تاماق يېگۈسىمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپلا تاغدىن — باغدىن گەپلىشىپ ئولتۇراتتى. قىلىشىدىغان گېپى قالمىغاندا ئىككىسى بىرلىكتە سىرتقا چىقىپ باشقا دوستلىرىنى چاقىرىشىپ، قايسىدۇر بىر رېستورانلاردا يىغىلىشىپ ئولتۇرۇپ چىقاتتى. يولدىشىمنىڭ ھېلىقى دوستىمۇ ئىشتىن كېلىپلا بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ يۈز كۆرسىتىۋېتىپ، ئاندىن ئۆيىگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. بىز ئىككى ئائىلىمۇ ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپ يۈرۈپ، تاماقنىمۇ بىللە يەپ بىر-بىرىمىزنىڭ ئۆيىمىزدىن چىقىشماي دېگۈدەك يۈرگەچكە، بۇرۇنقى دوستلۇقىمىز تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، جان-جىگەر دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق. تاماق يەپ بولۇپلا تېلېۋىزور كۆرۈش، ئىشىكتىن چىقىپلا، دوستلىرىمىز بىلەن جاھاننىڭ يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە مۇڭدىشىش، كېچىلەردە قارتا ئويناپ يۈرۈشلەر بىلەن بىنا ئۆينىڭ لەززىتىنى تېتىغانمۇ بولدۇم.

ئەمما، ئىشلار ئۇنداق ئاددىي، ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت شۇنداق تۇراقلىق بولىۋەرمىدى. يولدىشىمنىڭ ئۇ دوستى ئۆيگە يالغۇز كىرگەن ۋاقىتلاردا ياكى يولدىشىم كۆزدىن سەللا يىراقلاشسا، چاقچاقلىرى كۆپىيىپ كېتىدىغان، ھە دېگەندىلا ماڭا يەر تېگىدىن قارايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى مەن ئۆزۈمنىڭ ئالاھىدە سېزىمىم ئارقىلىق سېزىپ قالدىم.

ئەمما، ئارتۇق ئويلاپ كەتتىممۇ قانداق، دەپ ئۆزۈمنى بۇ خىل گۇماندىن قاچۇراتتىم. قېرىنشقاندەك ئىككىمىزنىڭ بىر مەكتەپتە بولۇپ قالغانلىقىمىز، مېنى بۇ گۇماندىن يىراق قىلالمىدى. ئۇ ھەدېگەندىلا بىزنىڭ ئىشخانىغا مېنىڭدىن بىردەم خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى سوراپ كىرسە، بىردەم ئېرىمنىڭ ئالىيقاندىكى دوستلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى سوراپ كىرەتتى. ئىشتىن چۈشكەندە بولسا بىللە مېڭىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇراتتى. ئېرىمنىڭ دوستى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ قوشنا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇناسىۋەتنى بىراقلا يىرىكلەشتۈرىۋەتكۈم يوق ئىدى. مەن قانچە ئېھتىيات قىلغىنىم بىلەنمۇ، يولدىشىمنىڭ بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ باشتا مەكتەپنىكى يېڭى — يېڭى گەپ — سۆزلەر ئۈستىدە سۆز باشلىغان بولسا، كېيىنچە ئايالىنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان، كېيىنچە، ئايالىدىن قانچىلىك بىزار ئىكەنلىكىنى . . . سۆزلەپ بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بارا — بارا بۇ توغرىلىق گەپ — سۆزلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئايالىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقى توغرىلىق سۆزلىگەن ۋاقتىدىلا، مەن بىر خىل شۇملۇق ئەگىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دېمىسىمۇ بۇ بىر خىل شۇملۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇش قارارىغا كەلدىم. ئەمما، قانداق قاچۇرۇشنى بىلمەيتتىم. ئۇنىڭغا چىرايلىقچە ئەمدى مېنى ساقلىماسلىقنى، يالغۇز كېتىۋېرىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. بەزىدە يولدا كېتىۋېتىپ ماڭا گەپ قىلسا، مەن جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولدۇم. لېكىن، مېنىڭ بۇنداق مۇئامىلەم ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قويمايتتى. ئۇنىڭدىن قانچىلىك بىزار بولاي، ئەمما، مەكتەپكە بارغاندا

ياكى ئۆيگە كىرگەندە يەنىلا بۇرۇنقىدەك قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتىم. ئەگەر ئۇنىڭغا قوپال تەگسەم، يولدىشىمنىڭ مېھمان خالىمايسەن، مېنىڭ دوستلىرىم كىرسە قاپىقىڭنى ئاچمايسەن دېيىشىدىن؛ مەكتەپتە بىرەر قېتىم قوپال تېگىپ ئۇنى ماڭا ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قوياي دېسەم، خىزمەتداشلىرىمنىڭ قوشنىلىرى بىلەن ياخشى ئۆتمەيدىكەن، دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. يولدىشىمغا بۇ خىل مۇناسىۋەت توغرىسىدا گەپ قىلغۇم كېلەتتى — يۇ، ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنمەسلىكىدىن، مېنىڭدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

ئاخىرى مەن ئەنسىرىگەن ئىش يۈز بەردى.

مەن يەر ئاستىدىكى ئۆيدىن قېلىنراق كىيىملىرىمىزنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن يەر ئاستىدىكى ئۆيگە كىردىم. يولدىشىم تېخى ئۆيگە كەلمىگەنىدى. مەن يەر ئاستى ئۆيگە كىرىپ تېخى ئەمدىلا ساندۇقتىن كىيىملەرنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا، ئىشىك ئېچىلدى. ئارقامغا قاراپلا چۆچۈپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ھېلىقى ئەر قوشنام ئىدى.

— ئارزۇگۈل، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — سىزگە گېپىم بار ئىدى. مەن، مەن . . . — ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا چىشىم قېرىشىپ يۈرگەن ۋاقتىم بولغاچقا، يولدىشىم ئۇنىڭ ئۈچۈن تىكلەپ بەرگەن ئىناۋىتىنى نە — نەلەرگە چۆرىۋەتتىم.

— چىقىپ كېتىڭ، ئۆيدە ئېرىم يوق! — مەن سۆزلىگەچ قولۇم بىلەن ئىشىك تەرەپنى كۆرسەتتىم.

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي! ماڭا ئۇنداق مۇئامىلە قىلماڭ! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. بۈگۈن گېپىمنى قىلىۋالىدىغانغا پۇرسەت كەپتۇ. ھازىر مېنىڭ ئايالىممۇ يوق، مەن گېپىمنى قىلىۋېلىپلا چىقىپ كېتىمەن، — ئۇ كەينىمگە بىر قارىۋېتىپ

گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى سىز بىلمەيسىز. ھازىر مېنىڭ ئۆيۈم ماڭا دوزاخ بولدى. بىز، بىز ئايرىلىشىپ ئۆتەيلى، سىز ئويلىنىپ بېقىڭ بولامدۇ؟

تويى قىلغاندىن بېرى بىرەرى ماڭا مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بۇنداق ئوچۇق ئاشكارە ھالەتتە ئېيتىپ باقمىغانىدى. شۇڭا سېكۇنت ئايرىلىقىدا داڭقېتىپ تۇرغاندىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ، ئۇنىڭ بۇ تاققا — تۇققا گەپلىرىگە شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلدىكى، ئۇنى تىللاپ قوغلىۋەتمەكچى بولدۇم. ئەمما، ئىككىمىز بۇ يەردە تاكاللىشىپ قالساق، توقۇناق بالاغا يەنىلا مەن قالاتتىم. يەنە كېلىپ، بەزىلەرنىڭ نەزەرىدە، ئۇنى يەر ئاستى ئۆيۈمگە باشلاپ كىرگەن بولۇپ قالاتتىم. قورقۇنچتىن تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن تىكىلىپ قارىغىنىمچە:

— ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۆز ئائىلىمىز بار، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىنى تۇتۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بالىسىنى باقايلى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنداق ئەخمىقانە خىياللارنى قىلماڭ، — دېدىم.

— سىز يەنە بىر قېتىم ئويدان ئويلىنىپ باققان بولسىڭىز، — ئۇ بارغانسېرى شۈمشىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا شۇنداق بىچارە ھەم قورقۇنچاق كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى قورقىتىپ چىقىرىۋەتمەكچى بولدۇم ۋە:

— دەرھال چىقىپ كېتىڭ! يەنە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، مەن ئېرىمگە دەيمەن.

— مېنىما، مېنى ئېيتامسىز؟ — ئۇنىڭ گەپلىرى بىردەمدىلا ئۆزگەردى. ئېنىقكى ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش بېسىم ئىشلىتىش

ئۇسۇلنى تاللىۋالغانىدى،— سىزگە ئېيتىپ قويااي، ئېرىڭىز سىزدىن گۇمانلانسا گۇمانلىنىدۇكى، مېنىڭدىن ھەرگىز گۇمانلانمايدۇ. بىزچۇ، كىچىكىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. سىزنى پەقەتلا ئاتا — ئانىسىنىڭ گېپى بىلەنلا ئالغان. ئۇ سىزگە ئىشىنەرمۇ ياكى ماڭىمۇ؟ سىز ئەڭ ياخشىسى ئويدان ئويلىنىپ بېقىڭ. ھەر قانچە بولسىمۇ ئۇ سىزنى مېنىڭدەك ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى. بولۇپمۇ ئاخىرقى بىر جۈملە گېپى مېنىڭ جان — جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلمايتتى، مېنى قورقۇنچ بېسىپ قالدى. ئەمدى بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنى مەن بولدۇم. ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئىشىكتىن چىقىپ كېتەي دېسەم، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋالغاچقا، تۇيۇقسىزلا ئاللىقانداق بىر ئىشلار بولۇپ قالىدىغاندەك بىلىنىدى. ئەمما، چىقىپ كەتمەي دېسەم، ۋاقىت ئۇزارغانچە باشقىلار چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولغۇلۇقنىڭ ماڭا بولۇشىدىن ئەنسىرىدىم. شۇڭا ئۇنىڭغا يېلىنىشقا باشلىدىم.

—ئۇنداق قىلماڭ، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭ. خەق كۆرۈپ قالسا باشقىچە ئويلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىدىغاندەك قىلمايتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ماڭا بېسىم ئىشلىتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قوشۇلمەن دېسەملا، ئۆزۈمنى بۇ خىل قولايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولاتتىم. ئەمما، شۇ تاپتا بۇ گەپنى تىلىمنىڭ ئۇچىدا دەپ قويۇشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايۋاتاتتى. ھەر ئىككىمىزلا ئۇنچىقماي تۇرۇشاتتۇق. بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز كەينىگە قارىدى — دە، ئەندىككىنىچە ماڭا:

— ھەرگىز سىرتقا چىقماڭ، — دېدى-دە، ئالدىراپ ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. سىرتتىن ئايال قوشنامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسىز؟

— مەن بىر ماتېرىيال ئىزدەپ چۈشكەن، — دېدى ئەر قوشنام دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

— مەن ئۆيگە كىرگىلى خېلى بولۇپ قالدى. سەن تېخى ئەمدى ئىشىكنى ئېچىۋاتامسەن؟ تېخى ماتېرىيال ئالماقچىمىش، باشقا نەرسىمۇ ئالماقچى بولغىيدىڭ؟

ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆزى كىرىپ كەلدى.

— ھۇ جالاپ! مېنىڭ ئېرىمنى ئازدۇرماقچىمىدىڭ؟ ئېرىڭگە ئېيتىپ ئەدىبىڭنى بەردۈرمەيدىغان بولسام، خىيالىڭدا مېنى بىلمەيدۇ دېمە! مەنچۇ، سىلەرنى كۆزەتكىلى خېلى ۋاقىت بولدى. ئېرىڭنى ئالدىيالىغىنىڭ بىلەن مېنى ئالدىيالمايسەن، — ئۇ ئىككىمىزگە ئاچچىق قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — ئەمدىغۇ تۇتۇلغانسىلەر؟ مەن ئۇنىڭغا پەقەتلا:

— ئارتۇقچە گۇمانلانماڭ، — دېيەلىدىم.

— گۇمانمىش؟ باشقىسىنىمۇ دېمەيلى، ئىككىڭ مۇشۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى يېرىم سائەت بولدى. مۇشۇمۇ گۇمانمىكەن؟ نومۇس قىلساڭچۇ، مېنىڭ بىلەن دوست بولۇۋېلىپ ئېرىمنى پايلاپ يۈرگىنىڭنى! ئادەم ئەمەس ھايۋان نېمىكەنسەن بۇزۇق، جالاپ! — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ماڭا قاراپ ئېتىلدى.

— نېمە قىلماقچىدىڭ؟ قانداق قىلماقچى بولساڭ مانا مەن، ئۇنىڭغا چېقىلغۇچى بولما! — ئەر قوشنام شۇنداق دېگىنىچە

ئۆنى تۇتۇۋالدى.

— ئۆنىڭ بىلەن ئەسلى چاتىقىڭ بار ئىدى سىنىڭ، — ئەر قوشنامنىڭ بۇ خىل جايىنى تاپمىغان قۇربانلىق بىرىش روھىنى كۆرگەن ئايال قوشنام ئىسەدەپ يىغلىغىنىچە ئىرىگە ئىسىلدى. ئەر قوشنامىمۇ يەنىلا بايىقى گىپىنى تەكرارلىدى.

— چاتىقىم بار قانداق، ئۆنى ياخشى كۆرىمەن قانداق؟ — ئۆنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ، جان — ئىمانىم چىقىپلا كەتتى ۋە ئاچچىقىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھەي، ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ سۆزلە! كىمنىڭ سەن بىلەن چاتىقى بار ئىكەن، نىمە دەيدۇ ماۋۇ سارالڭ؟!

ئۇلارنىڭ بىر بىرىنىڭ بويۇنلىرىنى سىقىشىپ تاكاللىشىشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ گىپىنى پەقەت ئۆزۈملا ئاڭلىدىم.

ئايال قوشنامنىڭ قوللىرى ئىرىنىڭ يۈزلىرىدە ئىدى. ئۇلار بىر بىرىنى ئىتتىرىشىپ كارىدورغا چىقىپ قالغانىدى. ئەمدى ماڭا ئىشىك ئوچۇق ئىدى. مەن بىردەم مەڭدەپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئەتتىم — دە، ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. دېمىسىمۇ ئۇلار بىلەن نىمە چاتىقىم! خەقنىڭ ئايالىغا كۆز سېلىپ يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تارتقۇلىقى بار. ئۆنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلاپ، بويۇنلىرىنى ئۆزۈۋالسىمۇ ئۆزۈۋالامدۇ. مەنغۇ يېنىپ چىقتىم. ئەمما، قالايمىقانچىلىقتا سۇلياۋ يەشىككە ئالغان كىيىملەر يەنىلا ساندۇقتىن ئالغان ئورنىدىلا قالدى.

تۇۋا دەيمەن، قايسى بىر ئەقىللىق ئادەم ئىيتقان بولغىيدىكىن «بالا قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت — قولىنى ساڭگىلىتىپ» دەپ. ماڭا بالا — قازا ئەنە شۇنداق كەلدى. كەلگەندىمۇ ھىچقانداق تىۋىشسىزلا، يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

ھەيرانمەن، توي قىلغاندىن كېيىن يولدىشىمغا شۇنداق سادىق ئىدىم. ئەمما، ئۇ ماڭا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىش پۇرسىتىمۇ بەرمىدى. «يوقال!» دېگەن ئاچچىق ۋارقىراش بىلەنلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

ئىشكىلەرنىڭ تەڭلا جاڭىلداپ يېپىلىشى بىلەن، ئىككى ئۆيدىن ئىككى ئايال يەنى، ئاخىرىغىچە ئايرىلماسلىق ئۈچۈن ئەرلىرىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، تەرەپ — تەرەپكە چاپتۇرۇپ يۈرۈپ، ناھىيە بازىرىدىن ئۇدۇلمۇ — ئۇدۇل ئىككى يۈرۈش بىنا ئۆينى ئاران دېگەندە توغرا كەلتۈرۈپ، بىر يەرگە تىقىلىۋالغان شۇنداقلا مېنىڭ يەتتە يىل تۇتقان ئۆيۈمدە بوران چىقىرىۋەتكەن، بۇرۇنقى ئەڭ يېقىن دوستۇم، ھازىرقى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىم بىلەن تەڭلا چىقتۇق. بەشىنچى قەۋەتتىن پەسكە، بىر بىرىمىزگە ئالىيىشقىنىمىزچە چۈشۈپ كېتىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئۆيدىن چىقىشىمىز بىلەن ئاتايىتەن ئىشىكلىرىنى ئېچىشىپ بىزگە قارايدىغان ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، ئىشىكلەرنىڭ ئېچىلىپ — يېپىلىشلىرىمۇ جىقلاپ كەتتى. بىرلىرى قىزىقسىنغىنىچە قاراشسا، بىرلىرى بىزگە قارىشىپ قويۇپلا، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىشتى. بەلكىم، ھەممىسىنىڭلا ئىشىكلىرىدىن چىقىدىغان، ياكى قوشنىلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىدىغان ئىشلىرى چىقىپ كەتكەندۇ. ئۈستىدىكى قەۋەتتىكىلەرنىڭ ئۆيىدىكى ئانچىكى تاكاللىشىشلىرىمۇ، ئاستىدىكى قەۋەتتىكىلەرنىڭ بالىسىنىڭ قىلغان غەلۋىلىرىمۇ بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان. بىزنىڭ باشقىلار بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان بۇ غەلۋىلەرمۇ ئاڭلىنىپ قالغاندۇ؟! ئىشقىلىپ بولغۇلۇق بولدى. ئەمما، پۇت — قوللۇرۇمدا خېلىغىچە جان يوق. بىز جان ساقلايدىغانغا ماكان ئىزدەپ چىقىپ كېتىۋاتىمىز. ئەرلەر بولسا يەنىلا

ئىسسىق ئۆيدە قالدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بىز بىلەن ئوخشاشتۇ. توۋا، نېمە دېگەن ئۇۋالچىلىق بۇ؟ ئۇغۇ ئاتا — ئانىسىغا، ئېرىم تالاغا قارىدى دەپ بارار. ئەمما، مەن نېمە دەرمەن؟ كاللامدا پەقەت شۇلا خىيال، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرىمەن. ئايال بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم.

ھېچقانداق مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرۈپ، كەچ كىرىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن. ئۆزۈمنىڭ قەيەرلەرنى ئايلانغىنىمنى، قانچىلىك ۋاقىت ئايلانغىنىمنىمۇ، نېمىلەرنى كۆرگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. بىرەر نەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتمىگىنىمگە، بىرەرسىنىڭ بەكرەك ۋارقىرىمىغىنىغا، بىرەر ماتورلۇق نەرسىنىڭ قاتتىقراق سىگنال بەرمىگىنىگە قارىغاندا، ئۆيدىن چىققانلا يەردىكى پىيادىلەر يولىغا كىرىۋېلىپ، ئايلىنىۋەرگەن ئوخشايمەن. ھەر قانچە ئويلاپمۇ، ئۆزۈمدىن خاتالىق تاپالمىغاندىلا، ئاندىن سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ، ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم. غۇۋا چىراغ يورۇقىدا كېتىۋاتىمەن. ئەتراپتىكى مەنزىرىلەر مەن ئۈچۈن ناھايىتى كۆڭۈلسىز. ئاپاملارغا پەقەت ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى، بىر نەچچە كۈن تۇرىدىغانلىقىمنىلا ئېيتىپ قويدۇم. ئۇلارمۇ ھەيران قالمىدى. خىزمەت ئالدىراشلىقى ۋە تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرى بىلەن ئۇلارنى يوقلىمىغىلىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. قالغان ئىشلار ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، دەپ ئىشلارنى ۋاقىتقا تاپشۇرۇپ يېتىپ قالدىم. ئەمما، باشقىلارنى ئالداشقا قارىغاندا ئۆزىنى ئالداش بەكرەك قىيىن بولسا كېرەك، كاللامدا يەنە شۇ ئېغىر خىياللار بىلەن يېتىپ قالدىم. بۇ ئورۇنسىز تۆھمەتنىڭ دەستىدىن قالغان كۈنۈمگە ئىشەنمىگەندەك، ياندىكى ئۆيدىكى تېلېفونغا قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ياتىمەن. خۇددى

يولدىشىمدىن تېلېفون كېلىپ مېنىڭدىن كەچۈرۈم سورايدىغاندەكلا، ئوڭۇم بىلەن چۈشۈم ئارىلىقىدىلا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەر قانچە ئويلاپمۇ ئەقلىمگە سىغدۇرالمىدىم. كېچىچە ئاققان كۆز ياشلىرىم ياستۇقۇمنى ھۆل قىلىپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە مەكتەپكە بارسام، خىزمەتداشلىرىم ماڭا باشقىچىلا بىر خىل نەزەر بىلەن قاراۋاتقاندەك، بىر-بىرلىرى بىلەن كۇسۇرلاشلىرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك، ئارىلاپ ماڭا قارايدىغانلار كۆپىيىپ قالغاندەك بىلىندى. خۇددى شۇنداق نومۇسلۇق ئىشتىن بىرنى قىلىپ قويغاندەك ئىشخانىدىنمۇ چىقالمىدىم. بۇ خىل تۇيغۇ مېنى ئىككى كۈنگىچە ئازابلىدى، كېيىنچە ئۆزۈمنى بەزلەپ، بەلكىم ماڭا شۇنداق بىلىنگەندۇ دەپلا يۈرىۋەردىم. ماڭا بىرەرسىمۇ بۇ توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى.

بىر كۈنى ئاچام مېنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆيدە بىر ئاخشام قونۇپ قالدى. مەن شۇ چاغدا بىلدىمكى، مېنىڭ مەكتەپتە ھېس قىلغانلىرىم خىيالىي تۇيغۇ ئەمەس ئىكەن. سېزىملىرىم مېنى ئالدىماپتۇ. مەن يوشۇرۇپ يۈرگەن ئۇ ئىشلار ئەسلىدە بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ناھىيىگە پۇر كەتكەنىكەن، پۇر كەتكەندىمۇ ناھايىتى قورقۇنچلۇق گەپ سۆزلەر بىلەن يېيىلىپ كەتكەنىكەن. ئۇنىڭدىن ئۇ گەپلەرنى سوراشنى خالىمىدىم. ئۇمۇ ئېيتمىدى. بەلكىم مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئايىغاندۇ؟ ئۇنىڭغا پەقەت ھەقىقىي ئەھۋالنىلا چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. ئەتىسى ئاپام چاي سۈتلەپ قاچىغا نانىنى چىلاپ قويۇپ، مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم شۇنداق ئېزىلىپ كەتتى. چاينى ئاران دېگەندە ئىچىپ بولدۇم. ئىشقا مېڭىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولدۇم — يۇ، تۇرالمىدىم.

—ھېلىقى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى پەتتارنىڭ قىزىنى يولدىشى خېتىڭنى ئال دەپ چىقىرىۋېتىپتىكەن، ئۇ شۇ يىغلىغانچە ئۆيدىن چىقىپ يۇرتتىمۇ تۇرماي، سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ. ئون كۈن بۇرۇن پەتتارلار ئاران دېگەندە، ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئېلىشىپ قاپتۇ دەيدۇ بىچارىنى. ھېلىمۇ ئۆيگە يېنىپ كەپسەن قىزىم. ھەرگىزمۇ باشقا خىياللاردا بولما، خىزمىتىڭنى ئوبدان ئىشلە. خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ ئىشلار ئوڭلىنىپ كېتىدۇ. يېنىڭدا بىز بار، ھېچنېمىنى خىيال قىلما. بالىدىنمۇ ئەنسىرەپ كەتمىگىن. ئاتىسى بولغاندىكىن ئوبدان قارار.—دېدى ئۇ يىغلامسىراپ ئولتۇرۇپ.

ئۇنىڭغا قاراپ كېكىرتىكىم سىقىلىپ، بۇرۇنلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلاپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئېزىۋەتمەسلىك ئۈچۈن سومكامنى ئالدىم — دە، ئۆيدىن شۇنداق تېز چىقىپ كەتتىم.

دەرسىمنى ئاران دېگەندە ئۆتۈپ بولۇپ، ئىشخانىدا ئولتۇراتتىم. ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل ئوقۇتقۇچى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى. يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئايال قوشنامنىڭ يەنى سەلىمەنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنى ئىزدەپ كېلىپ مەن توغرىلىق بەزى ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلغانلىقىنى ئېيتقانىدى، مەن ئولتۇرالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئېنىقراق ئېيتىپ بېرىشىنى سوراپ تۇرۇۋالدىم. ئەمدى تاقىتىم قالمىغانىدى. ئۆزۈم توغرىلىق تارقىلىپ يۈرگەن گەپ — سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغۇم كەلدى. ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئاپامنىڭ گېپىدىن سەل سېزىپ قالغانىدىم. سەلىمەنىڭ مەكتەپ مۇدىرىغا دېيىشىچە، مەن ئەر قوشنامنى ئۆزىمىزنىڭ يەر ئاستى ئۆيىمىزگە باشلاپ ئەكىرىپتىمەن. ئۇ بولسا گۇمانى بويىچە پايلاپ كىرىپ، بىزنى

ئاندىن تۇغما ھالەتتە تۇتۇۋاپتۇ. ھەتتا، يولدىشىمنى سىرتتا ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ كېلىشىگىلا، بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، مېنى بىرلىشىپ جازالاشقا بىرلىككە كەپتۇ. يولدىشىممۇ مېنىڭ خىتىمنى بېرىشكە دەرھاللا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ. ئۇ يەنە مەكتەپ مۇدىرىمىزغا مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىم يوقلۇقى، مېنىڭدەك ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپتە دەرس ئۆتسە، جەمئىيەت ئەخلاقى بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئۇنىمۇ ساراسىمىگە چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي مۇدىرىمىز تەكشۈرۈپ بېقىپ ئىش ئۇ ئويلىغاندەك چىقسا، بۇ ئىشنى مائارىپ ئىدارىسىگە ئىنكاس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يولغا ساپتۇ. ئۇ يەنە مۇدىرىدىن بۇ ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆتۈنۈش بىلەن بىرگە مېنىڭ، ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇزماقچى بولغانلىقىمدەك قىلمىشىمنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىپتۇ. ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل ئوقۇتقۇچىنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئىش جەمئىيەتتە خېلىلا يامان تەسىر پەيدا قىلىپتۇ. ئۇ يەنە گەپ ئارىلىقىدا، قايسىدۇر بىر مەكتەپتە 3 — شەخس بولۇپ ئارىلاشقان مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچىنى ئىشتىن بوشاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنىڭ ئايال قوشنامنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، تەشكىلنىڭ يەنىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بېقىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ ماڭا تەشكىلنىڭ بۇ ئىشنى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭلۈمنى سەل تىندۇرۇپ قويدى.

دەرستىن چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن. ئىشلارنى بۇنچىلىك ئېغىر دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى بۇ ئىشلار ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر بىلىنىپ كەتتى. يول بويى باشقىلارنىڭ

يۈزىگە قارىغۇدەك جۈرئەتمۇ يوق بېشىمنى سىلىپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا يىراق — يىراقلارغا، مېنى ھېچكىم تونۇمايدىغان، ماڭا يات بولغان يۇرتلارغا چىقىپ كەتكۈم كېلەتتى. ئايال قوشنامنىڭ خېتىمنى بەردۇرىۋەتمەكچى، خىزمىتىمدىن، ئائىلەمدىن ئايرىۋەتمەكچى بولغىنىدىنمۇ بەكرەك، يولدىشىمنىڭ، شۇنچە سادىق بولۇپ، يەتتە يىل تامىقىنى ئېتىپ، كىر — قاتلىرىنى يۇيۇپ بىر بالىنى تۇغۇپ بەرسەممۇ يەنىلا ماڭا ئەمەس، ئايال قوشنامنىڭ گېپىگە ئىشەنگىنى ھەممىدىن بەك ئەلەم بولدى. يەنىلا يولدا كېتىۋاتىمەن، يەنە شۇ تۈيغۇ. يولدىكى ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى مېنىڭدە، مېنىڭ يالىڭاچ ھالەتتە باشقا بىر ئەر بىلەن يەر ئاستىدىكى ئۆيىمىزدە تۇرغانلىقىمىز . . . ھەممىلا ئادەم مېنى كۆرۈپلا بىر بىرىگە پىچىرلىشىدۇ . . . شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادا مېنىڭدىنمۇ بەكرەك نومۇسسىز ئايال يوق. مەن ئەڭ شەرمەندە ئايال! نومۇس كۈچىدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم. شۇ تاپتا ئادەملەر تۈگۈل، يولنىڭ ئىككى قېتىدا يالىڭاچلىنىپ تۇرغان دەرەخلەرگە قارىغۇدەكمۇ جۈرئەت يوق كېتىۋاتىمەن. مېڭەم پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. مەن يەرنى دەسسەپ كېتىۋاتىمەنمۇ ياكى يەر مېنىمۇ؟ كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ يەر كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۆيگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارارمەن، ئاپامغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارارمەن؟! ئۇلارمۇ مەن ئاڭلىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان بولسا — ھە؟! ئىچىم سىقىلىپ ئاران دېگەندە ئۆيگە يېتىپ كەلدىم. ئاپام دەرۋازا ئالدىدا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قانغۇدەك يىغلىۋالغۇم كەلدى. ئەمما، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئاپام ئېتىپ قويغان تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن،

ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ جىمجىت ئولتۇردۇم. نېمىنى خىيال قىلىۋاتىمەن، نېمىلەرگە قاراۋاتىمەن بىلمىدىم. خىياللىرىم شۇنچە چىگىش. ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكۈم، كىملەرنىدۇ قاتتىق تىللىۋالغۇم كېلىدۇ. كۆز ئالدىمدا سەلىمەنىڭ باشقىلار ئالدىدا مەن توغرىلىق ئېيتقان گەپ —سۆزلىرى، مەكتەپتىكى خىزمەتداشلىرىمنىڭ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇشلىرى، بەزىلەرنىڭ خوپ بوپتۇ دېگەندەك ئولتۇرۇشلىرى . . . توۋا يەنىلا ئاپام ماڭا ئىشىنىپتۇ!

ئاپام ماڭا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىگىلا ئاچام كىردى ۋە ماڭا قاراپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى، دېدى. تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ، ياشلىق كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكتىم. ئىككى چېكەم پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. ئۇ:

— ئۇ سوت مەھكىمىسىگە كىرىپتۇ. سېنى تالاغا قارىدى، ئەمدى ئاجرىشىمەن، دەپ ئەرز قىلىپتۇ، — دېدى. كۆزۈمگە ياش كېلىپ تۇرسىمۇ يىغلىيالمىدىم. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. شۇ دەقىقىدە ئىككى چېكەم شۇنداق قاتتىق ئاغرىپ كەتتىكى، چىدىيالمىدىم. ئىككى قولۇم بىلەن چىڭ تۇتقىنىمچە ئىچ — ئىچىمدىن ئىڭرىۋەتتىم. ئەمدى چۈشەندىمكى، بۇ دۇنيا شۇنداق مۇرەككەپ ئىكەن. ئادەم بۇ دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىشى، ھەر خىل ئادەملەرگە ھەر خىل ئۇسۇلدا تاقابىل تۇرالىشى كېرەك ئىكەن. ئەمدى بىلدىم، ساداقەت دېگەنلەر يوق ئىكەن. مەن بۇ دۇنيادا ياشاشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىكەنمەن. مەن يولدىشىمغا سادىق بولۇش يولىنى تاللىۋالغانىدىم. ئەمما، ئۇ دۈشمەنلىرىمگە ئوخشاشلا، مېنى پۈتۈن يۇرتقا سازايى قىلىپ چىقتى! ئەمدى

چىدىيالمىدىم. مەن بۇ دۇنيادا قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدىم، ئىچىم لەختە — لەختە قان بولۇپ كەتتى!

شۇنداق ئاچچىق يىغلىدىمكى، ئۆزۈمنى پەقەت تۇتالمىدىم. ئىشىك ئېچىلىپ ئاپام كىردى. ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم. بۇ دەردنىڭ ئېغىرلىقىنى، ئادەمنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىدىن خېلىلا ھالقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشىنىدىكەن. شۇڭا ماڭا ئىچ ئاغرىتقانىكەن. مەن ئەمدى چۈشەندىم. بۇنداق دەردكە بەرداشلىق بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ئاپام كېلىپ يۈزۈمنى تۇتقانىدى، ئۇنىڭغا ئېسىلغىنىمچە تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم:

— ئاپا مەن چىدىيالمىدىم، سىلەر ئىشىنىسىلەر، ئۇ نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ؟ سىلەر ئىشەنمىسەڭلارمۇ مەيلى ئىدى، ئۇ نېمىشقا ئىشەنمەيدۇ؟ ئۇنىڭغا شۇنداق سادىق بولسام، نېمىشقا مېنىڭ دۈشمىنىم بىلەن بىرلىشىپ مېنى خورلايدۇ؟ جېنىم ئاپا، سەن خۇدايىم بار دېگەن ئىدىڭغۇ، خۇدايىم بار بولسا ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىغان، مېنى ناھەق بۇنداق خورلۇقتا قويمىغان بولاتتى. ئەگەر بىرەرسى خۇدايىم بارمۇ دېسە مەن يوق دەيمەن ئاپا! مەن بەك سىقىلىپ كەتتىم. ئەمدى قانداق قىلىمەن ئاپا؟ مېنىڭ ئەمدى ياشىغۇم يوق، مېنى كەچۈر! مەن بۇنداق خورلۇققا چىدىيالمىدىم. —مەن يىغلاپ تۇرۇپ يۇلقۇناتتىم. خىيالىمدا پەقەت ئۆلۈۋېلىشنىلا ئويلايتتىم. ئاپام بىلەن ئاچام بولسا مېنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلارمۇ قوشۇلۇپ يىغلايتتى. ئاپامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق دېمىگىن قىزىم، يامان بولىدۇ. خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، تۆھمەتخورلارنىڭ كۆرگۈلۈكى بار، — دېگىنىنى ئارانلا ئاڭلىدىم.

بارا — بارا ھالسىزلىنىپ كەتتىم. ئاپام بىلەن ئاچام مېنى

ئاران دېگەندە ياتقۇزۇپ قويدى. ئەمدى مەندە باشقىلارغا قارىغۇدەك جۇرئەتلا ئەمەس ماغدۇرمۇ يوق ئىدى.

ئاپامنىڭ ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشى بىلەن بالامنى كۆرۈش تەقەززاسى مېنى ياشاشقا ئۈندەپ تۇراتتى.

ئاپامنىڭ تەسەللىي بېرىپ كۆيۈنۈشى ۋە ياشاشقا ئۈندەپ تۇرۇشى بىلەن مېنىڭدە هاياتقا نىسبەتەن ئانچىكى ئۈمىد قايتا پەيدا بولدى. ئەتىسى بىرئاز ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆلۈۋالغىنىم بىلەنمۇ ئۆزۈمنى ئاقلىيالمىغۇدەكمەن، ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە ئاپامنىڭ دېگىنىدەك خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۈزۈن بولسا، بەلكىم بۇ ئىشلار ياخشىلىنىپمۇ قالار، دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. ئەمما، مېنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچىم يوق ئىدى.

ئادەم بەزى نەرسىلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك مۇهىملىقىنى بىلەلەيدىكەن. مەنمۇ شۇنداق بولدۇم. ئۇنى ئېرىم دەپ بىلگەچكىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتۈۋاتىمەنغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەمما، هازىر ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى هېس قىلىپ يەتتىم. هەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپلا تېلېفونغا قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتىم.

كۈز بورىنى هۇشقىتىپ، دەرەخ شاخلىرىدىن ئايرىلىپ يەر يۈزىدە توپىغا مىلىنىپ ياتقان سارغۇچ يوپۇرماقلارنى هەر ياقلارغا ئۇچۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خەلق سوت مەهكىمىسىنىڭ چاقىرىقىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. يولدىشىمنىڭ ئاجرىشىش ئىلتىماسىغا ئاساسەن، سوت مەهكىمىسىدە سوتمۇ ئېچىلدى. ئەمدى، ئاپامنىڭ مېنى هەر كۈنى ئۆزىنىڭ تەسەللىيلىرى بىلەن ئۈمىدلەندۈرۈشلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىشقىلىپ، خېلىلا غەيرەتلىك بولۇپ قالغاندىم. توۋا دەيمەن، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن مۇهىم دەپ بىلگەن نەرسىلەردىن يەنىلا ۋاز

كىچەلمەيدىكەن. سوت مەيدانىدا ئەيىبلەنگۈچى ئورنىدا، ئۇنىڭ ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىمەن. ئۇ مېنى شۇنچە قارىلىدى. ئۇنىڭ گەپلىرى مېنى ياشاشتىنمۇ تويغۇزغان ئايال قوشنامنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۆزۈمنى شۇنچە بىچارە ھېس قىلىپ ئولتۇرۇپمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىدىم. ئاجراشماسلىق قارارىدا چىڭ تۇردۇم. ئۇ نېمىلا دېسۇن يەنىلا قارارىمدىن يانمىدىم. توۋا دەيمەن، بىر كىتابتا ئەرلەر كىچىك بالىغىلا ئوخشايدۇ، دېسە نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، راستىلا شۇنداقكەن، ئۇمۇ قوشنامنىڭ ئايالىنىڭ تۆھمەتلىرىگە شۇنداق ئاسانلا ئىشىنىپ قاپتۇ.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى. مەنمۇ ئاپاملارنىڭ تەسەللىي بېرىشى، رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇشى بىلەن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم. ئارىلىقتا قېيناپام ئوغلۇمنى ئېلىپ يوقلاپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق يىغلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ گېپىدىن، ئاپامنىڭ قېيناپامنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ يولدىشىم بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭغا تەربىيە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ كەتتى. كۆڭلۈمدە سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

ئەمدى ئۆيدە جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. مەكتەپتىمۇ دەرسىمنى ئۆتىۋېتىپ، ئىشخانىدا ئولتۇرغىنىم ئولتۇرغان. ماڭىمۇ باشقىلار ئالاھىدە مۇھىم ئىشى بولمىسىلا گەپ قىلمايتتى. بولۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى دوستلىرىم شۇنداق. باشقىلار بولسا مېنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ كېتىشكەندەكلا. ئەمدىلىكتە مەن باشقىلارنىڭ ماڭا گەپ قىلىشىنىمۇ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنىمۇ خالاپ كەتمەيتتىم.

بىر كۈنى، يولدىشىم ئىشلەۋاتقان ئورنۇمغا تېلېفون

قىلدى. ئۇ تېلېفوندا: «بالا چوڭ ئۆيدە، بالىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىڭ»، دېگەن گەپنىلا قىلدى. مەن ئىچىمدە خورلۇق ھېس قىلساممۇ، ئەمما، يەنىلا قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئاپاممۇ ماڭا سەۋر — تاقەتلىك بولۇشۇمنى، سەۋر قىلساملا ئىشلىرىمنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يولغا سېلىپ قويدى. قېيناپاملارنىڭ يېنىغا بېرىپ تېلېفون مەزمۇنىنى دېگەنىدىم، ئۇلارمۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا يولغا سېلىپ قويدى.

ئۆيگە كەلسەم ئۇ يوق ئىكەن. ئۆي شۇنداق قالايمىقان بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، بوران ئۇچۇپ تۇرغان بۇ ئۆي ماڭا يەنىلا، شۇنداق سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. ئۆيلەرنى بىرەر قۇر تازىلاپ رەتلەپ قويغاندىن كېيىن، تاماق ئەتتىم. ئۇ ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن تاماقنى ئۇ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭغا دېگەن گەپلىرىم جاۋابسىز قالدى. مەن قايتىپ كېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇنلا، مېنىڭ ھېلىقى ئايال قوشناممۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئاڭلىشىمچە، ئېرى ئۆزى بېرىپ كەچۈرۈم سوراپ ئېلىپ كېلىپتۇ. ھېسابلاپ باقسام، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەن كۈنى، بىز سوت مەيدانىغا بارغان كۈنگە توغرا كېلىدىكەن. دەل شۇ كۈنى — يولدىشىم خۇددى ئەشەددىي دۈشمىنى ئورنىدا ماڭا ھۆرپىيىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، ئاجرىشىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان كۈنى، ئۇلار ئائىلىسىدە خۇشال — خۇرام جەم بولۇپتۇ.

گەرچە، مەن ئۇنىڭدەك ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ يەنىلا قايتىپ كەلدىم. چۈنكى، پەقەت ئۆيۈمنى، بالامنى ئويلىغانىدىم. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋەردى. پەقەت ئوغلۇملا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى پات — پاتلا ئاشكارىلاپ تۇراتتى.

ئۆيدىكى سوغۇق كەيپىيات مېنىڭ ئىچىمنى سىقىسمۇ يەنىلا چىداشقا مەجبۇر ئىدىم. مەن بۇرۇنقىغا قارىغاندىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئامال بولمىغان ۋاقىتلاردا سۆزلىشەتتىم. مېنىڭ گېپىمگە بولسا، ئۇ ھە ياكى ياق دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ئامال قانچە؟ ئىشقىلىپ بالامنى قوينۇمغا سېلىپ ياتقانلىقىم، ئائىلەم بۇزۇلمىغانلىقى ئۈچۈنلا خۇشال بولاتتىم. مەكتەپتىكى گەپ — سۆزلەرمۇ خېلىلا ئازلاپ قالغاندەك قىلاتتى. باشقىلارنىڭ ماڭا ھەيرانلىق، قىزىقىش، كەمسىتىش ئارىلاش قاراشلىرى ئالدىدا مەنمۇ چىدامسىز بولۇپ قالغاندىمەن. كۆڭلۈمدە بىر ئاز يېنىك بولۇپ قالدىم. ئەمدى مەنمۇ باشقا ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاش بېشىمنى تىك كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەر قوشنام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساق، شۇنچىلىك ئۈچلۇك قىلاتتىمكى، چىشلىرىم غۇچۇرلاپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ھېچنېمە بولمىغاندەك قاراپ ھىجىيىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھىجىيىشى خۇددى مېنى كەمسىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇنى ئىچىمدە تىللاپ كېتەتتىم.

شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يولدىشىم تاماقنى ئۆيدە يەيدىغان بولۇپ قالدى. بارا — بارا ئۆيدىكى كەيپىياتمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. قېيناتام بىلەن قېيناپام ھەر كۈنى دېگۈدەك بالىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تېلېفون قىلاتتى. ئىككى كۈندە بىر قېتىم بازارغا ئۆتكەچ ئۆيگە كىرىپ، بالىنىڭ ئوماق قىلىقلىرىنى ياكى مېنىڭ مېھماندوستلۇقىمنى ماختاپ قويۇپ كېتەتتى. ئېنىقكى، ئولتۇرسا — قوپسا غېمى بىزدە ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ئائىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا تىرىشىپ

كېلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى كەچتە يولدىشىم غەرق مەست ھالەتتە كىردى. ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ياتقۇزۇپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتقانىدىم، ئۇ:

— مېنى قويۇۋەت! — دەپ شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە مېنى ئىتتىرىۋەتتى ۋە ئۆزىمۇ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇرغىنىچە، دەلدەڭشىپ يۈرۈپ ياندىكى ئۆيگە كىردى ۋە:

— بۇ يەرگە كىر! — دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۇ ئۆيگە كىردىم. كىرىپ كېتىۋاتقاندا پۇتلىرىم تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم.

— راستىنى ئېيتە، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بارمىدى؟ — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ. ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى.

— ياق، — دېدىم مەن تىترەپ تۇرۇپ.

بۇ ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇ ئىشلار توغرىلىق بىرىنچى قېتىم ئېغىز ئېچىشى ئىدى.

— راستىنى ئېيت! راست مۇناسىۋىتىڭ بارمۇ — يوقمۇ؟ — ئۇ يەنە سوئالىنى قايتىلىدى.

— راست يوق، — دېدىم قايتۇرۇپ. كۆزلىرىمگە ياش كېلىپ، — ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىم بولسا، سىز بىلەن ئاجراشمايمەن دەپ تۇرۇۋالاتتىممۇ؟

— مەنچۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن. سېنى ئالمايمەن دېگەندۇ؟ — دېدى ئۇ يەنە.

ئۇنىڭ بۇ زەھەردەك گەپلىرىدىن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئۇ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەنچۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇنىڭغا خوتۇنۇمنى

ئالامسەن؟ دەپ سورىسام ئالمايمەن دېگەنىدى. مەن سېنى شۇنچە چوڭ كۆرسەم بىلمەي، شۇ نەرسە بىلەن ئىچقويۇن — تاشقويۇن بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ مۇرادىڭغا يەتسەڭ بولمامدۇ؟

ئۇنىڭ تىل ئاھانىتىدىن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. يۈت — قولۇمدا جان يوق ئولتۇرىمەن. ئۇنىڭغا ماڭا ئىشىنىش توغرىلىق بىر نەرسە دېيىشنى ئويلىدىم — يۇ، ئەمما، نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم. راست، ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا ماڭا ئىشىنىڭ دېسەم ئۇ ئىشىنەتتىمۇ؟! مەن سوتتا ئۆزۈمنى ئاقلىغانىدىمۇ، ئۇ ئىشەنمىگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىشىم كېرەك؟ مەن نېمە دېيىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى ئويلاپ ئولتۇرىمەن. ئۇ يەنە سۆزلەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىتلار بولغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تاكاللاشقان، ھەتتا مېنى ئارزۇلاپ يۈرگەن قېيناپام بىلەن قېيناتامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى چاققان بولاتتىم. ئەمما، ھازىر ئوخشىمايتتى. مەن يەنىلا پاسسىپ ھالەتتە ئىدىم. بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ ئۇ يەنە شۇ گەپلەرنى تەكرارلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمگە سانسىز يىڭنە بولۇپ سانجىلىۋاتىدۇ. ئىچ — ئىچىمدىن قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن...

بىر چاغدا ئۇ توختىغاندەك قىلدى. قارىسام ئۇ كرېسلودا سەل قىيسىيىپ قاپتۇ. مەن چىقىپ بالامغا قاراپ باقماقچى بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈشۈمگىلا ئۇ يەنە ۋارقىرىدى:

— تاماق ئەتمىدىڭما؟

— ئەتتىم، مەن ھازىر ئىسسىتىپ بېرەي.

— ياق، قايتا ئەت!

ئالدىراش ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. تاماق ئىچىۋېتىپ، ئىچ – ئىچىمدىن ئۆرلەپ تۇرغان يىغامنى توختىتالمىدىم. ئاۋازىمنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلىۋالدىم. ئويلاپ باقسام، مېنىڭدە ئۇنىڭ ئالدىدا يىغلىيالىغۇدەكمۇ جۇرئەت قالماپتۇ. تاماقنى ئېتىپ ئالدىغا ئېلىپ كىرسەم، ئۇ كرېسلوغا قىيسىيىپ ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قاپتۇ. كۆڭلىرىم خېلى ياخشى بولۇپ، خاتىرجەم ياشايدىغان كۆڭلىرىمىز كېلىپ قالدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، مەن ئالدىراپ باھا بېرىپ قويۇپتىمەن.

شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىرىم دەككە – دۈككىدىلا ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. ئائىلىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغان ئەر – ئايال قوشنامنى خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلماقچىمۇ بولدۇم. ئەمما، سوت مەھكىمىسىدىكىلەر بۇ توغرىلىق سورىغان مەسىلىھەتىمگە، ئىسپات يوق بولغاندىكىن، بەربىر يېڭىپ چىقالمايسىز، دەپ جاۋاب بەردى. ئەمدى مېنىڭ نورمال ئاياللاردەك ياشىشىم يولدىشىمنىڭ ئىنساۋىغىلا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. كېچىلىرى ئۇنى ساقلاپ، تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇش ماڭا ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىدى. بەزىدە شۇنچىلىك سىقىلىپ كېتەتتىمكى، ئىچ – ئىچىمدىن يىغا قىستاپ كېتەتتى. كېچىسى كۆز يۇمماي چىقىش ماڭا ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. بەزىدە ماڭا ئاراملىق بەرمىگەن بۇ ئۆيدىن بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ چىقىپ كېتىپ، ئاپاملارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ كەلگۈم كېلەتتى – يۇ، لېكىن، ئۇنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن، ئۇنىڭ ئاجرىششقا مەجبۇرلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. كۆڭلىرىم سىقىلىش، بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە ئۆتەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى كەچتە،

يولدىشىم يەنە مەست ھالەتتە كىردى. ئالدىنقى قېتىمقى ماجىرادىن كېيىن، ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدىم. ئاپام دېگەندەك سەۋر — تاقەتلىك بولۇشقا بەل باغلىغانىدىم. ئۇنى، ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن تىللىغاندىن كېيىن، كرېسلوغا قىيسىيىپ ئولتۇرۇپلا ئۇخلايدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ئىدىيەمدىكى تەييارلىقتىن نەچچە ھەسسە قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى. ئۇ ئۆيگە دەلدەڭشىپ كىرگىنىچە، ماڭا بىردەم چەكچىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن:

—ماڭا سىرتتىن تاماكا ئەكىرىپ بەرگىن، —دېدى.

ئۇ توي قىلىپ مۇشۇ چاغقىچە، مېنى تاماكا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇپ باقمىغانىدى. ئادەتتە، ئۇ ئايال كىشىنىڭ ئۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرۈشىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى. ئەگەر كۈندۈزى بولغان بولسا ئىدى، ئائىلەم ئۇچۇن، بالام ئۇچۇن كوچىدا تاماكا ئەمەس، ھاراق كۆتۈرۈپ مېڭىشتىنمۇ نومۇس قىلمىغان بولاتتىم.

مەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇپ:

— كەچ بولۇپ كەتتى، مەن قورقىمەن، بولمىسا ئەتە ئەكىرىپ بېرەي، —دېيىشىمگىلا، ئۇ يۈزۈمگە كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ بولغۇچە يەنە بىر شاپىلاق... كۆزۈمنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىنى، يۈزلىرىمنىڭ ئېچىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمەن، قورقۇنچتىن مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر چاغدا قورقۇنچتىن يا ۋارقىرىشىمنى، يا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشۇمنى بىلمەي ئېچىلىپ تۇرغان ئاغزىمغا بىر خىل سۈيۈقلۇقنىڭ ئېقىپ كىرگەنلىكىنى، بۇ خىل سۈيۈقلۇقنىڭ ناھايىتى لاۋزا تەمدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ

يەرگە تايانغان ۋاقتىمدا كۆردۈمكى، بۇ سۇيۇقلۇق بۇرنۇمدىن ئاققان قان ئىكەن. بۇرنۇمدىن ئاققان قان كۆينىكىمنىڭ ياقىلىرىنى رەڭلەپ بوپتۇ. يۈزلىرىم زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ يەنە ئالدىمغا دۈەيلەپ كەلگەنىدى، شۇنداق قاتتىق چىرقىرىغىنىمچە، ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم. كۆڭلۈمدە ئەمدى قاچمىسام تاياقتىن ئۆلىمەنغۇ دەپ ئويلىدىم. ئۆز — ئۆزۈمگە قاچ، تېز قاچ، دەپ پىچىرلايتتىم. ئىشىكنى شۇنداق تېز ئاچتىم — دە توختاپ قالدىم. كۆزۈم ئۇدۇلدىكى ئۆيگە چۈشكەن هامان شۇنداق ئاچچىقىم بىلەن ئۇ ئىشىكنى ئۇردۇم. ئاچچىق هەم قورقۇنچتىن ئارانلا ۋارقىرىدىم. ئاچچىقتىن بولسا كېرەك، گېپىمدىن بەكرەك يىغام بېسىپ كەتتى:

—ئىشىكنى ئېچىش! ئىشىكنى ئاچ دەيمەن هۇ، هۇ—...

ئىشىك ئېچىلىدىغاندەك قىلمايتتى. مەن يىغلايتتىم، ئىشىكنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇراتتىم،—ئىشىكنى ئاچ، ئاچ دەيمەن!

شۇنچە ئۇزۇن ئۇرغاندىن كېيىنلا مەڭگۈلۈك ئېتىلىپ كەتكەندەك تۇرغان بۇ ئىشىك ئاخىر ئېچىلىپ، ئۆيدىن هېلىقى مەلئۇننىڭ بېشى كۆرۈندى.

—نېمە؟

مەن ئارانلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە ئاچچىقىم بىلەن:

—مانا كۆرۈشتۇڭمۇ؟ سەنلەر مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدۇڭلار، مانا كۆردۇڭمۇ بۇ يەرگە چىقىپ باق!—مەن سۆزلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتىم. ئۇ هەدەپ قولىنى تارتاتتى. ئەمما، مەن قويۇپ بەرمەيتتىم. بۇرنۇمدىن ئاققان قان ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ يېڭىگىمۇ ئېقىپ چۈشتى.

—بۇ يەرگە كىر، بولمىسا چانىۋېتىمەن!—يولدىشىمنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا قارىسام ئۇ قولىدا، ئۆيدە گۆش پارچىلىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىدىغان چوڭ پىچاقنى ماڭا

تەڭلىگىنىچە تۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئىشىك جاڭگىدە يېپىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى يۈرىكىمگە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، يۈرىكىم سانجىپ ئاغرىپ كەتتى. نەپىسىمۇ قىسىلىپ كەتكەندى. مەن شۇنداق ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. شۇ ۋاقىتتا كۆردۈمكى، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يەرمۇ مېنىڭ بۇرنۇمدىن ئاققان قان بىلەن بويىلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى قورقمايتتىم. قاننىڭ شۇنچە چىقىپ كەتكىنىگە قاراپ، ئەمدى مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىمەنغۇ دەپ ئويلىدىم. يولدىشىم ماڭا گېپىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، قولۇمدىن تارتىپ ئۆيگە ئىتتىرگەندى، دەلدۈگىنىپ يىقىلىپ كەتتىم. ئۇ قولىدىكى پىچاقنى تاشلىغىنىچە ماڭا يەنە ۋارقىرىدى:

— ھۇ پەس! ئاشناڭدىن ياردەم سورىغىلى چىققانمىدىڭ؟ قېنى ئاشناڭ ياردەم قىلمىدىغۇ، بىلىۋال ئاشنا دېگەن شۇنداق بولىدۇ! ھۇ دۆت! ئۇ كىرىپ كېتىۋىدى، يەنە چەيدۇ ئېلىپ چىقىپ چانىۋېتەرمۇ دەپمۇ ئويلاپ قالدىم. بىر چاغدا ئۆيدىن لۆڭگىنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىمغا ئېتىپ:

— مە ئېرتىۋەت، — دېدى.

مەن خۇددى بۆرە ئالدىدىكى بىچارە قوزىدەك، ئۇ بولسا، بىر ۋەھشىي بۆرىدەك ئولتۇردۇق.

— سېنىڭ بىلەن ئاجرىشىمەن. سەن ئاجرىشىش ئىلتىماسىغا قول قويغىن. بىز بەرىبىر ئاجرىشىپ كەتمىسەك بولمايدۇ، — دېدى ئۇ بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ.

ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمشاپ قالغانىدى. بەلكىم ئۇرۇۋېرىپ ھارغاندۇ؟ ئۇ جىمىپ كەتتى. مەنمۇ بېشىمنى ساڭگىلاتقىنىمچە ئولتۇرۇۋەردىم. قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇردۇمكى، بىر چاغدا بۇرنۇمدىكى قانمۇ توختاپ پۇتلىرىم ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن يەنىلا ھېچقانداق زۇۋان يوق.

مەن يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، سەل نورمالسىز ھېس قىلىپ بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ئۇخلاپ قاپتۇ ئەمەسمۇ! ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ئورنىغىلا ياتقۇزۇپ ئۇستىنى يېپىپ قويدۇم.

ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە ھېچنېمە بولمىغاندەكلا تاغدىن — باغدىن گەپ قىلىپ ئولتۇردى. بالىنى بىر نەچچە كۈن بۇرۇن چوڭ ئۆيگە ئاپىرىپ قويغانىدۇق. ئۇ بۈگۈن مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچىلا ئىدى. كۆڭلۇمدە ئۇ بەلكىم، ئويلانغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالغاندۇ دەپ ئويلىدىم. ئىچىمدە، خۇداغا مىڭ مەرتەم رەھمەت ئېيتتىم. شۇ كۈنى ئەتىگەن بىز بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلدۇق. ئۇمۇ ئاخشامقى ئىش توغرىلىق ئېغىز ئاچمىدى. مەنمۇ ھەم ئۇ توغرىلىق گەپ قىلمىدىم. مەن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ماڭا بۇرۇنقىدەك ئوچۇق چىراي ئاچقىنىغا، يەنە ئاجرىشمىز دېمىگىنىگە خۇش، ئۇچامدا يەنىلا ئاخشامقى قان يۇقى كۆينەك، كۆزلىرىمنىڭ ئەتراپىغا كۆك چۈشكەن، كۆزۈمنىڭ ئىچى قىزىرىپ كەتكەن، يۈزلىرىم ئىششىغان ھالەتتە، لەۋلىرىمدە كۈلكە. نېمىشقىدۇ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇپ، بۇرۇنقى ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتەيلى دېگۈم كېلەتتى — يۇ، ئۇنداق دېيىشكە پېتىنالمايتتىم. چۈنكى، مېنىڭ بۇ سەمىمىيلىك بىلەن دېگەن گەپلىرىم، ئۇنىڭدا ھەر ۋاقىت گۇمان پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. تاماقنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ يېدىم. ئويلاپ باقسام شۇنداق كەيپىياتتا ئولتۇرۇپ تاماق يېمىگىلى خېلى ئۇزۇن بولغانىكەن. تاماق يەپ بولغان ۋاقىتتا ئۇستەلنى سۈرتمەكچى بولغانىدىم، ئۇ قولۇمدىن سۈرتكۈچنى ئالغىنىچە:

— مەن سۈرتىۋېتەي، — دېدى.

مەن قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتىم. ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئۇئالغۇسىدىن شوخ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قولىدىكى سۇرتكۇچنى ئۇستەلگە زەردە بىلەن ئاتتى — دە:

—ئىتنىڭ بالىلىرى، نېمىگە ئۇنچە خۇشال بولۇپ كېتىشتىڭ؟ —دەپ ۋارقىرىدى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم. غالىلداپ تىترەپ كەتكەچكە، قولۇمدىكى قاچىلار يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ، چاقچۇق پارچىلىرى تەرەپ — تەرەپكە چېچىلدى.

ئاھ! مېنىڭ چۈشلىرىمدىكى بىنا ئۆي!

گايىت مۇھەممەت

# توي كېچىسىدىكى ئاجايىپ ۋەقە

ئەتىگەندىن بېرى ئەتراپنى زىل — زىلىگە سالغان ناغرا — سۇناي، ناخشا — مۇزىكا ساداسى يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن توختىدى. تويغا كەلگەن مېھمانلارمۇ بىر — بىرلەپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

يېقىن ئەتراپتىن قوشنا ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرىمۇ بىر — بىرلەپ ئۆچۈشكە باشلىدى. توي ئۆچۈن ھويلىغا ياندۇرۇلغان چىراغمۇ ئۆچۈرۈلدى. پەقەت قىز — يىگىتنىڭ ھۇجرىسىدىكى چىراغلا يېنىپ تۇراتتى.

بۇ ھۇجرا ئۆي بىر ئېغىزلىق بولسىمۇ، چوڭ ۋە ئازادە بولۇپ، پوزۇر بېزەلگەنىدى. ئۆينىڭ تېمى — ئاستى قىسمى يېشىل، ئۈستى قىسمى ئاق سىر بىلەن سىرلانغان، تورۇس تاختاي بىلەن نەقىشلەنگەن. ئىشىك — دېرىزىلەرگە بېغىررەڭ دۇخاۋىدىن پەردە تارتىلغان، يەرگە لوڭقا گۈللۈك چوڭ ئىككى پارچە گىلەم بۇسۇقىچە سېلىنغان، ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئىشكاپ، جوزا، توڭلاتقۇ، قوش داسلىق كىرئالغۇ، تۈك شامالدۇرغۇچ قاتارلىقلار ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «شارپ» ماركىلىق 18 دىيوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور بىلەن قوش دېسكىلىق ئۈنئالغۇ مەخسۇس ئىشكاپلىق ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغانىدى. بىر تەرەپكە يېڭى پاسوندىكى يۇمشاق كارىۋات، ئۇنىڭ يان تەرىپىگە جۈپ كىشىلىك ھەم بىر كىشىلىك كرېسلولار رېتى بىلەن قويۇلغانىدى. تۆر تەرەپ تامغا دۇرۇس

كەلتۈرۈپ ئىران نۇسخىلىق چوڭ گىلەم تارتىلىپ، بىر يانغا بوي ئەينەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇندىن باشقا ئۆينى زىننەتلەيدىغان گۈل لوڭقىسى ۋە ئەينەكتىن ياسالغان نەپىس بويۇملار تۇزۇلۇشكە ۋە ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۆي ئىچى تورۇستا چاقناپ تۇرغان قۇياش نۇرلۇق لامپىنىڭ نۇرىدا ئوتقاشتەك چاقناپ جۇلالىنىپ تۇراتتى. قىسقىسى، بۇ ھۆجرىنىڭ توققۇزى تەل بولۇپ، بۇ ئۆيگە كىرگەن ھەر قانداق قىز — يىگىت «ۋاھ! » دېمەي قالمايتتى.

بىراق، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، ئۆي شۇنچە ياخشى زىننەتلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بولغان يېڭى كېلىننى ئۆزىگە قىلچىلىكمۇ جەلپ قىلالمىدى. ئۇ كرېسلودا يېنىچە ئولتۇرۇپ يېرىم يۆلەنگىنىچە يۈزىنى ياغلىق بىلەن يېپىۋېلىپ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا. يىگىت قىزنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

«قىز نېمىشقا بۇنداق ئەلەملىك يىغلايدۇ؟ ئۇنى ئازابلىغان نەرسە نېمىدۇ؟ يا ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئائىلىسىدىن، مېھرىبان ئاتا — ئانىسىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر يات ئائىلىگە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يىغلامدىغاندۇ؟ ياكى ئۆزىنىڭ قىزلىق ھاياتى بىلەن خوشلىشىش ھار كېلىۋاتامدىغاندۇ؟ يا بولمىسا قىزنىڭ ساقلىقى يوقمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىدە زادى نېمە باردۇ؟ » يىگىت تۇرلۇك خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، ئۆي ئىچىدە ئاستاغىنە ئۇيان — بۇيان ماڭاتتى.

قىزنىڭ ئەلەملىك يىغىسى توختاي دېمەيتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر سىرنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى. بىراق، بۇ سىرنى شۇ تاپتا قىزنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەگەر يىگىت قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن بولسا

ھەرقانچە كۆپ بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ، ئۇنى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرۇۋالغان بولاتتى. چۈنكى، بۇ يىگىت قىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىراق، قىزنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى تازا ئېنىق چۈشىنىپمۇ كېتەلمەيتتى. ئۇ: مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇمۇ مېنىڭ بىلەن توي قىلىشقا رازى بولغان. مەن ئۇنى چوقۇم بەختلىك قىلالايمەن. ئەگەر ئۇ مېنى بۇرۇن چۈشەنمىگەن بولسا پات ئارىدا چۈشىنىپ قالىدۇ. بىز چوقۇم بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىمىز، دەپ قارايتتى.

يىگىت قىزغا قارىدى. قىز يەنىلا يىغلىماقتا. كۆز يېشى خۇددى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە. قىزنىڭ بۇنداق ئازابلىق، مۇڭلۇق كەيپىياتى يىگىتنىڭ يۈرەك — باغرىنى ئېزىۋەتتى. ئۇ قىزغا تەسەللىي بەرمەكچى بولۇپ، ئاستا كېلىپ كرېسلونىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇردى. قىز يۈزىنى مەھكەم ئېتىۋالغىنىچە يىگىتكە پىسەنت قىلماي يىغلاۋەردى. بىراق، ئەمدى ئۇنىڭ بەدەنلىرىمۇ تىترەپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— نېمىشقا بۇنداق ئازابلىنىسىز؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ — يا؟ — يىگىت كۆيۈنۈپ سورىدى ۋە قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى يېنىككىنە قويغىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا شۇنى دەڭ، مەن سىزگە ...

بىراق، يىگىتنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىققىچە قىز ئورنىدىن تۇرۇپ، نېرىدىكى بىر يالغۇز كىشىلىك كرېسلوغا بېرىپ يەنە يۈزىنى ئېتىپ ئولتۇرۇۋالدى.

يىگىت قىزنىڭ ئۆز سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۈمىدىدە تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى غەش بولۇپ يەنە بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدى.

كېچىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ تىت – تىت بولغىنىچە ئۆي ئىچىدە ئۇيان – بۇيان ماڭاتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ قىزغا نېمە دېيىش كېرەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە باردۇ؟ ياكى ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى يوقمىدۇ؟» يىگىت ئاخىرقى بۇ سوئالنى ئۆزىگە قويغاندا پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ بوشىشىپ كەتتى. «ياق، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. قانداق قىلىش كېرەك؟ توي قىلغان ئىكەنمەن قىزنىڭ كۆڭلىدە نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، توي قىلغان يىگىتكە چۈشلۇق بىر ئىش قىلىشىم، ئۆزۈمدىن بېرى تەشنا بولۇپ كەلگەن ئارزۇ – ھەۋىسىمنى قاندۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بەك قوپاللىق بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ كۆڭلى تارتمايدىغان ئىشنى زورلاپ قىلىپ، ئۇنى ئازابلاش ياخشى ئەمەس. ھەرھالدا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشنى سىيلىق ئېلىپ بېرىشىم كېرەك. ئۇنداقتا، قانداق قىلسام بولار؟ ياكى ئۇنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارىم بولماي يېتىپ ئۇخلىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسام بىر يىگىت ئۈچۈن توي قىلغان ئاخشىمىلا قىز بىلەن كارى بولماي ئۇخلىۋېلىش نومۇس ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا … ھەي، بۇ ئىشنى زادى قانداق قىلسام بولار – ھە؟!» يىگىت قىزغا قاراپ تىت – تىت بولاتتى، تاقەتسىزلىنەتتى. چوڭ – كىچىك ئەسنەپ ئاھ ئۇراتتى. قوللىرىنى ئۇۋىلاپ ئۇيان – بۇيان ماڭاتتى.

شۇ ئەسنادا ئۆيىنىڭ كەينىدىكى باغ تەرەپتىن تۇيۇقسىزلا بىراۋنىڭ گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشىنىڭ ئاھاڭى تولىمۇ مۇڭلۇق. ئۇ قانداقتۇر بىر دەردمەن كىشىنىڭ ئىچ – ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ئەلەملىك نىداسىدەك تۇيۇلاتتى. بۇ ناخشا ئاۋازى

قىزنى يىغىدىن توختاتتى. ئۇ، نىمىدىندۇ چۆچۈگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى — دە، ئىختىيارسىز هالدا هۇجرىنىڭ باغ تەرەپكە قارىغان دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ، دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ باغقا قارىدى. ئۇنىڭ باغقا قارىغان بىر جۈپ كۆزىنىڭ چاناقلىرىدا ياش تامچىلىرى پارقىرايتتى. قىز ئازابلىق قەلبىگە داۋا ئىزلىگەندەك باغقا تەلپۈنەتتى. نىمىگىدۇر سىنچىلاپ قارايتتى. خۇددى قەپەزدىكى قۇشتەك سىرتقا ئىنتىلەتتى. قوللىرىنى ئىختىيارسىز ئۇۋۇلاپ ئازابلىق ئاھ ئۇراتتى.

قىزنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش يىگىتنى باشقىچىلا غەلىتە ئوي، گۇمان، ھېسسىياتلارغا كەلتۈرۈپ قويدى. «بۇ كېچىدە باغقا كېلىپ ناخشا ئېيتقان كىمدۇ؟ گۈلۈمنىڭ باشقا يىگىتى بارمىدۇ؟ بۇ ئىش راستىنلا شۇنداقمىدۇ؟ — ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەن. يەنە كېلىپ بۈگۈن مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. ئۇنى يۇرت — جامائەت ئالدىدا ئۆز ئەمرىمگە ئالدىم. ئۇ ئەمدى مەڭگۈ مېنىڭ، ئۆتكىنى ئۆتتى، ئەمدى ئۇنىڭ باشقىلارغا قارىشىغا يول قويمايمەن. نەچچە ۋاقىتتىن زارىقىپ تەشنا بولۇپ كەلگەن پۇرسەتمۇ كەلدى. مانا ئەمدى تەشنالىقتا قانىمەن، سۆيگۈنىڭ لەززىتىنى سۈرىمەن. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەسلىكىمۇ ئەمدى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىشىمىزغىمۇ ھېچكىم ئارىلىشالمايدۇ.» يىگىت شۇنداق ئويلىغىنىچە ئەلەم بىلەن قىزغا قارىدى.

قىز ھەقىقەتەن قىل سىغمايدىغان گۈزەل، غۇنچە بوي قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا توي كىيىملىرى تولىمۇ يارىشىپ، ئۇنى خۇددى رىۋايەتلەردىكى ھۆر — پەرىلەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. قىزنىڭ گۈزەل سىياقى يىگىتنى ئۆزىگە تېخىمۇ

قاتتىق مەپتۇن قىلدى. يىگىت ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەرلەردە ئورتاق بولىدىغان توي كېچىسىدىكى ھاياجانلىق ھېسسىيات ۋە سۆيگۈ تەشنالىقىنى ۋۇجۇدىغا سىغدۇرالمىدى. ئۇ قىزغا يېقىنلاشتى. قىز بولسا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا باغ تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇراتتى. باغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا يەنىلا ياڭرىماقتا. بىراق، ناخشا ئېيتقۇچىنىڭ ئاۋازى ئەمدى يىغلىغان كىشىنىڭ ئاۋازىدەك تىترەپ چىقىۋاتاتتى.
يىگىت قىزنى قۇچاقلاپلا كۆتۈرۈۋېلىشقا تەمشىلىپ يەنە ئويلىنىپ قالدى. «ياق ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاي، مەيلى ئۇ مېنى ئازابلىسىمۇ ئازابلىسۇن، ئەمما مەن ئۇنى ئازابلىماسلىقىم كېرەك. چۈنكى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بىراق، ئۇ مېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈمنى نېمىشقىمۇ چۈشەنمەيدىغاندۇ — ھە؟ بۇ تۈن كېچىدە ئۆينىڭ كەينىگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئازابلىق كۆڭلىگە ناخشا ئېيتىپ تەسەللىي بېرىۋاتقان زادى كىمدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق مۇناسىۋەت باردۇ؟» يىگىت ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ناخشىچىنىڭ يېنىغا چىقىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. بىر پەستىن كېيىن يىگىت قىزنى ھۇجرىسىدا قالدۇرۇپ ئاستا سىرتقا چىقتى. تولۇن ئاي بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنگەنىدى. باغ ئىچىدە گىتارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ناخشا يەنىلا ياڭرىماقتا. يىگىت ئەتراپقا زەن سالغاچ ناخشا كېلىۋاتقان تەرەپكە يېقىنلاشتى. بارا — بارا ناخشىچىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. يىگىت ھۇجرا ئۆينىڭ دېرىزىسىگە ئۇدۇل بولغان بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ ناخشىنى شۇنداق بېرىلىپ ئېيتىۋاتاتتىكى، ھەتتا يىگىتنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى.
يىگىت بۇ ناخشىچىغا باشتىن — ئايىغىغىچە بىر قۇر سەپ

سېلىپ قاراپ چىقتى. ئۇ 24 — 23 ياشلاردىكى جۇۋەككىنە يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك، خورلۇق، ئازابلىنىش ۋە ھەسرەتلىنىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دېرىزىسىگە تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزىدىن بولسا توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى. تىترەك ئاۋازى بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسى يەنىلا ياڭرىماقتا:

«بىئەدەپلىك قىلدى، دېمىگىن مېنى،
ناخشا بىلەن تۈندە دېرىزە چەكسەم.
خوشلاشقىلى كەلدىم، مانا سەن بىلەن،
پەقەتلا كەلمەيمەن ئەمدى مەن كەتسەم.

چاقىرىشمۇ ئەمەس بۇ سېنى، پەقەت،
ئاخىرى خوشلاشقىلى كەلدىم سەن بىلەن.
سەن كۈلۈپ ياشىغىن، ئۇنۇتقىن مېنى،
ھەممە ئازاب ئۇزاپ كەتسۇن مەن بىلەن.

سەن ئىدىڭ دىلداش، سەن ئىدىڭ مۇڭداش،
سەن ئىدىڭ قەلبىم كۆكىدە قۇياش.
نە چارە شۇم تەقدىر ئايرىدى بىزنى،
خەير — خوش! مەن كېتەي تۆكمەي قال كۆز — ياش.»

ئۇ ناخشىدىن توختاپ دېرىزىگە قارىغىنىچە بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن، يېڭى بىلەن كۆز — ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆز — ئۆزىگە: «خەير — خوش گۈلسۈم! بىز ئەمدى مەڭگۈ كۆرۈشەلمەيمىز. سىز بولسىڭىز باشقا يات بىراۋ بىلەن ئۆتىسىز، ئۆزىڭىزنى

ئاسراڭ، ئازابلانماڭ، چىداملىق بولۇڭ، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن. مەن ئەمدى كېتەي، مەن ئازابلارنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ، كەلمەسكە كېتىمەن. خەير — خوش، ئامان بولۇڭ» دېدى دېرىزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ كۆز — ياشلىرىنى تۆككىنىچە. ئۇ، بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك، يەنە بىر هازا دېرىزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئەس — هوشىنى يوقاتقان هالدا بېشىنى سىلىپ يانغا بۇرۇلدى. ئۇ، شۇندىلا خېلىدىن بېرى يېنىغا كېلىپ تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— سىز ... سىز كىم بولىسىز!؟

يىگىتمۇ جىددىيلىشىپ قالدى:

— مەن ... مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ مەهەللىدە، سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىشىم، — دېدى ئۇ، — سىز گىتارنى كارامەت ياخشى چالىدىكەنسىز.

— بىراق، بۇنىڭ ئەمدى ئەهمىيىتى قالمىدى. سىز بىلەمسىز؟ ناخشا دېگەن ئويناق يۈرەكتىن، شادلىققا تولغان قەلبتىن چىقىدۇ. مەن بولسام ئۆلگەن ئادەممەن. بايىقى ناخشىنى بەلكىم مېنىڭ روهىم ئېيتقاندۇ. ئەمدى بۇنداق ناخشا ئەبەدىي ئاڭلانماس.

— مەنمۇ تۇيۇۋاتىمەن، قەلبىڭىزدە چوڭقۇر بىر دەرد — ئەلەمنىڭ بارلىقىنىمۇ سېزىۋاتىمەن. ئەگەر خالىسىڭىز كۆڭلىڭىزدىكىنى دېگەن بولسىڭىز، قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلغان بولاتتىم.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەهمەت. هازىر هەممە ئىش تۈگىدى. هەرقانداق ياردەممۇ بۇنىڭغا كار قىلمايدۇ. ئەمدى بەرىبىر مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇنداق دېمەڭ، يەنە مۇمكىنچىلىكىمۇ بولۇپ قالار.

سىز ئاۋۋال كۆڭلىڭىزدىكىنى دەپ باقمامسىز؟

— ياق، بۇنى ئەمدى دېيىشىنىڭمۇ ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى يوق. يەنە كېلىپ مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىشنى دېسەم تولىمۇ ئەدەپسىزلىك بولار،— دېدى ئۇ ئىچ — ئىچىدىن ئازابلانغانچە،— مەن بۇنى ھېچ كىشىگە دېمەسلىكىم، ھەممە ئازابنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىشىم كېرەك. ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، خەير ـخوش، ئامان قېلىڭ — ... ناخشىچى يىگىت ئاشۇنداق دېدى — دە، بېشىنى سالغىنىچە مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىغان چىغىر يولنى بويلاپ ئىتتىك يۇرۇپ كەتتى.

يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە ئويلىنىپ قالدى: «ئۇنىڭ بىلەن گۈلسۈم ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت باردۇ؟ ئۇلار ياكى ... ھەي، بۇ ئەمدى تاماقتا چۈشىن چۈشكەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ؟ بۇ سىرنى قانداقلا بولمىسۇن بىلىپ بېقىش كېرەك. ئۇ ناخشىچى نەگە بارار؟ يا ئۇ راستىنلا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشارمۇ؟ ياق، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىشكە بولامدۇ؟» يىگىت بۇلارنى ئويلاپ قانداقتۇر بىر ۋەھىمىلىك چۈش كۆرگەندەك چۆچۈپ كەتتى — دە، دەرھال ناخشىچى يىگىتنىڭ كەينىدىن يۇگۈردى ۋە ئانچە ھايال بولمايلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، سىز تېخى ياش. ھەرقانداق ئېغىر ئەھۋال بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى ئالدىراپ يوقىتىپ قويماڭ، قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئازاب بولمايدۇ. ھەرقانداق كىشى ئازابقا يولۇقۇپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا قۇربى يەتمەي ئاجىزلىق قىلسا، ئۇ چاغدا ھامان باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىدۇ. شۇڭا مېنىڭمۇ سىزنىڭ

كۆڭلىڭىزدىكىنى بىر بىلىپ باققۇم بار.
— ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار. ھازىر بۇنىڭغا ھەرقانداق ياردەممۇ كار قىلمايدۇ، — دېدى ناخشىچى يىگىتمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — شۇڭا بۇنى دېمىگىنىم تۈزۈك. بۇ بەربىر مۇمكىن ئەمەس.
— قېنى، ئاۋۋال سىز دەپ باقمامسىز. ھەرقانداق ئېغىر ئەھۋال بولسىمۇ بىرەر ئامال بولۇپ قالار.
ناخشىچى يىگىت بىر ھازا گەپ قىلماي شۈك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئاسمانغا قاراپ ئىچىگە سىغمايۋاتقان دەرد — ئەلەمنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك ئاھ ئۇردى. ئۇ:
— ھەي، بۇ ئىشنى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە دېمەسلىكىم كېرەكتى. ۋاقىتمۇ ئۆتكەن، دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئەڭ ياخشىسى ھەممە ئازابنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ كەتسەملا ئوبدان بولاتتى، — دەپ، سۆزلەشكە تىلى بارماي يەنە بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ دېدى، — بىراق سىز تولىمۇ سوراپ كەتتىڭىز، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىز مېنى ئامالسىز قالدۇرۇۋاتىدۇ. سىز مۇشۇ تۈن كېچىدە شېرىن ئۇيقۇڭىزنى تاشلاپ، مېنىڭدەك باش — پاناھسىز بىر يېتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېنىمغا چىقىپسىز، يەنە تېخى مېنىڭ بۇ ئازابلىق ھالىمغا ھېسداشلىق قىلىۋاتىسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت. مەن دەپ بېرەي، بىراق سىزدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئىش بار.
— قېنى سۆزلەڭ.
— مەن سىزگە دەيدىغان ئىشنى باشقا ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك.
— ماقا ئىشىنىڭ، چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى توي قىلغان يىگىتمۇ قەتئىي قىلىپ.

— سىز بايا، مەن مۇشۇ مەھەللىلىك دېگەنمىدىڭىز؟ ئۇنداقتا سىزمۇ بىلسىڭىز كېرەك، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ناخشىچى يىگىت، — كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئەنە ئاۋۇ دېرىزىدىن چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ئۆيدە بۈگۈن توي بولدى. تويى بولغان قىزنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟ ئۇنىڭ ئىسمى گۈلسۈم بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەن بىر مەھەللىلىك. بىز گۈلسۈم بىلەن كىچىككىمىزدىن تارتىپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. بىز يېقىن قوشنا بولۇپ ئولتۇراتتۇق. ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ قويۇق ئىدى. مەن يالغۇز بالا ئىدىم. شۇڭا ھەر ئىككى ئائىلە ئۆز ئۆيۈمگە ئوخشاش بىغەم كىرىپ ئويناتتىم. گۈلسۈم مېنىڭدىن ئىككى ياش كىچىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بىز بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. بىر پارتىدا ئولتۇراتتۇق، بىرگە تاپشۇرۇق ئىشلەپ، بىرگە ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بىز بىر — بىرىمىزگە كۆيۈنەتتۇق، ھەتتا بىر تال كەمپىتنىمۇ يالغۇز يېمەي تەڭ يەيتتۇق، بىللە ئوينايتتۇق. بىز باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەنە شۇنداق غەمسىز، كۆڭۈللۈك ئوقۇپ تۈگىتىپ تولۇقسىزغا چىقتۇق. مانا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بىزنىڭ بىلىمگە بولغان ئىشتىياقىمىز تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى. قەلبىمىزنى تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، كۆپ بىلىم ئىگىلەپ كەلگۈسىدە ۋەتەنگە، خەلققە يارامىلىق ئادەم بولۇش ئىستىكى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن بىز زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆگەندۇق. بىز مەيلى دەرس تەكرارلايلى، مەيلى تاپشۇرۇق ئىشلەيلى، مەيلى سەيلە — ساياھەتكە چىقايلى، دائىم بىرگە بولاتتۇق. قىسقىسى، بىز بىر — بىرىمىزدىن ئايرىلماس، ئىجىل قوشماقلاردىن ئىدۇق. ھەي، ئۇ چاغلار قانداق كۆڭۈللۈك چاغلار ئىدى — ھە! بىراق، ئۇ چاغدىكى بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز پەقەت ساۋاقداشلىق، دوستلۇق مۇناسىۋىتىلا

ئىدى. پەقەت، تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىلىغا كەلگەندىلا، بىزدە مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى ھېسسىياتى بىخ ئۇردى. بىز شۇنداقتىمۇ ھېسسىياتىمىزنى ئوقۇغۇچىلىق ئەخلاق، ئىنتىزام بىلەن چەكلەپ، گۈزەل ئىستىقبال ئۈچۈن ئۆگىنىشكە قىلچىلىكمۇ تەسىر يەتكۈزمىدۇق. بىزدە پەقەت بىر — بىرىمىزدىن «مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» دەيدىغان بىر ۋەدە بار ئىدى، بىلەمسىز؟ بىراق، ھازىر بىزنىڭ ئۇ ۋەدىمىز نېمە بولۇپ كەتتى — ھە! ؟ تەقدىر، تۇرمۇش نېمىدېگەن رەھىمسىز، ئۇ ئادەمنى نېمە كويلارغا سالمايدۇ دەيسىز — ...

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ناخشىچى يىگىتنىڭ بېشى سىلىنىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ بىر ھازا جىمىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز گۈلسۈم بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئاخىرقى يىلىغىچە بىرگە كۆڭۈللۈك ئوقۇدۇق. شۇ يىلدىن باشلاپ، مېنىڭ پېشانەم تەتۈر كېلىپ بېشىمغا بىر مۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەر كەلدى. ئەجەلنىڭ شۇم ئوقى تاسادىپىيلا مېھرىبان، كۆيۈمچان ئاپامنى بۇ پانىي دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. مەن ئاتام بىلەن قالدىم. بۇ ئىش ئاتام بىلەن ئىككىمىزگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. كۈن — تۈنلەپ كۆز — يېشىمىز زادىلا قۇرۇمىدى. بولۇپمۇ بۇ قايغۇ — ئەلەم ئاتامغا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. چۈنكى، ئۇزۇندىن بېرى ئاتامنىڭ ساقلىقىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. مەن ئېسىمنى بىلسەملا، ئاتام دوختۇرخانىدىن بېرى كېلەلمەيدىكەن. كېيىن ئاپامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئاتامنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا باشقىلار قاتتىق ئۇرغان ئىكەن. شۇندىن بېرى بىچارە ئاتام كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ ھالىمىزدىن خەۋەر ئالغان بىردىن — بىر ئادەم ئەنە شۇ گۈلسۈم ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆيىمىزگە

كىرىپ تامىقىمىزنى ئېتىپ، ئۆي، هويلا — ئاراملارنى تازىلاپ، كىر — قاتلارنى يۇيۇپ بېرەتتى — ... يىگىت سۆزىدىن توختاپ يەنە كۆككە باقتى. بۇ چاغدا ئاي بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. يىگىت چوڭقۇر ئاھ ئۇرغىنىچە يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاھ خۇدا! ئاھ تەقدىر، سەن نېمە دېگەن رەھىمسىز — ھە!؟ سىز بىلەمسىز، مەن شۇندىن بېرى ئوقۇشتىن قالدىم. گۈزەل ئارزۇ — ئىستەكلىرىممۇ بىر چەتكە قايرىلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە مەن ئاتامنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدىم، كۈنبويى كۆزۈمدىن يېشىم قۇرۇمايتتى. بىزنىڭ ھالىمىزغا قاراپ گۈلسۈممۇ ئازابلىناتتى. بىزگە مېھىر — شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئاتا — بالا ئىككىمىزنىڭ كۆڭۈل ئېتىزىمىزنى سۇغۇرۇپ ياشنىتاتتى، — ناخشىچى يىگىت يەنە سۆزىدىن توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ تۇرغان يىگىتمۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئۇنتۇتقانىدى. ئۇمۇ كۆزىدىن بىر نەچچە تامچە ياشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

— شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، — يىگىت گېپىنى باشلىغان بولسىمۇ، يەنە داۋاملاشتۇرالماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ داۋام قىلدى، — ئاخىرى بىچارە ئاتام ساقىيالماي مېنى تىكەندەك يالغۇز قالدۇرۇپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. مەن ئەس — ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا، كۈن — تۈنلەپ ئاتام بىلەن ئاپامنىڭ تۇپراق بېشىنى ئايلىنىپ، تۇپراقنى تاتىلاپ زار — زار يىغلاپ چىقاتتىم. تولا چاغلاردا قولۇم — قوشنىلار مېنى تۇپراق بېشىدىن قايتۇرۇپ كېلەتتى. گۈلسۈم بولسا دائىم دېگۈدەك مېنىڭ ئەتراپىمدا پەرۋانە ئىدى. مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ قايغۇ — ئەلەم گۈلسۈمنىمۇ خېلىلا

ھالىدىن كەتكۇزدى. مىنىڭ ئازابىم ئۇنىڭ ئازابى، مىنىڭ يىغام ئۇنىڭ يىغىسى، مىنىڭ كۆز — يىشىم ئۇنىڭ كۆز — يىشى ئىدى. مىنىڭ قايغۇ — ئەلەمگە تولغان مىسكىن كۆڭلۇم پەقەت گۇلسۇم ئارقىلىقلا تەسەللىي تاپاتتى. مىنىڭ گۇلسۇمدىن باشقا ھىچكىمىممۇ يوق ئىدى. مىنىڭ باش — پاناھسىز يىتىم بىشىمنى سىيلايدىغان، كۆڭۈل ئازابىمغا داۋا بولۇپ ھالىمغا يىتىدىغان بىردىن — بىر ئادىمىم شۇ گۇلسۇم ئىدى. ئۇ ماڭا كۆيۇنەتتى، ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى، ماڭا دائىم مىھىر — شەپقەت يەتكۇزەتتى. مىنىڭ ئەمدى بۇ دۇنيادىكى خۇشاللىقىم شۇ گۇلسۇم ئىدى ... -ناخشىچى يىگىت سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا يىنىدا تۇرغان يىگىتكە قاراپ چۆچۇپ كەتتى، — سىزگە نىمە بولدى، يا سوغۇق تىگىپ قالدىمۇ، تىترەۋاتقاندەك قىلىسىزغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ياق — ياق، ئۇنداق ئەمەس. كەچۇرمىشىڭىز ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئىكەن. قىنى داۋامىنى سۆزلەڭ، — دىدى گۇلسۇمنىڭ يولدىشى بولغان يىگىتمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ. ئۇ كۆڭلىدە بىر تەرەپتىن بۇ يىگىتنىڭ ئازابلىق كەچۇرمىشىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئازابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن گۇلسۇم بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يىقىنچىلىق مۇناسىۋىتىگە ھەسەت قىلىپ ئازابلىنىۋاتاتتى.

— بولىدۇ، مەن سۆزلەي. ئەسلىدە بۇنى سۆزلىمەسلىك كىرەك ئىدى. بىراق، سىزمۇ قىستاپ قالدىڭىز. بوپتۇ، سۆزلىگەندىن كىيىن ئاخىرىغىچە سۆزلەي. بىراق، بۇنى باشقىلارغا دىمەسلىكنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

— مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن. مەن سىزگە دىسەم گۇلسۇم بىلەن ئىككىمىز بىر — بىرىمىزگە ھەقىقەتەن ۋاپادار،

ساداقەتمەن ئىدۇق. گۈلسۈم ماڭا قارىغاندا كۆپ ئەقىل — پاراسەتلىك ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغان. ئۇ شۇ ئىقتىدارى بىلەن بىرەر ئۇنىۋېرسىتېت ياكى ئىنستىتۇتقا ئوقۇشقا كىرىپ، ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆزىنىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. بىراق، بىزنىڭ ئائىلىمىزگە، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ دەرد — ئەلەم، قايغۇ — ھەسرەت تۈپەيلىدىن گۈلسۈم يۇقىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى تىلغا ئالماس بولدى. مەن ئۇنىڭ مېنى دەپ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى يوقاتماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايتا — قايتا بىر نەچچە رەت نەسىھەت قىلدىم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى پەقەت ئاڭلاپلا قويدى، خالاس. بۇنىڭغا يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ گەپ قىلمىدى. ئەكسىچە گەپنى ئەگىتىپ باشقا ياقلارغا ئېلىپ قاچتى. كېيىن مەنمۇ ئۆز گېپىمدە چىڭ تۇرۇۋالدىم. چۈنكى، مەن ئۆزۈمنى دەپ ئۇنىڭ بەختىگە ئولتۇرۇۋالسام، بۇ تولىمۇ رەھىمسىزلىك بولمامدۇ؟ ئاخىرى گۈلسۈم ماڭا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى. ئاندىن ماڭا: «مەن بۇرۇن شۇنداق ئويلايتتىم. بىرەر يۇقىرى مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىراق، ئەمدى مەن ئوقۇمايمەن، ئەگەر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم دېسەممۇ، ھامان ئىككى كۆزۈم كەينىمدە قالىدۇ. سىز بولسىڭىز ھازىر باش — پاناھسىز، ئىگە — چاقىسىز قالدىڭىز. مەن كەتسەم سىزنىڭ ھالىڭىزدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ ھەر كۈنى ئۈچ ۋاق قورسىقىڭىز ئاچسا كىملەرنىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرۈپ، كىملەرنىڭ قولىغا قارايسىز؟ مەن مۇشۇ كۈنلەردە ھەر قېتىم تاماق ئالدىمغا كەلسە ئاۋۋال يادىمغا سىز كېلىسىز. سىزنى نەدە يۈرىدىغاندۇ، قورسىقى ئاچمىدۇ، توقمىدۇ دەپ

گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. مەن بۇ هالدا قانداقمۇ ئوقۇيالايمەن؟
» دېدى. ئاندىن يىغلاپ تۇرۇپ يەنە: «مېنى ئەمدى ئوقۇشقا قىستىماڭ، مەن ئوقۇماي ئۆمۈر بويى سىزنىڭ هالىڭىزدىن خەۋەر ئالىمەن» دەپ زادى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. مېنىڭ نەسىهەتلىرىمنىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى. قاراڭە، ئۇ نېمە دېگەن ۋاپادار، ساداقەتمەن، كۆيۈمچان، مېهرىبان قىز — هە! ؟

— بىز شۇنداق قىلىپ گۈلسۈم بىلەن يەنە بىر نەچچە يىل ياشاپ كەلدۇق. بۇنداق دېسەم بۇنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. گۈلسۈم ئەخلاق جەھەتتىن تەڭداشسىز ئېسىل پەزىلەتلىك. بىز كىچىكىمىزدىن بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بولساقمۇ، بىر — بىرىمىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈشسەكمۇ ئوتتۇرىمىزدا يەنىلا چوڭقۇر هۆرمەت بار ئىدى. بىر — بىرىمىزگە قىلچىمۇ بىهۆرمەتلىك قىلغان ئەمەس. بىز بەزى هاللاردا بىر — بىرىمىزگە ئۆزىمىزنى تاشلاپ يىغلاپ كەتكەندىمۇ، قولىمىزنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقان ئەمەس.

گۈلسۈمنىڭ ئائىلىسى بىلەن مېنىڭ ئائىلەم بۇرۇنلا ياخشى ئۆتۈپ كەلگەچكە ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرى مېنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك كۆرەتتى. مەن تولا چاغلاردا بۇ ئائىلىدە بولاتتىم. بىراق، كېيىنكى كۈنلەردە، گۈلسۈمنىڭمۇ قولىقىنى قىزىتىپ ئۆيەر — بۇيەردىن لايىق كەلگىلى تۇردى. گۈلسۈم ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇ ئامالسىز كۆڭلىدىكىنى ئايىسىغا دېدى. بۇنىڭ بىلەن گۈلسۈمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ماڭا بولغان قارىشى بىردىنلا ئۆزگەردى. مەنمۇ شۇندىن بېرى ئۇ ئائىلىگە كىرىشكە پېتىنالمايدىغان بولدۇم. ئاتا — ئانىسى گۈلسۈمنىڭمۇ مەن بىلەن ئۇچرىشىشىغا يول قويماس بولدى. بىز كېيىن گۈلسۈم بىلەن تولىمۇ ئاز ئۇچرىشىدىغان بولدۇق. بىراق، بىز

ئۆچراشقاندا بۇ ئىشقا نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى بىلمەيتتۇق. شۇ چاغدا بىزنىڭ يىغلاشتىن باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمەيتتى. گۈلسۇم بولسا ئاجىز بىر قىز. مەن بولسام بىر يېتىم، بىر نەچچە شىرەم تۇغقانلىرىم بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سايىسىمۇ ئارانلا ئۆزىگە چۈشەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئىشنىڭ يولىنى ئاز — تولا بىلىدىغان شىرەم تۇغقانلىرىمىزنىڭ بىرىگە ئۆز ئەھۋالىمنى دەپ گۈلسۇمنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچىلىككە كىر گۈزدۈم. بىراق، گۈلسۇمنىڭ ئاتا — ئانىسى مېنى «ئىگە — چاقىسىز، ئۆرۈلۈپ چۈشسە يۆلىۋالىدىغان ئادىمى يوق، ھال — ئوقىتى ياخشى ئەمەس، قىزىمىزنى ئۇنىڭغا بەرسەك ئۆمۈر بويى جاپا تارتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپ قاراپ، گۈلسۇمنى ھال — ئوقىتى ياخشى، ھەممە نەرسىسى تەل، تۇرمۇشى باياشات بىر ئائىلىگە بەرمەكچى بولۇپ بىرلىككە كېلىشىپتۇ. بۇنىڭدىن گۈلسۇم ئازابلىنىپ ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، ھەتتا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ئۆلىۋالماقچى بوپتۇ. ھەي بىچارە، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەيسىز. ئۇ بەرىبىر قىزبالا — دە. گۈلسۇم ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك قىز ئىدى. ئاھ گۈلسۇم! سىز مۇشۇ تاپتا نېمە ھالەتتىدۇرسىز؟ ئاھ خۇدا، ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ مەڭگۈ بەختلىك قىلغايسەن، — ناخشىچى يىگىت گەپتىن توختاپ ئازابلىق ئاھ ئۇرغىنىچە ئاسمانغا باقتى. ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆز — يېشى تاراملاپ تۆكۈلمەكتە. بۇ چاغدا تولۇن ئايمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ نۇرلۇق جامالىنى تولۇق كۆرسەتكەنىدى. ناخشىچى يىگىتنىڭ بۇ ئەلەملىك كەچۈرمىشلىرىنى زەن قويۇپ تىڭشاۋاتقان يىگىتمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئەس — ھۇشىنى يوقاتقانىدى. ناخشىچى يىگىت كۆز

— ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق بولسىمۇ، مەن گۈلسۈم بىلەن توي قىلماقچى بولدۇم. بىراق، ئائىلىسى زادىلا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. يەنە كېلىپ ئۇلار قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەندە نەدىمۇ توي قىلغىدەك پۇل بولسۇن دەيسىز؟ قېنى ئويلاپ باقمامسىز، مەندە مىڭ كويغا يېتىپ پۇل بولمىسا قانداقمۇ ئالدىراپ گۈلسۈم بىلەن توي قىلالايتتىم؟ مېنىڭ گۈلسۈم بىلەن توي قىلىشقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇربىم يەتمىگەن بىلەن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بۇ كەڭ ئالەمگىمۇ سىغمايتتى. ئۇنىڭمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. بۇگۈنگە كەلگەندە بولسا، گۈلسۈمنىڭ باشقا بىرى بىلەن توي قىلىشى ماڭا ئاتا — ئانامنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. سىز ئاڭلىدىڭىز، مېنىڭ كۆڭلۈم گۈلسۈمدىن سۇ ئىچىپ، ھاياتىم ياشناپ كەلگەن. ئەگەر گۈلسۈم بولمىسا، مېنىڭ ھالىم نېمە بولۇپ كېتەتتى؟ بىلەمسىز، مېنىڭ ئەمدى بۇ دۇنيادا گۈلسۈمدىن باشقا كىمىم بار ئىدى؟ ئاھ، تەقدىر نېمە دېگەن رەھىمسىز — ھە! ئەگەر مېنىڭ ئاتا — ئانام ۋە پۇلۇم بولغان بولسا بۇ ھالغىمۇ چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم، — ئۇ يەنە سۆزدىن توختاپ ئەلەملىك يىغلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا ھۇجرىدا خۇددى قەپەزگە سولانغان قۇشتەك ئازابلىنىپ، كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، دەككە — دۈككە ئىچىدە قالغان گۈلسۈممۇ بۇ يەرگە چىققانىدى. بىراق، گۈلسۈمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئىككى يىگىت ئۆز ھالى بىلەن بولغاچقا تۇيمىدى. قىز بىر تۇپ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغىنىچە، ئالدىدا تۇرغان ئىككى يىگىتكە سەپ سالغاچ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

ناخشىچى يىگىتنىڭ يىغىسى تېخى توختىمىغانىدى.

ئۇنىڭ تۇرقى كىشى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىكى ئەڭ ئازابلىق قىياپىتىنى ئەسلىتەتتى.

گۇلسۇم بىلەن توي قىلغان يىگىتنىڭ ھالىمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھالىدىن قېلىشمايتتى. ئۇنى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان بۇ تاسادىپىيلىق خۇددى بېشىدا چاقماق چاققاندەك گاڭگىرىتىپلا قويدى. ئۇ بۇ ئىشقا نېمە دېيىشنى، قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى زادىلا بىلەلمىدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ، بېشى قېيىپ، قۇلاقلىرى غۇڭۇلداپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى ئاز قالدى. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى. «ئاھ، بۇ ئىش نېمە بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ ھەي، بۇ ئىشنى نېمىشقىمۇ باشتا ئوبدانىراق سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغاندىمەن؟ مەنمۇ گۇلسۇمنى ياخشى كۆرىمەن. يەنە كېلىپ بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدىم. بىراق، ئۇنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى ئاللىقاچان باشقا بىراۋغا چىگىلىپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن ئۇنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەممۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايمەن. مەن ئۇنى ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرىمەنمۇ دەي، بىراق، چاۋاكمۇ بىر قولدىن چىقمىغاندەك، ئۇ دائىم شۇنداق ئازاب ئىچىدە ئۆتسە مېنىڭلا ياخشى كۆرۈشۈم نېمىگە ئەرزىيدۇ؟ مەنمۇ ئۆمۈربويى كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتمەمدىمەن؟ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار — ھە! بۇ يىگىتنىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟ مۇبادا بۇ يىگىت مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزىنى يوقىتىپ قويسا، بۇنىڭ قىساسىغا كىم جاۋاب قىلىدۇ؟ ھەي بەزى كىتابلاردا ئېيتىلغان ‹ھەقىقىي مۇھەببەتنى پۇلغا سېتىپ ئالغىلى بولمايدۇ› دېيىلگىنىمۇ ھەقىقەتەن راست ئىكەن — دە. بۇلارنىڭ بىر — بىرىگە بولغان مۇھەببىتى نېمە دېگەن چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك — ھە!؟ ئاھ خۇدا، بۇ نېمە دېگەن ئازابلىق ئىش. مەن نېمە دېگەن بەختسىز، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟!»

— مەن بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بىئەدەپلىك قىلدىم، — دەپ

سۆزىنى باشلىدى يەنە ناخشىچى يىگىت، — ئەسلىدە ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە ئۆتكەن ئىشلارنى دېيىشىنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ سىزمۇ كۆپ ئازابلاندىڭىز، كۆڭلىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن. مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن. بىراق، ھازىر مەن ئۈچۈن بۇنى بىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. مەن سىزگە ھەممە گەپنى دېدىم. مەن سىزگە ئىشىنىمەن. بۇنى سىزدىن بۆلەك ھېچكىم بىلمىسۇن. مەن گۈلسۈمنىڭ بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ خۇشال تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. خەير — خوش، ئامان بولۇڭ. مەن ئەمدى كېتەي، — ئۇ ئاخىرقى كۆز — ياشلىرىنى تۆككىنىچە شۇنداق دېدى — دە، يورۇق چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىگە بىردەم قارىۋالدى، ئاندىن بېشىنى سىلىپ ماڭماقچى بولۇپ بۇرۇلدى.

— توختاڭ، سىز كەتمەڭ! — دېدى توي قىلغان يىگىت جىددىي قىلىپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ، — سىز مۇشۇ تاپتا نەگە كېتىسىز؟

— بارىدىغان يېرىمنى بۇرۇنلا بەلگىلەپ قويغان. بىراق، مۇشۇنداقلا كېتىشكە كۆڭلۈم زادى ئۇنىمىدى. گۈلسۈمنىڭ ئاياق ئىزلىرىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈپ، گۈلسۈم بىلەن جۆر بولۇپ ئېيتقان ناخشىلارنى بىر ئېيتىۋالاي دەپ كەلگەنىدىم. گۈلسۈم بىلەنمۇ خوشلاشتىم. بۇ يەرگە كېلىشىم بەلكىم ئەدەپسىزلىكتۇر. بۇنى سىز كۆردىڭىز، سىزمۇ مېنى كەچۈرۈڭ، خوش، ئەمدى مەن كېتەي.

— ياق، ياق، توختاپ تۇرۇڭ، — يىگىت ئۇنى يەنە توستى. — ئەگەر مەن سىزگە بىر يول كۆرسەتسەم، دېگىنىمگە كۆنەرسىزمۇ؟

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت. ئەمدى ھەرقانداق يولنىڭمۇ ھاجىتى يوق. «جان چىققاندا ياسىنىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟»

— سىز ئۇنداق دېمەڭ، بۇ ئىشنى ھازىر ئوڭشاشقىمۇ

مۇمكىن بولۇپ قالار.

— نېمە، ئوڭشاش؟ ھا، ھا، ھا! — بۇ گەپتىن ناخشىچى يىگىت ئەقلىدىن ئازغان كىشىدەك كۆككە باقفىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۈلكە دېسىمۇ، يىغا دېسىمۇ بولاتتى.

— نېمە، سۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتامسىز!؟

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ زادى مۇمكىن ئەمەس!

— گۈلسۈم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتى ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىكەن، قانداقمۇ ئايرىۋەتكىلى بولسۇن؟

— بەلكىم ئېيتقانلىرىڭىز توغرىدۇ، بەزىدە قىسمەن پۇلى كۆپ كىشىلەر مۇھەببەتنى سېتىپ ئالالمىسا، بۇلاپ بولسىمۇ ئالىدۇ. گۈلسۈمنىڭ ئىشىمۇ شۇنداق بولۇۋاتامدۇ، — ئۇ بىر ئاھ ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن دېدى، — ئاڭلىشىمچە گۈلسۈمنى ئالغان يىگىتنىڭ ئائىلىسى ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە ئىكەن، ئۆيىنىمۇ باشقىلار تەڭلىشەلمىگۈدەك دەرىجىدە ياخشى بېزەپتۇدەك.

بۇ گەپلەردىن يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ سەسكىنىپ كەتتى.

— بەلكىم ئۇ ئائىلە شۇنداقتۇ، بىراق گۈلسۈم بىلەن توي قىلغان يىگىت ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق باردۇ؟

— شۇنداق دېگەندىمۇ بەرىبىر بۈگۈن گۈلسۈمنىڭ تويى بولدى. بىچارە گۈلسۈم شۇ تاپتا قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىدىغاندۇ؟ يىگىتى ئۇنىڭ رايىغا باقارمۇ؟ ئاھ خۇدا! مېنىڭ گۈلسۈمىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ ئۇنى بەختلىك قىلغايسەن.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلاۋاتىدۇ. گۈلسۈمنىڭ يىگىتى تېخى ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمىدى. ھەتتا تېخى ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدى. يىگىتى چوقۇم ئۇنىڭ رايىغا باقىدۇ.

— سىز، سىز بۇنى قانداق بىلىسىز؟ سىز زادى كىم بولىسىز؟ — ناخشىچى يىگىت چۆچۈگىنىچە جىددىيلىشىپ

سورىدى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، تولا جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، — دېدى گۈلسۇم بىلەن توي قىلغان يىگىت ئۆزىگە ھاڭ — تاڭ بولۇپ تىكىلىپ تۇرغان ناخشىچى يىگىتنىڭ مۈرىسىنى بوشقىنا تۇتۇپ، — مەن گۈلسۇم بىلەن توي قىلغان يىگىت بولىمەن، — دېدى تەسلىكتە. ئۇ بۇ گەپنى ئېيتقاندا، ئاۋازىمۇ ئادەتتىن تاشقىرى تىترەپ كەتتى. گەپنىڭ ئاخىرى چىققىچە ناخشىچى يىگىت قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، قولىدىكى گىتار داراڭلاپ چۈشۈپ كەتتى.

— نېمە، سىز گۈلسۈمنىڭ يولدىشى بولامسىز! ؟ ھە — ي ... مېنى كەچۈرۈڭ! مەن ئالدىڭىزدا تولىمۇ دۆتلۈك قىلىپتىمەن. سىزگە بىھۆرمەتلىك قىلىپتىمەن، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، گۈلسۇم ھەقىقەتەن ياخشى قىز. ئۇنىڭغا ئىشىنىڭ، سىزنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن، — ئۇ گۈلسۈمنىڭ يولدىشىدىن ئەپۇ سورىدى.

— ئەيىپ سىزدە ئەمەس مەندە. سىز دېمىسىڭىزمۇ مەن زورلاپ دېگۈزدۇم. يەنە كېلىپ ئۇ يامان ئىش ئەمەسقۇ؟

ناخشىچى يىگىت كۆڭلىدىكى گەپلەرنى باشقا بىراۋغا ئەمەس دەل گۈلسۈمنىڭ يولدىشىغا دەپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا، گىتارنى تاشلاپلا ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.

گۈلسۈمنىڭ يولدىشىمۇ دەرھال يەردىن گىتارنى ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى ۋە بىر ھازا يۈگۈرۈپ ئاران دېگەندە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى — دە، ئالدىنى توستى.

— مېنىڭ ئالدىمنى توسماڭ! — ناخشىچى يىگىت توۋلىدى، — مېنى ئۆز ئەركىمگە قويۇۋېتىڭ. سىز زادى مېنى نېمە قىلماقچى! ؟

— مەن سىزنى ھېچنېمە قىلمايمەن. پەقەت سىلەرنى يەنە بىرگە ياشىسۇن دېمەكچىمەن، — يىگىت بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقارغاندا ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتتى. كۆزىدىن بىر

نەچچە تامچە ياش تاراملاپ سىمابتەك دومىلاپ چۈشتى. ئۇ شۇ تاپتا قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. گۈلسۇم بۈگۈن سىزنىڭ ئەمرىڭىزگە ئۆتتى. ئۇ ئەمدى مەڭگۈ سىزگە تەئەللۇق، ئۇ سىز بىلەن ياشىشى كېرەك. مەن سىزگە ئىشىنىمەن. سىز چوقۇم گۈلسۇمنى بەختلىك قىلالايسىز، — دېدى ناخشىچى يىگىت.

شۇ ئەسنادا بۇ يەرگە گۈلسۇممۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەر ئىككى يىگىت ئوچۇقچىلىقتا كۆرۈپ قالدى — دە، ھەر ئىككىسى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇپ «گۈلسۇم!» دېگىنىچە تەڭلا ئالدىغا ئىنتىلدى. بىراق، ھەر ئىككى يىگىت دەرھال نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھودۇقۇشۇپ تۇرۇپ قالدى. گۈلسۇمنىڭ بۇلاقتەك كۆزىدىن ياش قۇيۇلماقتا. ئۇ لام — جىم دېمەي، خۇددى گۇناھكار كىشىدەك بېشىنى ئېگىپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئەتكىنىچە يىغلايتتى.

— گۈلسۇم ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان يىگىت تەسەللىي بېرىپ، — مەن ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى بۇرۇن پەقەت ئۇقماپتىمەن. ھازىر مەن ھەممىنى بىلدىم. ئەمدى يەنە داۋاملىق سىلەرنى ئازابلاشنى خالىمايمەن. سىلەرنىڭ بىر — بىرىڭلارغا بولغان مۇھەببىتىڭلار ھەقىقەتەن چوڭقۇر ئىكەن. سىلەر ئەسلىدە بىر — بىرىڭلاردىن ئايرىۋېتىشكە زادىلا بولمايدىغان بىر جۈپ ئىكەنسىلەر، — دېدى. ئاندىن يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمانغا باققىنىچە چوڭ بىر ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — مەن سىلەرنىڭ بۇنداق پاك، چىن مۇھەببىتىڭلارنى ھۆرمەتلىشىم كېرەك، — دېدى.

— ياق، ياق، سىز ئەمدى ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى ناخشىچى يىگىت گۈلسۇمنىڭ يولدىشىغا، — سىلەر توي قىلغان ئىكەنسىلەر، چوقۇم بىرگە ئۆتۈشۈڭلار زۆرۈر. سىزگە

كۆپ رەھمەت. سىز ئاجايىپ پەزىلەتلىك يىگىت ئىكەنسىز.

— ياق، ياق، پاك مۇھەببىتىڭلار مېنى تەسىرلەندۈردى.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئىككى يىگىت بىر — بىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قېلىشتى.

گۈلسۈم بولسا يۈزىنى قولى بىلەن ئەتكىنىچە ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

ھەر ئىككى يىگىت گۈلسۈمگە يالت قىلىپ قارىدى. بىراق گۈلسۈم گەپ قىلالمىدى.

ئاھ، گۈلسۈم، شۇ تاپتا سىز بۇ ئىشقا نېمە دەرسىزكىنتاڭ!؟ قاراڭ، ئالدىڭىزدا بىر — بىرىدىن قېلىشمايدىغان ساداقەتمەن، ۋاپادار، پەزىلەتلىك بىر جۈپ يىگىت تۇرۇپتۇ. ئەمدى سىز ئۇلاردىن قايسىسىنى تاللايسىز؟

مۇھەممەت شاھنىياز

# روسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيسى①

مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى قازان شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى تېزلا سېتىپ بولدى. ئاندىن ئۇلار ئابدۇخالىقنى بىرگە ئېلىپ موسكۋا شەھىرىگە باردى. ئۇلار شەھەر مەركىزىدىكى بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. مىجىت ھاجى بىلەن مەخسۇت مۇھىتى ھەر كۈنى ئەتىگەندىلا مېھمانسارايدىن چىقىپ، ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ چوڭ شەھەردە سەيلە قىلغاچ، ئۇنىڭغا ھەممە يەرنى كۆرسەتتى.

ئابدۇخالىق بۇ چوڭ شەھەرگە كېلىپ، ئۆزىنى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئابدۇخالىقنى موسكۋانىڭ ئىككى قاسىنىقىدىكى ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان ئازادە، پاكىزە، ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭ كوچىلىرى، كوچىلاردا ئۇياقتىن بۇياققا تىنىمسىز قاتناۋاتقان چوڭ — كىچىك ماشىنىلار، بىر نەچچە ئات قوشۇلغان پەيتۇن، پوۋىسكىلار، كېتىۋاتقان خىلمۇ — خىل كىيىنگەن ئادەملەردىن كۆرە، رەتلىك كىيىنىپ، ئوقۇغۇچىلىق سومكىلىرىنى مۇرىسىگە ئېسىۋېلىشىپ مەكتەپكە كېتىۋاتقان شوخ، مەغرۇر رۇس بالىلىرى كۆپرەك قىزىقتۇردى.

ئۈچىنچى كۈنى، مىجىت ھاجى «چارچاپ قالدىم، ياتاقتا ئارام ئالاي» دەپ مېھمانسارايدا قالدى. مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر دوقمۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ

قالدى. مەيدانغا تۆت چاسا يوغان — يوغان قىزىل خىش يېپىتىلغانىدى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە ھەيۋەتلىك بىر بىنا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئابدۇخالىق ئۇ بىناغا قىزىقىپ سورىدى:

— مەخسۇتكا، ئاۋۇ بىنا ئاجايىپ ئېگىز، چىرايلىق ئىكەنغۇ، ئۇ كىمنىڭ؟

— ئۇ كىرىمىل سارىيى، بۇرۇن ئۇ يەردە روسىيىنىڭ پادىشاھلىرى تۇرۇپتىكەن. كېيىنكى زامانلاردا پېتىر I دېگەن پادىشاھ روسىيىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى پېتىربۇرگ شەھىرىنى بىنا قىلىپ، پايتەختنى شۇ شەھەرگە كۆچۈرۈپ كەتكەنىكەن،— دېدى مەخسۇت مۇھتى كېتىۋېتىپ. ئۇلار مەيداندا ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېرىپ قالدى. مەخسۇت مۇھتى مەيداننىڭ يېنىدىكى بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، پەلەمپەينىڭ بىر چېتىدە ئولتۇردى. ئابدۇخالىقمۇ مەخسۇت مۇھتىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى قانات قېقىپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى تۇرپانغا كەتتى. ئۇ كۆڭلىدە تۇرپاننى دەسلەپتە شەمەيگە سېلىشتۇردى. «ياق، تۇرپان شەھىرى شەمەيچىلىك يوق، شەمەيدىن كىچىك» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۈرۈمچىنىڭ دۆڭ كۆۋرۈكتىكى قايناق، ئاۋات بازىرى، بۇ بازاردىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ سەنشىخاڭزىغا تۇتىشىدىغان، ياز كۈنلىرى پاتقاقتا، قىش كۈنلىرى كۆك مۇزدا مېڭىش تەس بولغان ئەگرى — توقاي كوچىلىرى كەلدى. ئۇ ئۆزىچە ئۈرۈمچىنى موسكۋا بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردى — دە، كۈلۈۋەتتى. مەخسۇت مۇھتى چۆچۈپ ئابدۇخالىقتىن سورىدى:

— نېمىنى كۆردىڭىز؟ نېمىگە كۈلۈۋاتىسىز؟

— ئۆزۈمچە موسكۋانى بىزنىڭ ئۈرۈمچىگە سېلىشتۇرۇپ باقتىم، شۇڭا— ... ئابدۇخالىق ئوڭايسىزلىنىپ

قالدى.

مەخسۇت مۇھىتى قىزىقىپ سورىدى:

— ھە، سىزچە ئۇرۇمچى چوڭمىكەن، موسكۋامۇ؟

— موسكۋا ئۇرۇمچىدىن جىق چوڭكەن. راستىنى دېسەم، ئۇرۇمچى موسكۋانىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر بازارچىلىك بارمۇ نېمە؟ بۇنداق بازارلار موسكۋادا جىققەن. قارىسىلاچۇ، موسكۋا كوچىلىرىنىڭ كەڭ، تۈز، پاكىزلىقىنى، ئادەملىرى كوچىلارغا بىر نەرسە تاشلىمايدىكەن. تېخى كېچىلىرى كوچىلارنى كۈندۈزدەك يورۇتىدىغان ئېلېكتر چىراغلىرى بار ئىكەن. تۆنۈگۈن بىز ئارىلىغان كوچىدا، ساناپ باقسام چوڭ — كىچىك ئۈچ مەكتەپ بار ئىكەن. بىر كوچىدا ئىككى — ئۈچتىن مەكتەپ بولسا، موسكۋادا 40 — 50 تەك مەكتەپ بارمۇ — نېمە؟ — ئابدۇخالىق ھاياجان بىلەن سۆزلەيتتى.

— موسكۋادىكى مەكتەپلەر سىز مۆلچەرلىگەندىنمۇ كۆپمىكىن، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

— بىزنىڭ تۇرپاندا ئۆزلە ئاچقان مەخسۇدىيە مەكتىپىدىن باشقا بىرمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ بولمىسا، ئۇرۇمچىدىمۇ يوق تېخى، — دېدى ئابدۇخالىق ھەسرەت بىلەن.

مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ ئېغىر خۇرسىندى — دە، يانچۇقىدىن پاپىرۇسىنى چىقىرىپ، چېكىشكە باشلىدى.

— يۈرۈڭ، كوچا ئايلىنايلى، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى پاپىرۇسىنى چېكىپ بولۇپ. ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئانچە ئۇزاق ماڭماستىنلا، يىراقتىن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ۋارقىرىغان پېتى قولىنى پۇلاڭلىتىپ يېتىپ كەلدى.

— مۇھىتوف، ھاي، مۇھىتوف!

مەخسۇت مۇھىتى بىر قاراپلا ئۇ ئادەمنى تونۇۋالدى:

— لاتىپ، قەدىناس دوستۇم! — مەخسۇت مۇھىتى خۇشاللىقىدىن قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى.

ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە بىر — بىرىدىن ھال — ئەھۋال سوراشتى.

مەخسۇت مۇھىتى لاتىپ بىلەن بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن قازان شەھىرىدە تونۇشۇپ قالغانىدى. روسچىغا ئۇستا لاتىپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ روس سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىشىغا ياردەملىشىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن، بىر نەچچە سودا ئىشىغا ياخشى ياردەملەشكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار تېزلا يېقىنلىشىپ كەتتى. مەخسۇت مۇھىتى لاتىپتىن روسچە تىل يېزىقنى ئۆگەندى. ئەسلىدە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان بۇ تاتار يىگىت يازلىق تەتىلدە قازان شەھىرىدىكى ئائىلىسىگە قايتىپ، مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ، لاتىپنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاپىسى كەينى — كەينىدىن يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىپ قازا قىلىدۇ. ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنى داۋالىتىپ، كېيىن ئۆلۈمىنى ئۇزاتقان لاتىپ قەرزدار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن مەخسۇت مۇھىتى مەرتلىك بىلەن لاتىپنىڭ قەرزىنى تۆلىۋېتىدۇ، ھەمدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش باشلىنىشنىڭ ھارپىسىدا، ئۇنىڭغا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا يەتكۈدەك پۇل بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لاتىپ موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈپ، ھازىرمۇ موسكۋادىكى بىر مەكتەپتە فىرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

لاتىپ مەخسۇت مۇھىتى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ،

ئابدۇخالىق بىلەنمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەجەپ ئوماق بالىكەن، ئوغلىڭىزمۇ؟ ئىسمى كىم؟

— سورىدى لاتىپ.

— ئاكىمىز مىجىت ھاجىنىڭ نەۋرىسى، ئىسمى ئابدۇخالىق،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى،— مەن ئۇنىڭغا شەھەرنى كۆرسىتىپ يۈرۈپتىمەن.

— كەلگىلى ئۈچ كۈن بولسۇنۇ، ئۆيۈمگە پەتىگە كەلمەڭ، بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى لاتىپ سەل قېيدىغاندەك قىلىپ،— ھازىر ئۆي — ئوچاقلىق بولدۇم، بىر ئوغلۇم بار، خوتۇنۇم دوختۇرخانىدا ئىشلەيدۇ.

— ئىزدەي دەپ تۇراتتىم. تەلىيىمىزگە بۈگۈن مانا بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۆيىڭىز نەدە؟ — سورىدى مەخسۇت مۇھىتى.

— پوشكىن كوچىسىدا، ئىشلەيدىغان مەكتىپىمگە يېقىن، يۈرۈڭلار،— دېدى لاتىپ. ئۇ كېتىپ بارغان پوۋىسكىنى توختاتتى.

— قېنى مۇھىتوف، مەرھەممەت، ھە ئابدۇخالىق، سىز كوچىلارنى كۆرگەچ ماڭىسىز — دە، شۇڭا ئالدىدا ئولتۇرۇڭ، — لاتىپ شۇنداق دەپ ئابدۇخالىقنى پوۋىسكىغا چىقىرىپ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. مەخسۇت مۇھىتى بىلەن ئىككىسى كەينىدە ئولتۇردى.

— پوشكىن كوچىسى 85 — نومۇر، ھەيدەڭ،— دېدى لاتىپ. ئۈچ ئات قوشۇلغان پوۋىسكا مېڭىپ كەتتى.

— ھەيدەر سايرانى تىنچ — ئامان كېتىپ بارامدۇ؟ ئاچقان مەكتىپىڭلاردا قانچە بالا ئوقۇۋاتىدۇ؟ — سورىدى لاتىپ يولدا كېتىۋېتىپ.

مەخسۇت مۇھىتى ھەيدەر سايرانىنىڭ ساق — سالامەت

ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىنى ۋە مەخسۇدىيە مەكتىپىنىڭ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئوقۇ — ئوقۇتۇش ئەھۋالىنى لاتىپقا قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. لاتىپ گەپ ئارىلاپ ئەلى ئىبراھىموفنى سورىدى. مەخسۇت مۇھىتى:

— ئەلى ئىبراھىموف، تۇرپان يېڭىشەھەردە مانا بۇ ئابدۇخالىققا ئاز كەم ئىككى يىلغا يېقىن مۇئەللىم بولۇپ دەرس بەردى. ئابدۇخالىق تېخى يېقىندا ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى تاماملىدى،— دەپ ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ، بىر نەچچە كوچىلاردىن ئۆتۈپ، ئىككى قاسىنقى قۇيۇق دەل — دەرەخلەر بىلەن ئورالغان پوشكىن كوچىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

ئابدۇخالىق قۇيۇق دەل — دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، ئەتراپىدا گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بۇدۇر چاچلىق بىر ئادەمنىڭ ھەيكىلىنى كۆرۈپ سورىدى:

— مەخسۇتكا، ئاۋۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى تاشقا ئورنىتىلغان كىمنىڭ ھەيكىلى؟

مەخسۇت مۇھىتى جاۋاب بەرگۇچە، لاتىپ:

— ئۇ شائىر پوشكىنىنىڭ ھەيكىلى،— دېدى.

— شائىر بولسا بىر كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن،— دېدى ئابدۇخالىق قىزىقىپ.

— بولىدۇ، كۆرەيلۇق،— دېدى لاتىپ.

پوۋىسكا توختىدى. ئۇلار يەرگە چۈشتى. لاتىپ پوۋىسكىنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىپ، ئىككى مېھماننى پوشكىنىنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا باشلاپ باردى. بىر يېرىم مېتىردەك ئېگىزلىكتىكى گرانىت تاش ئۇستىگە ئورنىتىلغان

پوشكىننىڭ باش ھەيكىلىنىڭ ئاستىغا ئىككى قۇر روسچە خەت يېزىلغانىدى. لاتىپ ئۇنى تاتارچە ئوقۇپ بەردى: «ئالېكساندىر سېرگىيېۋىچ پوشكىن. 1799 — يىلى تۇغۇلۇپ، 1837 — يىلى ۋاپات بولغان.»

— پوشكىن ئورۇسنىڭ ئەڭ چوڭ شائىرى. روسلار ئۇنى «روس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى، ئۇستازى» دەپ ناھايىتى چوڭ بىلىدۇ،— دېدى ئۇ ئابدۇخالىققا ھەيكەلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئابدۇخالىق لاتىپنىڭ «پوشكىننى روسلار ‹روس ئەدەبىياتىنىڭ ئاتىسى، ئۇستازى› دەيدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئىچىدە تەكرارلاپ تۇرۇپ، بىردىنلا ئېسىگە شائىر نەمەت خەلپەتنىڭ بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن نەۋائىينىڭ «فەرھاد — شېرىن» داستانىنى قولىغا ئېلىپ پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ، ئاندىن سۆيۈپ تۇرۇپ «پىر ئۇستازىمىز، ئۇلۇغ شائىر ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى. ئۇ پوشكىننىڭ ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلەن تىكىلگىنىچە:

— ئۇنداق بولسا پوشكىن ئورۇسلارنىڭ ئەلىشىر نەۋائىيسى ئىكەن — دە؟— دېدى ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ۋەزمىن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، لاتىپ ھەيران قالدى. ئۇ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى.

— پاھ — ھوي! ماۋۇ بالىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى،— دېدى لاتىپ ۋە ئابدۇخالىققا تازا ئىنچىكىلەپ زەڭ سېلىپ قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى،— ئۆزۈمنى دۇنياغا داڭلىق موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن گىمنازىيە ئوقۇتقۇچىسىمەن، دەپ يۈرۈپتىمەن. ھەقىقىي تالانت، بىلىم ئىگىسى بۇ يەردىكەن ئەمەسمۇ؟! مەن نەۋائىينىڭ ھەم پوشكىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانمەن. بىراق، پوشكىننى نەۋائىيغا سېلىشتۇرۇپ

باقماپتىمەن. ئابدۇخالىقنىڭ بۇ ئوخشىتىشى خېلى جايىدا. ئىككى شائىرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ياشىغان دەۋر شارائىتى، تىل — يېزىقى، شېئىرىيەت شەكلى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرق بار. ئەلىشىر نەۋائىي بۇندىن 400 يىل بۇرۇن ياشىغان بولسا، پوشكىن بۇندىن 70 — 80 يىل بۇرۇن ياشىغان.

لاتىپ ئىككى مېھمانغا ئالدىدىكى بىنانى كۆرسىتىپ:

— بۇ بىنا شائىر پوشكىن ئۆز ۋاقتىدا ئولتۇرغان جاي. ھازىر «پوشكىن خاتىرە ئۆيى» قىلىنغان. بىز بۇ خاتىرە ئۆينى زىيارەت قىلىپ، بولۇپ بىزنىڭ ئۆيگە بارايلۇق. بۇ بالىنىڭ كۆڭلىمۇ شۇنى تارتسا كېرەك؟ — دېدى.

— ئىككىمىزنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقتى. قېنى باشلاڭ ئەمىسە،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

لاتىپ ئىككى مېھماننى باشلاپ، پوشكىننىڭ قەدىمى تۇرالغۇسىغا كىردى. ئىشىكتە ئۆلارنى ئوتتۇرا بوي، سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، خۇشخۇي، چىرايلىق بىر روس ئايال قىزغىن كۈتۈۋالدى.

بىر ئەر كىشى ئۆلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن كىچىكرەك بىر زالغا باشلىدى. ئابدۇخالىق ھەممىنىڭ ئالدىدا زالغا كىردى. ئۇ كۆردىكى، زالنىڭ ئىچىگە تام ياقىلىتىپ قاتىرىسىغا ئەينەكلىك يوغان ئىشكاپلار قويۇلغانىدى. لاتىپ ھەربىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىشكاپقا تىزىپ قويۇلغان پوشكىن ئەسەرلىرىنىڭ روس، ئېنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، لاتىن، تاتار، تۈرك، ئىسپان، ياپون، ۋېنگىر، رومىن، ئەرەب، پارس، ھىندى ... تىللىرىدىكى ھەر خىل نەشر نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىپ ئابدۇخالىققا چۈشەندۈرەتتى. بىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئابدۇخالىق بىر كىتابقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ كىتابنى قەيەردىدۇ

كۆرگەنىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ ئېسىگە بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇنقى بىر ئىش كەلدى:

1914 — يىلى 2 — ئاينىڭ بىر كۈنى، ئابدۇخالىق دادىسى مىجىت ھاجى بىلەن تۇرپان يېڭىشەھەردىن ئاستانىغا مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى، مىجىت ھاجى ئەتىگەندىلا، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئاكىسى موسۇلباينىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ھويلىسىدا تەڭتۇش باللار بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە ئوينىدى. چۈشكە يېقىن ئويۇندىن زېرىكىپ، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ خاس خانىسىغا كىردى. مەخسۇت مۇھىتى كرىسلودا ئولتۇرۇپ جىگەررەڭ مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى.

ئابدۇخالىق «ئۇ قايسى كىتابتۇ» دەپ قىزىقىپ قالدى. بىراق مەخسۇت ئاكىنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن، ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قولىدىكى كىتابنىڭ ئوچۇق بېتىگە قاراپ ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئۇ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى.

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ كەينىدە تۇرغانلىقىنى سېزىپ قالدى. ئۇ كىتابنى يېپىپ قويۇپ، ئابدۇخالىققا قاراپ:

— بۇ كىتابقا قىزىقىۋاتامسىز؟ بۇ ئورۇسنىڭ چوڭ شائىرى پوشكىننىڭ كىتابى، — دېدى.

— ئورۇسچە كىتاب، — دېدى ئابدۇخالىق كىتابنى قولىغا ئېلىپ.

— شۇنداق. بۇ پوشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» دېگەن كىتابى. روسلار بۇنداق كىتابلارنى رومان دەيدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى چۈشەندۈرۈپ.

ئابدۇخالىق كىتابنى ئاچتى. ئۇ كىتابنىڭ ئىچ بېتىدىكى ئويچان يوغان كۆزلىرىنى يىراققا تىككەن، بۇدۇر چاچلىق، سۆلەتلىك بىر ئادەمنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، مەخسۇت مۇھىتىدىن سورىدى:
— بۇ كىم؟
— بۇ پوشكىن دېگەن شائىر.
ئابدۇخالىق كۆڭلىدە: «ھەي مەنمۇ روسچە خەتنى بىلگەن بولسام، مەخسۇت ئاكامدەك مۇشۇنداق كىتابلارنى ئوقۇيالايتتىمغۇ» دېگەننى ئويلىدى.
.........
— ئابدۇخالىق، سىزنى دەۋاتىمەن، چاقىرساممۇ ئاڭلىمايسىزغۇ؟— دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ. ئابدۇخالىق پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنى خىيال ئىلكىدىن تارتىۋالدى. ئۇ مەخسۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ، نېرىسىدا قاراپ تۇرغان لاتىپنىڭ يېنىغا باردى. لاتىپ ئىشكاپلارغا تىزىپ قويۇلغان كىتابلارنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرەتتى:
— مانا بۇ ئىشكاپتىكى ئاۋۇ كىتاب پوشكىننىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى.
— ماۋۇ كىتاب بولسا پوشكىننىڭ ئىككىنچى شېئىرلار توپلىمى.
— بۇلار بولسا پوشكىننىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى شېئىرلار توپلاملىرى.
— مانا ماۋۇ ئىشكاپتىكى پوشكىن داستانلار توپلىمى...
— ماۋۇ «سىگانلار» داستانى، ماۋۇ «پولتاۋا» داستانى، ماۋۇ «مىس چەۋەنداز» داستانى...
— مانا بۇ ئىشكاپتىكى پوشكىننىڭ «بېلكىن

قىسسەلىرى» دېگەن كىتابى.

— مانا بۇ «دوبروۋىسكىي» دېگەن پوۋېستى.

— بۇ بولسا «بورىس گودۇنوپ» دېگەن دراممىسى.

— مانا ماۋۇ ئىشكاپتىكى يوغان، قېلىن كىتابلار پوشكىننىڭ شېئىرىي رومانى «يېۋگىنى ئونىگىن» نىڭ روسچە، نېمىسچە، ئېنگلىزچە، فرانسۇزچە نەشر نۇسخىلىرى.

لاتىپ ھەربىر ئىشكاپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەنە شۇنداق چۈشەندۈرەتتى.

ئابدۇخالىق پوشكىننىڭ مۇقاۋىسى زەڭگەر رەڭلىك قېلىن كىتابى — «يېۋگىنى ئونىگىن» غا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۆز — ئۆزىگە «پىر ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹فەرھاد — شېرىن› داستانىچىلىك بىر ئەكەن» دېدى پىچىرلاپ.

لاتىپ ئابدۇخالىق بىلەن مەخسۇت مۇھىتىغا باشقا ئىشكاپلاردىكى كىتابلارنى كۆرسىتىپ چۈشەندۈرەتتى.

— بۇ ...

— ماۋۇ ...

ئابدۇخالىق زالدىكى ئىشكاپلارغا قويۇلغان پوشكىن ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قالدى.

ئابدۇخالىق مەخسۇت مۇھىتى بىلەن لاتىپقا ئەگىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيدە پوشكىننىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرىنى كۆردى. بۇ ئۆي پوشكىننىڭ مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خانىسى ئىدى ...

ئابدۇخالىق ئاخىرىدا لاتىپتىن ئەنە شۇنداق تەڭداشسىز بۈيۈك تالانت ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ شائىرنىڭ 37 يېشىدا چەت ئەللىك قاچاق دانتىس دېگەن لەنەتگەردىنىڭ ئوقىدا بىئەجەل

ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇردى. ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى ئاچچىق ئازابلىق ھېسسىيات ئۆرتىگەچكە، غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى.

ئابدۇخالىق پوشكىن خاتىرە ئۆيىدىن قايتىپ چىقىش ۋاقتىدا، ئۇلارنى ئىشىكتە كۈتۈۋالغان ھېلىقى ئايالغا دادىسى مىجىت ھاجى ئۇنىڭغا «خەجلەڭ» دەپ بەرگەن يۈز رۇبلى پۇلنى «پوشكىن خاتىرە ئۆيىگە ئىئانەم» دەپ تەقدىم قىلدى.

※ ※ ※

پوشكىن خاتىرە ئۆيىدىن چىقىپ، مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ لاتىپنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلار چۈشلۈك تاماقنى شۇ يەردە يېدى. چۈشتىن كېيىن ۋە ئەتىسى بىر كۈن لاتىپ ئابدۇخالىقنى موسكۋانىڭ ئۇلار كۆرمىگەن جايلىرىغا ئېلىپ بېرىپ ئويناتتى. كەچقۇرۇن مىجىت ھاجىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، ئۆيدە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

ئىزاھات:

① «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە ھېكايىلار» دىن تاللانما.

هېلىمنىياز قادىر

# ئانارخان پاجىئەسى

## 1

لۈكچۈن ۋاڭى فەرىدۇن بە دۆلەت ياقۇپبەگنىڭ زىيانكەش-لىكى بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوردا ئىشلىرىنى تەيجىلەر باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. 1877 — يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلۇپ ۋاڭلىق قايتا تۇرغۇزۇلماقچى بولغاندا، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىدا قاتتىق تالاش-تارتىش يۈز بەردى. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان لەي سى بەگ باشقىلارغا:

— فەرىدۇن بېگىمنىڭ يا ئوغۇل، يا قىز پەرزەنتى يوق، يا بىر تۇغقان ئىنىسىمۇ يوق. شۇ ۋەجىدىن جۇنۋاڭلىققا تەي-جىلەردىن بىرىنى نامزات قىلىپ، بېيجىڭ خانلىقىنىڭ يارلى-قىنى ئېلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— خانلىققا مەلۇم قىلغان ئائىلە تەزكىرىسىدە، فەرىدۇن بېگىمنىڭ ئىزىنى باسىدىغان پەرزەنتى ياكى ئىنىسى يوق، بۇ ھەممىگە ئايان. بۇ قېتىم جۇنۋاڭلىق لەيسى تەيجى بېگىمگە مەنسۇپ بولۇشىدا شەك يوق. پاتراق خان ئالىلىرىدىن يارلىق ئالساقلا ئىش پۈتەتتى، — دېدى خۇشامەت بىلەن ھېمىت كاھ.

— مەن ئەتىلا ئوردا كېڭىشى چاقىرىپ، جۇنۋاڭ نامزاتىنى مەسلىھەتلىشىپ، تۇرپان ئامبال مەھكىمىسى ئارقىلىق خان

ئالىلىرىغا مەلۇم قىلغايمەن، — دېدى لەي سى بەگ.

لەي سى بەگ — ئوردىدا باش تەيجى ئىدى. ئۇ ۋاڭغا نىسبەتەن خۇشامەتچى، مەنپەئەت مەسىلىسىدە ھىيلىگەر، پۇقراغا نىسبەتەن زالىم ئادەم ئىدى. ئۇ، تېزرەك خاندىن يارلىق ئېلىپ، جۇنۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتاتتى ۋە جۇنۋاڭلىق يارلىقى ماڭا كېلىدۇ، دەپ ئۆزىگە ئىشەنچمۇ قىلاتتى.

فەرىدۇننىڭ ئانىسى ئاي نىگارە پۇجۇڭ ھايات ئىدى. ئۇ، جۇنۋاڭلىقنىڭ مۇنداق ئوڭايلا باشقا نەسەبنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىشىگە، بولۇپمۇ، كىشىلەر «تۇخچەن بەگ» دەپ مەسخىرە قىلىدىغان لەي سى بەگنىڭ جۇنۋاڭ بولۇشىغا تېخىمۇ رازى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئوردىدىكى ئۆز يېقىنلىرىنى مەخپى چاقىرىپ، مەسلىھەت قىلاتتى.

بىر كۈنى ئاي نىگارە پۇجۇڭ فەرىدۇنغا سادىق، ئۆزىگە يېقىن بولغان ئاسىم تەيجىنى چاقىرتىپ:

—تەيجى بەگ، جۇنۋاڭ نامزاتى مەسىلىسىدە، ئوردىدا نېمە گەپلەر بولىۋاتىدۇ؟—دەپ سورىدى.

— پۇجۇڭ خېنىم، لەيسى تەيجى جۇنۋاڭ بولۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ. ئۇ، ئوردا ئەھلىگە: «فەرىدۇن بېگىمنىڭ جۇنۋاڭلىققا ئولتۇرغىدەك نەسلى يوق، بۇنىڭغا ھەممىڭلار گۇۋاھ بولىسىلەر» دەۋاتىدۇ،— دېدى ئاسىم تەيجى.

— تەيجى بەگ، ئوغلۇمنىڭ پەرزەنتى يوق دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ئەسلىرىدىن چىقمىغايكى، مۇندىن 18 يىل مۇقەددەم فەرىدۇن بەگ سىلى بىلەن قەشقەرگە سەپەر قىلغاندا ئاتۇشنىڭ بىر يېزىسىدا چۈشكۈن قىلغان. شۇ چاغدا يۇرت ئەھلى ئىبراھىم ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئوغلۇمغا تارتۇق قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا: «ئاشۇ ئايال تۇغۇپتۇ» — دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. ئۆز ۋاقتىدا: «بىر كۈنلا نىكاھىغا ئالغان

ئايالدىن تۇغۇلغان بالا» — دەپ سەل قارىدۇق. مانا ئەمدى
كېرەك بولىۋاتىدۇ،— دېدى پۇجۇڭ. ئاسىم تەيجى ئۇنىڭ سۆ-
زىنى تەستىقلاپ باشنى لىڭشىتقاندىن كېيىن، ئۇ سۆزىنى يەنە
داۋاملاشتۇردى:

— مەن سىلىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مەسلىھەتكە چاقىرغان.
قاراپ تۇرساق، لەي سى جۇنۋاڭ بولۇپ، بېشىمىزدا ياڭاق
چاقىدۇ، نەسەپ ئۈزۈلىدۇ. سىلى ئېغىر كۆرمەي، كاھنى
ھەمراھ قىلىپ، ئاتۇشقا بېرىپ كەلسىلە قانداق؟ — دېدى ئاي
نىگارە.

— باش ئۈستىگە! ئەتىلا يول تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ،
يولغا چىقاي.

— مەن ۋاڭ شەنىسىڭنى چاقىرتىپ كېلىپ، فەرىدۇن بەگ-
نىڭ پەرزەنتى بارلىقى توغرىسىدا تۇرپان ئامبال مەھكىمىسىگە
ئەرز يازدۇرۇپ بېرەي. شۇ نامە بىلەن مانا بۇ ئون سەر ئالتۇننى
ئامبالغا سۇنۇۋېتىپ، مېڭىپ كەتسىلە. بالىنىڭ ئىز —
دېرىكى بولغىچە، ئامبال خانلىقتا مەلۇمات يوللاشنى كېچىك-
تۇرۇپ تۇرسا. ئىش ئېنىقلانغىچە، مەسلىھەتلىرىمىز مەخپىي
بولسۇن،— دېدى ئاي نىگارە.

لەي سى بەگ ئوردا كېڭىشى چاقىردى. كېڭەشكە تەيجى-
لەر، توپ بېشى، دىۋان بېگى، قازى كالان، باش كاھ، ئاينى-
گارە پۇجۇڭ قاتناشتى. لەي سى بەگ بېيجىڭ خانلىقتا مەلۇم
قىلغان ئائىلى تەزكىرىسىنى ئوقۇپ بولۇپ:

— جۇنۋاڭىمىز فەرىدۇن بېگىم ۋاپات بولۇپ كۆڭلىمىز
سۇندى. يۇرت ئەھلىنى باشقۇرىدىغان ۋاڭ بولمىسا بولمايدۇ.
فەرىدۇن بېگىمنىڭ ۋەلى ئەھدىسى بولمىغاندىن كېيىن، ئوردا
تەيجىلىرىدىن بىرىنى جۇنۋاڭ نامزاتى قىلىپ، خانلىقتىن يار-
لىق ئالساق،— دېدى. لەيسى بەگ تەرەپدارلىرى: «ياخشى

گەپ، ئۆينىڭ ئىگىسى بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخ-
مان» دېگەندەك ھەممىمىز ئاغزىغا قارايدىغان ۋاڭ بولمىسا
بولامدۇ؟ ۋاڭ نامزاتىغا لەي سى تەيجى بېگىم تازا باپ كېلىدۇ»
، — دېيىشتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاي نىگارە پۈجۈڭ قاتتىق غەزەپلەن-
دى. شۇڭا كېڭەش ئەھلىگە:

— لۈكچۈن ۋاڭلىقى، خانلىقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن يەتتە
ئەۋلادتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. نەسەپنى ئۈزۈپ،
جۇنۋاڭ بولۇشقا تولا ئالدىراپ كېتىشمىسىلە. مەن خۇدانىڭ
نامى بىلەن ئېيتىمەنكى، بىئەجەل ئۆلگەن ئوغلۇمنىڭ پەرزەنتى
بار، — دېدى.

كېڭەش ئەھلى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇشتى. ئاي نىگارە
پۈجۈڭ ياشىنىپ قالغاچقا، لەي سى بەگنىڭ سۆزلىرىگە غەزەپ-
لەنگەنلىكىدىن چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. ئۆنى ئوردا كېنى-
زەكلىرى يۆلەپ، ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كېڭەش پاتپاراقلاش-
تى. لەي سى بەگكە قارشى تۇرغۇچىلار مۇشۇ پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، چىقىپ كېتىشتى. لەي سى تەيجى بەگ ھېمىت
كاھ قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بىلەن قالدى. ئۇ باشقىلاردىن:

— ئاسىم تەيجى بۇگۈنكى كېڭەشكە كەلمىدىغۇ؟ — دەپ
سورىدى.

— ئۆيىدىكىلەر تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ بىر
يەرگە كەتكەنمىكىن، — دەپ مۇجىمەل جاۋاب بېرىشتى ئول-
تۇرغانلار.

لەي سى بىرەر شەپىنى سەزگەندەك:

— فەرىدۇن بەگنىڭ بالىسى بار، دېگەن گەپ يالغان.
ئائىلە تەزكىرىسىدە تىزىمى يوق، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار. مەن
ئەتىلا ئامبال مەھكىمىسىگە نامە ئەۋەتەي، — دېدى.

باشقىلار قوشۇلۇشتى.

كېيىنكىش بولۇشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن، ئاسىم تەيجى ئال-لىقاچان يولغا چىقىپ بولغان ئىدى.

※ ※ ※

ئاسىم تەيجى ئات يەڭگۈشلەپ، تېز مېڭىپ 14 — كۈنى پېشىن ۋاقتى بىلەن 18 يىل بۇرۇن فەرىدۇن بەگ چۈشكۈن قىلغان مەھەللىگە يېقىنلاشتى...

يېزىنىڭ چېتىدە بىر توپ كاللار ئوتلاۋاتاتتى. بىر چەتتە پادىچى باللار «كۆچ — كۆچ» توپ ئويناۋاتاتتى. ئاسىم تەيجى ئاشۇ باللاردىن ئىبراھىم ئىسىملىك ئادەمنى سوراپ كۆرمەك-چى بولۇپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتى. «كۆچ — كۆچ» ئويناۋاتقان باللار ئۆزى تەرەپكە ئاتلىق كېلىۋاتقان بايۋەچچە ئادەمگە تە-ئەججۇپلەنگەن ھەم ھەيران بولغان ھالدا قاراشتى. باللار ئىچى-دىكى باشقىلاردىن يېشى چوڭراق بىرسى:

— ئويۇنىمىزنى ئويناپلى، نېمە كارىمىز،— دېدى.

ئاسىم تەيجى ھېلىقى بالىغا سەپسېلىپ قاراپ، فەرىدۇن بەگنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى سىماسىنى كۆرگەندەك بولدى — دە، «مۇشۇمىكىن» دەپ گۇمان قىلدى. باللارغا قاراپ:

— ھەي باللار، بۇ مەھەللىدە ئىبراھىم ئىسىملىك ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، مانا بۇ ئۇنىڭ نەۋرىسى،— دېيىشتى باللار.

— ئاسىم تەيجى دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ھېلىقى چوڭراق بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئىسمىڭىز نېمە بالام؟ — دېدى.

— ئىسمىم مامۇت.

— دادىڭىز، ئاپىڭىز بارمۇ؟

— چوڭ دادام بار، ئاپام ئۆتكەن يىلى قازاللاپ كەتتى.

— بىزنى دادىڭىزنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارسىڭىز، بىز يىراقتىن مۇھىم ئىش بىلەن كەلدۇق،— دېدى ئاسىم.

مامۇت ئاغىنىلىرىدىن بىرىگە قاراپ:

— روزى ئاداش، كاللىلارغا قاراپ قوي، بۇ كىشىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپلا كېلىمەن،— دېدى. مامۇت پىيادە ماڭماقچى بولغان ئىدى، كاھلاردىن بىرى ئۇنى ئېتىغا مىنگەشتۈرۈۋالدى.

ئىبراھىم بوۋاي قېرىپ كەتكەن ئىدى. ئاسىم تەيجىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— فەرىدۇن بەگ قىزىمنى بىر كۈنلا نىكاھىدا ساقلاپ، بىر ئۈزۈكنى يالداما قىلىپ قويۇپ كەتكەن. بۇ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ۋاقىتىقا مەلۇم قىلايلىمىكىن، دەپ ئويلاشتۇق. لېكىن، «سەن گادايىنى نەدە كۆرگەن» — دېسە لەت بولىمىز، دەپ مەلۇم قىلمىدۇق. بىر كۈنى خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن ئىزدەپ كېلەر، دەپ ئويلىشىپدۇق. مانا كېلىشىپتىلا، بىچارە قىزىم ئارمان بىلەن قازالاپ كەتتى. روھى بولسىمۇ خۇش بولار،— دېدى — دە، فەرىدۇن بەگ يالداما قىلىپ قالدۇرغان شاھانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاسىم تەيجىگە ئۇزاتتى. ئاسىم تەيجى خۇشاللىق بىلەن ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ:

— فەرىدۇن بېگىم نەچچە قېتىم ئۆيلەندى. لېكىن، خۇدايىم پەرزەنت ئاتا قىلمىدى. ياقۇپبەگ قەشقەرگە چاقىرتىپ كېتىپ، بېگىم قەشقەردە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھازىر فەرىدۇن بەگنىڭ ۋەلى ئەھدىسى يوق، دەپ ئوردىدا ۋاقىتىقنى تالىشىۋاتىدۇ. لۇپۇجۇڭ خېنىم (ئاي نىگارەنى دېمەكچى) بىزنى بۇ يەرگە بالىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. شۈكرى، بالىنى تاپتۇق، كۆڭلىمىز تىندى،— دېدى.

ئاسىم تەيجىلەر ئىككى كۈن تۇردى. ئۇلار ئالدىرايتتى.

2 كۈن ئىچىدە ماموتنى بەگزادىدەك كىيىندۈرۈپ، يول تەييار-
لىقى قىلدى. لېكىن، ماموت لۈكچۈنگە بېرىشقا ئۇنىماي تۇ-
رىۋالدى. ئىبراھىم بوۋاي:

— بالام، مېنىڭ نەچچە كۈنلۈگۈملا قالدى. سەن تەيجى
بەگ بىلەن كەتكىن، ئاتاڭنىڭ ئىزىنى باسقىن،— دېدى.

كۆزىگە ياش ئالغان ماموت:

— مەن تونىمىغان يەرگە قانداق بارىمەن؟ ھېچ بولمىسا
ئاغىنەم روزى بىللە بارسۇن،— دېدى.

ئاسىم تەيجى، ئىبراھىم بوۋايلار سۆزلىشىپ، بولغۇسى
ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ بېرىشقا روزىنىڭ ئاتا — ئانىسىنىمۇ
ماقۇل قىلىشتى. ماموت، روزىلارغا مەخسۇس ئات تەييارلاش-
تى. ئۇلار يولغا چىقماقچى بولغاندا، ئىبراھىم بوۋاي ماموتقا:

— بالام ماموت، خۇدا خالىسا جۇنۋاڭ بولىسەن، ئىشتا
ئادىل بول، پۇقراغا زۇلۇم قىلما، ئۆزۈڭدىن چوڭلارنىڭ مەس-
لىھىتىگە كىر. مەن ياشىنىپ قالدىم، بىللە بېرىشقا يول يى-
راق، ساڭا ئاقيول تىلەپ، خۇداغا تاپشۇردۇم،— دەپ دۇئا
قىلدى.

ئاسىم تەيجى ئىبراھىم بوۋاي، روزى ئائىلىسىگە بىرمۇن-
چە ئالتۇن، كۈمۈش قالدۇرۇپ يولغا چىقتى.

※ ※ ※

ئاسىم تەيجى تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماموتنى
ئۇدۇل ئامبال مەھكىمىسىگە باشلاپ كىرىپ، شاھانە يالداما
ئۆزۈك بىلەن ماموتنى ئامبالغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ فەرىدۇن
بەگنىڭ ئائىلە تەزكىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئوغلى ئىكەنلى-
كىنى چۈشەندۈردى.

ئامبال بۇ بالىنى چوقۇم خانلىققا مەلۇم قىلىدىغانلىقىغا
ۋەدە بەردى. ئاسىم تەيجى مەھكىمىدىن چىقىپ كاھلاردىن

بىرىنى لۇپۇجۇڭغا خەۋەر قىلىشقا ئەۋەتىۋېتىپ مامۇت، روزد-
لارنى تۇرپاندا ئىككى كۈن ئويناتتى. ئۈچىنچى كۈنى لۇك-
چۈنگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئاي نىگارە پۇجۇڭ ئاسىم تەيجىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن
خەۋەر تېپىپ، مەخسۇس مەپە بىلەن كاھلارنىڭ ھەمراھلىقىدا
يولغا چىققان ئىدى. ئۇلار بىجەن تۇردا ئۇچراشتى.

ئاي نىگارە مامۇتنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا:

— دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. كەل بالام،
ئاتا — ئانا ياخشىلىقىنى كۆرمەي چوڭ بولدۇڭ، مەن سېنىڭ
ئاناڭ، مۇشۇ كەڭ زېمىن سېنىڭ. كىچىككىنىڭدە جاپا تارتقان
بولساڭمۇ، ئەمدى ئويناپ — كۈل، ساڭا ھېچكىم كىرپىك
كۆتىرىپ قارىيالمايدۇ، — دەپ ئۇنىڭ باش كۆزىنى سىيلىدى.
ئۇنى مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.

مامۇت جەنۇبتىن كېلىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن بېيجىڭ
خانلىقتىن ئۇنى جۇنۋاڭلىققا تەيىنلەش يارلىقى كەلدى. شۇن-
دىن كېيىن مامۇت — «سۇلتان مامۇت»، ئاغىنىسى روزى
گەرچە ئەمىلى بولمىسىمۇ «روزى بەگ» دەپ ئاتالدى.

سۇلتان مامۇتقا يارلىق كەلگەن كۈنى ئون نەچچە مىتىر
ئېگىزلىكتىكى ئوردا ئۆگزىسىدە ناغرا — سۇناي ياڭراپ،
شاھانە توي بولدى. باش تەيجى لەي سى بەگنىڭ دېمى ئىچىگە
چۈشۈپ ئاغرىپ قالدى.

سۇلتان مامۇت 18 يېشىدا جۇنۋاڭ بولغان بولسىمۇ نامرات
ئائىلىدە ئۆسكەچكە، ئوقۇمىغان، تېخى ساۋاتسىز ئىدى. ئۇ
يۇرت سوراشنى تېخى بىلمەيتتى. شۇڭا، ئانىسى ئاي نىگارە
پۇجۇڭ ئۇنىڭغا ئوردا تەرتىپلىرىدىن تارتىپ ئىش بېجىرىشكى-
چە بولغان ئىشلارنى ئۆگىتەتتى.

جۇنۋاڭلىققا تەيىنلەش يارلىقى كەلگەندىن كېيىن، ئاي

نىگارە ماموٗتقا:

— گاڭ بالام، بىرىنچى ئىشلىرى تەيجىلەرنى تەيىنلەش. لەي سى تەيجىنى ئوردىدىن ھەيدەپ، باش تەيجىلىككە ئاسىم تەيجىنى تەيىنلىسىلە، يۈرەكلىك بولسىلا بالام،— دەپ توپ بېشى، دىۋان بېگىگە تەيىنلىنىدىغان ئىسىملىكلەرنى كۆرسى-تىپ بەردى. ماموٗت ئالتە ئايدىن بېرى ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلى-شىپ، يۈرىكى سەل توختىغان ئىدى. ئوردا ئاخۇنى ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۇنى چالا ساۋات دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن ئىدى.

بۇ تاسادىپىي ئامەتتىن خۇشاللانغان ماموٗت، شاھانە كىيىم-لەر ئىچىدە تەنلىرى قورۇلغاندەك بولۇپ ئاغىنىسى روزىغا:

— روزى ئاداش، نەچچە ئاي بۇرۇن پادىچى ئىدۇق. مۇ-شۇنداق كۈنگە يېتىشىمىز خىيالىڭغا كىرگەنمۇ؟ — دېدى.

— بۇمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، ئاشۇ جاپا تارتقان كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولىدۇ، — دېدى روزى.

ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قائىدىسىدە، ھەر كۈنى سەھەردە ئوردا ئەمەلدارلىرى قول قوشتۇرۇپ ۋاڭدىن ئېسەنلىك سورىشاتتى. بۈگۈن سۇلتان ماموٗتتىن تۇنجى ئېسەنلىك سوراش كۈنى، لەي سى تەيجى كۆرۈنمەيتتى.

سۇلتان ماموٗت ئاي نىگارەنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ۋاڭلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، ئوردا ئەھلىنى يىغىپ، تۇنجى يارلىقنى چۈشۈردى. باش تەيجىلىككە تەيىنلەنگەن ئاسىم قاتارلىق يېڭى ۋەزىپىگە بەلگىلەنگەنلەر قول قوشتۇرۇپ، ۋاڭغا قۇللۇق بىلـ-دۈرۈشتى. ئوردا ئاخۇنىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ۋاڭغا بەخت تىلەپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى.

شۇندىن كېيىن ھەرخىل يارلىقلار سۇلتان ماموٗت گاڭنىڭ نامى بىلەن يۈرگۈزۈلۈپ، ئىشلار يۈرۈشۈپ كەتتى...

مۇشۇ يەردە قىسقىغىنە توختۇلۇپ، ۋاڭ ئوردىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق باغلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتسەك، ئارتۇقلۇق قىلماس.

تۆت چاسا شەكىلدىكى 600 مو كېلىدىغان لۇكچۇن بازىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان ۋاڭ ئوردىسى بەكمۇ ھەشەمەتلىك.

لۇكچۇن بازىرىنىڭ شەرقى كوچىسىدىن كىرسىڭىز، ئۇدۇل كۆرۈنىدىغان ۋاڭ ئوردىسى «قارا چاقسا» دەپ ئاتالغان چوڭ دەرۋازا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى ئىشىك، ئۇ يەردىكى كۇرەدىن ئۆتۈپ ئۈچىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە دىۋان بېگىنىڭ خانىسى، تۆتىنچى چوڭ ئىشىكتىن ئۆتكەندە، توپ بېشىنىڭ خانىسى، بەشىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە، چوڭ زال، ئالتىنچى ئىشىكتىن ئۆتكەندە، رەسمىي ئوردىغا چىقىدىغان 41 تاش پەلەمپەي، 41 پەلەمپەي بىلەن ئوردا تېمى ئارىسىدا ئاسما كۆۋرۈك، ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىگە دۇگىلەك پەنجىرە قويۇلغان، يەردىن 20 مېتىر كۆتىرىپ سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئوردا. 20 مېتىر سوقما تام ئۈستىگە سېلىنغان 260 ئېغىز ئۆي، توققۇزىنچى ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاندىن ۋاڭ بىلەن كۆرۈشكىلى بولىدۇ. ھەشەمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى سېغىز توپىنى تۆت چاسا شەكىلدە سوقما قىلىپ سوقۇپ چىقىپ 20 مېتىرنىڭ ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان. ئىگىلىگەن ئورنى 100 مو كېلىدۇ.

لۇكچۇن ۋاڭلىقىغا قاراشلىق تۆت چوڭ باغ بولۇپ، ئوردا كەينىگە جايلاشقان 45 مو كۆلەمدىكى گۈل باغ، بۇ خان — ئاغىچىلار ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. ئىككىنچى بېغى لۇكچۇن بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىدىكى يازلىق ئوردا سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان 100 مودىن ئارتۇق كۆلەمگە ئىگە دۆلەتباغ.

بۇ باغدا ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر، گۈللەر ئۆستۈرۈلۈشتىن باشقا ھەشەمەتلىك شىپاڭلار، ئۆي — ئىمارەتلەر بار. ئۇچىنـ. چى بېغى چاھارباغ، تۆتىنچى بېغى نەزەرباغ بولۇپ، بۇلار مەخسۇس مېۋە ئۆستۈرۈش، سەيلە قىلىش ئورنى ئىدى. بۇ باغلارنىڭ كۆلىمىمۇ 50 مودىن كەم ئەمەس ئىدى.

سۇلتان مامۇت جۇنۋاڭلىق يارلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تەيجىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر قانچە كۈن بۇ باغلارنى سەيلە — تاماشا قىلدى. ئاسىم تەيجى ۋاڭغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈ. چۈن، دۆلەت باغدا لۈكچۈننىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن — مېلىس مەشرىپى ئويۇشتۇرغان ئىدى. مېلىسقا چىرايلىق قىز — جۇۋانلارنى چاقىرىپ كەلگەچكىمۇ، بۇ ئويۇن سۇلتان ما. مۇتقا يېقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ھەپتىدە دېگۈدەك دۆلەتباغدا مېلىس مەشرىپى ئويۇشتۇرىلىدىغان بولدى.

مامۇت بوۋىسى ئىبراھىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى، پادا باققاندىكى جاپالىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، كەيىپ — ساپا، ئەيشى — ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى. ۋاڭ بولۇپ ئۈچ يىلغا يەت. مەي، تۆت خوتۇن يەڭگۈشلىدى. ئۇ مېلىس مەشرىپى ئويناي. تى، مەست بولغىچە شاراب ئىچەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ شاھانە كىيىملەردىن تېنى قورۇنمايدىغان، نالە — پەريادلارغا پىسەنت قىلمايدىغان بولدى.

فەرىدۇن زامانىسىدا گۈللەنگەن مەدرىس، ئايدا بىر قېتىم ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتلەر ئۈزۈلۈپ قالدى...

مامۇتنىڭ مۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ھەيران بولغان ئاغىنىسى روزى بىر كۈنى خالى ھالدا مامۇتنىڭ ئالدىغا كىر. رىپ:

— مامۇت ئاداش، يۇرتىمىزدا پادا بېقىپ، جىق جاپالارنى

تارتقان ئىدۇق. ئىبراھىم بوۋام بۇ يەرگە ماڭغىچە نەسىھەتمۇ قىلغان. راھەتكە ئېرىشكەندە، ئاشۇ جاپالىق كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالمىساق بولاتتى،— دېدى.

— ھەي روزى، نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسەن؟! قوي بولۇپ مىڭ يىل ياشىغىچە، بۆرە بولۇپ بىر كۈن ياشا! ئەمدى مۇنداق بولمىغۇر گەپلەر ئاغزىڭدىن چىقمىسۇن، مەن مۇشۇ زېمىننىڭ پادىشاھىمەن،— دېدى گىدىيىپ.

روزى كۆڭلى غەش بولغان ھالدا، قول قوشتۇرۇپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان مامۇت ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە مەخسۇس مېلىس مەشرىپى ئويۇشتۇرۇشقا كاھىلار تەيىنلىگەن ئىدى.

يېچاننىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا نامراتراق دىنىي زات موللاخۇننىڭ ئانارخان ئىسىملىك بىر گۈزەل قىزى بار ئىدى. 16 ياشقا قەدەم قويغان ئانارخان، پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسنى — جامالى بىلەن يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا بوستان چاچلىرى مەجنۇنتالدەك نازۇك بېلىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ياساپ قويغاندەك ئەگىمە سۇرمە رەڭ قېشى، جادۇ كىرپىكلىرى، قاپقارا كىيىك كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك يارىشىملىق بۇرنى، ئانار دەك مەڭزى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى تولىمۇ گۈزەل كۆرسىتەتتى.

موللاخۇن مەھەللىدىكى ياشلارنى يىغىپ ئوقۇتاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جېلىل ئىسىملىك بالىمۇ ئوقۇشقا كەلگەن ئىدى. ئانارخان ئەنە شۇ يىللاردىن تارتىپ جېلىل بىلەن ئىناق ئۆتتى. بۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى ياشنى كۆزگە كۆرۈنمەس مۇھەببەت يىپى بىر — بىرىگە باغلىدى. جېلىل ئاتا كەسپى — تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇستا بولدى. ئانارخان دادىسىدا ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقىرىپ نەۋائىي

قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بولدى.

بىر — بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن جېلىل بىلەن ئانارخان ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇشقا ۋەدىمۇ بېرىشىپ، بۇ يولدا ھەرقانداق جاپا — مۇشەققەتلەرنى يېڭىشقا تەييارلىنىشقان ئىدى.

ئانارخان 16 ياشقا تولغاندا، مۇشۇ يېزىنى سوراۋاتقان ھىيلىگەر، زالىم ئامىر دوغا ئانارخانغا كۆز سېلىپ، ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ، موللاخۇننىڭ ئائىلىسىگە ئەلچى كىرگۈزدى.

موللاخۇن ئەر — خوتۇن مەسلىھەتلىشىپ، ئامىر دوغىنىڭ بىشەم، قىمارۋاز ئوغلىنى ياراتماي، بىر قانچە قېتىم كىرگەن ئەلچىلەرنى ئۆزرە ئېيتىپ قايتۇردى. بۇنىڭدىن قورسىقى كۆپكەن ئامىر ئانارخاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ پۇخادىن چىقماقچى بولدى.

سۇلتان مامۇتنىڭ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم دۆلەتباغدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مېلىس مەشرىپىگە قىز — چوكان تاللايدىغان سارىخان ئىسىملىك خىزمەتكارى بار ئىدى. ئامىر دوغا ئەنە شۇ سارىخان بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز نەرسە بېرىپ، ئانارخاننىڭ گۈزەللىكىنى تونۇشتۇردى ۋە سۇلتان مامۇت ۋاڭغا بۇ گۈزەلنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈشنى ئۆتۈندى.

سارىخان ئوردىدا ئوردا كېنىزەكلىرىگە باشچىلىق قىلاتتى ۋە مەخسۇس سۇلتان مامۇت ئۈچۈن خوتۇن تاللايتتى. ئامىر دوغىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن سارىخان، ئانارخاننىڭ گۈزەللىكىنى سۇلتان مامۇتقا تونۇشتۇرۇپ:

— باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇ قىز شۇنداق گۈزەلكەنكى كۆزلىرى قايناق بۇلاقتەك، چاچلىرى يىپەكتەك، مەڭزىلىرى پىشقان ئاناردەك، ئەۋرىشىم بەللىرى چۈمۈلىنىڭ بېلىدەك، پەرىزاتنىڭ ئۆزى دەيدۇ. ئالىيلىرىغا ياراپ قالسا ئەجەپ

ئەمەس، — دېدى. سۇلتان ماموتنىڭ بىر دىنلا شەھۋەتپەرەسلىكى قوزغالدى. ئانارخاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئالدىراپ:

— جۇمە كۈنى بولىدىغان مېلىس مەشرىپىگە چىللاپ كېلىڭلار، ئوردىغا لايىق بولسا ئەكىلەرمىز، — دېدى.

سارىخان قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ۋاڭنىڭ ئالدىدىن چىقىپ غوجى كاھنى تاپتى. ئاشۇ يىللاردا غوجى كاھ بىلەن سارىخان ھەرقانداق كىشىنىڭ قىز — كېلىنلىرىنى «ئوردىدىن مېلىس مەشرىپىگە چىللاپ كەلدۇق» دېسە كەلمەي ھەددى ئەمەس ئىدى.

مېلىس مەشرىپىدىن بىر كۈن بۇرۇن غوجى كاھ بىلەن سارىخان مەپىگە ئولتۇرۇپ، ئانارخانلارنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ موللاخۇن ئائىلىسىنى تاپتى. سالام — سائەتتىن كېيىن:

— گاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قىزلىرى ئانارخاننى ئوردا مېلىس مەشرىپىگە چىللاپ كەلدۇق، — دېيىشتى سارىخان بىلەن غوجى كاھ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانارخاننىڭ ئاپىسىنىڭ يۈرىكى چىغىدە قىلىپ قالدى.

موللاخۇن تاماخور، قورقۇنچاق ھەم خۇشامەتچى ئادەم ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن سارىخان:

— غەم قىلىشمىسىلا، ئەتە ئۆزۈم ئەكىلىپ قويىمەن. گاڭ غوجامنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشەلىسە ئەجەپ ئەمەس، — دېدى.

— بارسۇن، قىزىمىز كىچىك بالا، ئىگە بولۇپ قويۇڭلا، — دېدى موللاخۇن. مېلىس مەشرىپىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانارخاننىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ يىغلىۋەتتى.

— مەن بارمايمەن، مەن قورقىمەن، — دېدى ئانارخان.

— قورقماڭ قىزىم، گۈزەل باغدا يۈزلىگەن قىز — جۇۋانلار بىلەن ئويناپ كېلىسىز. باشقا ئىش يوق. مانا ئۆزۈم ئەكىلىپ قويىمەن،— دېدى سارىخان.

— بارغىن قىزىم، گاڭ غوجام ئۆزى چاقىرتىپتۇ. بىزنىڭ يۈزىمىزنى يەرگە قاراتمايمەن دېسەڭ، بۇ ئاپاڭ بىلەن بارغىن، — دېدى موللاخۇن.

ئانارخان ئىلاجىسىز مەيگە ئولتۇرۇپ، مېلىس مەشرىپىگە ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى جېلىلدا ئىدى.

مېلىس مەشرىپى ئەتىگەندىلا باشلاندى. بىر نەچچە سازەندىلەر داپ بىلەن مېلىس مەشرىپى ناخشىسىنى ئېيتىشتى. مېلىس مەشرىپىگە يىغىلغان قىز — جۇۋانلار نەپىس ئايلىنىپ، بىر — بىرىگە پوتا سېلىشاتتى.

سارىخان مېلىس بېشى — ئانارخاننى ئاتايىن سۇلتان ماموتقا كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، پوتا سېلىپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى. ئانارخان مېلىس ئەھلى ئىچىدە يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى ئايدەك كۆرۈنەتتى. ئانارخاننىڭ گۈزەل ھۆسنى — جامالى خوتۇنپەرەس سۇلتان ماموتنى ئاشىقى بىقارار قىلدى.

مېلىس مەشرىپى بىر مەرتەم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سارىخان ۋاڭغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، ئېسەنلىك سورىغان ئىدى، ۋاڭ:

— ئانارخانغا بىر كىيىملىك دۇردۇن تارتۇق قىلىنسۇن، ئەمدى مېلىسنى توختىتىڭلار، ئانارخان ماڭا يارىدى. ئۇنى ئوردىغا ئەكىلىشنىڭ يولىنى قىلساڭلار بولىدۇ، — دېدى. مېلىس ئەھلى تارقالدى. سۇلتان ماموت ئۇلپەتلىرى بىلەن شاراپ زىياپىتىگە كىرىشتى، تۇۋرۇكلۇك ئايۋان ئىچىدە ھاپىزلار مۇقام — نەغمىلەرنى ئېيتىشقا باشلىدى.

※ ※ ※

ئانارخان مېلىستىن ساق — سالامەت قايتىپ كېلىپ، سوْغا بېرىش باھانىسى بىلەن جېلىل بىلەن ئۈچراشتى. ئانارخان غەمـ-كىن ھالدا:

— جېلىل، ئەمدى ئىش يامان يەردىن چىققىلى تۇردى. ئارىمىزغا تىكەن ئۈنگەندەك قىلىدۇ. بۈگۈن مېنى ۋاڭنىڭ مېلىس مەشرىپىگە مەجبۇرىي ئېلىپ بېرىشتى. ساق — سالامەت چىققان بولسامۇ، ئەنسىرەۋاتىمەن،— دېدى.

— مېلىس مەشرىپىدە باشقا گەپ — سۆز بولمىغاندۇ؟

— باشقا گەپ — سۆزغۇ بولمىدى. ئۇ يەرگە نۇرغۇن قىز — جۇۋانلار يىغىلىدىكەن. لېكىن، ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قال-دىم.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئەتىلا ئۆيىڭىزگە كىشى كىرگۈ-زەي.

— جېلىل، ماڭا تازا ئىشلەپ، ئىتتىك بىر ئۇستۇرا سو-قۇپ بېرەلەمسىز؟

— قىز بالا تۇرۇپ ئۇستۇرىنى نېمە قىلىسىز؟

— ھەمراھ بولىدۇ. سىز يېنىمدا بولمىسىڭىزمۇ، يېنىمدا باردەكلا ھېس قىلىمەن.

— قەلەمتۇراچ سوقۇپ بەرسەمچۇ؟

— ياق، كىچىكرەك، ئىتتىك ئۇستۇرا سوقۇپ بېرىڭ. ئەتە سىڭلىم مەستۇرىنى ئەۋەتىمەن.

— ماقۇل، كۆڭلىڭىزنى پاراكەندە قىلماڭ. سىزگە يامان كۆزى بىلەن قارىغانلارنىڭ بويىنىنى ئۈزۈۋېتىمەن،— دېدى جې-لىل.

سوغىسىنى لىق سوْغا توشقۇزغان ئانارخان ئايرىلىشقا كۆ-زى قىيمىغاندەك:

— خوش ئەمىسە، گەپ بولسا مەستۇرىنى ئەۋەتىمەن،— دېدى — دە، يۈرۈپ كەتتى.

موللاخۇن ۋاڭ تارتۇق قىلغان دۇردۇننى قولىغا ئېلىپ، بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. قىزىنىڭ ۋاڭغا ياراپ، ۋاڭغا قېينئاتا بولۇشنى كۆڭلىدە ئويلايتتى. سارىخان قايتىپ كەتـكىچە موللاخۇنغا پىچىرلاپ:

— ئەتە ئۆيلىرىگە مېھمان چىقىدۇ، بىر يەرگە كېتىپ قالمىسىلا،— دەپ قويغان ئىدى. بۇ مېھماننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغان ئانارخاننىڭ ئاپىسى بىرەر يامان شەپىنى سەزگەندەك كۆڭلى غەشلىككە تولدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن موللاخۇن، ئانارخاننى سىڭلىسى مەسـتۈرە بىلەن قوشۇپ يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چوڭ دادىلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپ، كېلىدىغان مېھمانلارنى كۈـتۈپ تۇردى. ئاشۋاقتى بىلەن ئاسىم تەيجى باشلىق بىر نەچچە ئەر — ئايال ئوردا خىزمەتچىلىرى ۋاڭغا ئەلچى بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. موللاخۇن بۇ مېھمانلاردىن خۇشال بولدى.

سارىخان ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي:

— موللاخۇن، قىزلىرىغا كۆپ دۇئا قىلغان ئوخشايلا، مانا ئەمدى بېشىغا بەخت قۇشى قونىۋاتىدۇ. سۇلتان ماموت بېگىمـگە يۇرتتا قىز كەممۇ؟ مېنىڭمۇ بويىغا يەتكەن قىزىم بار، گاڭ ئالىيلىرىغا تۇتقىدەك قىلىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ ئىلتىپات سىلدـگە نېسىپ بوپتۇ. قىزلىرى ئانارخاننى گاڭ بېگىم هالال نىكاـھىغا ئېلىشقا سوراۋتۇپ، ئاسىم تەيجى بېگىم باشلىق ھەممىـمىزنى ئەۋەتتى. بۇنىڭغا نېمە دەيلا،— دېدى. موللاخۇن هاياـجانلىنىپ كەتتى. ئۇ خۇشاللىق بىلەن:

— كەلگەن قەدەملىرىگە رەھمەت! گاڭ غوجام بىزنى نامـرات كۆرمەي، نەزەر كۆزىنى سالغان بولسا، بۇ چوڭ ئىلتىـ

پات. هېلىغۇ قىزىمىزنى سوراپتۇ، جېنىمىزنى سورىسىمۇ ئايىمايمىز. گاڭ غوجامنىڭ يولىدا پەرمان بەردارمىز، — دېدى.

موللاخۇننىڭ ئايالى ياۋاش، ئاغرىقچان ئايال ئىدى. كۆڭلىدە بۇ ئىشقا نارازى بولسىمۇ، قۇدرىتىنىڭ ھېچنېمىگە يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

كەلگەن ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن تويلۇقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، موللاخۇن ھەيران قالدى. ئاسىم تەيجى:

— موللاخۇن، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئانارخاننى ئەتىلا كۆچۈرۈپ كەتسەك دەۋاتىمىز، — دېدى.

ئانا كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ئەمدى چىداپ تۇرالماي:

نېمانچە تېز، تەيجى بېگىم؟ — دېدى.

— نىكاھ دېگەن ئۇلۇغ، گاڭ غوجامنىڭ چەتكە بارىدىغان ئىشىمۇ بار، كېچىكتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟ ئەتىگە كۆڭۈللىرىنى توختاتسىلا، — دېدى گەپنى ئۈزۈپ.

سارىخان ئۇن يىلدىن بېرى ۋاڭغا خوتۇن تېپىش بىلەن شۇغۇللانغاچقا، «تەجرىبىلىك» ئىدى. شۇڭا:

— بۇنى ئانارخانغا بۇگۈنچە ئۇقتۇرمىسىلا، كىچىك بالا ئەمەسمۇ، نادانلىق قىلىدۇ، ئەتىلا ئۇقسۇن. نىكاھ دېگەن ئۇلۇغ، ئوڭايلا ئۆگىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

— غەم قىلمىسىلا، قىزىمىزغا بىز ئىگە، — دېدى موللاخۇن.

ئەلچىلەر قايتىپ كېتىشتى. موللاخۇننىڭ ئايالى ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

— ھەي، خۇشال بولماي، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى موللاخۇن.

— قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي ئەمىلى بار، پۇلى بار دەپ

ئاتىسىدەك ئادەمگە توقاللىققا بەرمەكچى بولدۇق، بېچارە قى-
زىم نېمە كۇنلەرنى كۆرەر؟— دېدى.
— ئەخمەق، سۇلتان مامۇت گاڭ دېگەن كىم؟ خۇدايىم
قىزىمىزنى تەلەيلىك يارىتىپتىكەن، ھەر نامىزىمىزدا بەختى —
تەلىيىنى بەرسۇن، دېگەن تىلەكلىرىم ئاللاھغا يېتىپتۇ. بەخت
قۇشى دېگەن شۇ.
— بەخت قۇشى قونامدۇ، ئەجەل قۇشى قونامدۇ، كىم
بىلىدۇ؟ بۇنى ئانارخان ئاڭلىسا نېمە دەيدۇ؟
— سەن ئەخمەق بولما! ئەمدىچۇ بۇ يۇرت بىزنىڭ! قىزى-
مىز بىرەر ئوغۇل تۇغۇۋەتسە، گاڭلىقمۇ بىزنىڭ! كالتا پەمدە
— سەن.
ئانىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۇشۇپ يېتىپ قالدى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئامىر دۇغا پۇشايمان قىلاتتى.
«ئەسلى ئانارنى گاڭ بوزەك قىلىدۇ، نىكاھىغا ئالمايدۇ» دەپ
ئويلىغان ئىدى. ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىشى، بىر نامراتنىڭ ۋاڭ-
غا خوتۇن بولۇپ، يۇز — ئابرۇي تېپىشى ئىدى. يەنە بىر
تەرەپتىن، خۇشالمۇ بولاتتى. چۇنكى، ئانارنى ۋاڭغا تونۇش-
تۇرغان ئۆزى ئەمەسمۇ، بۇنىڭدىن بىرەر ئىلتىپاتقا ئېرىش-
سەممۇ ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. ئانارخان بىلەن جېلىل
بولسا، تېخى بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى.
موللاخۇن بۇگۇن ئانارخاننى ئۆيدىن چىقارمىدى. ئانىسى
يىغلاپ تۇرۇپ، بولۇنغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ
بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئانارخان «ئانا» دەپ يىغلاپ، ئۆزىنى
ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىغا باش
قويۇپ، ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا يىغلىدى. ئەمدى قارشىلىق
قىلىپمۇ، قېچىپمۇ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئۇش-
تۇمتۇت ئەھۋالدىن جېلىلنىڭ بىخەۋەرلىكىنى ئويلىغان ئانار-
خان سىڭلىسى مەستۇرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت-
نى تۇتقۇزدى — دە:
— جېنىم سىڭلىم، ھېچكىمگە بىلدۇرمەي بۇ خەتنى جې-

لىل ئاكاڭغا بېرىپ كەل. جېلىل بولمىسا، مەخان ئاناڭغا بېرىپ، جېلىلگە تاپشۇرۇشنى ئېيتىپ قايتىپ كەل،— دېدى.

مەستۇرە ئاچىسىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ كىيىكتەك يۈگۈرەپ چىقىپ كەتتى. ئانارخان قۇتۇلۇشىنىڭ نۇرغۇن يوللىرىنى ئويلاپ، كۆڭلىنى بىر يەرگە توختىتالماي، جېلىلدىن ئۈمىد كۈتەتتى. «ئەگەر جېلىل ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە، پاك قەلبىمنى ۋاڭغا ئاياق — ئاستى قىلدۇرمايمەن» دەپ ئويلىدى — دە، جېلىل سوقۇپ بەرگەن ئۈستۈرىنى ئانىسىغا تۈيدۇرماي يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

توي كۆچۈرگۈچىلەر يېتىپ كېلىشتى. نىكاھ ئوقۇلدى. تېخىچە جېلىلدىن خەۋەر يوق ئىدى. ئانارخان تولا يىغلاپ، كۆزلىرى ئىششىپ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتتى. ئانارخاننىڭ پەريادىغا قارىماي، ئۇنى تۆت كىشى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ، مەپىگە تاشلاشتى. بىچارە ئانا ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى. ئانارخان مەپىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولغاندا، بىر نەچچە كۈچلۈك قوللار ئۇنى ئامبۇردەك قىسىۋېلىشتى. ئانارخان يولدا تولا يىغلاپ ھوشىدىنمۇ كەتكەن بولدى. بىرئاز تېنچلىنىپ يەنە ھوشىغا كەلدى.

مەپە قارا چاخسىدىن كىرىپ توختىدى. سارىخان باشلىق نەچچە ئايال ئانارخاننى ئېلىپ چۈشتى. بۇ يەردە تەييار تۇرغان كاھلاردىن تۆتى ئانارخاننى گىلەمگە ئېلىپ، توققۇز ئىشىكتىن ئۆتۈپ ۋاڭنىڭ مەخسۇس خانىسىغا ئېلىپ كىرىشتى.

— خېنىم ئاغىچام يىغلاۋەرمىسىلە، كۆزلىرىنى ئېچىپ، تۇرغان ئۆيلىرىنىڭ تاملىرىغا قاراپ باقسىلا، جەننەتكە كىرىپ قالدىلا،— دېدى سارىخان.

— ئاچا، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى بۇ دوزاختىن چىقىرىۋەتسىلە،— دېدى ئانارخان.

— ئاغزىمغا كەلدى دەپ جۆيلىمىسىلە خېنىم. يەتتە غورەكنى ئوقۇپ، گاڭ غوجامنىڭ ئەمرىگە ئۆتتىلە. ئەمدى گاڭ غوجامنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئوردىدا ئىززەت — ئابرۇي تې-

پىشقا تەييارلانسىلا، — دېدى سارىخان.

ئانارخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆكسۈپ — ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. ئۇردا كېنىزەكلىرىدىن نەچچىسى ئۇنى بەزلەشتۇرۇپ، داستىخان كەلتۇردى.

ئۇرغۇن نەسىھەتلەردىن كېيىن، ئانارخان مىشىلداپ يىغلاشقا ئۆتتى. باشقىلار ئۇنى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلىشتى. لېكىن ئۇ «گېلىمدىن بىرنېمە ئۆتمەيدۇ» دەپ زادىلا يېمىدى. داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، ئانارخاننىڭ كىيىمىگە ئەتىر سېپىلدى. ئۇنىڭ خىيالى ئاللىقانداق يەرلەردە ئىدى... بىھۇش قالغان ئانىسى، بىخەۋەر قالغان سۆيۈملۈك يارى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى: «بىچارە جېلىل! مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغانسەن؟ قىلتاققا چۈشۈپ، دوزاخقا بەنت قىلىنغان مەشۇقىڭنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ ئۆزۈڭ سوققان قىلىچىڭنى كۆتىرىپ كەل، بۇ زالىملارنىڭ بوينىنى ئۇز!!»

ئانارخان: «گاڭ ھەر قانچە ۋەھشىي بولسىمۇ ئادەمغۇ، مۇسۇلمانغۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خۇدانىڭ نامى بىلەن يالۋۇرسام، مېنىڭ نالە — پەريادلىرىمغا قاراپ نىيىتىدىن يانسا، ئەجەپ ئەمەس»، — دېگەن ساددا خىيالنىمۇ كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى.

ئۇ توققۇز ئىشىكنىڭ ئىچىدىكى ئۆچار — جانىۋار ئۆچۈپمۇ كىرەلمەيدىغان جايغا بەنت قىلىنغان بولسىمۇ «جېلىل ئامال قىلىدۇ، قۇتقۇزىۋالىدۇ» دەپ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئۇمىد كۈتەتتى.

※ ※ ※

مەستۇرە خەتنى ئېلىپ بارغاندا، جېلىل يوق ئىدى. ئۇ نېمە ئىش بىلەندۇ بازارغا كەتكەن بولۇپ، ئەتىسى قايتىپ كەلمەكچىكەن. شۇڭا مەستۇرە ئاچىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خەتنى مەخان ئانىغا بېرىپ، قايتىپ كەلگەن ئىدى.

بۇ دەرد — ئەلەملەردىن بىخەۋەر جېلىل بىر مۇنچە بازارلىق ئېلىپ، ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن ئۆيگە كەلدى. ئانىسى

خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتقىنىدا، جېلىل ئانارخاننىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خەتكە ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

«مەن ئۇچۇن ئەڭ قەدىرلىك كىشىم جېلىل، بىز، جاھانغا يورۇقلۇق بەرگۈچى ئۇلۇغ قۇياشنى گۇۋاھ قىلىپ، ئاشىقلارنىڭ شاھلىرى پەرھات — شېرىن، غېرىپ — سەنەم، تاھىر — زۆھرەلەرنى شېپى قىلىپ، ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەن ئىدۇق.

ئارىغا تىكەن ئۈندى. زالىم سۇلتان مامۇت پاك مۇھەببىتىمىزنى دەپسەندە قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. ئەتىلا مېنى مەجبۇرىي ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى. بۇ ئىش شۇنچە تېز، تاسادىپىي بولغاچقا، گاڭگىراپ قالدىم. تەمەخور دادام مېنى ئۆيگە بەنت قىلىپ قويدى. ئامال يوق، مېنى ئازدىن كېيىن ئېلىپ كېتىدۇ. پاك قەلبىمنى ئاياق — ئاستى قىلىدۇ...

ياق جېلىل، ماڭا ئىشىنىڭ، مېنىڭ قەلبىم پەقەت سىز ئۈچۈنلا، ئۇنى سىز ئۈچۈن قوغدايمەن، ئاسرايمەن، پاك ساقلايمەن، تەۋەررۇكىڭىز يېنىمدا ھەمراھ! ساق قۇتۇلالىسام كۆرۈشەرمىز، قۇتۇلالمىسام مەندىن رازى بولۇڭ! قىساس ئېلىڭ! مەن سىزنى جەننەتتە ئاشىقلار شاھلىرى بىلەن كۈتۈپ تۇرىمەن. ئۆزىڭىزنى ئاسراپ قىساس ئېلىڭ! خەير.

سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئانارىڭىزدىن»

خەتنى ئوقۇپ بولغان جېلىل «ئاھ» دېدى — دە، سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشتى. مەخان ئانا ئالدىراپ قالدى. ئوغلىنىڭ بېشىنى تېزىغا ئېلىپ، ئىختىيارسىز يىغلىۋەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىدىن مەخان ئانا خەۋەرسىز ئىدى. شۇ ئەسنادا جېلىلنىڭ ئاغىنىسى مۇسا كىرىپ كەلدى. بىرئازدىن كېيىن، جېلىل ھۇشىغا كېلىپ ئورنىدىن تۇردى — دە، قوزۇقتىكى قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ «قىساس ئالىمەن» دەپ ۋارقىرىدى.

قورقۇپ كەتكەن مەخان ئانا بالىنىڭ قولىغا ئېسىلدى:

— نېمە ئىش بالام، نېمە قىلىمەن دەيسەن؟ — سورىدى.

— ئاپا، زالىم گاڭ مېنىڭ ئانارىمنى بۇلاپ كېتىپتۇ. مەن گاڭنىڭ كاللىسىنى چېپىپ، قىساس ئالىمەن،— دېدى جېلىل.

— بالام، گاڭلار بىلەن تەڭ بولغىلى بولمايدۇ. لىگالار، ئامىرلار زۇلۇمغا چىدىماي يېغا قىلىپ باقتى، تەڭ بولالمىدى، سەۋرى قىلغىن،— دېدى ئانا.

— ياق، ئانا ماڭا دۇئا بەرگىن، مەن قىساس ئالىمەن، بۇ يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى،— دېدى. ئەمدى موسا گەپكە ئارىلاشتى:

— جېلىل ئاداش، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلايلى. ئانارخاننى ئوردىغا ئەكىرىپ كەتمىگەن چاغ بولسا، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئوڭاي ئىدى. ئەمدى قىيىنراق. شۇنداقلا بارساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىسەن. ئانارخاننى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ،— دېدى.

— مۇسا ئاداش، چىداپ تۇرالمايمەن، ئانار قانچە ئازابلىنىۋاتىدىغاندۇ، مەندىن قانچە رەنجىۋاتىدىغاندۇ؟

— مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى. ئاغىنىلارنى يىغىپ، مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، ھەممىمىز خەنجەرلەرنى يوشۇرۇپ، بىر نەچچىمىز داۋا ئىشى بىلەن ۋاڭنىڭ ئالدىغا كىرەيلى، بىر نەچچىسى ئىشىك ئالدىدا قالسۇن. ئوردىدا ئەسكەر يوق، بىزدىن دىۋان بېگى، توپ بېشىغا بىر ئاز بىرنېمە كېتىدۇ. ۋاڭ بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ، تۈت — بەشىمىز ئوردىغا كىرىپلا ئالساق، زالىملارنى دەسسەپ — چەيلەپ، ئانارخاننى قۇتقۇزۇپ چىقالايمىز،— دېدى موسا.

جېلىل مۇسانىڭ ئەقلىگە ماقۇل بولۇپ، ئاغىنىلىرىنى بۈگۈنلا يىغىپ مەسلىھەت قىلماقچى بولۇشتى.

※ ※ ※

ئەتىسى بىر توپ ئاتلىق ياش جېلىل، موسانىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مەخپىي قوراللىنىپ، لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەھەللىدىن 2 — 3 كىلومېتىرچە ئۇزى-

غان ئىدى. قوش ئاتلىق بىر هارۋا ئۆچرىدى. هارۋىدا ئىككى ئەر، ئىككى ئايال ئاق يېپىلغان بىر جىنازىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ كېلىشمەكتە ئىدى. بۇنى كۆرگەن جېلىلنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى — دە، هارۋىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ، هارۋىلىقلارغا سالام بەردى. مۇسا بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك:

— نەگە بېرىشىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— كېچە بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ، تۆنۈگۈن سۇلتان ماموت گاڭ بىر قىزنى ئاپتۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. بۈگۈن ئەتىگەن نامازغا كېتىۋېتىپ، ئوردا كەينىدە ئۆلۈك هالدا ياتقان قىزنى كۆردۇق. بۇنى ئوردا تەيجىلىرى ئۇقۇپ: «بۇ قىزنى ئاتىسى موللاخۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار.» دېۋىدى، ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى.

جېلىل سەنتۈرۈلگىنىچە، مۇردىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، «ئا-نار، مېنىڭ ئانارىم» دەپ يىغلاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كۆز يېشى قىلىشتى.

— بۇ قىزنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۇقۇشمىدىلامۇ؟ — دېدى مۇسا.

— ئاڭلىشىمىزچە، بۇ باتۇر قىزكەن. گاڭنى يارىدار قى-لىپ، ئوردىنىڭ كەينىدىكى پەنجىرىدىن ئۆزىنى تاشلىغانىكەن، بېشى تاشقا تېگىپ، بولالماپتۇ، — دېيىشتى.

— سۇلتان ماموت نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى، يەنە بىرەيلەن.

— بۈگۈن ئەتىگەن ۋاڭنى ئارشاڭغا ئەپكېتىپتۇ، دەپ ئاڭ-لىدۇق، — دېدى هارۋىكەش.

جېلىل هۆڭرەپ يىغلايتتى. مۇسا باشلىق ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشەتتى.

جېلىل غەزەپ بىلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ:

— مەن هازىر ئارشاڭغا چىقىپ قىساس ئالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

مۇسا ھارۋىدىكىلەرگە ئانارخان بىلەن جېلىلنىڭ مۇھەببە-
تىنى قىسقىغىنە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن:
— جېلىل ئاداش «سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن»، ئانارخاننى
تۇپراققا قويۇپ بولۇپ، كېيىنكى ئىشنى يەنە مەسلىھەت قىلار-
مىز. ئانارخاننىڭ باتۇرلىقىدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ، —
دېدى.
— شۇنداق، گاڭغا كىم كىرىپ كۆتىرىپ قارىيالىغان؟
بۇ قىز قورقماي تىغ ساپتۇ، قان توختىمايۋاتقىدەك دېيىشىدۇ،
— دېدى ھارۋىدىكىلەردىن بىرى. ئۇلار قايغۇ — ئەلەم بىلەن
كەينىگە يېنىشتى.

※ ※ ※

ئانارخاننىڭ قەبرىسى.
جېلىل تۇپراققا باش قويغىنىچە «ئانارىم، ئانارىم» — دەپ
يىغلاپ ياتاتتى. مۇسا كېلىپ:
— جېلىل ئاداش، يىغلىغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، سەۋر-
چان بول. ئانارخان: «سېنى قىساس ئال» — دېگەن ئەمەسمۇ،
بۇنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ يۈر ئاغىنىلار ساقلاپ قالدى، — دەپ،
تۇپراق بېشىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. جېلىل قىساس ئوتىدا ياناتتى.
تى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بۇ يەردىن 70 كىلومېتىر يىراقلىق-
تىكى چالقان تېغى ئارىسىدىكى ئارشاڭغا چۈشكۈچىلەر قىياپى-
تىدە بېرىپ، سۇلتان مامۇت بىلەن ئانارخاننىڭ ھېسابىنى قى-
لىشماقچى بولۇشتى.
بۇ دەل، سۇلتان مامۇت 36 ياشقا توشۇپ ۋاڭلىق تەختىگە
ئولتۇرغانغا 18 يىل بولغان ۋاقىت ئىدى. ئانارخان يەرلىكىگە
قويۇلۇپ، سەككىزىنچى كۈنى، تاڭ سەھەر بىلەن يولغا چىق-
ماقچى بولۇپ تۇرۇشقىنىدا، كېچىسىلا ئاتلار تۆپۈرلەپ،
«سۇلتان مامۇت گاڭ ئارشاڭدا جان ئۈزۈپتۇ» — دېگەن خەۋەر
تارقالدى. بۇ خەۋەر بىلەن ئۇلار يەنە توختاپ قېلىشتى.

※ ※ ※

ئانارخاننى كۆچۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىنكى

كەچتە شاراپ ئىچىپ، تەڭشەلگەن سۇلتان ماموت دەلدەڭشىد-
گىنىچە، خاس ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ئانارخان بىلەن
بىللە تۇرغان كېنىزەكلەر تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئالدىراش
چىقىپ كېتىشتى. گاڭ، كېنىزەكلەر كەينىدىن چىقىپ كەت-
مەكچى بولغان ئانارنى توستى.

— كىچىك پوجوڭ خېنىم نەگە بارىسىز، موشۇ سىزنىڭ
ئۆيىڭىز، ھارغانسىز، ئەمدى يېتىپ ھاردۇق ئالايلى، — دېدى
سۇلتان ماموت.

ئانارخان تامغا يۆلەنگىنىچە، لام — جىم دېمەي تۇراتتى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. كىيىملىرىڭنى
يېشىپ يات! — دېدى سۇلتان ماموت. ئانارخان يىغا ئارىلاش:

— ئاجىز قوللىرىغا رەھىم قىلسىلا بېگىم! مەن لايىقلىرى
ئەمەس، مەن خودانىڭ نامى بىلەن ئۆزۈمنى سىلىدىن تىلىگە-
نىم، مېنى ئوردىدىن ھەيدىۋەتسىلە، — دېدى. سۇلتان ماموت
كەيىپ ئىلكىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— قورقما قىزچاق، مەن ساڭا ئالتۇن ئۆزۈك، ئالتۇن
بىلەيزۈك ياسىتىپ بېرىمەن. جاھىللىق قىلمىغىن، مېنىڭ
ئاچچىقىم يامانراق، — دېدى. ئالداشلارمۇ، تەھدىتلەرمۇ ئانار-
خانغا كار قىلمىدى. ئانارخان، جىلىلىنىڭ يالدامىسى بولغان
ئۇستۇرىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى.
سۇلتان ماموت ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولدى.

— ماڭا تەگمىسىلە بېگىم، يېقىن كەلمىسىلە، ئۆزۈمنى
ئاللادىن تىلىگىنىم، — دېدى ئانارخان. قاتتىق غەزەپلەنگەن
سۇلتان ماموت:

— ۋۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن جاھىل، نى — نى جاھىللار
مېنىڭ قولۇمدا موم بولغان. مەن سېنى نىكاھلاپ ئالغانمەن،
— دېگىنىچە ئانارخانغا يېقىنلاشتى.

يالۋۇرۇشلار بۇ ئادەم سىياقىدىكى ھايۋانغا قىلچە تەسىر
قىلمىدى. ئۇ، ئانىدىن تۇغما ھالدا ئانارخانغا قول سالماقچى
بولغان ئىدى. قانچىلىغان بىگۇناھ خوتۇن — قىزلارنى ئاياق

— ئاستى قىلغان بۇ تەلۋىنىڭ ھايۋان نەپسىنى بىراقلا ئۇجۇق-تۇرماقچى بولغان، ئانارخان قولىدىكى ئىتتىك ئۇستۇرىنى ئۇ-نىڭ كىندىك ئاستىغا سىلىۋەتتى...

سۇلتان ماموت «ۋايجان» دېگىنىچە كېسىلگەن جاينى چاڭگاللاپ يىقىلدى. ئانارخان يۇگۈرۈپ دېگۈدەك ئوردا كۆرە-سىگە چىقىپ، كەينى پەنجىرىدىن ئىككىلەنمەيلا ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋەتتى. ئانارخان ئۆزىنى تاشلىغان ئېگىزلىك 22 مېتىر كېلەتتى.

ۋاڭنىڭ نالە — پەريادىنى ئاڭلىغان يان ئۆيدىكى ئاغىچىلى-رى ئويغىنىپ، ھۇجرىغا كىرىپ قانسىراپ ياتقان ۋاڭنى كۆ-رۈپ ئالدىراشتى، دەرھال ئوردا تىۋىپى بىلەن باش تەيجىنى چاقىرىپ كېلىشتى.

بۇ ۋاڭ ئۈچۈن ناھايىتى سەتچىلىك ئىدى. شۇڭا باش تەيجى دەرھال جابدۇپ، ئارشاڭغا چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى ۋە باشقىلارغا: «غوجامغا يامان بىر جاراھەت چىقىپ ئارشاڭغا كەتتى» — دېيىشتى ۋە شۇ كېچىسىلا مەپە بىلەن سۇلتان ماموتنى تاغ ئارىسىدىكى ئارشاڭغا ئېلىپ كېتىشتى.

※ ※ ※

سۇلتان ماموتنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى تارقالغاندىن كې-يىن، جېلىلنىڭ سەپداشلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلا بولدى. ئۇلار-دىن بەزىلىرى:

— سۇلتان ئۆلگەن تۇرسا، ئەمدى كىمدىن قىساس ئالى-مىز، — دېيىشتى.

— ياق، مەن ئانارخان ئۈچۈن ئۆز قولۇم بىلەن قىساس ئالىمەن. ئانارخاننى مېلىسقا ئاپىرىپ، گاڭغا كۆرسەتكەن ھې-لىقى كۇرسۇكنى ئۆلتۈرىمەن، — دەيتتى جېلىل.

— ئۇنداق قىلساق، مەرتلىك بولماس، قىساسنى ئانارخان ئۆزى ئاپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولساق بولىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

— قىساس ئالىمىز، دەپ قەسەم ئىچتۇقمۇ، چوقۇم قى-

ساس ئالىمىز، قىساسنى ئوردىدىن ئالىمىز!!— دېدى مۇسا.

— زالىم گاڭ ئانارخاننىڭ تىغى ئاستىدا ئىت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلدى، ئىش پۈتتى. كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى بىرسى.

— ئاغىنىلار، ئاشۇ گاڭ ئوردىسىدا قانچىلىغان بىگۇناھ جانلار قىينالمىغان؟ بۇ بىر ئانارخاننىڭ قىساسىلا ئەمەس. بەلنى باغلىغان ئىكەنمىز، بوشاتمايلى. نامراتلار خۇشال ئۆتىدىغان كۈنلەر ئۈچۈن يېغا قىلايلى، مەن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم!— دېدى جېلىل.

تالاش — تارتىش خېلى داۋام قىلدى. لېكىن، بىرلىككە كېلەلمىدى. سۇلتان مامۇت ئۆلگەندىن كېيىن، يەنە قىساس ئېلىش كېرەكمۇ؟ كىمدىن قىساس ئېلىش كېرەك؟ — دېگەن مەسىلىدە كۆز قاراش ئوخشىمايتتى. جېلىل بولسا، بىگۇناھ ئۆلگەن ئانارخاننى، ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئويلىغاندا چىداپ تۇرالمايتتى.

جېلىل غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، قىلىچىنى شارتىلدىتىپ تاشتا بىلەشكە باشلىدى.

ئۆمەر نوھ

# قۇتۇلۇش

(تارىخىي ھېكايە)

ئېدىرلىقنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان گازارما خۇددى رىۋايەتلەردىكى قەلئەلەرگە ئوخشاش سىرلىق كۆرۈنەتتى. تىمتاس كېچىدە پەقەت گازارمىنىڭ تۆت تەرىپىگە جايلاشتۇرۇلغان كۈزىتىش سۇپىسىدا كۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ئاياق تىۋىشى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گازارما ئىچىدىكى ئۆيلەردە كۈندۈزدىكى قاتتىق جەڭدىن چارچىغان ۋە بەزى يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ خورەك تارتقان، پۇشۇلدىغان، ئىڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈنۈگۈنكى تاسادىپىي ئۇچرىشىشتا مۇھەممەت بىلەن قىلىشقان مەسلىھەت بويىچە يالغان ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ياتقان ئابدۇللا ئۇيان — بۇيان ئۆرۈلەي دېسە، باشقىلارنىڭ ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، مىدىر — سىدىر قىلالماي ياتقاچقا، پۇتۇن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداقتىمۇ مۇھەممەتنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ، غەيرەت قىلىپ ياتماقتا ئىدى.

30 — يىللاردىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھالسىرىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىمۇ نابۇت قىلماقتا ئىدى. خەلقنىڭ ئۇستىگە ھەركۈنى دېگۈدەك ئاشلىق، يەم —

خەشەك ۋە باشقا تۇگمەس سىلىقلار چۇشۇپ تۇرغاندىن باشقا، مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇش ۋەھىمىسىمۇ بار ئىدى. مۇھەممەت بىلەن ئابدۇللا بىر يۇرتلۇق بولۇپ، ما جۇڭيىڭ قوشۇنىغا ئەسكەرلىككە بىللە تۇتۇلغانلاردىن ئىدى. ئۇلار يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشتى. نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرنىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۆلۈپ كەتكەنلەر ناھايىتى ئاددىيلا دەپنە قىلىناتتى. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ جەسەتلىرى چۆللەردە قېلىپ، قاغا — قۇزغۇنلارغا يەم بولاتتى. شۇنداق بولىۋەرگەچكە، ئەسكەرلەرنىڭ قېچىپ كېتىشى پات — پات كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇڭا بىر يۇرتلۇق ئەسكەرلەرنى ھەرگىز بىر گازارمىغا قويمايتتى. مۇھەممەت بىلەن ئابدۇللامۇ ئايرىم — ئايرىم گازارمىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۆنۈگۈنكى ئۇچرىشىشى ناھايىتى تاسادىپىي بولغان ئىدى.

— ھەي! ئابدۇللامۇ سەن؟! كاللاڭغا ھېزى بول...

جەڭ تازا ئەۋجىگە چىققاندا، توساتتىن بىرسىنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇللا دەرھال ئېتىشنى توختىتىپ ئىككى تەرەپكە قارىدى — دە، يېقىنلا يەردە بومبا ئازگىلىدا تۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ ئىشارەت قىلىۋاتقان مۇھەممەتنى كۆردى. ئابدۇللا ئەمدىلا ئورنىدىن قوزغىلاي دېۋىدى «تا — تا — تات» قىلىپ ئېتىلغان بىر نەچچە پاي ئوق ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال بېشىنى پەس قىلىۋالدى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇللا بىرلا ئىرغىپ ئۆزى تۇرغان ئورەكتىن چىقتى — دە، مۇھەممەت تەرەپكە يۈگۈردى. بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ ئوت كۈچى ئابدۇللاغا مەركەزلىشىۋىدى، بۇنى كۆرگەن مۇھەممەت پىلىموتى بىلەن قارشى تەرەپكە ئوت ئېچىپ، ئۇلارنىڭ ئوت كۈچىنى

بىردەملىك ئۆزىگە تارتتى. مۇشۇ پۇرسەتتە ئابدۇللا چاققانلىق بىلەن بىر نەچچە دومىلاپ مۇھەممەتنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى. مۇھەممەت ئىتنىڭ توختىتىپ بېشىنى پەس قىلدى ھەم ئابدۇللانىڭ بېشىنىمۇ پەسكە باستى. ئىتىشىش بىردەملىك پەسەيدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — سورىدى مۇھەممەت.

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋېسەنغۇ، — دەپ ئابدۇللا جەڭ مەيداننى ئىشارەت قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كۈندە شۇ ئايىقى چىقمايدىغان ئۇرۇش، ئۆزۈڭچۇ؟

— ھەر ھالدا ھايات تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى مۇھەممەت.

— قارا ئاداش، مۇشۇ ئۇرۇشلار بىزگە نېمىمۇ ئېلىپ كېلەر، كۆز ئالدىمىزدىلا ئۆلۈپ كېتىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرسەملا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كېتىدۇ. بۈگۈن ئەتىگەندىلا بامدات نامازنى بىللە ئوقۇغان ئىسمار دېگەن تۆڭگان بالىغا ئوق تېگىپ مېنىڭ ئالدىمدا جان ئۈزدى، بىزمۇ نېمە بولۇپ كېتىمىز، كىم بىلىدۇ، — دېدى ئابدۇللا.

— ئۇنى دېسەڭ گەپ تولا، ئىشقىلىپ بىر ئامال قىلماي بولمايدۇ، — دېدى مۇھەممەت.

— نېمە ئامال بار؟

— قاچامدۇق؟

— قاچامدۇق؟! — ئابدۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەئە، قاچىمىز. كۆرۈپ تۇرۇۋېسەنغۇ، قاچمىساقمۇ بەرىبىر ئۆلىدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىر ئۇرۇنۇپ كۆرمەيمىزمۇ؟

— قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلىسەككۇ مەيلى، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق ئاقىۋىتىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

— جاننى ئالقانغا ئالىمىز — دە.
— ئەتىگەندىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟
ئەتىگەندە ئەسكەرلەر ئەمدىلا غىزالىنىپ بولۇشىغا، جىددىي يىغىلىش كانىيى چېلىندى. ئەسكەرلەر بىر دەمنىڭ ئىچىدە گازارما قورۇسىغا سەپ بولۇپ يىغىلدى. روتا باشلىقىدىن تارتىپ پولك باشلىقلىرىغىچە ھەممىسى دەرقەمدە بولۇپ، ھەممە سۈكۈتكە چۆمگەن ئىدى. دىققەت بۇيرۇقى بىلەن تەڭ سەپنىڭ ئالدىدا قوماندان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ:
— قاچقۇنلار كەلتۈرۈلسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.
بۇ بۇيرۇق بىلەن تەڭ چەمبەرچاس باغلانغان ئىككى يىگىت يالاپ كېلىندى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تۇرپاندىن مەجبۇرىي ئەسكەرلىككە تۇتۇلغانلار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى ئەرسىما، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئىسمايىل ئىدى. ئۇلار بىر مەھەللىلىك بولغاچقا ئۆتكەن كېچە مەسلىھەتلىشىپ قاچقان ئىكەن، بىراق گازارمىدىن ئايرىلىشىغىلا تۇتۇلۇپ قاپتۇ.
— باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ئىككى قاچقۇننى ھازىر جازالايمەن! — قوماندان شۇنداق دەپلا قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارنى چېپىپ تاشلىدى. ئىككى يىگىتنىڭ قىپقىزىل قانلىرى يەرگە ئاقتى، تەنلىرى بىردەم ياپراقتەك تىترەپ توختاپ قالدى، — كۆردۈڭلارمۇ؟ يەنە كىمدە — كىم قاچىدىكەن مانا شۇنداق بولىدۇ. ھازىر يەنە جەڭگە ئاتلىنىمىز. تەييارلىنىڭلار!
ئەسكەرلەر چاپان — كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتىپ بېشىغا ئاق ماتا بىلەن چېكىلىك تېڭىۋالغان، قىلىچ كۆتۈرگەن ئون نەچچە تۈڭگان ئەسكەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى... مانا بۇ ئەتىگەندە يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى.

— مەن ئوبدان ئويلاندىم، — دېدى مۇھەممەت ئابدۇللاغا، — ماڭا قارا، بىرىنچىدىن، باشلىقلار «ئەسكەرلەر ئەتىگەندىكى جازادىن ئىبرەت ئالدى، ئەمدى قاچىدىغانلار چىقمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىدىن، «ئەسكەرلەر يالغۇز قېچىشقا پېتىنالمايدۇ، ئۇرۇش داۋامىدا مەسلىھەتلىشەلمەيدۇ» دەپ قاراپ، تەكشۈرۈشنى بوشاشتۇرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، مەن بۈگۈن كەچتە پوستقا چىقىدىغانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇم.

— ئىشەنچلىكمۇ؟

— مەن بىلەن بىر ئىزۋوتتا تۇرىدىغان باللار، ئىشەنچلىك.

— يولچۇ؟

مۇھەممەت ئابدۇللانىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. بۇ چاغدا سىم — سىم يامغۇر يېغىپ، بارا — بارا كۈچىيىپ قارا يامغۇرغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. جەڭ قىلىشمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭدىن چېكىنىش سىگناللىرى چېلىنىپ، جەڭمۇ توختىدى. ئابدۇللا بىلەن مۇھەممەتمۇ ئۆز روتىلىرىنىڭ ئادەملىرى بار تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. «ھەرگىز ئۇخلاپ قالما» دەپ جېكىلىدى مۇھەممەت ئايرىلىدىغان چاغدا. ئابدۇللا ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ياتاتتى. بىر چاغدا ناھايىتى يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دەل شۇ پەيتتە «كىمسەن؟»، «مەن مۇھەممەت»، «نەگە ماڭدىڭ؟»، «ھاجەتكە» دېگەن ئاۋاز سىرتتىن ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاندى. ئابدۇللامۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى.

— كىمسەن؟! — ۋارقىرىدى كۈزەتچى.

— مەن ئابدۇللا، — دېدى ئابدۇللا جاۋاب بېرىپ.

— نەگە بارىسەن؟

— ھاجەتكە.

يۇقىرىدا تۇرغان ئەسكەر مىلتىقىنىڭ ئۇچى بىلەن «ماڭ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. ئابدۇللا ئىشتان بېغىنى يەشكەن بولۇپ ھاجەتخانىغا كىردى. بۇ يەردە مۇھەممەت ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى.

— چىقتىڭمۇ؟

— ھەئە.

— سەكرەيلى!

— نەگە؟

— كۆلچەككە!

— ھە؟!

— سەكرە!

مۇھەممەت شۇنداق دەپلا ئابدۇللانى مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئىتتىردى ۋە ئۆزىمۇ سەكرىدى. كۆلچەكتە ئىككىسىنىڭ بېشىلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاستا سۇرۇلۇپ تام تۈۋىگە بېرىۋالدى. ھاجەتخانىغا بىرەيلەن كىرىپ ھاجەت قىلىۋېدى، ئۇنىڭ سۇيدۇكلىرى ئىككىيلەننىڭ باش — كۆزلىرىگە چاچراپ كەتتى. ئۇلار سېسىقچىلىقتا چىداپ تۇردى. ھاجەتكە كىرگەن ئەسكەر چىقىپ كېتىشىگىلا، سىرتتىن «پاڭ — پۇڭ» قىلغان ئوق ئاۋازى چىقتى ۋە ئارقىدىنلا «ئادەم قاچتى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. دەقىقە ئىچىدە گازارمىنىڭ ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئالتاغىل ۋارقىراشلىرى، دۈپۈرلەپ يۈگۈرۈشلىرى بىر پەستە بېسىقتى. شۇ چاغدىلا ئابدۇللا بىلەن مۇھەممەت ئۆمىلەپ يۈرۈپ قورۇ تامنىڭ سىرتىغا چىقتى — دە، تامنى بويلاپ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى دۆڭلۈككە قاراپ يۈگۈردى. ئابدۇللا كېتىۋېتىپ كەينىگە

قارىۋىدى، ئېگىزدە تۇرغان قاراۋۇل قولىنى كۆتۈرۈپ «تېز قاچ» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. بۇ تون يانغان مەزگىل بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىشارىتىنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى ھەم كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان مۇھەممەتكە ئەگىشىپ مېڭىپ كەتتى. ئۇلار تەخمىنەن ئىككى سائەتتەك يول ماڭغاندا، مېڭىش تەسلىشىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچان ئېدىرلىققا يېتىپ بولغانىدى، ئۆزلىرىمۇ خېلىلا ھېرىپ چارچىدى.

— ئازراق ھاردۇق ئالايلى،— دېدى مۇھەممەت كەينىدە قاراپ قويۇپ، قوغلىغۇچىلارنىڭ يېتىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن. ئۇلار كىچىك بىر جىرادا ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغاچ پاراڭغا چۈشتى.

— قۇتۇلۇپ كېتەلەرمىزمۇ؟— سورىدى ئابدۇللا.

— چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىمىز،— دېدى مۇھەممەت كېسىپلا.

— قانداق دەيسەن؟

— قارا، بىز كۈن چىقىش يۆنىلىشىدە يېرىق تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. بۇنى قوغلىغۇچىلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى. بىز كەچ كىرگىچە مۆكۈنۈپ يۈرۈپ، كەچ كىرگەندە ئاندىن سەپەر قىلىمىز،— دېدى مۇھەممەت.

ئۇلار ئازراق ھاردۇقلىرىنى چىقىرىپ يەنە يۈرۈپ كەتتى. كۈن چىقاي دېگەن چاغدا كەينى تەرەپتىن بىر – بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى تەرەپنىڭ ھۇجۇم سىگناللىرى، ئارقىدىنلا ئېتىلغان توپ، زەمبىرەكلەرنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ، جەڭ يەنە باشلاندى،— دېدى مۇھەممەت.

— يەنە قانچىلىغان يىگىتلەر جېنىنى سېلىپ بېرەر؟
—دېدى ئابدۇللا ئاھ ئۇرۇپ. ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ ئالدى تەرەپتىكى بىر تار جىلغىغا چۈشۈۋېدى، تاغ قاپتىلىدا بۇلدۇقلاپ سۇپسۇزۇك سۇ چىقىۋاتقان بىر بۇلاق كۆرۈندى. ئۇلار شۇندىلا ئۇزلىرىنىڭ تېخى ھېلىراقتىلا ھاجەتخانا كۆلچىكىدىن چىققانلىقىنى ئەسكە ئېلىشىپ، بىر — بىرىگە قاراپ كۈلۈپ كېتىشتى.

※ ※ ※

ئىككىيلەن كۈندۈزى مۆكۈنۈپ، كېچىسى يول يۈرۈپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە بىر تاغ باغرىدىكى يايلاققا يېتىپ كەلدى. شەرق ۋە غەرب تەرىپى يانتۇ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز كەڭ يايلاق؛ جەنۇب تەرىپى ئېگىز چوققا، تاغ باغرىدا ئاسمان پەلەك ئۆسكەن يېشىل قارىغايلىق؛ شىمال تەرىپى تۇزكۆل. يايلاقنىڭ ئۇيەر — بۇ يېرىدە، ياپيېشىل يايلاققا خالدەك ياراشقان چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى، بۇلار ھەممىسى قوشۇلۇپ ئىنتايىن گۈزەل بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۇرگە-نىدى. ئۈچ كۈنگىچە سوغۇق سۇدىن باشقا نەرسە كۆرمەي ۋەھىمە بىلەن سەپەر قىلغاچقا، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېچبىر ماغدۇرى قالمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار «خۇدا» دەپلا بىر كىگىز ئۆيگە كىردى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، قاياقتىن كەلدىڭلار؟
— ئۇرۇمچى تەرەپتىن.
— ئۇنداق ئەمەستۇ؟
— شۇنداق.
— ئەمىسە ئۇستۇڭلاردىكى ئەسكەر ئېڭىلىكەنغۇ؟
— شۇنداق، بىز ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كەلگەن.

— نېمىشقا قاچتىڭلار؟
— جاننى ساقلاش ئۈچۈن.
ئۇلار كىگىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن 40 — 50 ياشلار ئەتراپىدىكى قازاق كىشى بىلەن ئەنە شۇنداق سۆزلەر بولۇندى. ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئولتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. دۇئادىن كېيىن بوۋاينىڭ كەمپىرى داستىخان هازىرلاپ كۆمەچ نان، ئېرىمچىك، قۇرۇت قاتارلىقلارنى كەلتۈردى هەم هەربىرىگە بىر غىدىردىن ئەتكەن چاي قويدى. ئىككىيلەن ئېچىپ كەتكەن قورسىقىنى تويغۇزۇشقا باشلىدى. داستىخاندىكى يېمەكلىكلەر تۈگىگەندە، كەمپىر يەنە ئەكەلدى. ئۇلار يەپ تويۇنغاندا ئۆي ئىگىسى گەپ باشلىدى:
— قارىغاندا بىر نەرسە يېمىگىلى نەچچە كۈن بوپتۇ سىلەرگە.
— ئۈچ كۈن.
— يۇرتۇڭلار قەيەر؟
— پىچان.
— مەن ئۇ يەرنى بىلمەيمەن. يۇرتۇڭلاردىن نېمە چىقىدۇ؟
— ئۈزۈم چىقىدۇ.
— هە بىلدىم، سىلەرنىڭ سارتلار ئەپكېلىپ، ئاشلىق مال — چارۋىغا تېگىشىدىغان نەرسىكەندە؟ ئۈزى شۇنداق تاتلىق. هە، گەپنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، سىلەر قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كەلدىڭلار، ئېتىڭلار نېمە؟
ئابدۇللا بىلەن مۇهەممەت بىر — بىرىگە قارىشىۋېلىپ، بۇ كىشىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، مۇهەممەت سۆز ئالدى:
— مېنىڭ ئىسمىم مۇهەممەت، دوستۇمنىڭ ئىسمى

ئابدۇللا. مەجبۇريي ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ بۇ ياقلارغا ئۆتۈپ قالدۇق. بىر تەرەپتىن، ھەر كۈنى ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ زۇلۇمى ۋە قورساقنىڭ دەردى قىينىدى، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇرتتا قالغان ئاتا — ئانا، خوتۇن — بالىلارنىڭ ھال — ئەھۋالى قانداقتۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەنمىز.

— شۇنداق قىلىپ قاچقۇن بولدۇق دەڭلا!

— شۇنداق.

—قاشقىر ① غا يەم بولۇشتىن قورقمىدىڭلار؟

— ئەسكەرگە تۇتۇلۇپ قىلىشتىن قورقمىغان يەردە، قاشقىرغا يەم بولۇشتىن قورقاتتۇقمۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قازاق كۈلۈپ كەتتى:

— قاشقىر دېگەن ئادەمدىن قورقىدۇ، مەن دەۋاتقان «قاشقىر» ھېلىقى قوماندان تۇڭگان. قاشقىر چارۋىنى يەيدۇ، قوماندان تۇڭگان ئادەمنى يەيدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇنىڭ بۇ يۇمۇرلۇق گەپلىرى ئىككيلەننىڭ كۆڭلىنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويدى.

— نېمە ئامال دەيسىز، جاننى ئالقانغا ئالدۇق شۇ. ئۇ يەردە جەڭ قىلساقمۇ بەرىبىر جاننى سېلىپ بېرىدىغان ئىش ئىكەن. يا ئۆلۈم — يا كۆرۈم دەپلا يولغا چىقتۇق، — مۇھەممەت كۆڭلىدىكىنى بىراقلا دەۋەتتى.

— يارايسىلەر! بىزدە «قاشقىر تۇتاي دېسەڭ چارۋىدىن كەچ» دېگەن تەمسىل بار، يارايسىلەر، قېنى ئەمدى كۈنگەيدىن ھېكايە قىلىڭلار، — دېدى قازاق كىشى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى مۇڭداشتى. چۈش قايرىلاي دېگەندە، ئون نەچچە

① قاشقىر — قازاقچە «بۆرە» دېگەن مەنىدە.

ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئۆيگە كىردى.

— مانا بۇ مېنىڭ كەنجىتايىم، — دەپ ئوغلىنى تونۇشتۇردى ئۇ، — چارۋىلىرىڭ قېنى؟

— قاش داۋاننىڭ ئېتىكىدە، — دېدى بالا غىزالىنىۋېتىپ.

— سىلەرمۇ يولغا چىقىڭلار، ئالدىڭلاردا يول ئۇزاق ھەم خەتەرلىك، بىر قانچە قىردىن ئاشىسىلەر، — دېدى ساھىبخان ۋە كەمپىرىگە قاراپ، — سەن بۇلارغا يولدا يەيدىغانغا ئازراق بىر نەرسە بەرگىن، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ماڭماقچى بولۇپ كىگىز ئۆيدىن سىرتقا چىقىشتى. ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىققان كەمپىر بىر ئىشتىن چۆچىگەندەك ۋارقىراپ كەتتى:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! توختاپ تۇرۇڭلار! — ئۇ، شۇنداق دەپ ۋارقىرىغان پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تەئەججۇپلىنىپ قالدى. كەمپىر بىردەمدىلا ئىككى يۇرۇش قازاقچە بۆك ۋە كىيىم — كېچەكنى ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇلارغا:

— ئەڭلىڭلارنى سېلىۋېتىپ بۇلارنى يۆتكىۋېڭلار، — دېدى. مۇھەممەت بىلەن ئابدۇللا شۇندىلا كەمپىرنىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— ياخشى بولدى، ساپ تەسكەي پالۋىنى بولدۇڭلار، ئەمدى سىلەرگە ئات بولمىسا بولمايدۇ، — قازاق كىشى شۇنداق دەۋېتىپ، ئاتقا مىنىپ ماڭماقچى بولۇپ تۇرغان ئوغلىغا ۋارقىرىدى، — ھاي كەنجىتاي! بول چاپسان، يىلقىغا بېرىپ ئاتتىن ئىككىنى ئېلىپ كەل!

كەنجىتاي ئاتقا مىندى دېگۈچە، يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھايال بولمايلا ئىككى ئاتنى ئېلىپ كەلدى. قازاق كىشى ئاتلارنى ئېگەرلەپ تەييارلىغاندىن كېيىن، چۇلۋۇرنى ئىككىيلەنگە تۇتقۇزۇپ:

— قاراڭلار، — دېدى ئايرىلىشقا قىيالمىغاندەك بىر خىل

نەزەردە ئىككىسىلەنگە قاراپ، — ئات دېگەن ئەركەككە قانات دېگەن گەپ بار، قېنى ئېلىڭلار!

ئابدۇللا بىلەن مۇھەممەت بۇنداق مەرت ھەم سەممىي قازاق چارۋىچىنىڭ ھىممىتىگە نىمە دېيىشنى بىلەلمەي، كۆزلىرىگە ياش ئالغانچە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇمۇ نەملەشكەن كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ كېتەلمىدى. ئۇنىڭ كەمپىرى لېچىكىنىڭ بۇرجىكى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— رەھمەت ئاكا، — دېيىشتى ئابدۇللا بىلەن مۇھەممەت تەڭلا قازاق چارۋىچىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ھاياتلا بولساق سىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز، قەرزىمىزنى چوقۇم قايتۇرىمىز.

— ئۇنداق دېمەڭلار ئۇكىلار، خۇدايىم بەرسە مال — چارۋام مىڭغا يېتەر، قېنى ئاتقا مىنىڭلار، — دېدى قازاق چارۋىچى. ئۇلار ئاتقا مىندى.

— خوش! ئامان بولساق يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدى ئىككىيلەن.

— كۈن پېتىشقا قاراپ ئات سېلىڭلار، «قوي كۆرگەن» دېگەن ئېقىنغا بارغاندا يۇقىرىغا ياماشساڭلار، قاراتاغ يايلىقىغا يېتىسىلەر. ئاندىن كۈن چىقىشقا ماڭساڭلار، ياغاچ بېشىغا بارىسىلەر. ئۇ يەردىن يامغۇر باينى تېپىڭلار، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم. جۇمەقۇل ئەۋەتتى دەڭلار، قالغان ئىشنى سىلەرگە ئۇ ئوگشاپ بېرىدۇ، — دېدى قازاق چارۋىچى.

— ئاتنى شۇ كىشىگە قالدۇرامدۇق؟ — سورىدى مۇھەممەت.

— ئىختىيارىڭلار، كېرەك بولسا ئېلىپ كېتەرسىلەر، — دېدى قازاق.

— قېنى دۇئا بېرىڭ، — دېدى ئابدۇللا.

دۇئادىن كېيىن قازاق چارۋىچى «قېنى تېز چېپىڭلار!» دەپلا، ھەربىرىنىڭ ئېتىغا بىردىن قامچا سېلىۋەتتى. ئاتلار تاغ باغرىنى بويلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

یالقۇنتاغنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا شىمال — جەنۇب يۆنىلىشىدە كەتكەن تار بىر ئېقىن بولۇپ، ئېقىننى بويلاپ مېڭىپ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئۆتكەندە، تار ھەم ئۇزۇن گۈزەل بىر بوستانلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەگەر تاغ ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولسىڭىز، بۇ يۇرت خۇددى چۆل باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېشىل مەرۋايىتقا ئوخشايدۇ. بۇ يۇرتنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ھەم ئىسسىق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئۈزۈم، قوغۇن، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما، ئەنجۈر قاتارلىق مېۋىلىرى ئالاھىدە تەملىك. بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى ماختىنىپ «بىزنىڭ يۇرتنىڭ مېۋىسىنى يېسىڭىز، تاتلىقلىقىدىن تىلىڭىزنى يېرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە سۇ بەك قىس بولغانلىقتىن ئاشلىق، پاختا قاتارلىق زىرائەتلەر ئاساسەن تېرىلمايدۇ. كىشىلەر باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىشلەپچىقارغان ھۆل — قۇرۇق مېۋىلىرىنى ئاشلىق ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرىدۇ. ئاۋغۇست كۈنلىرىدە، سىرتتىن بۇ يەرگە كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئۆزىنى خۇددى پانىي دۇنيادىكى جەننەتكە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئادەملىرى بەكلا مېھماندوست.

يۇرتنىڭ شىمال تەرىپىدىكى تاغنىڭ ئېقىن بويىدىكى باغرىغا بىر مازار جايلاشقان بولۇپ، جاي — جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ مازارنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ. رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ھېلىھەم ھايات مازارمىش. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ يەرگە كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ ياز كۈنلىرى بەك ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ.

مازارنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان چوڭ ئېقىنغا يانداش بىر كىچىك ئېرىق بار بولۇپ، ئېرىقتا سۇ شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېرىقنىڭ بويىدا ناھايىتى يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەن ئىككى تۈپ ئۈجمە دەرىخى بولۇپ، ئىسسىققا چىدىمىغان تاۋاپچىلار ئۈجمە سايىسىدا ئولتۇرۇپ سالقىندايتتى. ئىككى تۈپ ئۈجمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئېرىقتىن

ئارتىلدۇرۇپ يوغان بىر ياغاچ كارىۋات قويۇلغان. كارىۋات ئۈستىگە سېلىنغان گىلەم ئوتقاشتەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. كارىۋاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چاي شىرەسى قويۇلغان بولۇپ، شىرەنىڭ چۆرىسىدە چاچ — ساقاللىرى ئۆچتەك ئاقارغان بىر قازاق بوۋاي بىلەن ساقاللىرى چارلاشقان ئىككى ئۇيغۇر دېھقان چاي ئىچكەچ ناھايىتى قىزغىن سۆھبەت قۇرغان ئىدى. ئۇلار پات — پات بىر — بىرىنى «سارت» دېسە، «چال» دېيىشىپ چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى.

ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)

# توغراقتا ئايلانغان ئادەملەر

پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئاۋات، باياشات، مەمۇرچىلىقتا تولغان بىر يۇرت بار ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ھەممىلا جايىدا تارام — تارام ئېقىنلارنى ھاسىل قىلغان بۇلاقلار بار بولۇپ، بۇ بۇلاقلارنىڭ سۇ مەنبەسىنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ يۇرت بۈك — باراقسان ئورمانلار، ئېكىنزارلىقلار بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ھەر ۋاقىت بۇلبۇللارنىڭ شوخ ناۋالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە خۇددى مۆجىزىدەك كۆزگە چېلىقىدىغان بۇ بوستانلىق يۇرتنىڭ يىراق قىرلىرى كېچىسى بوران ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، كۈندۈزى تونۇردەك ئىسسىق دەستىدىن ئۇچار قۇشلارمۇ كاۋاپ بولۇپ قالىدىغان مۇدھىش، چېكى يوق چۆللۈك بولۇپ، تەلۋە بورانلار، دوزاخنىڭ ئوتىدەك كۆيدۈرگۈچ ئىسسىقلار خۇددى بىرسى ئەپسۇن ئوقۇپ قويغاندەكلا بۇ يۇرتنىڭ چېگرىسىدا ئۆز كۈچىنى يوقىتاتتى. گويا بىر كىشى رىۋايەت سۆزلەۋاتقاندەكلا بىر تەرەپتە ئورمانلار ياشىرىپ، سۇلار شارقىراپ، بۇلبۇللار ناۋا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتە قۇملار كۆچۈپ، ئالۋۇنلار چىمىرلاپ، دوزاخ ئوتىنىڭ يالقۇنى لاۋۇلدايتتى. ۋەھالەنكى، بۇ يۇرتنىڭ خەلقلىرى بۇ خىل مۆجىزىگە قىلچە قىزىقمايتتى، خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك قىلچە ھەيران قالمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بىر پارچە زېمىننىڭ

تارىخنى ئازراقمۇ بىلمىگىنىدەك، كەلگۈسى ھەققىدىمۇ قىلچە ئويلانمايتتى. ئەلمىساقتىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ تۇپراق ئۇلارنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھى بولۇپ، بۇ يەردىن زادىلا سىرتقا چىقمايتتى. ئۇلار بوستانلىقنىڭ چېگرىسىدا قۇملۇققا نەزەر تاشلاپ ھۆكۈم قىلاتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، پۈتكۈل ئالەم پەقەت مۇشۇ بوستانلىق ۋە بوستانلىقنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلا ئىدى. ئۇلار «قۇملۇقنىڭ نېرىسىدا نېمە باردۇ؟» دېگەننى ئويلىمايتتى ھەم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قەدەم بېسىش خىيالىدىمۇ بولمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قۇملۇق ھالاكەتتىن دېرەك بېرەتتى، ئۇلارچە، قۇملۇققا قەدەم بېسىش ھاياتلىققا قىلىنغان ئاسىيلىق ئىدى.

بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى 200 — 300 يىل ياشايتتى. بۇ يەردە نە پادىشاھ، نە پۇقرا، نە دۆلەت، نە ھاكىمىيەت دېگەن ئۇقۇملار يوق بولۇپ، ھەممە كىشى ئۆزى بەگ، ئۆزى خان ئىدى. بۇ يەردە ھېچكىم ھېچكىمنى باشقۇرمايتتى، ھېچكىم ھېچكىمدىن ئۇستۇنلۇك تالاشمايتتى. قىسقىسى، بۇ يەر ئەركىن، ئازادە، ھېچقانداق تۈزۈم، سىياسەت بولمىغان جەمئىيەت ئىدى. ھەممە كىشى ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئېلىپ ئىناق، ئىتتىپاق، باراۋەر ياشايتتى. ئەرلەر پايانسىز كەتكەن بۇغداي، قوناق، پاختا، ئۈزۈم، تېرىق، ماش ئېتىزلىرىدا ئىشلەيتتى، ئات، كالا، قوي باقاتتى، ئورمانلارنى پەرۋىش قىلاتتى. ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تامچىلىق، نەققاشلىق قاتارلىق ھۆنەر — كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى؛ ئىپتىدائىي كانلاردىن مېتال ئېلىپ تاۋلايتتى؛ ئاياللار ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، ئۆچمەي كېلىۋاتقان مۇقەددەس چوغلىرىدا تاماق ئېتەتتى؛ توقۇمىچىلىق ۋە ھەر خىل قول ھۆنەرۋەنچىلىك بىلەن

شوغۇللىناتتى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە مەدەنىيەت، تەرەققىيات، توك، مەكتەپ دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىشىلەر بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ ئەمگەك، مېھنەت بىلەن كۈنلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئۆزلىرى تىكىۋالغان يىرىك ئەمما پۇختا كىيىملەرنى كىيەتتى. ئات، كالىلارنى قاتناش، ئىشلەپچىقىرىش قورالى قىلاتتى. ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان خام ۋە پىشۇرۇلغان مەھسۇلاتلارنى ئوزۇقلۇق قىلاتتى. بالىلار بوۋىلىرىدىن ئاجايىپ — غارايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ، تال چىۋىقنى ئات قىلىپ ئويناپ چوڭ بولاتتى. بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى شۇنچىلىك ساغلام، بەختىيار، شاد — خورام ئىدىكى، ئۇلار كېسەلنىڭ، ئازابنىڭ، باي — كەمبەغەللىكنىڭ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. ھېچنېمىنى بىر — بىرىدىن قىزغانمايتتى. ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئېكىنزارلىقى، نېسىۋىسى بار ئىدى. بۇ يەردە ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، تەمەخورلۇق، شاراپخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق، تۆھمەتخورلۇق دېگەندەك ئىللەتلەر يوق ئىدى. ھېچكىم بىر — بىرىنىڭ بەختىگە، مېلىغا، خوتۇنىغا كۆز قىزارمايتتى. چۈنكى، بۇلاردا دىيانەت بار ئىدى.

بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرى تېرىقچىلىقنىڭ ئارىسالدى مەزگىللىرىدە، كۈنلىرىنى ھەر خىل مەشرەپ، باغ سەيلىسى، گۈلخان سەيلىسى، ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، توخۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق كۈنلەردە، يۇرتنىڭ ھەممە يېرىدە گۈلخانلار يېقىلىپ، داش قازانلار ئېسىلىپ، نەچچە ئونلىغان قويلار سويۇلۇپ، ناخشا — سازلارنىڭ ناۋاسى، بوۋاي، مومايلار، قىز — يىگىتلەرنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى پەلەكنى قۇچاتتى. ئاتلار بەيگىگە چۈشۈپ، قوملۇقنىڭ قىرغىقىغىچە

باراتتى. قىز - يىگىتلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پىنهانلاردا يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتىشاتتى. بۇ يۇرتنىڭ تويلىرىمۇ ئالاھىدە قىزىپ كېتەتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، يۇرت ئىچىدە ئۆز - ئارا تويلىشىپ كېلىۋاتقان خەلق بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش تۇغقان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بارلىق يۇرت ئەھلى توي ئىگىلىرىنى پەتىلەپ بولغىچە، نەچچە ئايلاپ ۋاقىت كېتەتتى. كېچىلىك بەزمىلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۈزۈلمەيتتى. يېرىم يالىڭاچ، بەستى، چىراي - تۇرقىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان پالۋان يىگىتلەر گۈلخان ئەتراپىدا كەسكىن، چەبدەس ھەرىكەتلەر بىلەن رېتىملىق ئۇسسۇل ئوينايتتى. خۇددى ئاچا - سىڭىللاردەك ئوخشاش، زىلۋا، پاك، بىغۇبار، گۈزەل قىزلار ئۇلارغا جۈر بولاتتى. بۇ يۇرتنىكى ئوخشاش پاسوندا سېلىنغان ئۆيلەر، رەتلىك ئېلىنغان كوچىلار مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قېرى چىنار دەرىخىنى مەركەز قىلىپ، قۇياشتىن چېچىلغان نۇرغا ئوخشاش ھەر قايسى تەرەپلەرگە چېچىلىپ تاكى قۇملۇققا قەدەر تۇتىشاتتى. ياغاچتىن ئاستى - ئۈستى پىشايۋانلىق قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ھويلىسىدا خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان رەڭدار گۈللەر، گۈللۈكلەر كەينىدە ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان كۆكتاتلىقلار بار ئىدى. ئۆي - ئۆيلەردە دۇتار، تەمبۇر، ناخشا - ساز، كۈلكە - چاقچاقلارنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. يۇرتنىڭ مەركىزىدىكى قېرى چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدا سالقىن ياز ئاخشاملىرى، ئاپتىپى خۇشياقىدىغان قىشنىڭ چۈشلۈكلىرى سۆھبەتلەر قۇرۇلۇپ، پاراڭ قىزىپ كېتەتتى.

نىھايەتكى، ھېچقانداق ۋاقىت ھېسابلانمايدىغان بۇ يۇرتنىڭ مەلۇم يىل، مەلۇم ئاي، مەلۇم كۈنىدە بۇ يۇرتقا بىر

ئادەم، يەرلىكلەرنىڭ، تىلى بۇيىچە ئېيتقاندا بىر ئاجايىپ مەخلۇق كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان، بۇ يۇرتنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. خەلقنىڭ ئۆرپ — ئادىتى، ئادەملەرنىڭ نىيەت — ئىقبالى بۇزۇلدى. قىسقىسى، مۇشۇ ئادەتتىكى بىر كۈن، بۇ يۇرتنىڭ ھالاكىتىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. بۇ باشقا كۈنلەردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدىغان بىر كۈن بولۇپ، بوۋايلار قېرى چىنار دەرىخىنىڭ سايىسىدا گۇڭگۇر — مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. تۇيۇقسىز دەسلەپتە غۇڭۇلدىغان، كېيىن «دۇت، دۇت» قىلغان، بۇ يۇرت خەلقى ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان ياڭراق بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن تۆت پۇتى غىرىلداپ ئايلىنىپ ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ماڭىدىغان، ئالدىدا ئىككى «كۆزى» پارقىراپ تۇرىدىغان غەلىتە نەرسىنىڭ، ئۈستىدىكى ئورۇندۇقتا ئاجايىپ غارايىپ كىيىنگەن بىر ئادەم ئولتۇرۇپ، بىر يۇمىلاق نەرسىنى ھەدەپ ئۇياق — بۇياققا تولغىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. دەل شۇ مىنۇتلاردا، بۇ «مەخلۇق»نى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قورقۇنچ، ھەيرانلىقىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ھويلىلىرىدا ئۆي كارى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ئاياللار قورقىنىدىن جايىدىلا ئولتۇرۇپ قېلىشتى. كوچىدىكى بالىلار ئۇۋچىغا ئۇچرىغان توشقاندەك ئۆزلىرىنى ھويلىلىرىغا ئېتىشتى. يىگىتلەرنىڭ يۈرەكلىرى پۇلاڭلاپ، تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. بوۋايلار ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە ئەس — ھوشىنى يوقاتتى. ھېلىقى غەلىتە «مەخلۇق» غىرىلداپ مېڭىپ، چىنار تۈۋىدە غارتىلداپ توختىغاندا، قېچىپ كېتەلمەي قالغان بىر نەچچە بوۋاي كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، غالىلداپ تىترىگىنىچە تەسۋىلىرىنى چىڭ سىقىمداپ نېمىلەرنىدۇ ئوقۇشقا چۈشكەن ئىدى.

هېلىقى «مەخلۇق» نىڭ ئۇستىدىكى كۆزلىرىگە يۇمىلاق قاپقارا نەرسە تاقىۋالغان، بېشىغا قارا رەڭلىك چىلاپچىغا ئوخشاش بىر نەرسە كىيىۋالغان ئادەم ئالدىرىماي مەخلۇق ئۇستىدىن چۈشۈپ، كۆزىگە تاقىۋالغان قاپقارا نەرسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى ۋە بېشىدىكى «چىلاپچا» نى قولىغا ئېلىپ، بوۋايلارغا قاراپ بىر خىل دوستانە ھېسسىياتتا سالام بەرگەندەك ھەرىكەتنى قىلدى ۋە كالدىرلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى. بوۋايلار كۆزىنى ئېچىپ غەلىتە كىيىنگەن ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدە «ھومىيىپ» تۇرغان يوغان «مەخلۇق» قا قورقۇنچ بىلەن قاراپ قويدى — دە، كەشلىرىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، پەشلىرىگە پۇتلىشىپ كۆزدىن غايىپ بولدى. ھېلىقى ئادەم ھەيران بولغاندەك ئەتراپقا قارىدى. كوچىلاردا خۇددى بۇ يەردە ئەزەلدىن ئادەم ياشىمىغاندەك ئىنسى — جىن كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئادەم «مەخلۇق» نىڭ ئۇستىگە چىقىپ، غۇڭۇلداپ ئاۋاز چىقارغىنىچە كوچىلارنى بىرەر قۇر ئايلاندى — دە، كەلگەن يولى بىلەن كېتىپ قالدى. شۇ كۈنى، كەچ كىرىپ تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر ھېچكىم سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ئەتىسى سەھەر ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن، تاملارنىڭ كەينىلىرىدىن باشلار كۆرۈنۈپ، سەل يۇرەكلىكلىرىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئەرلەر بىرلەپ — ئىككىلەپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ چىنار تۈۋىگە يىغىلىشتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە بۇ يەر ۋاراڭ — چۇرۇڭ، تالاش — تارتىش دەستىدىن قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى: «بۇ زادى كىم؟ ئالۋاستىمۇ ياكى ئەزرائىلمۇ؟ ئۇ مىنىۋالغان مەخلۇق قانداق مەخلۇق، ئۇلار زادى قەيەردىن، نېمە مەقسەتتە كەلگەن؟» تالاش — تارتىشنىڭ

تېمىسى مۇشۇ ئىدى. ئاخىرىدا نەچچە يۈز ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئېگىز، قاتاڭغۇر، ئاپئاق ساقاللىق يۇرت ئاقساقىلى ئەتىدىن باشلاپ، بارلىق يىگىتلەر ئوقيا — قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللىنىپ، ھويلىلىرىدا، تام كەينىلىرىدە مۇداپىئەدە تۇرۇش، قېرىلار، ئاياللار، بالىلار ۋاقتىنچە سىرتقا چىقماسلىق، ھېلىقى غەلىتە ئادەمنىڭ دۈشمەنلىك غەرىزى بولسا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتۈش، بولمىسا چېقىلماسلىقنى جاكارلىدى. خاتىرجەملىكى، تۇرمۇش رېتىمى، روھى تىنچلىقى بۇزۇلغان جامائەت تەشۋىش ئىلكىدە ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئەتىدىكى جەڭگە تەييارلىق قىلىشتى.

دېگەندەك، ئەتىسى ئوخشاش ۋاقىتتا يۇرتنىڭ بېشىدىن ئاۋۋال غۇڭگۇلدىغان، ئاندىن «دۇت — دۇت» قىلغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىقى غەلىتە «مەخلۇق» قا مىنگەن غەلىتە ئادەم مەھەللىگە كىرىپ كەلدى ۋە چىنارنىڭ تۈۋىدە توختىدى.

بۈگۈن، ئۇ ئاغزىغا كىچىك نەيچىسىمان بىر نەرسە چىشلىۋالغان بولۇپ، بۇ نەرسىدىن ھەدەپ ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئاغزىدىكى نەرسىنى پات — پات شوراپ، ئىسنى سىرتقا پۈۋلەپ قوياتتى. ئۇ غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. كوچىلار بوش ۋە جىمجىت بولۇپ، ئىنسى — جىنىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، تام ئارقىسى، دالدىلاردا جۈپ — جۈپ كۆزلەر بۇ ئادەمگە ھوشيارلىق بىلەن تىكىلىپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ تۇراتتى. بۇ ئادەم ئۇيان — بۇيان مېڭىپ، ھويلىلارغا، ئۆيلەرگە بويۇنداپ قاراپ قويدى. بىر نەرسىلەرنى كالدىرلاپ ۋارقىراپ، ئۆيلەرگە قاراپ بىر كىمنى چاقىرغاندەك، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى.

ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن، ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ھېلىقى «مەخلۇق» تەرەپكە قاراپ

ماڭدى — بۇ يەنە توختاپ، ئاغزىدىكى ئىس چىقىۋاتقان نەرسىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىۋەتتى، ئاندىن يانچۇقىدىن كىچىك تۆت چاسا نەرسىنى چىقىرىپ، بىشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. قارىغاندا، ئۇ بۇ ھەرىكەتلىرىنى باشقىلار كۆرسۇن دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ قولىدىكى نەرسىنى بارمىقى بىلەن بىسىۋىدى. دەرھال «لاپ» قىلىپ كىچىككىنە ئوت يالقۇنى پەيدا بولۇپ، پىلىلداپ كۆيۈشكە باشلىدى. مۆكۈنۈپ تۇرغان يىگىتلەر چۆچۈپ، بۇنىڭ زادى قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، قوراللىرىنى بەتلەشتى. ھېلىقى كىشى قولىدىكى نەرسىنى نەچچە قېتىم بىسىپ ئوت ياندۇرۇپ، ئۆچۈرۈپ كۆرسەتكەندىن كېيىن، يەردىن بىر تال ياغاچنى ئېلىپ، ھېلىقى نەرسە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ، يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى— دە، بۇ نەرسىنى چىنارنىڭ تۈۋىگە ئاستا قويۇپ، «مەخلۇق» قا مىنگىنىچە غۇڭۇلداپ كېتىپ قالدى. بۇ قېتىم يىگىتلەر خېلىلا يۈرەكلىك ھالدا دالدىدىن چىقىپ، چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىشتى. لېكىن، يەردە تۇرغان ھېلىقى كىچىك نەرسىگە يېقىنلىشالماي، ئۇنىڭغا يىراقتىن قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ ئارىدا يۈرەكلىكرەك بىرى ئاستا — ئاستا سۇرۇلۇپ، چىنارنىڭ ئاستىغا كەلدى— دە، بۇ نەرسىنى ئېھتىيات بىلەن قولىغا ئالدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، قولدىن — قولغا ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئارىدا بىرى ھېلىقى كىشىنى دوراپ، بۇ نەرسىنىڭ باش تەرىپىنى بىسىۋىدى، «چارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «لاپپىدە» ئوت ياندى. بۇ كىشى قورقىنىدىن ھېلىقى نەرسىنى ئىختىيارسىز يەرگە تاشلىۋەتتى. باشقىلارمۇ ۋارقىراپ، بىر نەچچە قەدەم كەينىگە داجىشتى. لېكىن، ھېچقانداق باشقىچە ئەھۋال كۆرۈلمىدى. ھېلىقى نەرسە يەردە

جىمجىت ياتاتتى. ئۇلار يەنە يېقىنلاپ كېلىپ، بۇ نەرسىنى ئالدى — دە، ئاستا — ئاستا بېسىپ ئوت چىقىرىشقا كۆنۈۋالدى. ئەسلىدە بۇ ئوت تۇتاشتۇرىدىغان نەرسە ئىكەندە! بۇ نەرسە بولسا كۈنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ، ئەسىرلەپ چوغ ساقلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەندە! ئۇلار بۇ مۆجىزىگە ھاڭ — تاڭ قېلىشتى ۋە ھەممىسى قوللىرىغا ئېلىپ، ئوت ياندۇرۇپ سىناپ بېقىشتى. بىر قىسىملىرى غەلىتە ئادەم شوراپ ئىس چىقىرىپ تاشلىۋەتكەن نەرسىنى ئېلىپ پۇراپ، تىلىغا تەگكۈزۈپ باقتى. ئىچىدە ئۇۋاقسىمان ئاچچىق بىر نەرسە بولغان بۇ سىرلىق نەرسىنىمۇ زادىلا بىلەلمىدى. چىنارنىڭ ئاستى يەنە پۇرۇقلاپ قايناۋاتقان قازانغا ئوخشاپ قالدى.
نۇرغۇن تالاش — تارتىش قىلىش ئارقىلىق كىشىلەر «بۇ ئادەم بىزگە دۈشمەنلىك قىلمايدىغان ئوخشايدۇ، ئىككى كۈندىن بېرى، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن دوستانىلىك چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بىزگە ئوت ئەكىلىپ بەردى» دەپ ھېسابلاشتى. يۇرت ئاقساقىلى ئاخىر ھۆكۈم چىقىرىپ: «ئەتە بۇ كىشى يەنە كەلسە كۆرۈشۈپ باقايلى، لېكىن، يەنىلا ئېھتىياتچان بولۇپ، ھۇشيار تۇرايلى» دېدى ۋە ھېلىقى ئوت ياندۇرىدىغان مۆجىزىنى ئېلىپ، ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. باشقىلارمۇ تارقاشتى. ئەتىسى يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا مەھەللىنىڭ بېشىدىن غۇڭۇلدىغان، كەينىدىن «دۈت — دۈت» قىلغان ھەيۋەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ھېلىقى غەلىتە «مەخلۇق» قا مىنگەن غەلىتە ئادەم مەھەللىگە كىرىپ، چىنار تۈۋىدە توختىدى. كوچىلار يەنىلا ئادەمسىز، جىمجىت بولۇپ ئەتراپتا نەچچە يۈزلىگەن يوشۇرۇن كۆز بۇ ئادەمنى ھۇشيارلىق بىلەن كۈزىتىپ تۇراتتى.
ھېلىقى ئادەم ئالدىنقى كۈنلەردىكىگە ئوخشاشلا، ئاستا مېڭىپ كوچىلارنى ئارىلىدى. تاملارنىڭ ئۈستىدىن ھويلىلارغا

قاراپ باقتى. چىنار تۆۋىگە قايتىپ كېلىپ، كالدىرلاپ ۋارقىراپ، قوللىرىنى بىر كىمنى چاقىرغاندەك ھالەتتە ھەرىكەتلەندۈردى. ھېچقانداق ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلەنگەندەك روھىي ھالەتتە مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ، غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ يېنىغا كەلدى ۋە «مەخلۇق» نىڭ «قورسىقى» غا ئېگىشىپ ئۇنىڭدىن ئۆزۈنچاق قورسىقى بار، ئىچىدە قېپقىزىل سۇيۇقلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، شەكلى قاپاقىا سەل — پەل ئوخشاپ قالىدىغان بىر نەرسىنىڭ، يەنە كىچىكرەك غىدىرغا ئوخشايدىغان، لېكىن، كىچىك پۇتى بار سۇپسۈزۈك بىر نەرسىنى ئېلىپ، چىنارنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ كىشى ھېلىقى «قاپاق» نىڭ ئاغزىنى چىشلەپ ئاچتى — دە، ئۇنىڭدىكى قېپقىزىل سۇيۇقلۇقنى كىچىك «غىدىر» غا قۇيۇپ، ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى. قارىغاندا، بۇ كىشى بۇ يەردىن ھازىرچە كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مۆكۈنۈپ تۇرغانلار سەۋرىسىزلىك بىلەن ئۆز — ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ باقماقچى بولدى.

«بىزنى ئاتا — بوۋىمىز ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، كۈندە مۇشۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە ياشايمىزمۇ؟ يا ئۆلۈم يا كۆرۈم، ئادەمنى دەم تارتىدىغان يالماۋۇز بولسىمۇ بىر ئېلىشىپ باقمايمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ غەلىتە ئادەمدە ھېچ دۈشمەنلىك غەرىزى باردەك قىلمايدۇ» دېيىشتى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ، بىر خەۋەرچىنىڭ تاملاردىن ئارتىلىپ، سۆگۈچلەردىن ئۆتۈپ، خەۋەر يەتكۈزۈشى بىلەن مۆكۈنۈپ تۇرغانلار ھەممە تەرەپتىن تەگلا چىقىپ، چىنار تۈۋىگە — ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا يىغىلماقچى بولدى. ھېلىقى ئادەم قولىدىكى سۇيۇقلۇقنى شۇنداقلا ئىچىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈردى — دە، ئاجايىپ مەنزىرىنى كۆردى: ھەممىلا

كوچىلاردىن ئېگىز بوي، بەستلىك، ساقال — بۇرۇتلۇق، چىرايلىرى، بەدەن قۇرۇلۇشى بىر — بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئۇستىگە ئوخشاش ماتا كىيىملەرنى، پۇتىغا ھەرخىل چورۇقلارنى، بېشىغا ئېگىز بۆكلەرنى كىيىۋالغان، مەيدىسىدە قاپقارا تۈكلەر كۆرۈنۈپ تۇرغان، قوللىرىدا نەيزە، قىلىچ، ئوقيا تۇتقان كىشىلەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل خەۋپسىرەش، ئەنسىرەش، سەل ئىككىلىنىش يەنە جەسۇرلۇق، تەۋەككۇلچىلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. ھېلىقى ئادەم قىلچە خاتىرجەملىكىنى بۇزمىغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە قولىدىكى نەرسىلەرنى يەرگە قويۇپ، خۇشال بولغاندەك بىر خىل قىياپەتتە ئىككى ئالقىنىنى بىر — بىرىگە ئۇرۇپ، قايتا — قايتا ئاۋاز چىقاردى. يۇرت ئەھلى بۇ ئادەمنىڭ ئەتراپىدا چەمبەر ھاسىل قىلىپ توپلاندى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان كىشىلەرگە دوستانىلىك بىلدۇرۇپ، ئوڭ قولىنى چىقىرىپ، ھەربىر كىشىنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، ھەممىسى بىلەن بىرەر قۇر كۆرۈشۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىما — ئىشارەت، كالدىرلاشلار بىلەن «سۆزلىشىش» باشلىنىپ كەتتى. بۇ يۇرتتىكىلەر، ئەڭ ئالدى بىلەن ھېلىقى كالىغا ئوخشايدىغان غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ نېمىلىكىنى سوراشتى. بۇ ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ يېنىغا كىشىلەرنى مەجبۇرى تارتىپ ئېلىپ كەلدى ۋە بىر نەرسىلەرنى دەپ كالدىرلاپ، غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ «باشلىرى» غا ئۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇستىگە چىقىپ، ئۇياق — بۇياققا ماڭدۇرۇپ بېقىپ، بۇ نەرسىنىڭ جېنى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ گەپلىرىنى تولۇق بىلەلمىگەن بولسىمۇ، بۇ «مەخلۇق» نىڭ

ھېچقانداق خەتىرى يوقلۇقىنى، ئىگىسى ئۇستىگە چىققاندىلا، «جان كىرىدىغان» لىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ كىشى يەنە بېلىكىگە تاقىۋالغان يۇمىلاق بىر نەرسىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، چىنار تۈۋىگە قويۇپ قويغان قاپاقسىمان نەرسىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى غىدىرسىمان بىر نەرسىگە قويدى — دە، ئالدى بىلەن ئۆزى ئازراق تېتىپ باققاندىن كېيىن، باشقىلارغا تەڭلىدى. باشتا ھېچكىم ئۇنىمىدى، كېيىن بۇ كىشى رەنجىگەندەك بولۇپ، سۇيۇقلۇقنى قايتا — قايتا ماختىغاندىن كېيىنلا، بىر نەچچە كىشى ھېلىقى سۇيۇقلۇقنى دەسلەپتە ئاستا يۇراپ باقتى. سۇيۇقلۇقتىن شېرىن، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان بىر خىل پۇراق چىقىۋاتاتتى. بىر نەچچىسى تىلىنى تەگكۈزۈپ تېتىپ بېقىۋىدى، تەمى سەل قاڭسىق، ئەمما لەززەتلىك بىلىندى. بىر نەچچىسى ئاز — ئازدىن ئىچىپ باققاندىن كېيىن روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك، كاللىسىدىكى تەشۋىشلىك خىياللار تارقاپ كەتكەندەك، ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ قالغاندەك، قانلىرى قىزىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. ئەتراپتىكىلەرگە بەس — بەستە ماختاپ بەردى ۋە يەنە ئىچىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ھېلىقى كىشى دەرھال غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر ساندۇققا قاچىلانغان ئىچىملىكنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە ھەممىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بەردى. كىشىلەر ئۆيلىرىدىن ساپال غىدىرلارنى ئېلىپ چىقىپ، قېپقىزىل سۇيۇقلۇقنى تالىشىپ ئىچىپ تۈگىتىشتى. ھېلىقى ئادەم ھەرخىل ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئەتە يەنىمۇ ياخشى نەرسىلەرنى ئەكىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، غەلىتە «مەخلۇق» قا مىنىپ غۇڭۇلدىغىنىچە كېتىپ قالدى.

شۇ ئاخشىمى، بۇ مۆرىۋەتلىك يۇرتتا ئاجايىپ — غارايىپ ۋەقەلەر يۈز بەردى. ھېلىقى سۇيۇقلۇقنى ئىچكەن كىشىلەر

ئۆزلىرىنى شۇ قەدەر ئەركىن، ھاۋادا ئۇچۇۋاتقاندەك ھوزۇرلۇق ھېس قىلىشتىكى، ئۇلارنىڭ مۇللاق ئاتقۇسى، ۋارقىرىغۇسى، سەكرىگۈسى كېلەتتى. بەزىلىرىنىڭ قانلىرى قىزىپ، كىملەر بىلەندۇر مۇشتلاشقۇسى كېلەتتى. ھېلىقى سۇيۇقلۇقنى ئىچكەن ئەركەكلەر، تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىغا ئوغرىلىقچە كۆز تاشلاشتى ۋە باشقا ئاياللارنىڭ ئۆز ئاياللىرىدىن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى؛ تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى باشقىلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇشتى؛ تۇنجى قېتىم ئۆز قەۋمىدىكىلەر بىلەن مۇشتلاشتى؛ تۇنجى قېتىم ئەنئەنىۋى ئەخلاق رامكىلىرىنى بۇزۇپ رەسۋايى ئەزەم بولۇشتى ۋە ئەتىسى تۇنجى قېتىم ئورۇنلىرىدىن ئىنتايىن ۋاقچە تۇرۇشتى. ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن سالپايغان، باشلىرى ئاغرىپ تۇرغان ئەركەكلەر بىرلەپ، ئىككىلەپ چىنار تۈۋىگە يىغىلىشتى ۋە بىر — بىرىنىڭ چىرايىغا قارىيالماي، ئاخشام نېمە قىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلەشتى. بىراق، ھەممىسىلا ھېلىقى سۇيۇقلۇقنىڭ ئىنتايىن شېرىن، ئادەمنى جەننەت ھوزۇرىغا باشلىغۇچى سېھرى كۈچىنى ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىشتى ۋە ئاغزىلىرىنى تامشىپ يەنە ئىچىش ئىستىكىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەشتى. تۈنۈگۈن كەچتىكى ھالەتلەرنى كۆرگەن مويسىپىتلار قانداقتۇر بىر خەۋپنىڭ بۇ يۇرتقا باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ يۇرتقا ياخشىلىقتىن كۆرە يامانلىق ئېلىپ كېلىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىشتى ۋە ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى كىشى كەلسە ئۇنى قوغلىۋېتىشنى ئېيتتى. بىراق، بۇ چاغدا ئۇلار ئاللىقاچان كېچىككەن ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش ئەركەكلىرى ھېلىقى ئادەمگە شۇنچىلىك مەپتۇن بولغان

ئىدىكى، ئۇنى خۇددى بەخت ئاتا قىلغۇچى ئەۋلىيا دەپ ئويلاشماقتا ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇگۈن قورساقلىرىغا بىر نەرسە يېيىشنىمۇ قايرىپ قويۇپ، چىنار تۈۋىگە يىغىلىپ، بۇ «ئەۋلىيا»نى كۈتمەكتە ئىدى. ئوخشاش ۋاقىت، ئوخشاش ئاۋاز، ئوخشاش شەكىل بىلەن «ئەۋلىيا» چىنار تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. يۇرت ئەھلى «دۇررىدە» كېلىپ، ئۇنى ئورىۋېلىشتى ۋە ئۆزلىرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغان خۇشامەتكۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭدىن تىنچلىق سوراشتى. ھاياتىدا، زادىلا زاھىر بولۇپ باقمىغان تەمەخورلۇق بىلەن غەلىتە «مەخلۇق»نىڭ «قورسىقى»غا قاراپ بېقىشتى. ئۇ، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ئالدى بىلەن تۆت چاسا كەلگەن، ئالدىدا نۇرغۇن كۇنۇپكىسى بار، بۇ يۇرت خەلقى ئۇچۇن، ئىنتايىن يوچۇن بولغان (ئەمەلىيەتتە باتارىيىلىك كومپيۇتېر) بىر نەرسىنى ئالدى — دە، ئولتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ سۆزلىشىنى ئىشارەتلىدى. توپلاشقان كىشىلەر بۇ ئادەمدىن بەس — بەس بىلەن ھەرخىل سوئاللارنى سوراشتى. ئۇ، ھېلىقى نەرسىنىڭ كۇنۇپكىلىرىنى توختىماي بېسىپ، تۆت چاسا نەرسىگە تىكىلىپ، ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاشقا باشلىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق ھەپىلەشتى، ئىچىدە قايتا — قايتا بىر نەرسىلەرنى ھەجىلىدى. ئاندىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇشۇ خەلقنىڭ تىلىدا ناھايىتى راۋان سۆزلەشكە باشلىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار ھاڭ — تاڭ بولغاندىن ياقىلىرىنى چىشلىشىپ، كۆزلىرىنى كاماردەك ئېچىپ تۇرۇپ قېلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كەچ كىرگىچە سۆھبەت داۋاملاشتى. ئۇ ئادەم بۇ يەردىن باشقا جايلاردىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ياشاش شارائىتىنى بۇ يەردىكىلەرنىڭ زادىلا تەسەۋۋۇر

قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ شۇ يەردىن كەلگەنلىكىنى، قولىدىكى بۇ كۇنۇپكىسى بار نەرسىنىڭ «كومپيۇتېر» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تىلىنى مۇشۇ نەرسە ئارقىلىق تەرجىمە قىلىپ، ئېلىپبەسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، سۆزلەشنى بىلىۋالغانلىقىنى، ئارقىدىكى غەلىتە «مەخلۇق» نىڭ «ئاپتوموبىل» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، بېنزىننى يېقىلغۇ قىلىپ ماڭىدىغانلىقىنى، بېنزىننىڭ يەر ئاستىدىن چىقىدىغانلىقىنى، ئاخشام ئىچكەن سۇيۇقلۇق — هاراق بولۇپ ئادەمنى خۇش كەيپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇ قاچىلانغان نەرسىنىڭ «بوتۇلكا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، چاقماقنى، تاماكىنى، كۆزەينەكنى، كىيىملەرنى يەنە نۇرغۇن — نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشەندۈردى. بۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ھەممىلا سۆز يېڭىلىق، يەنە كېلىپ تەسەۋۋۇر ھەم تەپەككۇرىدىن بەكلا يىراقتىكى يېڭىلىق، ئۇلار ئۈچۈن پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئازراقمۇ چۈشەنمىدى، پەقەت بۇ كىشى نېمە دېسە، باش لىڭشىتىپ ئۈندىمەي ئاڭلاۋەردى. ئۇنىڭ دېگەن نۇرغۇن سۆزلىرى تەسەۋۋۇرلىرىغا سىغمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە، ئۇ دېگەن نەرسىلەرگە شۇنچىلىك قىزىقتىكى، مۇمكىن بولسا، شۇ نەرسىلەر بىلەن پاتراق ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، كەچ كىرگىنىنى تۇيماي قالغان بۇ كىشىلەر پۈتۈن بىر كۈننى ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاچ قورساق ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھېرىپ چارچىغان ھېلىقى «ئەۋلىيا» مۇ ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا ئالغاچ كەلگەن يەنە نەچچەساندۇق ھاراق، تاماكا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. كەچتە بۇ يۇرت يەنە قىيامەت قايىم ئىچىدە قالدى …

ئەتىسى، ھېلىقى «ئەۋلىيا» يەنە كەلدى ۋە چىنار ئاستىغا يىغىلغان چوڭ — كىچىك يۇرت ئەھلىگە نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغاندىن بۇيان، قىلچە ئىنساندەك ياشىمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى، مەدەنىيەت تارقىتىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مەۋھۇم ئۇقۇملارنى چۈشىنەلمەسلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېلىپ كېلىشكە بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى سىرتتىن ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ياساشقا بولىدىغان نەرسىلەرنى مۇشۇ يەردە ياسايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مەكتەپ، تىل — يېزىق دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇ، بۇ قېتىم كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرىدىن شاھمات، بىليارت، قارت قاتارلىقلارنى ئالغاچ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ «ئەۋلىيا» بۇ يۇرتنىڭ دائىملىق ۋە ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ ئەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا ئۈزۈمدىن ھاراق ياساش، تاماكا ياساش، سۇدىن توك چىقىرىش، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياخشىلاش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش؛ ياشلار، باللارغا يېزىق ئۆگىتىش قاتارلىقلار بىلەن مەشغۇل بولدى. ھەر كۈنى، بۇ يۇرتنىڭ ھەممىلا كوچىلىرىدا ۋاراڭ — چۇرۇڭلار، غۇژمەكلىشىۋالغان كىشىلەر، نەچچە مىڭ قېتىملاپ ھاڭ — تاڭ قېلىشقان، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشقان ھالەتلەر، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان تاسادىپىي ۋەقەلەر، كۈلكە — چاقچاق، ۋارقىراشلار بولۇپ تۇردى. لېكىن، بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ھاياتى بەكلا ئىپتىدائىي ھالەتتە بولغاچقا، ھەربىر قەدەمنى بېسىشقا

كۆپ ۋاقىت ۋە كۈچ كېتەتتى. غەلىتە يېرى بۇ يۇرت خەلقى ھاراق، تاماكا، بىليارت، قارتا قاتارلىق نەرسىلەرگە شۇنچە قىزىقتىيۇ، مەكتەپ، مەدەنىيەت، تەرەققىيات قاتارلىق ئۇقۇملار ۋە ھەرىكەتلەرگە قىزىقمىدى. ئارىدىن قانچە كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم (چۈنكى، بۇ يەردە ۋاقىت ھېسابلانمايتتى)، ھېلىقى «ئەۋلىيا» بۇ يۇرتتا مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر بۇ يەردىن ئۈن — تىنسىز كېتىپ قالدى ۋە ئىككىنچى ئاياق باسمىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ يۇرت خەلقىمۇ ھېلىقى «ئەۋلىيا» نىڭ قاچانلاردا بۇ يەردىن كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدى ۋە كارى بولمىدى. ھەتتا، ئەزەلدىن بۇ يۇرتقا ئۈنداق ئادەم كېلىپ باقمىغاندەك، ئۈنى پۈتۈنلەي ئەسلىرىدىن چىقىرىۋەتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكى كىشىلەر ئاللىقاچان «مەدەنىيەت» نىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ قالغان، «ئۆز يولى» نى تېپىۋالغان ئىدى. قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېچە — كۈندۈزلەپ چىنار ئاستىغا، يول بويلىرىغا توختىتىلغان بىليارت تاختىلىرىغا چۈشىندەك ئولىشىۋېلىپ، بىليارت ئوينايتتى. غۇژمەك — غۇژمەك بولۇشىۋېلىپ، مال — دۇنيالىرىنى دوغا تىكىپ، قارتا بىلەن قىمار ئوينايتتى، كېچىلەپ ھاراق ئىچەتتى، تاماكا چېكەتتى. «مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى سېپى» دە كېتىۋاتقان ئىشقىۋاز خوتۇنلار بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارغا شۇنچىلىك كىرىشىپ كەتكەن، مەپتۇن بولغان ئىدىكى، بۇرۇنقى «مەنىسىز» ئۆتكەن كۈنلىرى ئۈچۈن، كىملەرنىدۇر قارغاپ ئاچچىقلىناتتى؛ شۇ كۈنلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ئويۇن — تاماشىغا

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلەتتى. بۇرۇنقى خۇشال — خورام، ئىناق — ئىتتىپاق، غەرەزسىز ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپلەر، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلار ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان. ھەتتا، كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ بۇرجەكلىرىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ئىدى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر — بىرىنى قوغلىشىپ، ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ يۇرتنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان بولۇپ، ئەل ئىچىنى ئىشرەتخورلۇق، بۇزۇقچىلىق، ھورۇنلۇق، كۆرەلمەسلىك، جېدەل — ماجرا، قاتىللىق قاتارلىق ئىللەتلەر قاپلىغان ئىدى. ھەر كۈنى، نەچچە ئونلىغان كىشى ئورۇنسىز جېدەل بىلەن پىچاق، قىلىچ، نەيزە زەربىسىدە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلاتتى. بۇنى سورايدىغان، تەرتىپكە سالىدىغان ئادەم يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بۇ يۇرتتا، يېڭىدىن — يېڭى كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، قېرى — ياش دېمەي قوناق شېخىدەك قىرىلماقتا ئىدى. تۇغۇلغان باللار ۋىجىك، ئورۇق، ھەتتا، بەزىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى كەم بولۇپ، تەن قۇرۇلۇشى، چىرايىمۇ ئەجدادلىرىغا قىلچە ئوخشىمايتتى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەر ئارانلا 60 يىل ياشىيالايتتى. ئەڭ مۇھىمى، بۇ يۇرتتا قارا قانىتىنى سۆرەپ يۈرگەن ھورۇنلۇق ئالۋاستىسىنىڭ ھۇجۇمى ئارقىسىدا ئىشلەپچىقىرىش، تېرىلغۇ ئىشلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تاشلىنىپ، ئېكىنزارلىقلار قۇرۇپ، قۇم ئەجدىھاسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، قۇرۇشقا باشلىغان بوستانلىقلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. يۇرتنىڭ كېلىماتىمۇ

بۇزۇلغان بولۇپ، ھېلىدىن — ھېلىغا بوران، قار — يامغۇر، مۆلدۈر ئۈزۈلمەيتتى. ساپ ھاۋا، سۈزۈك ئېقىن، چاڭىلداپ سايراپ تۇرىدىغان بۇلبۇللار پەقەت بىر چۈشكىلا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

بۇ يۇرتتا، ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ۋە ھېچقانداق ۋابا — كېسەل، خېيىم — خەتەرگە ئۇچرىمىغان بىرلا كىشى مۆجىزىدەك ھايات قالغان ئىدى. ئۇ بولسىمۇ — مويسىپىت يۇرت ئاقساقىلى بولۇپ، گەرچە قېرىپ نەچچە يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالغا يەتكەن، قاشلىرى ئۆسۈپ ئېڭەككىچە ساڭگىلاپ، ساقاللىرى يەرگىچە تېگىپ تۇرسىمۇ، زېھنى يەنىلا ئۆتكۈر، تەپەككۇرى جايىدا ئىدى. كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ يۇرتنىڭ ھالاكىتىنى، بۇ مۇقەددەس زېمىن بىلەن تەڭ ھالاك بولۇشنى كۈتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تۈنجى قارارنى خاتا چىقارغانلىقىدىن — يۇرت ئەھلىنى سىرتتىن كەلگەن «ئەۋلىيا مېھمان»نى بۇ مۇقەددەس زېمىنغا يېقىن يولاتماسلىققا دەۋەت قىلمىغانلىقىدىن ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىپ ئۆتتى. «ئاھ پۇشايمان، تۈگىمەس پۇشايمان! ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتە خاتالىشىپ، بۇغداينى يەپ قويغانلىقىدىن باشلانغان پۇشايمان مۇشۇنداق ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ماڭارمۇ؟ مۇشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولۇش، ئەسلى پىشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولغىيمىدى؟» دەپ ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكەن مويسىپىتنىڭ كۆز ياشلىرى نەچچە يىللاپ ئېقىپ قۇرۇپ كەتتى. ئۆز — ئۆزىدىن ئېچىنىش، ئەيىبلەش تۇيغۇسىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى. يۇرت ئەھلىنى، قېرىنداشلىرىنى

مېڭىۋاتقان خاتا يولدىن توسۇپ، تولا نەسىھەت قىلىپ هاردى. ئۇ ئاخىرى بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمەس بولدى. ئۇ ئوتتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن، سوغۇق تىكىلىپ، ۋەزمىن تۇستە ئۇن — تىنسىز ئولتۇراتتى. ئۇ ھەممىنى بىلىدىغاندەك، بۇ كىشىلەرنىڭ تەقدىر هارۋىسىنىڭ قاياققا بارىدىغانلىقىنى، قايسى ئازگالغا تىقىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك، ئاخىرقى نەتىجىسىگە ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغاندەك ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر بولسا، يۇرتتا مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى.

يەنە قانچىلىك ئايلار، يىللار ئۆتكەنلىكى نامەلۇم. ئاخىرى بۇ يۇرتتا ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، يۇرت ئەھلىنىڭ يەيدىغان ھېچنېمىسى قالمىدى. قۇم ئالۋاستىسى ئېتىزلىقلار، بوستانلىقلار، مەھەللىلەرنى ئاللىقاچان يۇتۇپ كەتكەن. پەقەت، چىنارنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىككىنىلا يەر ھاياتلىققا نىشانە بولۇپ ساقلىنىپ قالغان ئىدى. قىرىلىدىغىنى قىرىلىپ، گويا ئاچ ئەرۋاھقا، قورۇق ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالغان بىر قىسىم كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى هاراق بوتۇلكىلىرىنى قۇچاقلاپ، چىنار ئەتراپىدا سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى. كۆكىرىپ تۇرغان، يېگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئەكېلىپ، ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ جان بېغىشلاۋاتقان بىر قىسىم ئاياللارمۇ مانا ئەمدى ئاچلىق، زەئىپلىك تۈپەيلىدىن، كوچا بويلىرىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ قالغان ئىدى. بۇ بىچارە ئەرلەر ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى قۇۋۋەتلىرىنى ئۆمىلەپ يۈرۈپ، هاراق ياساشقا بېغىشلىغان، ھاياتىنى هاراققا تېگىشكەن ئىدى. مانا ئەمدى، ئۇلار پەقەت مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدىنلا

ھايات ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، قوروق بوتۇلكىنى قوروق ئۇستىخانغا ئايلانغان قولىدا چىڭ سىقىمداپ، داق يەرگە لايدەك چاپلىشىپ ياتماقتا ئىدى. يەنە نەچچە كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. چىنار ئەتراپىدا، قىسقا كوچىلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىدە ھەرخىل شەكىلدە ياتقان كىشىلەرنىڭ تېنىدە بىردىنلا ئاجايىپ غەلىتە ھالەت يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئادەملەرنىڭ بەدىنىنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرغان قىسمىدىن ئاستا — ئاستا يىلتىزلار چىقىپ، تۇپراققا قاراپ ئۆسۈشكە، بەدىنىنىڭ ئۈستى قىسمىدىن ئاستا — ئاستا نوتىلار ئۈنۈپ، يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەشكە باشلىدى. خۇددى بىرى ئەپسۇن ئوقۇپ قويغاندەكلا، ھەممە ئادەمنىڭ بەدىنىدىن شاخلار ئۆسۈپ چىقىپ، سۆڭەكلىرى دەرەخ غولىغا، قوللىرى شاخلارغا، قولاق، بۇرۇنلىرى يوپۇرماقلارغا ئايلىنىپ، ئادەم دەرەخلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا تۇيۇقسىزلا قويۇن پەيدا بولۇپ قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى. يەتتە كېچە — كۈندۈزگە سوزۇلغان بۇ بوران شۇنچىلىك قاتتىق چىقتىكى، خۇددى، غايەت زور بىر مەخلۇق قايسىدۇر بىر ئىشتىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، نەرە تارتىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋاتقاندەك، زېمىننى كۆمتۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەكلا ئىدى. يەتتىنچى كۈنى، بوران قانداق تۇيۇقسىز چىققان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ئەمدى بۇ يەردە نە مەھەللە، نە ھاياتلىقنىڭ ئىزناسى قالمىغان ئىدى. پايانسىز قۇملۇقلا سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ قېرى چىنار دەرىخى، ئەتراپىدا، چوڭ — كىچىك ھەرخىل شەكىلدىكى توغراقلار قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويغان رەسىمدەك

جىمجىت تۇراتتى. ئادەمگە ئاجايىپ بىر خىل خىيالىي تۇيغۇ بېغىشلايدىغان، ساپسېرىق قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ياپيېشىل دەرەخلەر كىشىنى تەگسىز ئويلارغا غەرق قىلاتتى. هەر كۈنى سەهەردە، توغراقلارنىڭ ياپراقلىرىدا كۆز يېشىدەك تىزىلىپ كەتكەن شەبنەم دانچىلىرى قۇياش نۇرىدا يالىلداپ چاقناپ كېتەتتى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇملۇقتىن، توغراقلارنىڭ بويلىرىدىن تۆگىلىك، ئاپتوموبىللىق، ئايرۇپىلانلىق كارۋانلار ئۆتۈشتى. قۇملۇقنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىمۇ، هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ تۇرغان توغراقلارغا هەيران بولۇپ، بۇ يەردە ئارام ئېلىشتى، چېدىر تىكىشتى. كەچ كىرىشى بىلەنلا، مەيىن شامال شىلدىرلاۋاتقان، ئىغاڭلاۋاتقان توغراق شاخلىرىدىن خۇددى بىر كىملەرنىڭ ئىڭراۋاتقاندەك، ئۇھ تارتىۋاتقاندەك، ئۆكسۈۋاتقاندەك، قىيا — چىيا قىلىپ يىغلاۋاتقاندەك غەلىتە، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار چىقاتتى. بۇ ئاۋازلاردىن ساراسىمىگە چۈشكەن، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يېشەلمىگەن كارۋانلار كۈدە — كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بۇ يەردىن بەدەر كېتىپ قالاتتى.

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# سۇزۇك زەرداپ

بۇ يىلقى ياز تولىمۇ ئىسسىق باشلانغان بولسىمۇ، مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقىنى خۇش ھىد تارقىتىپ، ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن قىزىل گۇللەر بولماستىن، بەلكى، شۇ قىزىل گۇللۈك يولنى بويلاپ كېلىپ، دەريا بويىدىكى سەيلىگاھقا كىرىپ كېتىدىغان بىر قىز.

ئىشخانىدا مۇشۇ يولغا قاراپ ئولتۇرغان بىر كۈنى، ئۇ قىز تۇنجى كۆرۈنۈشتىلا (يا ئۇ قىز بۇ يولدىن كۆپ ئۆتكەن بولسىمۇ، شۇ قېتىمدا كۆزۈمگە بەكرەك چېلىققانمۇ) دىققىتىمنى تارتقان ئىدى. ئۇ قىز ئارىلاپ — ئارىلاپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالاتتى. مەن ئۇ قىز پەيدا بولۇشىغىلا ئىختىيارسىز قولۇمدىكى ئىشنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇ قىز نازاكەت بىلەن مېڭىپ دەريا ساھىلىدىكى سەيلىگاھقا — بۇككىدە دەرەخلىككە كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇراتتىم. ئاندىن نېمىشقىدۇر ئۇ قىزنى نەچچە سېكونت ئويلاپ قالاتتىم. ئەمما، بۇ ئويۇم «كىمدۇ؟»، «نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟» دېگەندەك سۇئاللار ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى، ئۇ قىزنىڭ تۇرقىدا ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ھېچقانداق تونۇشلىقى بولمىغان بىر قىز ھەققىدە شۇ خىيالدىن باشقا يەنە نېمە خىيال بولسۇن؟ بەلكىم، شۇنچىلىك خىيال قىلىشىمۇ دىققىتىمنى تارتقان كىشىنىڭ بىر قىز بولغانلىقى سەۋەبىدىندۇ.

ئۇ قىز ئادەتتىكىچە، ئەمما يارىشىملىق كىيىملەرنى

كىيەتتى. قىزنىڭ نېمىنىدۇر يوشۇرماقچى بولغانىدەك چىڭ ھىمىرىۋالغان لەۋلىرى قىزىل گۈلدەك قىزىل ئىدى. ئۇ يول بويىدىكى رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان گۈللەرنىڭ ھېچبىر قىزىققۇچىلىكى يوقتەك، گۈللەرگە قاراپمۇ قويماي خىيال بىلەن ماڭاتتى. گەرچە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرمىسىمۇ، ماڭا ئىللىق تۇيۇلاتتى. زىلۋا بەدىنى ماڭا «مېھرى ئىسسىق» دېگەن تەسىراتنى بەرگەن ئىدى. ئۇ قىز ھەققىدە كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم شۇنچىلىكلا ئىدى. ئەمەلىيەتتىغۇ نۇرغۇن ئىشلار كۆز بىلەن كۆرگەندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ.

ئۇ قىزنى بۇ يولدا تولا كۆرۈۋەرگەچكە، ئۇ قىز ھەققىدىكى دەسلەپكى مۇنداقلا بىر خىيالىم كېيىن بېرىپ قىزىقىشقا ئۆزگەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز خىيالغا چۆككىنىچە يولدىن ئۆتسە، مەنمۇ قىزىل گۈللەرگە ئەمەس، شۇ قىزغا قاراپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم... دەرۋەقە، بۇ يولدىن ئۆتىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىن شۇ قىزغا قىزىقتىم. ئۇنىڭ خىيالچان تۇرقىدىن، يول مېڭىشىدىن، چىرايىدىن، ئاياقلىرىنى سىپايە، يېنىك يۆتكەشلىرىدىن، مۈرىسىدە يېيىلىپ تۇرغان چېچىنىڭ قەدەم ئېلىشىغا ئەگىشىپ يېيىلىپ — يىغىلىپ تۇرۇشىدىن ئۇ قىز ھەققىدىكى مەلۇم ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولغانىدەك ئىنچىكە كۈزىتىدىغان، ئاخىر قىز غايىپ بولسا ئۆزۈم بىرەر يېرىم دەم خىيالغا ئەسرار بولۇپ قالىدىغان بىر ھالغا دۇچار بولدۇم.

تۇرۇپ ئۆزۈمگە «ئۇ قىز نېمىسى بىلەن مېنى شۇنچە قىزىقتۇرىدىغاندۇ؟» دەپ سوئال قويۇپ قالدىم. ياخشىراق ئويلاپ باقسام تۈزۈك سەۋەب يوق. پەقەت ئۇ قىزغا قىزىقىدىكەنمەن. قىز بۇ يولدىن ئۆتكەندە ئىختىيارىم ئەمەس، قاراپ كېتىدىكەنمەن.

كېيىنچە، ئۇ قىز يولدىن ئۆتمىسە، توغرىراقى، ئۇ قىزنى ئۆزۈم كۈتكەن، پەرەز قىلغان قەرەلدە بۇ يولدا كۆرەلمىسەم ئىچىم پۇشىدىغان، قاچان ئۇ قىز يولدىن ئۆتۈپ، كۆڭلۈم تىنغىچە يولغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە بۇ ھالىتىمدىن چۆچۈپ «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ ئۆز — ئۆزۈمدىن سوراپ كېتىمەن. ئۇ قىزنىڭ يولىغا قانچىكى تەلمۈرسەم، ئۆزۈمدىن شۇنچىكى سورايمەن. سورايمەنۇ، سەۋەبىنى بىلەلمەيمەن. گاھىدا ئەقلىممۇ ھەيران قالىدىغان بىر خىيال غىپپىدە پەيدا بولۇپ يوقايدۇ. بۇ خىيالىمغا ھەيران قالىمەن، كۈلۈپ كېتىمەن، يۈزۈم قىزىرىدۇ، يۈرىكىم سەل باشقىچە سوقىدۇ. سەۋەب نېمە؟ بىلەلمەي، ئىچىم پۇشىدۇ. ئىچىم پۇشقانسېرى ئۇ قىزنى ھەپتىدە بىر نەچچە قېتىم كۆرمىسەم قولۇم ئىشقا بارمايدۇ. قىزىقلا ئىشتە بۇ!

ئارىدىن بىرەر يېرىم ئاي ئۆتكەندە، قىزغا يېقىندىن قارىغۇم، بولسا سۆزلەشكۈم كېلىپ قالدى. بۇ خىيالىم ئارام بەرمىدى، يول تامان ئىنتىلدۈردى، ئىچىمنىڭ بىر يېرى ھەيدەكچىلىك قىلغىلى تۇردى. ئىچىمدىكى بىر ئاۋاز «يىگىتمۇسەن؟ بار، ساقلا، قورقماي ئېغىز ئاچ، ئىككىلىنىپ تۇرما» دەپ ئالدىرىتىشقا باشلىدى. نېمە بولدۇم؟ بۇ مەندىكى قانداق ھېسسىياتنىڭ بېشارىتى؟ ئۇ قىزنىڭ چۈشلىرىمگە كىرگىنى نېمىسى؟ يا… بۇ ھېلىقى… ھېلىقى ھېسسىياتىمنىڭ … ياق… ياق، نەدىمۇ تونۇشمىغانلا بىر قىزنى يولدا كۆرۈپلا … شۇنداققۇ؟ كۈندە مەن يولدا كۆرۈۋاتقان قىزلار كۆپقۇ… شۇغىنىسى، ئۇ قىز ئوخشىمايدىغاندەكلا… سۆزلىشىپ باقايچۇ، سۆزلەشكەنگە چاتاق چىقىپ قالمىغاندىكىن. شۇنداق قىلمىسام تېپىرلاۋاتقان بۇ كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ.

نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندىمەن؟ نېمە سەۋەب… تۇرۇپلا ئۆزۈمگە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى: نېمە «سەۋەب، سەۋەب» دەۋېرىمەن، ھەممىلا ئىشنىڭ سەۋەبى بولامدۇ؟ ياق، ياخشى كۆرۈشتە ھەقىقىي سەۋەب بولغان ئەمەس، ئۇ بىر سېھىرلىك ئىش… ھوي، ئەمدى بۇ نېمە گەپ؟ ئەجەپ «ياخشى كۆرۈش» دەپ كەتتىمغۇ؟ ئىچىمدىكىنى ئاشكارىلاپ قويدۇممۇ نېمە؟ مەيلى، راست تۇرسا، نەچچە كۈندىن بۇيان شۇ ھېسسىياتىمنى ئۆزۈمگە ئاشكارىلىيالماي قورقۇپ يۈرگىنىمنى. يا ئۇ بىر گۇناھلىق ئىش بولمىسا… ئۇ قىزمۇ يۈرىكىمگە ئاراملىق بەرمەي ئۆتۈۋېرىدۇ، ياق، ئۆتسۇن.

بىر كۈنى ئۆزۈمگە ھاي بېرەلمەي بىنانىڭ ئالدىغا چىقىپ قالدىم. بايا يولدا پەيدا بولغان قىز بۇ چاغدا ئالدىمغىلا كېلىپ قالغان ئىدى. كاساپەت، مېھرى ئىسسىقلا… ئاۋازى قانداقتۇ؟ نېمە دەي؟ تىلىم ئەجەپ كالۋالاشتا! كۆزلىرىنى… ئادەمنىڭ كۆزىدە ئوت بارلىقى راستكىنە… ئەستا، تۇرۇپلا بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدارىدىكىلەردىن ئۆزۈمچىلا خىجىل بولۇپ بۇ يەردە سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن يولدىن ئۆتكەن — كەچكەنلەردىن خۇددۇكسىرەپ قىزنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ماڭاي، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسەممۇ، ئۇ يەردە نېمە ئىشى بارلىقىنىغۇ كۆرۈۋالارمەن.

دەريا ساھىلىدىكى دەرەخلىــككە بۇرۇن تولا كەلگەن، بۇگۈن باشقىچىلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بولمىسا بىرەر ئۆزگىرىشمۇ يوق. يەنە ئۆزۈمنى ئالدىماقچى بولۇۋاتىمەن — ھە! مانا، ئۆزۈم ئۆزگەردىمغۇ… قىز قەيەرگە بېرىۋالدىكىن؟ مەن بەك تىت — تىت بولدۇم. ھوي، نېمىــــشقا شۇنداق بولىمەن؟ يا راستىنلا كۆڭلۈم چۇشۇپ قالغاندىمۇ؟ ئەمما، مۇشۇنداقمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ئىــشمۇ بولامدۇ؟

بولۇپمۇ قالار. ھە راست، نەچچە يۈز يىل بۇرۇن «بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئۇل پەرى رۇخسارىنى» دەپ مىسرا تۈزگەن شائىرمۇ مۇشۇنداق بىر يېرىنى كۆزدە تۇتۇپ يازغان بولغىيتتى. توغرا، ھەممىلا ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولۇشى شەرتمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق مۇھەببەت «ئارىلىشىپ باقسام ياخشى كۆرۈپ قالارمەن» دېگەن مەقسەت بىلەن بولىدۇ. دېمەك، بۇنداق مۇھەببەتنىڭ سەل ساختا يېرى بار. ئەمما «بىر كۆرۈپلا...» دېگىنى مەقسەتسىز، تەبىئىي بولىدۇ — دە. يا بۇ چىرايغا دۇم چۈشكەنلىك بولامدىكىن... ئەستا، نېمىلەرنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتىمەن؟ قىزنى تېزرەك تاپاي! بىر تۈپ باراقسان ئاينىغان دەرەخنى ئايلىنىپ ئۆتۈپلا تۇرۇپ قالدىم. مېنى «بىر كۆرۈپ ...» دېگۈزگەن ئۇ قىز بۇلۇق ئۆسكەن ئوت — چۆپ ئۈستىگە قەغەز قويۇپ ئولتۇرۇپ، بىر تال ئوتنى ئوينىغىنىچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈپلا يۈرىكىم قاتتىق دۈپۈلدەپ كەتتى. مەن خۇددى قىز يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك، يۈرىكىمنىڭ ئۈستىنى قولۇم بىلەن چىڭگىدە بېسىۋالدىم. ئەمما، يۈرىكىم بۇنىڭغا بويى بېرىدىغان بولسا... ۋاي، سوقساڭ سوق، سېنى مۇشۇنداق سوقامدىكىن، دۈپۈلدەمدىكىن دەپ كەلدىم بۇ يەرگە. شۇڭا قاراپ تۇرماي باراي...

ئەستا، بۇ... بۇ قارشى تەرەپتىن بىر يىگىت كېلىپ قالغان ئىدى. ھودۇققىنىمدىن پۈتلىرىمغا جىددىي تورمۇز قىلدىم. ھوي، ئۇ يىگىت... قىزنىڭ يىگىتىمىدۇ؟ ئۇ ئاداش ئەجەپ قىزنىڭ يېنىغا ئىشەنچلىكلا كېتىپ بارىدا. ئىككىسى كېلىشىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ شۇنداق بولسا... كەلگىنىڭگە توي، «بىر كۆرۈپ...» دەپ يۈرگىنىڭگە توي، «ئاشىقلىق

سەۋەبلىرى...» دېگىنىڭگە توي، تويدۇڭمۇ؟ ئارتقا بۇرۇل، كۆتۈڭنى قىس. شۇ هامان پۈتۈم ئاستىدىكى ئوتتەك سولىشىپ قالدىم. ئەمما، ئەجەبا... ئۇ قىز يىگىتنى كۆرۈپمۇ جىم ئولتۇرىدىغۇ. توختا، ئالدىرىما. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى سەل دالدىغا ئېلىپ، «نومۇسسىزلارچە» ئۇلارنىڭ سۆزىنى تىڭشىدىم.

— قانداق؟ — دېدى يىگىت سىرلىق تەلەپپۇزدا.

— ئۆزىڭىز قانداق؟ — دېدى قىز پەرۋاسىزلارچە.

— ئەركەكلىكىم بار، — دېدى يىگىت كۈلۈپ.

— يانچۇقىڭىزنىڭمۇ ئەركەكلىكى بولسا بولىدۇ، — دېدى قىز يىگىتكە قاراپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ. يىگىت جاۋاب ئورنىغا تومپىيىپ تۇرغان مەيدە يانچۇقىدىن 50 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ قويدى. بۇنى كۆرگەن قىز قولىنى يىگىتكە سۇندى. يىگىت ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى ۋە دەرەخلىك ئىچىگە قاراپ ماڭدى. توۋا، دەرەخلەر ئۆز پېتى، ئوت — چۆپلەر ئۆز پېتى. لېكىن...

مەن قاقشال قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئۆزۈمنى يەنىلا قويۇۋەتسەم ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك. دېمىسىمۇ، قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ. ئۇ قىز... توۋا ئەجەبمۇ ئادەملەر بولىدىكەن — هە! شۇنچە بولۇپ كەتكىنىمنى، شۇنچە كۈتۈپ كەتكىنىمنى، شۇنچە خىيال قىلىپ كەتكىنىمنى. ئەسلىدە سەن ... هۇ، جا... ئەستا، مۇشۇنچىمۇ ئەخمەق بولىمەنمۇ؟ ئەخمەق بولدۇمغۇ مانا. قويە «بىر كۆرۈپ...» دېگىنىڭنى. مانا ئەمدى يۈز كۆرسەڭمۇ ئەنە شۇ. «هەسرەتتە قالغىنىڭ» قالغان. مانا، هەقىقەتەن هەسرەتتە، مەسخىرىدە، خورلۇقتا قالدىڭ. «ئىككى كۆرمەك»نى ئىستەمسەن؟ ئەنە، ئۇ «كۆزلىرى خۇمار» هەر كىمنى كۆرۈپ كېتىپ قالدى. ياق، هەركىمنىڭ پۇلىنى كۆرۈپ كېتىپ قالدى. سەنمۇ يۈرىكىڭنى ئەمەس،

پۇلۇڭنى كۆرسەت. ھۇ، جالا… ھەي ئىست، ھەي ئىست، قىلىپ كەتكەن خىياللىرىمنى. مەندىكى شۇنچە نازۇك سېزىملەر، ھاياجانلىق تۇيغۇلار، ئەقىدىلىك ئىنتىلىشلەر ئۇ قىزغا، ياق، ئۇ بىر نېمىگە «قويۇلۇپ» كەتتىغۇ؟ شۇ بىر نېمە ئۇچۇن چۇشۇپ قالغان ھالىمنى، ئاھ — ۋاھلىرىمنى نەگە قوياي. تۇفى… كۆزۈم تورلىشىپتۇ. لەۋلىرى نەدىمۇ قىزىل گۈلدەك قىزىل، سىرلىق بولسۇن! ئۇ بىر نېمىنىڭ تالاي كىشىلەر شورىغان، شۇمىگەن… تۇفى… يالىغان لەۋلىرى، ياق، كالپۇكلىرى ئاچ قالغان ئېشەك پاك — پاكىز غاجىۋەتكەن قۇرۇق، يالىڭاچ ياغاچ! ئىسىت، مۇشۇنداق پاسكىنا ياغاچنى يۈرىكىمگە سانجىپ قويغىنىمنى…

كەينىمگە ياندىم. بۇ دەرەخلىك نەدىمۇ گۈزەل، راھەت بولسۇن. بۇنداق دەرەخلىك، بۇنداق چۆپلۈك كوچىدا، ئىدارىدە، ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىمۇ بار. تېخى بۇ يەردىكى پاسكىنىچىلىقنى دېمەمسىز… نېمە بار دەپ كەلدىم ئىشىمنى تاشلاپ، مانا بىر مۇنچە ۋاقتىم ئىسراپ بولدى. خىيالچان تۇرقى كاساپەتنىڭ. ھەي… تۇفى… قولۇمدا شۇنچە كۆپ ئىش تۇرسا، بىكارچىدەك ئايلىنىپ يۈرگىنىمنى. ئىشخانىغا قايتىپ ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېچىپ راھەتلىنىپ ئولتۇراي. ھېلىقى ئاداش شۇ تاپتا 50 كوينىڭ كۈچىنى… تۇفى… ئەجەپ بولدۇما …

دەريا ساھىلىدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر ئايالنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىشى ئاڭلاندى:

— قۇتقۇزۇڭلار، بالام… ۋاي، قۇتقۇزۇڭلار!

ئېقىنى تېز بولمىغىنى بىلەن چوڭقۇر، تېگى قۇم بۇ دەرياغا چۈشۈشنى ئويلىسىمۇ، مەن — مەن دېگەن ئەركەكلەرنىڭمۇ يۈرىكى تىترەيتتى.

دەرۋەقە، يېتىپ بارسام مەن ئويلىغاندەك نۇرغۇن كىشى دەرياغا قاراپ جىددىيلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرەرسىنىڭ دەرياغا چۈشكىدەك ئەلپازى يوق ئىدى. دەريادا بىر بالا ھەدەپ

پالاقشىۋاتاتتى. ياشانغان ئانا ئۇنىڭ، بۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ چىرايىغا تەلمۈرۈپ، قوللىرىغا ئېسىلىپ «بالامنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دەپ يالۋۇرۇۋاتاتتى. كۆزىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئارقىلىق تاقەتسىزلىكىنى ئىپادىلەيتتى. كىشىلەر جىددىي پېچىرلىشاتتى، ئۇياق — بۇياققا مېڭىپ جىددىي ھەرىكەت قىلىشاتتى. بەزىلىرى خۇدىنى يوقاتقان بالىغا قاراپ «ئۇنداق قىل، مۇنداق ئۈز» دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇلار يەنە شۇ جىددىيچىلىك ئىچىدە بىر — بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ قوياتتى. مەنمۇ دەريا بويىغا بېرىپ تۇرۇپلا قالدىم. بالىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. دەرياغا قاراپ پۇت — قولۇم تىترىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر جان كۆز ئالدىمىزدىلا ... ئادەتتە كۈن بويى مەيخورلۇق قىلغاندا خىيالىمىزغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان جېنىمىز شۇ تاپتا تولىمۇ تاتلىق بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى... قىممەتلىك ۋاقىتلار بىر — بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى. ھېچبىر ھەرىكەت يوق، ھەممە كىشى گاڭگىراپ قالغاندەك... بالا جان ئاچچىقىدا پالاقشىپ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىلا ئەركەكلىككە چاقىرىۋاتاتتى. ئىچىم ئاچچىق بولدى. ئۆزۈمنى ئەيىبلىمەكچى بولدۇم — يۇ، خىيالىم باھانىگە كېتىپ قالدى: ئادەم سۇ ئۈزەلمىسە... ئۆگىنىپ قويسا بولغۇدەك...

خىيالىم ئاخىرلاشمايلا بەدىنىم تىكەنلەشتى. دەريا بويىدا ھېلىقى قىز پەيدا بولدى. ھۇ، پەسكەش... تاماشا كۆرۈپ، ئىپلاس تېنىڭدىكى ھوزۇرۇڭنى ياشارتقىلى كەلدىڭمۇ؟ ياكى پاسكىنا تېنىڭنى بۇ دەرياغا سېلىپ دەريانى بۇلغىغىلى كەلدىڭمۇ؟ ھۇ...

بۇ قېتىم يۈزۈمنى سىلىۋېتىپلا «جالاپ» دەپ تىللىماقچى ئىدىم. بىراق، ئۇ سۆز تىلىمغا كېلىپ بولغىچە، قىز سومكىسىنى يەرگە تاشلاپ، ئايىقىنى سېلىۋېتىپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. كۆزۈم چەكچەيدى، دەريا بويىدىكى كىشىلەر بىر غەۋغا كۆتۈرۈپ، بىراقلا جىم بولدى. تىنىقىم، خىياللىرىم، بايىقى ھاقارەتلىك سۆزلىرىم توختاپ قالغاندەك،

كۆرۈش سەزگۈملا رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقاندەك، قىزغا قاراپلا قالدىم. قىز تولىمۇ ئەپلىك ئۈزۈپ بېرىپ بالىنى تۇتتى ۋە قىرغاققا ئۈزۈپ كەلدى. كىشىلەر يەنىلا ئەسلىگە كېلەلمەي، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرۇشاتتى. ئۇ قىز، هەي... هېلىقى نېمە بالىنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قورساقلىرىنى باستى. بالىنىڭ ئاغزىدىن ئازراق سۇ ياندى، ئەمما بالا هوشىغا كېلەلمىدى. بۇنىڭدىن ئانىمۇ هوشىدىن كەتكەندەك بولدى. كىشىلەر تېخىمۇ هودۇقۇشتى. ئۇ... هېلىقى نېمە بالىنىڭ بېشىغا سۇرۇلدى، بالىنىڭ ئاغزىغا ئېڭىشتى، لەۋلىرى ئېچىلدى. ئۇ لەۋلەر... ئىچىم ئېلىشتى... تۇفى... بايىلا بۇرۇت سانجىلغان، تاماكا دۇتلىرى بىلەن تويۇنغان، پۇل ئۈچۈن ساختا شېرىن تەمگە كىرگەن، بۇلغانغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنى ئازدۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇ نىجىس لەۋلەر بالىنىڭ پاكىز، يۇمران، پەقەت ئانىسىلا سۆيگەن لەۋلىرىگە بېسىلدى. هۇ، ئىپلاس... ئەمما ... بالا هۇشىغا كەلدى! توۋا، بۇ پاسكىنا، چىركىن لەۋلەر، مېنى ئالدىغان، نومۇسلاندۇرغان لەۋلەر — هە...

بالا قورسىقىدىكى سۇلارنى ياندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تېزلا ئەسلىگە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەتراپنى هۆرمەتلىك، هاياجانلىق پىچىرلاشلار قاپلىدى.

— خۇدايىم، كىمگىمۇ بەرگەندۇ بۇ بەلەن قىزنى؟

— بۇنداق غورۇرلۇق ئادەملەر ئاز قالدى هازىر.

— ياشاڭ قىزىم!

— پاه، قايسى يىگىتنىڭ تەلىيىدۇر بۇ خان؟

قىز رەهمەت، هەشقاللىلار ئىچىدە چېچىنى سىققىنىچە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي كېتىپ قالدى.

مەن مىدىرلىيالمىدىم. دەريا ساهىلىدىكى بىر سېهرىي كۈچ مېنى ئەمدى قاققان قوزۇقتەك تۇرغۇزۇپ قويدى. قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ يا بۇ بۇنداق ۋەقەلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان هىندىستان كىنوسى بولمىسا... ئەجەپ ئىشلارغا

دۈچ كەلدىما. تازا بىر ھاقارەتلەپ پۇخادىن چىقاي دېسەم تازىمۇ بىر… قارا ئۇنى، مەن بىلمەيدىغاندەك. شۇڭا باشقىلاردەك ئالقانلىرىم ئاغرىغىچە ئەمەس، بوش ئاۋاز چىققىچىمۇ چاۋاك چالمىدىم. ئۇنداق قىزغا… دەريادىكى مەردانە ئۈزۈشلەر… ھېلىقى شاللاق كۈلكىسى… يۈرىكىمنىڭ دۈپۈلدەشلىرى… 50 كوي… ئەستا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم … ئورمانلىقتا، كۆز ئالدىمدىلا ھېلىقى يىگىت بىلەن… 10 كۈندىن كېيىن گېزىتتە ئېلان قىلىنىدىغان تەپسىلىي خەۋەر… ۋاي، ئۇنداق نېمىگە، ئەدەبىي ئاخبارات بولسىمۇ بولىۋەرسۇن، مەن بىلمەيدىغان قىز ئەمەس… كېتەي، مۇنداق ئىشلارغا تەسىرلىنىپ كەتسەم… قىزىل گۈللەر نېمانچە چىرايلىق، ئۇ قىز مۇشۇ يولدا خىيالغا چۆكۈپ ماڭغان… ھەي خىيال خالتىسى، يەنە نېمە خىيال بۇ، ئىشخاناڭ ئەنە…

مەن ئۇستىلىمنى ئىشىك تۈۋىگە يۆتكىۋالدىم. دەرياغا، سۇغا قاراشتىن ئېھتىيات قىلىمەن. يۇيۇنغاندا پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن باشقا نەرسىنى ئويلايمەن. تۇرۇپ بەزىدە يۈرىكىم باشقىچە دۈپۈلدەپ كېتىدۇ. كۆزۈمنى چىڭڭىدە يۇمۇۋالىمەن. بىراق، گەجگەمدە كۆزۈم بارمىكىن، خىيالچان بىر سىيماھنى شۇنچە روشەن كۆرىمەن. ئەستا، ئۇ بىر نېمىنى … ئەستا، يولدىن ئۆتسە ئۆتمەمدۇ، نېمە چاتىقىم. راست، ئۇ بىر نېمە ھازىرمۇ يولدىن ئۆتۈۋاتامدىغاندۇ؟ قاراپ باقايچۇ، قارىغانغا نېمە بوپتۇ…

ئىلھام سەدۇللا

# قۇياش كۈلۈمسىرىگىچە

(ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايە)

## 1. دوستلۇقنىڭ سىرى

ئارىپ «يەر شارى» ناملىق قامۇسنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يېزىۋاتاتتى. باشقا ئادەملەر كىرىپ ۋاقىتنى ئېلىپ ئاۋارە قىلماسلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالغانىدى. ئۇ چىراغنى ياندۇرغاندىن كېيىنمۇ تىنماي ئىشلىگىلى تۆت سائەت بولۇپ قالغان ئىدى. ھازىر ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ تىرىڭلىغان ئاۋازى ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. شۇ تاپتا ئارىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، بارلىق زېھنىنى ئالدىدىكى ئىشقا مەركەزلەشتۈرگەنىدى. تۇساتتىن ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. بوسۇغىدا ئاجايىپ بىر مەخلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ بويى بىر مېتىردىن سەللا ئاشاتتى. بويىنىنىڭ ئىنچىكىلىكىگە قارىماي بېشى چوڭ، كۆزى يوغان ئىدى. جامەدەك بىر جۈپ كۆزى قىزغۇچ، سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇستى — بېشىمۇ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىمىنىڭ رەڭگىمۇ ياكى ئەسلى تېنىنىڭ رەڭگى شۇنداقمۇ بۇنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قوللىرىمۇ ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ مەخلۇق تىۋىش چىقارماي ئارىپنىڭ يېنىغا كەلدى. ئارىپ ئۇنى

سىزىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېلىقى مەخلۇق ئارىپنىڭ يېزىۋاتقان خېتىگە بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە تىۋىش چىقارماي چىقىپ كەتتى.

يېرىم كېچە. ساﺋەت سىگنال بېرىش بىلەن تەڭ چىراق ئۆچتى. دېمەك، ئارىپنىڭ دەم ئالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ئارىپ خىزمەتكە بېرىلىپ كەتسە ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. قانچىلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي قالاتتى. ھەتتا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. شۇڭا ئۇ سالامەتلىكىنى ئاسراش ئۈچۈن چىراغنىڭ ئۆچۈرگۈچىنى (ۋىكلىيۇچاتېلىنى) ساﺋەتنىڭ سىگنالى ئاڭلانغان ھامان ئۈزۈلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىۋالغانىدى. ئارىپ دەرھال قەغەز — قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

ساﺋەتنىڭ سىگنالى توختىدى. چىراغمۇ ياندى. ئارىپ دېرىزە پەردىسىنى قايرىپ سىرتقا نەزەر سالدى. كېچە ئاسمىنى ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. پۈتۈن شەھەر جىمجىت، ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەن. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كۆڭۈللۈك ئىككى ئېغىز سۆزلەشكىدەك ئادەم تېپىلمايتتى. ئارىپ شۇنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىدۇ — ھە! شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۈزەل، ئامراق ئايالى ئارىيەمۇ، ئالتە ياشلىق ئوماق، تاتلىق ئوغلى يۇلتۇزمۇ ئۆيدە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى.

ئارىپ ئەمدى ئۆزىنىڭ چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىگە كۆز قىسىپ كۈلۈمسىرەۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ، جاۋابەن كۆز قىسىپ قويدى. ئۇ ھاردۇقىنى ئەنە شۇنداق يۇلتۇزلار بىلەن چاقچاقلىشىپ چىقىرىشقا مەجبۇر. ئۇ تالاي كېچىلەرنى مۇشۇنداق ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئۇلۇغ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. «يەر شارى» ناملىق بۇ قامۇستا، ئۇ يەر شارىنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى جۇغراپىيىلىك

ۋە گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى تەپسىلى بايان قىلىپلا قالماي، يەنە يەر شارىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنىمۇ ئالدىن ئىلمىي پەرەز قىلغان ئىدى. ئارىپ بۇنىڭغا ئون نەچچە يىللىق ئەمگەك تەرىنى سىڭدۈرگەنىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈن، دوست — بۇرادەرلىرى ھەتتا ئايالى ۋە ئوغلى بىلەنمۇ كەمدىن — كەم بىرگە بولاتتى. ئۇ پەقەت مۇشۇنداق چارچىغان ۋاقىتلىرىدىلا، ئاندىن ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئايالى، بالىسى ۋە دوستلىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ھازىر ئۇنىڭ بىردىن — بىر ئۈمىدى مۇشۇ قامۇسنى تېز قولدىن چىقىرىش ئىدى. قامۇس پۈتسە، ئۇ چاغدا ئۇ خەلق ئالدىدا، ئايالى ۋە بالىسى ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايتتى. ئارىپ مۇشۇلارنى ئويلاپ، قايتا جانلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئىشقا كىرىشمەكچى بولدى. ئۇ ئەمدىلا قولىغا قەلەمنى ئالاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلدى.

— كىم؟

— مەن كونگرو، — دەپ جاۋاب بەردى ئىشىك چەككۈچى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، بىزنىڭ تىلىمىزنى يېڭىدىن ئۆگەنگەندەك قىلاتتى. ئاۋازىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى.

— بىر نەچچە مىنۇت بۇرۇن كەلسىڭىزچۇ دوستۇم، — ئارىپ سۆزلىگەچ بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئالدىدا ھېلىقى مەخلۇق تۇراتتى.

— مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — سورىدى ئارىپ.

— ئەپەندىم، ئوبدان تۇرامسىز؟ — كونگرو ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

ئارىپ سەل خىجىل بولۇپ، ئالمان — تالمان ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى. چۈنكى، سالام قىلىش قائىدىسىنى ئارىپ ئۇنىڭغا ئۆزى ئۆگىتىپ قويغانىدى.

— مىنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟ — ئۇلار ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ئارىپ سۇئالىنى قايتا تەكرارلىدى.

— ياخشى دوستلارنىڭ كۆڭلى تاپىدۇ — دە، — دېدى كونگرو كۈلۈپ.

— ئەپەندىم، كېچىدىمۇ ئىشلەۋېتىپسىز؟

— ھە، بىر نەرسە يېزىۋاتاتتىم. بۈگۈن قولدىن چىقىرىۋېتەي دەپ كېچىچە ئىشلەپ قالدىم.

— ھە. . . — دېدى كونگرو.

ئۇلار يەنە بىرئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن كونگرو:

— ئىشىڭىزغا دەخلى قىلماي، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

«كونگرو ھەقىقەتەن دوستلۇققا يارايدىكەن» — دەپ ئويلىدى ئارىپ، — «ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالغىنىمدىن بۇيان ئۇ ھەمىشە مۇشۇنداق چارچىغان ۋاقتىمدا كېلىپ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ. كۆڭۈللۈك سۆزلىشىپ كۆڭلۈمنى ئالىدۇ. ئۇ نېمە دېگەن ئەقىللىق. كىم بىلىدۇ، كېيىنچە، ئۇ مېنىڭ تەتقىقاتلىرىمغا ياردەملىشىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇ مېنى بەزىبىر مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ» — ئارىپ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ قولىغا قەلەمنى ئالدى.

بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ يازغۇچىمىز، مۇتەپەككۇر، ياش ئالىمىمىز جەمئىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر

ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تولۇق چۈشەنگەن بولۇپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سەممىمىي ياكى ساختا، ئوچۇق — ئاشكارا ياكى ھىيلە — مىكىر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى سۆزلىرىنىڭ ئورامىدىنلا خاتاسىز ھۆكۈم قىلالايتتى. ئەمما، ئۇ تاشقى پلانېت ئادەملىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تەجرىبىسىز ئىدى. ئارىپ ئۇلارنى ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت بەزى پەن — تېخنىكا كىتابلىرىدا بېسىلغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ سىرتقى ئالەم كىشىلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقانلىقى ھەققىدىكى ئاجايىپ — غارايىپ پەن — تېخنىكا ئۇچۇرلىرى ياكى ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەسەرلەردىن ئوقۇغان سىرتقى ئالەم كىشىلىرىنىڭ ئىنتايىن دوستانە، سەممىمىي ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزغا كىرىپ، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكىگە نىسبەتەن يامان قاراشتا ئەمەس ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئالەمگە يۈرۈش قىلىشىمىزدا بۇ تاشقى ئالەم كىشىلىرى بىزنى بەزى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشى مۇمكىن دەپ قارىسىمۇ، لېكىن، بەزىبىر كىشىلەردەك تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ يەر شارىدا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن خۇشال بولۇپ كەتمەيتتى. «ئۇلار بىزگە بەخت ئېلىپ كېلەمدۇ ياكى بالا — قازا ئېلىپ كېلەمدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ» — دەيتتى ئۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ نەقەدەر ئېھتىياتچان ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، شۇنىسى قىزىقكى، ئۇ كونگرودىن قىلچىمۇ گۇمان قىلمىدى. ئۇ: «ئۇ ماڭا سەممىمىي مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ» — دەپ ئويلايتتى.

ئارىپ ئاخىرقى بىر سۆزنى يېزىپ بولۇپ، قاتتىق بىر ئەسنىۋالدى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قەغەز — قەلەملىرىنى

يىغىشتۇرۇپ بىخەتەر ئىشكاپقا سالدى ۋە ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئارىپ كېتىۋېتىپ، دەسلەپ ئوغلى يۈلتۈزنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ، ئوماق يۈلتۈزنى سۆيۈپ باغرىغا باسىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزمايدۇ. ئاندىن ئۇ ئايالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ... ئارىپ ئويلىغانچە بارا — بارا قەدىمىنى تېزلەتمەكتە ئىدى.

شۇ تاپتا ئۆيىگە شامالدەك يېنىك ۋە تېز كېتىۋاتقان ئارىپنى كونگرو ئالقىنىدىكى كىچىككىنە بىر ئاپپارات ئېكرانى ئارقىلىق كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئارىپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كونگرو بىنانىڭ تاقالغان دەرۋازىلىرىدىن ھېچقانداق توسالغۇسىزلا كىردى. ئۇ ئارىپنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ ئالغاندىن كېيىن ئالقىنىغا قارىدى. ئارىپ تاتلىققىنا ئۇخلاۋاتقان ئوغلىغا ھەۋەس بىلەن تويماي قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئايالى ئارىيە ئاستا ئارىپنىڭ قولىنى تۇتۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشقى — مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىر — بىرىگە تەلمۈرۈپ قارىشاتتى. ئارىيە يۈلتۈزنىڭ ئۈستىگە يېپىنچا يېپىپ قويغاندىن كېيىن ئارىپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. كونگرو بۇلارغا تەنە ئارىلاش مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى — دە، بىخەتەر ئىشكاپنى ئېچىشقا كىرىشتى. ئۇ ئىلگىرى ئارىپ بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچقان چاغدا ئالقىنىدىكى ئېكراندىن كۆرۈۋالغىنى بويىچە، قاتار تۇرغان ئېلېكترىك كۇنۇپكىلارنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە باستى، ئاندىن لېنتىغا ئېلىنىۋالغان ئارىپنىڭ: «ئەپەندىم، ئىشىكنى ئېچىڭ، ماڭا

ماتېرىيال كېرەك» — دېگەن سۆزىنى ئۇنئالغۇ ئارقىلىق قويۇپ بەردى. شۇندىن كېيىن، بىخەتەر ئىشكاپ ئاستا ئېچىلدى.

ئارىپنىڭ لەۋلىرى ئارىيەنىڭ لەۋلىرىگە ئىنتىلدى. ئۇلار بىر — بىرىنى ئۆزىگە تېخىمۇ كۈچەپ تارتماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى شېرىن لەززەتتىن يۇمۇلۇپ، تەنلىرى ئاستا دۈانغا يېقىلدى. ئارىيە چىراغنى ئۆچۈردى. دەل شۇ چاغدا ئارىپنىڭ قول سائىتى جىددىي سىگنال بېرىشكە باشلىدى. بۇ بىخەتەر ئىشكاپنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بىخەتەر ئىشكاپ ئېچىلغان هامان بوشلۇققا بىر خىل دولقۇن تارقىتاتتى. بۇ دولقۇننى ئارىپنىڭ قول سائىتى قوبۇل قىلالايتتى ۋە دەرهال سىگنال بېرەتتى. ئارىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى — دە، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، لازېر نۇرلۇق تاپانچىسىنى ئېلىپ، ئوقتەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

كونگرو بىخەتەر ئىشكاپ ئىچىدىكى نۇرغۇن ماتېرىياللار ئارىسىدىن بىر نەرسە ئىزدىمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇ «يەر شارى» دېگەن چوڭ ماۋزو قويۇلغان، چىرايلىق تۈپلەنگەن بىر دەستە قول يازمىنى تاپتى. ئۇ قول يازمىنى ئېچىپ، كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالقىنىدىكى ئاپپارات جىددىي سىگنال بەردى. كونگرو ئېكراندىن ئارىپنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قول يازمىنى ئالدى — دە، بىخەتەر ئىشكاپنى ئېتىپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

ئارىپ ئىشخانىغا كىرىپ كۆز يۈگۈرتتى ۋە چىراغنى ياندۇرۇپ، بىخەتەر ئىشكاپنى ئېچىپ كۆردى. ئۇ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

گەرچە قامۇس جايىدا بار بولسىمۇ، بىخەتەر ئىشكاپنى بىرسىنىڭ ئاچقانلىقى ئېنىق ئىدى. «ئۇ زادى كىم؟! ئۇ قانداق قىلىپ بىخەتەر ئىشكاپنى ئېچىشنى بىلىۋالدى؟» ئوغرى

بىخەتەر ئىشكاپنى ئىچىشقا خېلى يۇقىرى تېخنىكا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ ئارىپنىڭ ئەڭ ئاددىي توزىقىغا دەسسەپ سالغانىدى. ئارىپ بۇ مەقسىدىگە يېتەلمىگەن ئوغرىنىڭ كىملىكىگە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆتكەن ھەربىر ئىشنى كۆڭلىدىن بىر — بىرلەپ ئۆتكۈزدى. ئارىپنىڭ قامۇس يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغان دوستلىرى ساناقلىق، بىر نەچچىلا كىشى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دوستلىرى ئىدى. ئارىپ ئۇلار بىلەن ھەربىر قېتىم ئۇچراشقان چاغلىرىنى نەچچە رەت ئەسلەپ ئۆتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرەرسىدىمۇ گۇمانلىق سۆز ياكى گۇمانلىق ھەرىكەت بايقىمىدى. يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلار قامۇسنىڭ بۈگۈن يۆتكىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىردىنلا كونگرو كەلدى. كونگرو! توغرا، ئۇ بىلىدۇ. ئۇ يېزىۋاتقان ئەسەرنىڭ بۈگۈن قولدىن چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق، ئۇ ئارىپنىڭ قامۇس يېزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىغۇ؟ ... ئارىپ تۇنجى قېتىم كونگرو توغرىلىق گۇمانلىق خىياللارنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كونگرونى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندىن تارتىپ، بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىنى بىر — بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى:

ئارىپ ئايالى ۋە ئوغلىنى ئېلىپ، يىراق سەھراغا تۇغقان يوقلاپ چىققان چاغدا: بىر كۈنى سەھەردە ئۆزى يالغۇز تۇغقىنىنىڭ ئېتىزلىقىغا چىقىپ، مەيىن شامالدا دولقۇنلىنىپ تۇرغان بۇغداي مايسىلىرىغا زوق بىلەن نەزەر سالماقتا ئىدى. تۇيۇقسىزلا بۇغداي مايسىلىرى قاتتىق داۋالغۇپ كەتتى. ئارىپ نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. پاھ! ئارىپتىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە غەلىتە بىر

نەرسە تۇراتتى. قارىماققا ئۇ تىك ئۇچار ئايروپىلاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى ئايروپىلانغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئارىپ دەسلەپ ھەيران بولدى. كېيىن ئۇنى ئۇچار تەخسە بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى — دە، بىردىنلا قىزىقىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ، باقماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇچار تەخسىدىن بىر نەچچە غەلىتە مەخلۇق چۈشۈپ، ئارىپ تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئارىپنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. شۇ تاپتا بۇ مەخلۇقلار ئۇنى تۇتۇپلا ئۇچار تەخسىگە سېلىپ، باشقا پلانېتقا ئېلىپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن لازېر نۇرلۇق تاپانچا بار ئىدى. ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. قورققىنىدىن ئارىپنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇ ئاستا — ئاستا كەينىگە چېكىنىپ، يېقىنلا يەردە ئېقىۋاتقان لاي سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ خېلى بىر يەرگىچە سۇدىن بېشىنى چىقارماي ئېقىپ بېرىۋالدى. گەرچە ئۇ سۇغا بېشىنى تىقىۋېلىپ ھېچنېمىنى كۆرمەي كېتىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە قاچان لازېر تېگىپ جېنىمنى ئالاركىن دەپ ئويلاپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى. چۈنكى، ئۇ تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن ياكى قاچقان يەر شارىلىقلارنى لازېر نۇر بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغانلىقى ھەققىدە بىر قىسىم سۆز — چۆچەكلەرنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن، ئارىپ كۆيدۈرۈلمىدى. ئۇ بولالماي ئاخىرى بېشىنى سۇدىن چىقىرىشقا مەجبۇر بولغاندا ئۇچار تەخسىمۇ، ھېلىقى مەخلۇقلارمۇ كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. بۇ، بۇندىن يېرىم يىل بۇرۇن بولغان ئىش بولۇپ، ئارىپنىڭ سىرتقى پلانېتلىقلار بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىشى ئىدى. بۇ بىر تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق

ئۇچرىششى تېخىمۇ تاسادىپىي بولدى. ئۇ ئىش بۇندىن ئۈچ ئاي بۇرۇن يۈز بەرگەنىدى. شۇ كۈنى ئارىپ چەت رايوندىكى بىر گېئولوگىيە ئەترىتىدىن كېرەكلىك ماتېرىيالنى ئالدى — دە، كېچىچە شەھەرگە قايتتى. ئۇ بۇ ماتېرىيالنى ناھايىتى تەستە تاپقانىدى. ئۇ شۇ خۇشاللىقىدىن نېمىلەرنىدۇ ئويلاپ ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ ئارىپنىڭ بىر بىلىكى يارىلاندى. ئۇ يارىسىنى يەنە بىر قولى بىلەن چىڭ تۇتىۋېلىپ، ماشىنىغا قارىدى. ماشىنىنىڭ بىر چاقى كۆيۈپ كەتكەنىدى. ئۇ: «خۇشاللىقىمدا ھەددىدىن زىيادە تېز مېڭىۋەتكەن ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى ۋە ئەتراپقا ئىنتىزارلىق بىلەن قارىدى. ئەتراپ جىمجىت، قاپقاراڭغۇ ئىدى. يىراقلاردا بىرەر ماشىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئارىپنىڭ يارىسىدىن قان ئوخچۇپ، چىڭ تۇتۇۋالغان بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھالدا ھەرگىزمۇ چاقنى ئالماشتۇرۇپ، ماشىنىنى تۈزەپ ماڭالمايتتى. بىردىنلا ئەتراپ يورۇشقا باشلىدى ۋە بىردەمدە كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئارىپ ھەيران بولۇپ يورۇقلۇق كەلگەن تەرەپكە قارىدى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يوغان بىر نەرسە كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئارىپ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى پەرق قىلىپ بولغىچە، ھېلىقى نەرسىدىن بىرقانچە كىچىك گەۋدىلەر چۈشۈپ ئارىپ تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ گەۋدىلەر، ئارىپ ئۆتكەندە بۇغدايلىقتا كۆرگەن مەخلۇقلارغا ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئارىپنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئارىپقا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ يارىسىنى تىكىپ تېڭىشقا باشلىدى. قالغانلىرى ماشىنىنىڭ چاقىنى ئالماشتۇرۇپ تۈزەپ قويدى. ئارىپنىڭ يارىسىنى تېڭىۋاتقان مەخلۇق تىلىمىزنى

يېرىم — يارتا يامىداپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەپەندىم، سىز كىم بولىسىز؟ قانداق قىلىپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟

ئارىپنىڭ ئۇلارغا گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ياندۇرۇپ سۇئال قويدى:

— ئۆزۈڭلارچۇ؟

— ھە، بىز سىرتقى پلانېت ئادەملىرى. مېنىڭ ئىسمىم كونگرو، يەر شارىغا كەلگىلى يېرىم يىل بولدى. ۋوي، مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ، — دېدى كونگرو ئارىپقا سەپسېلىپ قاراپ، ئاندىن يەنە، — ھە توغرا، بىز كۆرۈشكەن. ھېلىقى بۇغدايلىقتا كۆرۈشكەن شۇنداقمۇ ئەپەندىم. ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ھە راست، سۇدىن قاچان چىقىۋالدىڭىز؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ. قارىماققا ئۇ بەكمۇ خۇشخۇي، چىقىشقاقتەك قىلاتتى.

— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟ بىزنىڭ تىلىمىزنى قانداق قىلىپ ئۆگىنىۋالدىڭ؟

— بىز دوستلۇقنى قەدىرلەيمىز. باشقا پلانېتتىمۇ دوستىمىز بولىشنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇ ئارزۇ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. مەن، سىلەر يەر شارىلىقلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم. بىر نەچچە دوستىمۇ تۇتۇۋالدىم. شۇنداق قىلىپ سىلەرنىڭ تىلىڭلارنىمۇ بىرئاز ئۆگىنىپ قالدىم، — كونگرو ئارىپنىڭ يارىسىنى تېڭىپ بولۇپ، ماشىنىغا چىقىشقا ئىشارەت قىلدى، — قېنى، ئەپەندىم يول بولسۇن! — ئارىپ ماشىنىغا چىقىپ جايلاشقاندىن كېيىن كونگرو يەنە، — ئەپەندىم، سىز بىلەن يەنە كۆرۈشەلەيمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆتۈنۈپ. ئارىپ ئۇنىڭغا قاراپ جاۋاب بەرمەي، ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ئۇ بۇ تاشقى پلانېت ئادەملىرىنىڭ ئۆزىنى

قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىدىن مىننەتدار بولۇپ كەتمىگەنىدى.

— ئەپەندى، بىز سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايمىز، — دېدى يەنە كونگرو.

ئارىپ يەنىلا گەپ قىلماي مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە باشقا پلانېت ئادەملىرىنىڭ يەر شارىغا كېلىپ يەر شارلىقلارغا خەيرخاھلىق قىلىپ يۈرۈشى يەر شارلىقلار ئۇچۇن بىر ھاقارەت ئىدى. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ يەر شارىدا ئەركىن چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكى بىر خىل باسمىچىلىق ئىدى.

— ئەگەر، سىز ئۆزىڭىز بىز بىلەن دوست بولۇشنى خالىمىسىڭىز، بىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايدىغان باشقا كىشىلەرنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويالامسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز بىز سىزدىن بەكمۇ مىننەتدار بولغان بولاتتۇق، — دېدى كونگرو.

— خەير — خوش، — ئارىپ ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

ئارىپ يولدا كېتىۋېتىپ، ئويلىنىپ قالدى: «بەك ئاشۇرىۋەتتىممۇ قانداق؟ ئۇلار شۇنچىلىك سەمىمىيەتلىك قىلىۋاتقان يەردە، ھېچ بولمىغاندا ئىككى ئېغىز دوستانە گەپ قىلىپ قويسام بوپتىكەن. ناۋادا، ئۇلار راستىنلا ئۆزئارا دوستلۇق ئورنۇتۇپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرماقچى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا مەن تولىمۇ سەت ئىش قىلغان بولمامدىمەن. يەر شارلىقلارنىڭ ئابروينى تۆككەن بولمامدىمەن؟ ھەي، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالسام مەندىن نېمە كېتەتتى؟ گەپ سۆزدە دىققەت قىلسام بولمىدىمۇ؟»

شۇ ۋەقە ئۆتۈپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، كونگرو ئارىپنىڭ قېشىغا بىر نەچچە قېتىم كەلدى. ئۇ ھەمىشە ئارىپ

ئىشلەپ تازا چارچىغاندا كېلەتتى — دە، ئۆزلىرىنىڭ پلانىيتىدىكى ئاجايىپ — غارايىپ نەرسىلەر، ئاجايىپ — غارايىپ هادىسىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. كېيىنچە، ئۇلار ئۆزئارا تىل ۋە يېزىق ئۆگىنىدىغان بولدى. ئارىپ ئەقىللىق كونگرونى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئارىپ ئۇنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنگەنىدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كەتكۈزۈپ قويمىدىم، دەپ قارايتتى. لېكىن، بۇگۈنكى بۇ ئىش ... ھەقىقەتەن ئويلىمىغان يەردىن چىقتى ... ئارىپ بىردىنلا، بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ تاسادىپىي بولمىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئويى شۇ يەرگە يەتكەندە، تەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئارىپ دەرھال بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچتى. ئۇ پارچە — پۇرات قەغەزلەر ئارىسىدىن قامۇسنى ئالدى ۋە ياندىكى بىر كۇنۇپكىنى باستى، بۇ چاغدا ياندىكى بىر تامدىن كىچىك بىر يوچۇق ئېچىلدى. ئارىپ قامۇسنى يوچۇققا قويۇپ بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، يوچۇق يېپىلدى. ئارىپ يەنە بىر نەچچە كۇنۇپكىنى باستى.

كونگرو ئالدىراپ — تېنەپ قول يازمىنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ بايا ئالقىنىدىكى ئېكراندىن ئارىپنىڭ قامۇسنى ئېلىپ، ئۇنى باشقا بىر يوچۇققا سېلىۋەتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۆزىنىڭ نەم يەرگە دەسسەپ سالغانلىقىنى بايقىغان كونگرو ئالدىدىكى بىر دەستە قوليازمىنى غەزەپ بىلەن چۆرىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بېشىغا غەم چۈشتى. چۈنكى كونگرو ئىلگىرى ئارىپنىڭ بۇ يوچۇقنى ئاچقانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ بۇ يوچۇقنى ئېچىشنى بىلمىگەچكە، ئارىپنىڭ ئۆزىنى ئېچىپ بېرىشكە مەجبۇرلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇنى ئۇنۇملۇك ئۇسۇل دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن، باشقا چارە بولمىغاندىن كېيىن، شۇنداق تەۋەككۇل

قىلماي بولمايتتى. كونگرو شۈلارنى ئويلاپ ھەمراھلىرىغا بىر نېمىلەرنى تاپىلىدى — دە، ئارىپنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتى.

— ئەپەندىم، توختاڭ! — دېدى ئۇ، ئىشخانىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئارىپنىڭ كەينىدىن كېلىپ.

ئارىپ ئۇنىڭ ئاۋازىدىن، تونۇپ دەرھال تاپانچىسىنى چىقارماقچى بولدى.

— ئەپەندىم، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى كونگرو يەنە. ئارىپ كونگرونىڭ ئۆزىگە تاپانچا تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كېچىكىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا يۇۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇپ ئىشخانىغا قايتىپ كىردى.

— ئەپەندىم، بىز يەنىلا دوستلۇقنى قەدىرلەيمىز، — دېدى كونگرو تاپانچىنى چۇشۇرۇپ، — ئەپەندىم، دوستلار ئۆزئارا پايدا — مەنپەئەت يەتكۈزۈشى كېرەككۇ دەيمەن.

— شۇنداق، دوستلار بىر — بىرىگە ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئەپەندىم سىزگە نېمە كېرەك؟

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس.

— ھاياتمۇ كېرەك ئەمەسمۇ؟

— سۆزۈڭنى چۈشەنمىدىم كونگرو.

— ياق، سىز چۈشەندىڭىز ئەپەندىم. قامۇسنى جايىدىن يۆتكىۋەتتىڭىزغۇ؟

ئارىپ ھەيران بولدى. «ئۇ قانداق بىلىۋالغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزگەن كونگرو دەرھال ئالقىنىنى ئېچىپ ئارىپقا كۆرسەتتى:

— ھەيران بولماڭ ئەپەندىم، ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۆتكەنكى ماشىنا ۋەقەسىنى سىز پۈتۈنلەي تاسادىپىي ھادىسە دەپ ئويلىغان

بولغىيتتىڭىز؟ سىلەر يەر شارىلىقلار ئۇ قېتىمقى ماشىنا ھادىسىسىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ يېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. شۇ چاغدا سىزنىڭ يارىڭىزنى تىككەندە، ئالاھىدە بىر خىل دولقۇن تارقىتالايدىغان مىكروتىپلىق ماشىنىنى بىلىكىڭىزگە ئورنىتىپ، قوشۇپ تېڭىۋەتكەنلىكىمنى تېخىمۇ ئويلاپ يېتەلمەيسىز. سىز ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، مېنىڭ ئالقىنىمدا پەيدا بولغان. ئالقىنىمدىكى بۇ كىچىككىنە تېلېۋىزور، سىزنىڭ بىلىكىڭىزدىكى دولقۇن تارتقۇچ تارقاتقان دولقۇننى قوبۇل قىلىپ سىزنى ۋە سىز تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ يېقىن ئەتراپىنى ماڭا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قانداق؟ ئەپەندىم، ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟ جاھىللىق قىلماي قولىيازمىنى ئېلىپ بېرىڭ، بىز ئۇنى لېنتىغا ئېلىۋالساقلا ئەسلى نۇسخىسى سىزدە قالىدۇ. ئۇنى ھېچكىممۇ ئۇقمايدۇ. ئەگەر بىز ئۆزئارا دوست بولۇپ قالساق، سىز بىزدىن خالىغان ۋاقىتتا خالىغان نەرسىنى ئالالايسىز.

— كونگرو، سۆزۈمنى ئاڭلا. بىز يەر شارىلىقلارمۇ دوستلۇقنى قەدىرلەيمىز. تەۋەيىمىزگە كەلگەن، بىزنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمىزنى ھۆرمەت قىلىدىغان ھەرقانداق مېھماننى قىزغىن قارشى ئالىمىز ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولىمىز.

— ئەپەندىم، سىز ئۆلۈمدىن قورقمامسىز؟

كونگرو تاپانچىسىنى ئارىپنىڭ مېڭىسىگە تىرىدى.

— كونگرو، بايا سەن ئەگەر دوست بولۇپ قالساق، خالىغان ۋاقىتتا خالىغان نەرسىنى ئالالايسەن دېدىڭغۇ؟

— ھە ... ئە،— كونگرو ئۇمىدلىنىپ دەرھال تاپانچىسىنى تارتىۋالدى. ئارىپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كونگرونىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. كونگرو سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى.

قولىدىكى تاپانچىمۇ قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتتى. ئارىپ تاپانچىغا تاشلاندى. دەل شۇ چاغدا، سىرتتىن كونگرونىڭ بىر ھەمراھى كىرىپ كەلدى.

— ئەپەندىم جايىڭىزغا قايتىڭ، بولمىسا، ئۇ لازېر ئارقىلىق سىزنى بىردەمدىلا كۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ، — دېدى كونگرو ئارىپقا ھەمراھىنى كۆرسىتىپ. ئارىپ ئىلاجىسىز جايىدا ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كونگرو قاتتىق غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرى بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەپەندىم، بىز يەنىلا دوست بولۇپ قالايلى. بايا سىز بىر نەرسىنىڭ كېرەكلىكىنى ئۆتۈندىڭىز.

— بوپتۇ، دوست بولۇپ قالساق قالايلى ئەمىسە، ماڭا ھازىر ئەركىنلىك بېرىڭلار.

كونگرونىڭ يەنە جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— بولىدۇ، سىز ئىشخانىدىن چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن بۇنى بىر كۆرۈپ قويۇڭ، — دېدى ئۇ ئالقىنىنى ئارىپقا كۆرسىتىپ، ئارىپ ئۇنىڭ ئالقىنىدىن كونگروغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مەخلۇقنىڭ يۇلتۇزنى ئوغرىلاپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى — دە، غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋارقىراپ كەتتى:

— ھۇ، نومۇسسىز بۇلاڭچىلار.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ ئەپەندىم. بۇنداق ۋارقىرىماڭ. قېنى ئولتۇرۇڭ، بىز كېلىشىپ قالىمىز. ئەلۋەتتە، بالىنىڭ مېھرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى كونگرو ئالقىنىنى تارتىۋېلىپ.

ئارىپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. يۇلتۇز ئۇنىڭ يالغۇز بالىسى ئىدى. ئۇ يۇلتۇزنى سۆيەتتى، ئۇنىڭغا بەكمۇ

ئامراق. يۇلتۇز ئارىپنىڭ يۇرەك پارىسى، لېكىن، قول يازما ... ئۇنى ھەرگىزمۇ باشقا پلانېت ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايتتى. يەر شارىنىڭ بارلىق مەخپىيىتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ ماتېرىيال ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە... بىز ئۇلارنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن ئۇلار يەر شارىنىڭ ئۇجۇر — بۇجۇرىگىچە بىلىۋالسا، بىرەر يامان ھادىسە يۈز بەرمەيدۇ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ؟ ناۋادا راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئارىپ بىلەن يۇلتۇز ئاتا — بالا ئىككىيلەن تۇرماق، پۈتۈن يەر شارىدا ھازىر بار بولغان بارلىق كىشىلەرمۇ ئۇستىگە ئالالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ چاغدا، ئۇ ئەجدادلارغا قانداق يۈز كېلىدۇ؟ ئەۋلادلارغا قانداق جاۋاب بېرىدۇ؟ بۇ جاۋابكارلىق ئالدىدا، ئاتا — بالا ئىككىيلەننىڭ ھاياتى ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئارىپ گەپ — سۆز قىلماي ئولتۇرىۋەردى.

— ئەپەندىم، ئەگەر بالىنى سېغىنسىڭىز مېنى چاقىرارسىز، — كونگرو شۇنداق دەپ ھەمراھىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

## 2. بالىنى قۇتۇلدۇرۇش

— قانداق قىلىش كېرەك؟ يۇلتۇز، جېنىم بالام، ئوغلۇم، ئۇمىدىم، يۇلتۇزۇم ... ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ ئاھ، ئارىيەگە بۇ ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرىمەن؟ ئۇ، بۇ جۇدالىققا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ يۇلتۇز جېنىم ئوغلۇم، بىز سەندىن شۇنداقلا ئايرىلىپ قالىمىزمۇ؟ ياق — ياق، ئامال قىلىش كېرەك! ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىدى بالا بۇلاش ئەمەس. قامۇسنى قولغا

چۈشۈرۈش. ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تېپىش كېرەك. ئوغلۇمنى قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك.

ئارىپ دەرھال باش تەتقىقاتچى يارقىن پروفېسسورغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يارقىن:

— سىز دەرھال ئالەمگە ئۇچۇش مەركىزى تەتقىقات ئىشخانىسىغا بېرىڭ، بىز شۇ يەردە ئۇچرىشايلى.

يارقىن پروفېسسور ۋە باشقا بىر نەچچە تەتقىقاتچى خادىملار بىر سائەتتىن ئارتۇق مەسلىھەتلەشكەن بولسىمۇ، بالىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى تېپىلمىدى. ئاخىرى قامۇسنى دۈشمەن قولىغا چۈشۈرمەيدىغان، بالىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل تەۋەككۈلچىلىك ئۇسۇلنى سىناق قىلىپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى.

— ئەگەر باشقا چارە بولمىسا، قول يازمىنى لېنتىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلارغا بېرەيلى، بالىنى قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم، — دېدى پروفېسسور ئارىپقا.

ئارىپ دەرھال كونگرو بىلەن ئالاقىلىشىپ، بوشلۇقتا ئۇچرىشىشقا كېلىشتى.

كېچە سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا، پروفېسسور يارقىن بىلەن ئارىپ ماتېرىيالنى ئېلىپ، بىر نەچچە ئۇچقۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. بىر نەچچە سېكونتتىن كېيىن، ئارىپ قاتارلىقلار كونگرولارنى بىزنىڭ يەر شارىدىن ئايرىلىش پونكىتىمىزدا كۈتۈۋالدى. كونگرولار يۇلتۇزنىڭ پېشانىسىگە لازېرلىق تاپانچىسىنى تەڭلىگەن ھالدا ئۇچار تەخسىدىن چۈشۈشتى. ئەگەر ئارىپلار سەللا سەمىمىيەتسىزلىك قىلىدىغان بولسا، يۇلتۇزنىڭ ھاياتى تۈگىشەتتى. شۇڭا ئارىپلارمۇ قول يازمىنى، سەمىمىيەتلىك بىلەن ئۇلارغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

كونگرو قولىيازمىنى تاپشۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ئارىپنىڭ بېلىكىدىكى دولقۇن تارقاتقۇچنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن چىقىرىۋالدى — دە، بالىنى ئارىپقا تاپشۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆز رايونلىرىغا قايتىشتى. كونگرولار ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرۇپ، بىزنىڭ پونكىتىمىزدىن ئايرىلدى.

دەل شۇ پەيتتە پروفېسسور:

— ئېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. پروفېسسورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭ بىزنىڭ غايەت زور پارتلىتىش كۈچىگە ئىگە توپلىرىمىز ۋە كۈچلۈك كۆيدۈرۈپ تاشلاش ئىقتىدارىغا ئىگە لازېر نۇرلۇق قوراللىرىمىز ئۇچار تەخسىنى بومباردىمان قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇچار تەخسە خۇددى غايەت زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە قوراللىرىمىزنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، گويا بىزنى زاڭلىق قىلغاندەك يېنىك سىلكىنىپمۇ قويماي، بىر خىل ئۇچۇپ كۆزدىن يىراقلاشماقتا ئىدى. ئارىپلار ئەسلى، ئۇلارنى پونكىتىمىزدىن ئايرىلغان ھامان پارتلىتىۋېتىشنى ئويلىغانىدى. ئەمما بىزنىڭ شۇ تاپتا بار بولغان ئەڭ كۈچلۈك پارتلاتقۇچ ئوق — دورا ۋە پارتلاتقۇچ ئەسۋاپلىرىمىز، ئەڭ ئۆتكۈر كۆيدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە لازېرلىق قوراللىرىمىزمۇ كارغا كەلمىدى. ئۇچار تەخسە ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، بىمالال ئۇچۇپ كۆزدىن غايىپ بولدى.

يارقىن پروفېسسورلار ۋە ئارىپلار بەكمۇ تىت — تىت بولۇپ:

— ئەستاغپۇرۇللا! — دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، يەر شارىنىڭ مەخپىيىتى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەمدۇ؟! ئارىپنىڭ خەلق ئۇچۇن دەپ ئون يىل ئاققۇزغان قان — تەرى ئەكسىچە، يەر شارىغا بالا — قازا

ئېلىپ كېلەمدۇ؟! بۇنىڭغا ئارىپ چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ بىر ئۇچقۇچىنى باشلاپ ئالەم كېمىسىگە چىقتى — دە، كونگرولارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

## 3. دۈشمەن پونكىتىدىكى ئېلىشىش

ئارىپلار بوشلۇقتا كۆتۈرۈلۈپ بىر قانچە ئون سېكونتتىن كېيىن، ئۇچار تەخسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ چاغدا ئۇچار تەخسىنىڭ سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلاپ قالغانىدى. بىزنىڭ ئالەم كېمىمىز ھەش — پەش دېگۈچە، ئۇچار تەخسىگە يېقىنلاپ قالدى. ئۇلار ئارىپلارنى بايقاپ قالغان بولسا كېرەك. بىردىنلا ئالەم كېمىمىزگە قارىتىپ لازېر ئۇزدى. ئۇلارنىڭ ئۇزگەن لازېرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئوت كۈچى ئالەم كېمىمىزنى تېشىپ ئۆتكىلى تاسلا قالدى. ئارىپلارمۇ ئۇلارغا قارىتىپ لازېر ئۇزدى. بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان ئالەم بوشلۇقى ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. بىزنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىمىز ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن قارشى تەرەپنىڭ لازېرىنى تەگكۈزمەي، ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ لازېرى تېگىپلا كەتسە، بىزنىڭ ئالەم ئايرۇپىلانىمىز پاچاقلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. بىر مەھەل دۈشمەن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغان بولسىمۇ، ئارىپلار يەنىلا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئاتلانماقتا. شۇ تاپتا، ئۇلاردا قولىيازمىنى دۈشمەننىڭ قولىدىن يوقاتمىغىچە قايتماسلىق، دەيدىغان بىرلا نىيەت بار ئىدى. ئۇلار يەر شارىدىكى بارلىق ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ ئالدىدا، ئىككى ئادەمنىڭ جېنىنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا غايەت زور بىر نۇرلۇق شار جىسىم پەيدا

بولدى. ئارىپ:

— بۇ ئۇلارنىڭ يەر شارى پونكىتى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ۋە ئۇچقۇچىغا ئۇچار تەخسىنىڭ ئارقىسىدىن پونكىتقا كىرىشكە بۇيرىدى. نېمىشقىدۇر ئۇچار تەخسە شار جىسمىنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ لېكىن، پونكىتىغا چۈشمىدى. ئۇ ھە دەپ ئالەم كېمىمىزگە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى.

— ئۇلار بىزنى يوقاتمىغىچە، پونكىتىغا چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇچقۇچى.

— ئۇنداق بولسا بىز يوقىلايلى، — دېدى ئارىپ.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇچار تەخسىدىن بىزنىڭ ئالەم كېمىمىزگە قارىتىپ لازېر ئۇزۇلىشى بىلەنلا، ئالەم كېمىمىز چاشما شەكىللىك سەككىز پارچىغا بۆلۈندى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئالەم كېمىمىزنى «پاچاقلاندى» دەپ قالغان كونگرولارنىڭ ئۇچار تەخسىسى پونكىتىغا قاراپ شۇڭغىدى. پونكىتنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەنلا بىزنىڭ ئالەم كېمىمىزمۇ دەرھال بىرلىشىپ پونكىتقا شۇڭغىدى. ئارىپلار ھەر ھالدا دۈشمەننىڭ پونكىتىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئالەم كېمىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئالەم كېمىسى دۈشمەننىڭ كۈچلۈك زەربە بېرىشى بىلەن پاچاقلانغانىدى. بەختكە يارىشا ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى بىخەتەر بۆلۈم ئارقىلىق پونكىتقا ساق — سالامەت چۈشۈۋالدى.

— ئەمدى بىزنىڭ ھاياتىمىزدىن ئۈمىد قالمىدى، — دېدى ئارىپ ئۇچقۇچىغا، — قايتىدىغان قورالىمىز پاچاقلاندى. بىز ئەمدى مەڭگۈ قايتالمايمىز. لېكىن، بىز ئۆلۈم ئالدىدىمۇ يەر شارى ئۈچۈن بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇ بولسىمۇ قولىيازمىنى يوقۇتۇش، باشقا پلانېت ئادەملىرىنىڭ

ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، يەر شارىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق.

— بەرىبىر بىر ئۆلۈم، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلەيلى، — دېدى ئۇچقۇچى، — بىز يەر شارى تۇپرىقىدىن ھاسىل بولغان. شۇ تۇپراق ئۇچۇن ئۆلۈش بىز ئۇچۇن شەرەپ. بىزدىن ئەجدادلىرىمىز رازى بولسۇن، ئەۋلادلىرىمىز پەخىرلەنسۇن.

ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى شۇنداق دەپ بىر بىرىگە قول بېرىشتى — دە، ئىچكىرلەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى پوست قويۇلغان ئىشىككە كېلىپ توختاپ قالدى. ئۇلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. قارىغاندا، پوست ماشىنا ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ ئۇجۇر — بۇجۇرىنى بىلىش ئۇچۇن، بىرەر مەلۇمات بېرەلىگۇدەك ئادەمنى قولغا چۈشۈرىشى كېرەك ئىدى. ئۇلار باياتىن بېرى خېلى كۆپ يەرنى ئارىلىغان بولسىمۇ، ھېچكىمنى ئۇچراتمىغانىدى. ئەمما، پوستنىڭ ئالدىدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ ئارىپنىڭ بېشى تازا قېتىپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. ئارىپ خۇشال بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان كونگرونى تونىدى. بىراق، ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر مۇنچە ماشىنا ئادەملەر كېلىۋاتاتتى. ئارىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماي، يوشۇرۇنۇپ ئۇلارنى كۆزەتتى. كونگرو پوست تۇرغان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، پوست دەرھال يول بوشاتتى. ئارىپ كونگرودىن ئۆگىنىۋالغانلىرى بويىچە ئۇنىڭ پوستقا:

— ئۇچىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى بىرىنچى نومۇرلۇق رايونغا بارىدۇ، — دېگەنلىكىنى بىلدى. ئارىپقا

دەرھال بىر ئەقىل كەلدى — دە، كونگرولار كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇچقۇچىنى باشلاپ پوستىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى بىرىنچى نومۇرلۇق رايونغا باردۇ،— دېدى. پوست دەرھال يول بوشاتتى. ئارىپلار تېزدىن كىرىۋالدى. ئۇلار تېز — تېز مېڭىپ كونگرولارغا يېتىشىۋالدى ۋە يوشۇرۇن ئەگىشىپ مېڭىپ، يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئۇلار ئاخىرى ئالاھىدە بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى. ئىچكىرىدىن كونگرو بىلەن بىرەيلەننىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئارىپ ئۇلارنىڭ دېيىشىۋاتقان سۆزلىرىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئاران — ئاران بىلىۋاتاتتى:

— دوكلات باشلىق، بۇيرۇقىڭىزغا بىنائەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى ھوزۇرىڭىزغا كەلدى.

— ھە … كونگرو، يارايسەن، — دېدى باشلىق، — ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاپسەن. تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزگەن ماتېرىياللىنى كۆردۈم. ساڭا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرماقچى.

— خوپ.

— مەن ماتېرىياللىنى كۆرگەندىن كېيىن، پونكىتىمىزنى يەر شارىغا يۆتكەشنى قارار قىلدىم.

— خوپ،— كونگرو سەل ئويلىنىپ قالدى،— ئۇ ۋاقىتتا …

— شۇڭا، بىز يەر شارىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ يەردە بىزدىن باشقا ھاياتلىق بولماسلىقى كېرەك، بۇنى بىلىسەنغۇ دەيمەن.

— ئەلۋەتتە. بىراق، مەن شۇنىڭغىمۇ ئىشىنىمەن.

ئۇنىڭسىزمۇ، بىز تەدبىر قوللانساق، خىزمەتلىرىمىزنى دەخلىسىز ئىشلەپ كېتىمىز.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ كونگرو؟
— مېنىڭچە يەر شارلىقلار بەكمۇ ساددا، ئاقكۆڭۈل، ياخشى ئادەملەر. ئۇلار چوقۇم بىزگە ياخشى يەر ئاجرىتىپ، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.
— باشقىلارنىڭ خەيرخاھلىقىغا قاراپ تۇرۇش، خىزمەتنىڭ كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.
— بۇ ...
— بولدى ... بولدى.
ئارىپ ئىچكىرىدە بولىۋاتقان گەپ — سۆزلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى: «قانداق قىلىش كېرەك؟ كونگرو ياخشى نىيەتلىك ئادەمدەك قىلىدۇ. شۇنىڭدىن ياردەم سوراپ بېقىش كېرەكمۇ؟ ھەي، ئۇ بىزگە ياردەم قىلامدۇ؟» ئارىپ مۇشۇلارنى ئويلاپ تېخىمۇ غەزەپلەندى:
— بىز بۇ ئەبلەخلەرنىڭ پونكىتىنى پارتلىتىۋېتەيلى، — دەۋەتتى ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي.
— قانداق پارتلىتىمىز؟ — دېدى ئۇچقۇچىمۇ جىددىيلىشىپ. ئۇ گەرچە، ئىچكىرىدە بولىۋاتقان گەپلەردىن بىخەۋەر بولسىمۇ، ئارىپنىڭ جىددىيلەشكەن كەيپىياتىدىن قانداقتۇر بىر يامان ئاقىۋەتنى پەرەز قىلغانىدى.
— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، ئامال قىلىپ باقايلى، — دېدى ئارىپ ئويلىنىپ. ئۇ تەدبىر ئىزدەپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىنلا، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان ماشىنا ئادەمگە چۈشتى. ئارىپ ئۇنىڭدىن بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش نىيىتىدە يوشۇرۇنۇپ ئۇنى كۈزەتتى. ئۇ چارلىغۇچى ماشىنا ئادەم بولۇپ، بوشلۇقتا دولقۇن تارقىتىش ئارقىلىق دولقۇننىڭ

سۇمۇرۇلۇش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى باشلىققا كۆرسىتىپ بېرەتتى. شۇڭا بىرەر نەرسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان تەقدىردىمۇ، بۇ چارلىغۇچى ماشىنا ئادەم يەنىلا تېپىۋالالايتتى. ئارىپنىڭ دىققىتىنى يەنە ئىچكىرىدىكى سۆھبەت تارتتى.

— سەن ئاۋۋال قولىيازمىنى خاتىرىلەپ، باش پونكىتقا يوللىۋەتكىن. ئاندىن بۇگۈن تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن، يەر شارىنى تازىلىۋەت. ئەتە سەھەردە مەن تازىلىق ئۆلچىمى بويىچە ئۆتكۈزۈۋالىمەن.

— خوپ.

بىردىنلا باشلىقنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كونگرو، توختا! بۇ نېمە؟

— بۇ ··· بۇ ···

— ھۇ نومۇسسىز خائىن! سەن بۇلارنى باشلاپ كېلىپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچىمۇ؟!

— ياق ··· ياق تەخسىر، بۇلارنى مەن باشلاپ كەلمىدىم. باشلىق كونگرونىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ياخشى. ئەگەر سەن يەنىلا بىزگە راستىنلا ساداقەتمەن بولساڭ، ئۇلارنى دەرھال تۇتۇپ كەل.

— خوپ.

ئارىپ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى دەۋاتقانلىقىنى بايقاپ، بۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى — دە، ئۇچقۇچىنى باشلاپ دەرھال كەينىگە ياندى. بىردىنلا چارلىغۇچى ماشىنا ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. ماشىنا ئادەملەر ھەر تەرەپتىن ئارىپلارنى قورشاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار لىفت بىلەن ئاجايىپ — غارايىپ بىنالارنىڭ ئەڭ ئۇستىگە چىقسىمۇ، ئەڭ ئاستىغا چۈشسىمۇ ماشىنا ئادەملەر يەنىلا قالماي، ئىز

بىسىپ قوغلاپ كېلەتتى. ئاخىرى ئۇلار بىر كىچىك ئۆيگە قاپسىلىپ قالدى. ماشىنا ئادەملەر ئۇلارنى خۇددى يەنجىۋېتىدىغاندەك قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. بەش قەدەم ... ئۈچ قەدەم ... ماشىنا ئادەملەر قوللىرىنى ئۇزارتىشتى. دەل شۇ چاغدا، كونگرو كىرىپ كەلدى ۋە بىر كونۇپكىنى باستى. ماشىنا ئادەملەر ھەرىكەتتىن توختىدى. بىردىنلا باشلىقنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كونگرو، ئەقلى — ھوشۇڭ جايىدىمۇ؟ سەن راستىنلا خائىنلىق قىلماقچىمۇ؟ ئەگەر سەن ئۇلارنى تۇتۇپ كەلمەيدىغان بولساڭ، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

كونگرو جىمجىت تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋال-غاندىن كېيىن:

— ئەپەندىم، تېز بولۇڭلار، بۇ يەردىن كېتىڭلار. يەر شارىڭلارغا قايتىڭلار، مەن بۇگۈن يەر شارىنى تازىلاشقا بارىمەن. سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغداشقا تەييارلىق كۆرۈڭلار، — دېدى.

— كونگرو، رەھمەت ساڭا. لېكىن، بىز قايتالمايمىز. بىزنىڭ ئالەم كېمىمىز پاچاقلىنىپ كەتتى.

— ھە ... شۇنداقمۇ، ئەمىسە سىلەر قۇتۇلالمايسىلەر.

— كونگرو، سەن ئەڭ ياخشىسى بىزنى تۇتۇپ بېرىپ باشلىقىڭغا ئۆز ساداقىتىڭنى بىلدۈرگىن، ھېلىقى قولىيازمىنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا كۆيدۈرۈۋەتسەڭلا بىز سەندىن رازى. سەن بىزنى تۇتۇپ بېرىپ، باشلىقىڭغا سادىقلىقىڭنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، باشلىقىڭ سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ. سەن شۇ چاغدا باشلىقىڭنى ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىل. شۇنداق قىلساڭ ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق.

— سىلەر ئىككى ئادەم قانچىلىك نېمە ئىدىڭلار، سىلەرنى ئاللىقاچان تۇتۇپ بەرگەنمۇ بولاتتىم. ئەمما، سىلەرنى

تۆتۆپ بېرىش، پۈتۈن يەر شارىلىقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بىلەن باراۋەر. شۇڭا مەن ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن. سەن بايا باشلىقىڭغا قارارنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىل، دېدىڭمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ھە، مۇنداق بولسۇن، سىلەر مۇشۇ يەردە بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى ئالدى بىلەن بىر ئامال قىلىپ، يەر شارىغا ئاپىرىپ قوياي. سىلەر، مەن يەر شارىنى تازىلاشقا بارغىچە، ئۆزۈڭلارنى قوغداشنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار،— كونگرو شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئارىپ ئۇلارنىڭ يەر شارىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن تازىلايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۆزىمىزنى قوغداشقا شۇ تاپتا تېخنىكا — سەۋىيىمىزمۇ تۆۋەنلىك قىلاتتى. شۇڭا ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى قايتىپ بېرىپ، يەر شارىدىكىلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزىمىزنى قوغداپ كېتەلىشىمىز ناتايىن ئىدى. ئارىپ ئەھۋالنى ئۇچقۇچىغا چۈشەندۈردى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئالدى بىلەن باشلىقنى يوقىتىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار يەنە ھېلىقى دەرۋازا يېنىغا كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ئىچكىرى جىمجىت ئىدى. پەقەت تامغا چۈشكەن سايىنىڭ ئۇياق — بۇياققا رېتىملىق سۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن ئىچكىرىدە بىر ئادەمنىڭ، يەنى باشلىقنىڭ يالغۇز غەزەپلىنىپ ئۇيان — بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. ئارىپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، دەرھال ئىچكىرىگە كىرمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا سىرتتىن بىر مەخلۇق كىرىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن:

— ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى بىرىنچى نومۇرلۇق رايونغا بارىدۇ،— دەپ كىرىپ كەتتى.

ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى دەرھال يوشۇرۇنۇپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى.

— ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى كەلدى،—

دەپ دوكلاد قىلدى كىرگۈچى.

— ئۈچىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى خائىنلىق قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىزگە كېرىكى يوق. ئۇقتىڭىزمۇ؟ يەنە ھېلىقى ئىككى ئەبلەخنى تۇتۇپ كېلىڭ.

— خوپ. نۆلىنچى نومۇرلۇق رايوننى قانداق قىلىمىز؟ ئۇ يەر بىزنىڭ جان تومۇرىمىز. ئۇ ئەبلەخلەر يەنە ئويلىمىغان يەردىن ...

— ئۇ يەرگە ئۆزۈم بارىمەن. ھازىرلا بارىمەن، ھە راست چارلىغۇچى ماشىنا ئادەملەرنى دەرھال ئىشقا كىرىشتۈرۈڭ. پوستلار جىددىي ھالەتتە تۇرسۇن.

— خوپ.

ئارىپ دەرھال ئۈچقۇچىغا باشلىقنىڭ كەينىگە چۈشۈشنى تاپىلاپ، ئۆزى كونگروغا باشلىقنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويغىلى يەنە ھېلىقى كىچىك ئۆيگە كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كونگرومۇ يېتىپ كەلدى.

— ئەپەندىم، ھەمراھىڭىز قېنى؟

— ئۇلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى، ھەمراھىم سېنى قوغدىغىلى كەتكەن.

— ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋىرىم بار. بىز دەرھال يولغا چىقمىساق بولمايدۇ.

— ئەمىسە مەن ئۇنى دەرھال چاقىرىپ كېلەي.

— بولىدۇ، سىلەر ئۇدۇل ئۈچۈش مەيدانىغا بېرىڭلار. يولدا پوستلار ۋە چارلىغۇچىلاردىن خاتىرجەم بولساڭلارمۇ بولىدۇ، مەن ئۇلارنى بەش مىنۇت ئىچىدە ئىشقا چۈشمەس قىلىۋەتتىم. لېكىن، بىرىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچىدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇلار سېزىپ قالسا، كۈرەشچى ماشىنا ئادەملەرنى ئىشقا سالىدۇ — دە، سىلەرنى ئۆلتۈرمەي قويمايدۇ.

ئارىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۈچقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنى تېپىۋالدى — دە، باشلىققا ئەگىشىپ تېخىمۇ

ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار نۇرغۇنلىغان پوستتىن ئۆتتى. باشلىق يەنىلا ھەربىر پوستتىن ئۆتكەندە:

— بىرىنچى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى نۆلىنچى رايونغا بارىدۇ، — دەيتتى. لېكىن، ئارىپلار بولسا بىمالال كىرىپ كېتىۋەردى. ئاخىرى، ئۇلار ئالاھىدە قورشالغان بىر رايونغا كەلدى. باشلىق كۇنۇپكىلارنى بېسىۋەتتى، ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. باشلىق كىرىۋالدى. ئىشىكمۇ ئاستا يېپىلىشقا باشلىدى. ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. باشلىق ئۇلارنى سېزىپ قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ تاپانچا ئارقىلىق لازېر نۇر ئۈزدى. ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى ۋە ئۇلارمۇ باشلىققا قارىتىپ لازېر نۇر ئۈزدى. شۇنىڭ بىلەن لازېر نۇر ئۇرۇشى يەنە باشلاندى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ئېتىشقاندىن كېيىن، باشلىق تەڭ كېلەلمەي يارىلاندى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ، تامدىكى بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋالدى. كۇنۇپكىلار بېسىلىشى بىلەن تەڭ كۈرەشچى ماشىنا ئادەملەر يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئارىپلار ئەمدى ماشىنا ئادەملەر بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇچقۇچى يارىلاندى. ماشىنا ئادەملەر بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. ئارىپ ئەتراپقا قاراپ چارە — تەدبىر ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ بۇنداق ئېلىشىۋەرگەن بىلەن ماشىنا ئادەملەرگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇ بىردىنلا كونگرو باسقان كۇنۇپكىغا ئوخشاش كۇنۇپكىنى كۆرۈپ قالدى — دە، دەرھال ئۇنى باستى. ماشىنا ئادەملەر بىردىنلا ھەرىكەتتىن توختىدى. ئارىپ دەرھال ئەتراپنى كۆزىتىپ، بۇ يەرنى پارتلىتىۋېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ كۆڭلىدە، ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچىنىڭ «بۇ يەر بىزنىڭ جان تومۇرىمىز» دېگەن گېپىنى تەكرارلايتتى. ئۇ توساتتىن، باشلىقنىڭ نېمىنىدۇر بىر نېمىسىنى كۆيدۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى — دە، ئۇنى تارتىۋالماقچى بولدى. باشلىق چاققانلىق بىلەن ئۇنى ئاغزىغا سېلىۋالدى.

— ئاغزىڭدىكىنى چىقار، — دېدى ئارىپ تاپانچىسىنى ئۇنىڭ مېڭىسىگە تىرەپ. لېكىن، ئۇ ھېلىقى نەرسىنى يۇتىۋەتتى ۋە گىرۋەككە بېشىنى ئۇرۇپ ئۆلۈۋالدى. ئارىپ ئۇنىڭ ئۇزۇن بويىنىدىن قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى. ھېلىقى نەرسە ئۇنىڭ بويىنىدىن ئۆتۈپ كېتەلمىدى. ئارىپ دەرھال ئۇنى سىقىپ، كەينىگە ياندۇرۇپ ئاغزىدىن چىقىرىۋالدى. ئۇ ئەسلى پونكىت خىيىم — خەتەرگە يولۇققاندا، پونكىتنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى پارتىلىتىۋېتىدىغان قۇرۇلمىنىڭ يەنى نۆلىنچى رايوننىڭ خەرىتىسى ئىدى. ئارىپ ئۇنى كونىگرودىن ئۆگىنىۋالغانلىرى بويىچە ئاران — ئاران يېرىم — يارتا بولسىمۇ، ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشەندى. ئۇنىڭدا بىر قانچە گۇرۇپپا كۇنۇپكىلارنى مەلۇم تەرتىپ بويىچە باسقاندىن كېيىن، يەنە بىر گۇرۇپپا كۇنۇپكىلارنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇراپ بىر مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، پۈتۈن پونكىتنىڭ كۇكۇم — تالقان بولۇپ كېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. ئارىپ دەرھال خەرىتىدە كۆرسىتىلگەندەك بېجىردى ۋە ئۈچقۇچىنى يۆلەپ نۆلىنچى نومۇرلۇق رايوندىن چىقىۋالدى. ئىشىكنى ئېتىپ ئىشىكنىڭ ئېلېكترلىك كۇنۇپكىلىرىنىڭ ئېلېكتر مەنبە چاتقۇسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى كېلىپ بۇلارنى كۆرۈپ قالدى ۋە سىگنال بېرىپ ماشىنا ئادەملەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى. بىر توپ ماشىنا ئادەم بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى ئارىپلارنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئارىپ دەرھال ئۈچقۇچىنى يۆلەپ، ئۇچۇش مەيدانىغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ يانلىرىدىن لازېر نۇر ئۇچماقتا ئىدى. ئارىپ بىردە دومىلاپ، بىردە سەكرەپ، بىردە ئوڭغا، بىردە سولغا يۈگۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۇ نەدىندۇ لازېر نۇردىن قوغدىنىش كىيىمىنى تېپىۋالدى — دە، ئۇنى ئۈستىگە ئارتىپ بار كۈچى بىلەن يۈگۈردى. ئۇلار مىڭ تەستە

ئۈچۈش مەيدانىغا يېتىۋالدى. بۇ يەردە كونگرو ئۈلارنى ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئارىپقا ياردەملىشىپ ئۈچقۇچىنى ئۈچار تەخسىگە چىقاردى — دە، ئۈچۈشقا تەييارلاندى. بۇ چاغدا ئارىپلارنى قوغلاپ كەلگەن ماشىنا ئادەملەر بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۈچار تەخسىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى.

— كونگرو، ئاچقۇچنى تاشلاپ بەر، نۆلىنچى نومۇرلۇق رايوننىڭ ئاچقۇچىنى، ئۈلار پونكىتنى پارتلىتىۋەتمەكچى، — دېدى ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى ۋارقىراپ.

بۇ چاغدا ئارىپ ئاچقۇچنى يېنىغا قويۇپ، ئۈچقۇچىنىڭ يارىسىنى تېڭىۋاتاتتى. ئۇ ئۈچقۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنى ئېلىۋالماقچى بولدى. كونگرو چاقىقان كەلدى.

— ئەپەندىم، سىلەر راستىنلا — ... دېدى كونگرو سوئال نەزىرى بىلەن ئارىپقا تىكىلىپ.

— كونگرو، سەن بايا پۈتۈن يەر شارىلىقلارنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇش مۇهىم دېگەن ئىدىڭغۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامالىمىز يوق، — دېدى ئارىپ.

كونگرو قاتتىق هەسرەت چەكتى. ئەلەم بىلەن كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاچقۇچ تۇتقان قولى ئاستا — ئاستا بوشاپ ئاچقۇچ سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئىككىنچى دەرىجىلىك باش تەتقىقاتچى تۇۋلىماقتا ئىدى.

— كونگرو تېز بول. ئاچقۇچنى تاشلاپ بەر، تېز، تېز بول ...

ئۈچار تەخسە بوشلۇققا كۆتۈرۈلدى. كونگرونىڭ باغرى قاتتىق ئېزىلمەكتە ئىدى. ئۇ كۆڭۈلسىز هالدا ئۈچار تەخسىنى هەيدەپ ماڭاتتى. ئۈچار تەخسە كۆتۈرۈلۈپ بىر نەچچە سېكونتتىن كېيىنلا، غايەت زور پارتلاشنىڭ گۈمبۈرلىگەن دەهشەتلىك ئاۋازى ئاڭلانغاندا، كونگرو خۇددى يۈرىكى تىتىلىپ كەتكەندەك بىئارام بولۇپ، تولغۇنۇپ كەتتى. كۆزىنى

يۇمۇپ مۆلدۈردەك ياشلار تۆكتى.

ئۇچار تەخسە يەر شارىغا قونۇپ، ئارىپلار يەر يۈزىگە — ئانا تۇپراققا، بۈيۈك يەر شارىنىڭ تۇپرىقىغا قەدەم باسقاندا، قۇياش ئەمدىلا تاغ كەينىدىن چىقىپ، مېھرىبان ئانىدەك كۈلۈمسىرەۋاتاتتى.

ئارىپ ۋە ئۇچقۇچى كونگرونى يەر شارىدا قىپقىلىشقا شۇنچە تۇتقان بولسىمۇ «مەن دەرھال باش پونكىتقا قايتمىسام بولمايدۇ» دەپ زادىلا ئۇنىماي تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ پەرىشان ئىدى. شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى يەنە زورلىمىدى.

ئارىپ بىلەن ئۇچقۇچى كونگرونى ئۇزۇتۇپ قويۇپ، بوشلۇقتا كۆتۈرۈلگەن ئۇچار تەخسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. بۈگۈن ئۇچار تەخسىنىڭ سۈرئىتى ئادەتتىن تاشقىرى ئاستا ئىدى. ئارىپ ئۇنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان كونگرونىڭ ئازابلىنىۋاتقان قەلبىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى. تۇساتتىن ئۇچار تەخسە بوشلۇقتا كۈچلۈك پارتلاپ پاچاق — پاچاق بولۇپ كەتتى. يەرگە يامغۇر دانچىسىدەك چوڭلۇقتا چۈشۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئۇچار تەخسىنىڭ ئېرىپ قارىداپ، كاللەكلىشىپ قالغان پارچىسىمۇ ياكى كونگرونىڭ كۆيۈپ داشقالغا ئايلىنىپ قارىداپ كەتكەن تەنلىرىنىڭ پارچىسىمۇ بۇنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى.

ئارىپ ئۆز — ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، لەۋلىرىنى ئاران — ئاران مىدىرلىتىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ بىز يەر شارلىقلارنى دەپ ئۆز پلانېتى ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆز — ئۆزىنى جازالىدى.

ئىلھام سەئدۇللا

# جىنايەت يولى

ھالسىزلانغان موماينىڭ قورايدەك قورۇلۇپ، مومدەك قارايغان، تال — تال چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تولۇپ، نۇرسىزلانغان ياداڭغۇ چىرايىدىن ھېچقانداق بىر ھېسسىي تۇيغۇنى بايقىغىلى بولمايتتى. قارىماققا، ئۇنىڭ چىرايى ئارقىلىق بىرەر مەنانى ئىپادىلىگىدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يېرىلىپ، گەز باغلىغان كالپۇكلىرىنى يالاپ قويۇشقىمۇ رايى قالمىغان ئىدى. چوكىدەك ئاجىز پۇتلىرى بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئورۇق گەۋدىسىنى كۆتۈرەلمەي لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ شۇ قەدەر ھالسىزلانغانكى، ئوچۇق ياكى يۇمۇقلىقىنى بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە يېرىم ئېچىلغان كۆزلىرى ھېلىلا يۇمۇلۇپ قالىدىغاندەك، تىترەپ تۇرغان تېنى ھېلىلا يىقىلىپ چۇشىدىغاندەك ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈم ئېلان قىلىش مەيدانىدا تۇرىۋاتقان بىر جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان، ئېلان قىلىنىۋاتقان ھۆكۈم خۇددى ئۇنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك كاللىسى خۇددى قاقشال تېنىدەك قۇپقۇرۇق، ھېچ نەرسىنى ئويلىيالمايتتى. ئۇ چارچىغانىدى، ئويلاپ ھاردى . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئۇ يەنە نېمىنىمۇ ئويلىسۇن، ئويلاپ نېمىمۇ قىلسۇن؟!

رازىيخان ئاتىسىدىن كىچىكلا قالغان ئوغلى ھامۇتنىڭ بويىنىنى قىسىپ قويماسلىق ئۇچۇن ئۇنىڭغا بارلىق مېھىر — مۇھەببىتى ۋە زېھىن كۈچ — قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلدى.

بەختىگە يارىشا ھامۇتمۇ ئامان — ئىسسەن چوڭ بولۇپ، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك يىگىت بولۇپ قالدى. ئۇ پاكىزە، يۇۋاش، ئاق كۆڭۈل، دېھقان ئوغلىغا خاس ساددا يىگىت بولدى. ئەمما، ئۇ مەكتەپتە پەقەتلا ياخشى ئوقۇمىدى. ئىشقىمۇ ئۆزىنى ئانچە ئۇرۇپ كەتمەيتتى. رازىيىخان، ئوغلۇمنىڭ كۆڭلى ئازار يەپ قالسا ئاتىسى رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، دەپ ئوغلىنى بىرەر ئىشنى قىلىشقا پەقەتلا زورلىمايتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ قالغان بولسىمۇ، رازىيىخاننىڭ نەزىرىدە ئۇ يەنىلا بىر يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك ئوماق ۋە سۆيۈملۈك ئىدى. رازىخانغا بەكرەك ياقىدىغىنىمۇ ئوغلىنىڭ ئاق كۆڭۈل، يۇۋاشلىقى ئىدى.

ئەمما، ئانا كېلىن كۆرۈپ، نەۋرىلەر ئىككىگە يەتكەندە ئىشلار بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىماي قالدى. بۇ ئائىلە ئەسلىدىلا ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ بارىنى تەڭ يەپ، يوقنىڭ تەمەسىدە بولماي، باشقىلارنىڭكىگە كۆز قىرىنى سالماي، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل بىر — بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۆيدە ئۈچ ئادەم كۆپىيىپ، چىقىم ئاشقاننىڭ ئۈستىگە، ئانا ياشىنىپ بارغانچە كۈچىدىن قېلىۋاتقاچقا يەرنىڭ ھوسۇلىمۇ يىلدىن — يىلغا كېمىيىپ، كۆكتات سېتىش، قوي بورداشتەك ئىشلاردىن كىرىدىغان پارچە — پۇرات كىرىممۇ ئازلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار نامرات بولسىمۇ تىنچ، خاتىرجەم كېتىۋاتقان بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى بۇزۇشقا باشلىدى.

مەھەللىدە بىر ئۆزۈم سودىگىرى بولىدىغان. مەھەللىدىكى ھەممەيلەن ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ھەسەن لوبەن» دەپ ئاتايتتى. ھەسەن لوبەن يەنە مەھەللىدىكى ئاجىز، يېتىم —

يېسىرلارغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە رازىيخان ئانا— بالا ئىككىيلەنگە خەيرخاھلىق قىلماقچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قېلىپمۇ، ھېلىغىچە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىغان ھامۇتقا ئىچى پۇشۇپ يۈرەتتى.

— ھامۇت، قاچانغىچە كوچىدا لاغايلاپ يۈرىسەن؟ بىزنىڭكىدە ئىشلىگىن. تاغارغا ئۇزۇم قاچىلايسەن، ناۋادا قاملاشتۇرالىساڭ، سودا ئىشلىرىمغا ياردەملىشىسەن،— دېدى ئۇ، بىر كۈنى ھامۇتنى يېنىغا چاقىرىپ.

— بۇغۇ ئوبدان ئىشكەن، ئاپامدىن سوراپ باقاي،— دېدى ھامۇت مەڭدەپ.

— راست، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئاپاڭ بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي.

ھەسەن لوبەن ھايالشمايلا رازىيخان ئانىنى تاپتى. رازىيخان ئانا ھەسەن لوبەننىڭ ھامۇت توغرىسىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى.

— خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن، قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن بالام! مۇشۇ يېتىمغا،— ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە كۆزىگە ياش ئالدى،— بىر ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇڭ، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار.

— ئۇنداق دېمىسىلە چوڭ ئاپا. بىز دېگەن بىر مەھەللىلىك تۇرساق ، قوشنا ھەققى دېگەن نەرسە بار ئەمەسمۇ.

— راست، راست.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھامۇت ھەسەن لوبەننىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ قالدى. ھامۇت بىر قانچە ئاي ئىش ھەققىنىغۇ ئوبدان ئالدى. ئەمما، ھەسەن لوبەننىڭ ئىشچىلىرىغا قويىدىغان

تەلپى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئىشچىلاردىن قارا كۈچنى ئىشلىتىپلا قالماي، كاللىسىنىمۇ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئىشچىلارنىڭ ئاغزى پۇختا بولۇشى؛ بۇ يەردە كۆرگەن ، ئاڭلىغان گەپلىرىنى، ئىشلىرىنى ھەممىلا ئادەمگە دەۋەرمەسلىكى؛ سودىغا پايدىلىق گەپلەرنى قىلىشى، پايدىسىز گەپلەرنى قىلماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمما، ئاق كۆڭۈل، ساددا ھامۇت بىر يۇڭ ئۇستىدە تىك تۇرۇپ، باھا تالىشىۋاتقان ئۇزۇم ساتقۇچى دېھقانلارنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرسىلا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇلار ئۇچۇن بىر ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ سالاتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەسەن لوبەنىنىڭ ئەھۋالى نېمىلا دېگەن بىلەن ھېلىقى بىچارىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن كۆپ ياخشى ئىدى. شۇڭا، ھەسەن لوبەن ئاز تولا زىيان تارتقانغا ھېچنېمە بولمايتتى.

— سەن ئىشقا خېلىلا پىشىپ قالدىڭ. ئەمدى سېنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمدى ئۆزۈڭ بىر ئىش قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى ھەسەن لوبەن، بىر كۈنى ھامۇتقا تۇيۇقسىزلا.

بۇ ئەسلى ھەسەن لوبەنىنىڭ ھامۇتنى ئىشتىن بوشىتىدىغان چاغدا، ئۇ ئانا — بالا ئىككىيلەنىنىڭ كۆڭلىنى سۇندۇرماسلىق ئۇچۇن مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ئىدى. ئىچىدىكىنى شەيتانغىمۇ بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان بۇ ئادەم «سەن بۇ ئىشقا يارىمىغۇدەكسەن» دەپ بىكاردىن بىكار ھامۇتنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتكىسى كەلمەي، ئەكسىنچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ گەپ چىڭىغا چىقىپ قالدى. ھامۇت بۇ ئىشقا راستىنلا بەك قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ ھەسەن لوبەنىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشىغا بەكلا ھەۋەس قىلىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھەسەن لوبەنىنىڭ سۆزىگە

ئىشنىپ قالدى ۋە بىر مەزگىل بىكار يۇرگەندىن كېيىن، ئاپىسىغا مەسلىھەت سالدى.

— ئاپا، مەن قىلالايمەن، كۆزۈممۇ پىشىپ قالدى. ھەسەن لوبەنمۇ قىلالايسەن دېدىغۇ...— دېدى ئۇ خاتىرجەم بولالماي، بىقارار تۇرغان ئاپىسىغا يېلىنىپ.

رازىيىخان ئانا دەسلەپتە ئۇنىمىغان ئىدى. ئاخىرى:

— بوپتۇلا بالام، قىپ باق، قولىمىز پۇل كۆرۈپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ھەسەن لوبەن شۇنداق دېگەندىن كېيىن قىلىپ كېتەلەيسەن. سەنمۇ خۇدانىڭ بىر ئاق كۆڭۈل بەندىسى بولغاندىن كېيىن، ئاتاڭنىڭ روھى يۆلەيدۇ سېنى،— دېدى رازىيىخان ئانا ئىككى بالىلىق بولغىچە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي يۇرۇپ، بۇ ئىشقا بىراقلا قىزىقىپ قالغان ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرغىسى كەلمەي. ئۇ يەنە ئەندىشىسىنى باسالمىغان ھالدا قوشۇپ قويدى،— ھەر نامىزىمدا دۇئا قىلىپ تۇرىمەن ساڭا بالام. ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ھەسەن لوبەننىڭ دۇئاسىنى ئېلىشنى ئۇنتۇما،— رازىيىخان خاتىرجەم بولالمىغان ھالدا يەنە گەپ قوشتى.

شۇنداق قىلىپ ھامۇت لوبەنمۇ ئىش باشلىدى. ھامۇت ھەسەن لوبەننىڭ يېنىغا بارغاندا، ئۇ قوشۇلماي قالسا ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئىشنى قىلىش — قىلماسلىق توغرىلىق ئەمەس، قانداق ئىش باشلاش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ھەسەن لوبەن ھامۇتنىڭ راستىنلا ئىش باشلىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئەسلى، سودا قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس، سەن ئەپلەشتۇرەلمەيسەن، ھازىرچە توختاپ تۇر، دېمەكچى ئىدى. ئەمما، ھامۇتنىڭ ئەلپازىدىن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. ئەگەر ئۇ راستىنلا ئۇنى بۇ ئىشنى قىلما دېسە،

مەھەللىدىكى بىر قىسىم گەپ تاپقۇرلار «ھەسەن لوبەن ھامۇتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىنى تارتىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى قىلغۇزماپتۇ» دەپ گەپ تېپىشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنداقتا ئۇ باشقىلارنىڭ ئىچى تار ئىكەن، دەپ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى. شۇڭا، ھەسەن لوبەن پەقەت ئۇنىڭغا ئاگاھ بولۇش ھەققىدە بىرمۇنچە نەسىھەت قىلىپ، ئاغزىدا ئۇتتۇق تىلەپ، كۆڭلىدە خۇداغا ئامانەت، دېدى.

ھامۇت دەسلەپتە ھەسەن لوبەنىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈۋالغىنى بويىچە ئۇزۇمنىڭ سۇپىتى ۋە باھاسىدا خېلىلا چىڭداشتى. ئۇنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ ئىچكىرىدىكى چۆپقىتىمۇ ئۇزۇم پۇلىنى ۋاقتى — ۋاقتىدا چىقىرىپ تۇردى. ھامۇتچە، ئۇزۇمنى نېسىگە پارچە ئېلىپ توپ چىقىرىش مەبلەغ چىقارماي چوڭ ئىش قىلغىلى، ئاسان باي بولغىلى بولىدىغان ياخشى ئىش ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىنىڭ كۆزى پىشىپ قالغان تۇرۇقلۇق بۇنداق ياخشى ئىشنى نېمىشقا قىلمايدىكەن. ئەمما، ئىشلار بىر خىللا كېتىۋەرمىدى.

— جېنىم بالام، مەن ئارانلا ئۆرە يۈرۈۋاتقان ، تىكەندەك يالغۇز قېرىمەن، ئاران مۇشۇنچىلىكلا تازىلىيالىدىم... بۇ يەرگە مىڭ تەستە ئېلىپ كەلگەنىدىم... ئىچىڭىز ئاغرىسۇن...، —دەيتتى، بىر مۇكچەيگەن موماي ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك، تىترەپ تۇرغان تاياقتەك تىزلىرىغا تايانغان ھالدا كۆزىنى ياشلاپ.

— ھامۇت لوبەن قالتىس جۇمۇ، ھەسەن لوبەندەك قېسرىقلىق قىلمايدۇ. لوبەن دېگەن لوبەندەك بولمامدۇ. مانا ھامۇتجاننى لوبەن دېسە بولىدۇ. «ھە»لا دەيدۇ، ئۇزۇم نېرىسىغا، پۇل بېرىسىغا ئۆتىدۇ. ئوغۇل بالىدەك سودا قىلىدىغان يىگىت دەڭلا، — گەپدان دېھقان گەپ قىلغاچ،

ماختاشلاردىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، مەست بولغان ھامۇتنىڭ ئالدىراپ — تېنەپ ئۆزىنى ئوڭشاپ توسقىنىغا قارىماي ساغۇچ قورۇغان ئۈزۈملىرىنى ياپيېشىل ئۈزۈم دۆۋىسىگە تۆكۈۋېتەتتى. — بولدى دەۋېتىڭە ھامۇت لوبەن ، كېيىنكى قېتىمدا ياقۇتتەك ئۈزۈمدىن بىر توننا ئېلىپ كېلىمەن. شۇ چاغدا ناچار ئۈزۈملىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ سېتىۋالسىزدە... — دېھقاننىڭ ئاغزى بېسىلىدىغاندەك ئەمەس. ھامۇتقا سۆزلەيدىغان پۇرسەتمۇ كەلمىدى.

— تۇغقان بولغاندىكىن، بىرەر مو ئۆرە ئالسىڭىز نېمە بولاتتى؟ كىم بىلىدۇ، كىلوسىدىن بىر يۈەندىن پايدا ئەپ قالسىڭىزلا، بىر مو پايدىنى كەم ئالسىز شۇ. ئازراق ئىش قىلىپ قويۇپ، ئۇرۇق — تۇغقاندارچىلىقتىن كېچەي دەۋاتامسىز — يە؟

— دېگەنلىرىچە بولسۇن، — دەۋەتتى ھامۇت دوققا چىداپ تۇرالماي.

ھامۇتنىڭ بۇ ئىشلارغا خېلى بۇرۇنلا ئىچى پۇشقان بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ توسۇپ قېلىشنى زادىلا بىلەلمىدى. ئەكسىچە، بارغانچە ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۈزۈمچى دېھقانلار بىر — بىرىدىن ئۆگىنىپ، بۇ سالاغا بوش لوبەننى گېپىگە كىرگۈزمىگىچە ئۈنىمايدىغان بولىۋالدى. ئۇ ئاخىرى ئامال قىلالماي ھەسەن لوبەندىن مەسلىھەت سورىۋىدى، ھەسەن لوبەن ئۇنى، ھېلىقىدەكلەرگە قەتئىي يول قويما، بولمىسا ئۆزۈڭ ۋەيران بولىسەن، دەپ قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. ھامۇت يەنە يېقىنلىرىغا بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىۋىدى ئۇلار:

— بوپتۇ، ھازىرچە شۇنداق قىلىپ، ئۈزۈمچىلەرنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋال. كېيىنچە، يول قويمىساڭلا بولمىدىمۇ ،

ھەسەن لوبەن دېگەن قانچىلىك ئادەمتى؟ سېنى خېرىدارلىرىمنى تارتىپ كەتمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەن گەپ. سەن چوقۇم ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىسەن، — دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

دېمىسىمۇ ھەسەن لوبەنمۇ ئۇزۇم ئالغاندا بەزىدە يول قويىدىغۇ، دەپ ئويلىدى ھامۇت. لېكىن، ئۇ ھەسەن لوبەننىڭ قانداق ئادەمگە، قانداق ۋاقىتتا يول قويىدىغانلىقىنى، بۇ زىياننىڭ ئورنىنى قانداق تولدۇرىدىغانلىقىنى. . . مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سودىنىڭ بىر قاتار ئۇششاق تىللىرىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟

ئىش شۇنداق بۇزۇلدى.

ئېچكىرىدىن ئۇزۇم پۇللىرى چىقمىغىلى خېلى ۋاقىت بولدى. ھامۇت پۇل سۇيلەپ نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىۋېدى، ئۇزۇم سېتىلمايۋاتىدۇ، دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى . ھامۇت ئاچچىقلاپ ئۇنىڭغا لوبەنلىك كىبىرىنى ئىشلەتمەكچى بولىۋىدى، كىم بىلسۇن، مال ساتقۇچى چۆپقەت ئۇنىڭدىن يامان چىقتى.

— ناچار ئۇزۇمنى ئاناڭنىڭ باھاسىغا ئاپسەن ئاداش، مەن ئۇنى قانداق ساتىمەن، بولمىسا ئۆزۈڭ كېلىپ سېتىۋال.

شۇنىڭدىن كېيىن ھامۇتنىڭ تىلى تۇتۇلدى. ئۇزۇم ئىگىلىرى توپ — توپى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پۇلىنى سۇيلىگىلى تۇردى. پۇل سۇيلەپ كەلگەنلەرنىڭ بەزىلىرى ئوبدان گەپ قىلسا قايتىپ كېتەتتى، بەزىلىرى ئۇندىمەي بىر كۈن— بىر كۈن ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بەزىلىرى بولسا ھامۇتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، بىرئاز قورقىتىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پۇل چىقمايدىغىنىغا كۆزى يېتىپ كېتىپ قالاتتى. ئانا ئارىغا كىرىپ، ئۇزۇم ئىگىسىگە يىغلاپ، يالۋۇرۇپ ھامۇتنىڭ

رەھمەتلىك ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى شىپى كەلتۈرۈپ، ئوغلىنى ئايرىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھامۇت قاتتىق ئۆكۈنەتتى. ئۇ بۇ ئىشنى نېمىشقىمۇ قىلغاندىمەن؟ باشقىلارغا نېمىشقىمۇ يۇمشاق كۆڭۈللۈك قىلغاندىمەن؟ دەپ قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ باشقىلارغا يول قويۇپ، ناچار، سۈپەتسىز ئۈزۈملەرنى يۇقىرى باھادا ئېلىپ قويغىنىغا ، ئۇلارنىڭ بىچارە قىياپىتىگە ئىچ ئاغرىتقانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى. مانا ئەمدى، ئۇ مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭغا كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ قەرز ئىگىلىرىدىن بىرەرسىمۇ، بولدى، مەن قەرزنى سۈيلىمەيمەن، كېيىنچىرەك بەرسەڭمۇ بولىدۇ، دېمەيتتى. ھامۇت كىشىلەرنى ، جەمئىيەتنى باشقىدىن تونۇۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇ بەكلا كېچىككەن ئىدى. بۇ ئاز پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى. پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. بۇ چاغدا پەقەت ئاپىسىلا ئۇنىڭغا: بوپتۇ بالام، ئىشىڭنى خۇدا ئۆزى ئوڭشايدۇ، دەپ تەسەللى بېرەتتى.

ھامۇت ئەمدە ماڭا ھېچكىم ئۈزۈمنى سېتىپ بەرمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، بۇرۇنقىدەك ئىتتىك بولمىسىمۇ ئۈزۈم ساتىدىغانلار يەنىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

— كېيىنچىرەك بولسىمۇ مەيلى، بىر، ئىككى مو يۇقىرى باھادا سېتىلىپ قالسىلا بولىدى.

— سودا دېگەندە يا ئۇنداق يا مۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، كېيىنچە بازىرى چىقىپ قالىدۇ يەنە،— دەيتتى ئۇلار.

ئۇلار ئۇنداق دېگەن بىلەن ئەتىسىلا پۇلنى سۈيلەپ كېلەتتى.

ھامۇت ئۆيگە كىرسە ئۆيدە، مەھەللىگە چىقسا مەھەللىدە

ئۇزۇمچى دېھقانلار ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا زادىلا ئاراملىق بەرمەيتتى. ئۇ ئاخىرى ئۆيىدە ئولتۇرالماي، ئۇزۇم يىغىشنى توختىتىپ، قولىدىكى 5 تونىدەك ئۇزۇمنى ئېلىپ ئىچكىرىگە قاراپ يول ئالدى.

هامۇت ئىچكىرىگە بېرىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى مال ساتقۇچى چۆپقىتىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ، شۇ تەمىنلىگەن ئادرېس بويىچە پويىزدىن چۈشۈپ، يات بىر يۇرتقا تۇنجى قېتىم قەدەم باستى.

بىر ئايدىن ئاشتى. هامۇت ئۇزۇمىگە خېرىدار تاپالماي تېخىچە قاتراپ يۈرۈۋاتاتتى. خېرىدار ئۇقۇشمەن دەپ مال ئېلىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، پويىز ئىستانسىسىغا بىر مۇنچە جەرىمانە تۆلەپ ، ئۇزۇملەرنى ئېلىپ، بىر ئىسكىلاتقا ھەق تۆلەپ بېسىپ قويغىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. دورىغا چىلاپ قۇرۇتقان ئۇزۇملەر چالا قۇرۇپ قالغاچقا، نەمخۇش ھاۋادا قارىداپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مال ساتقۇچى چۆپقىتىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. دەسلەپتە، ئۇ قولىدىكى ئۇزۇمنى قولدىن چىقىرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بولغانىدى. ئىش ئەپلەشمىگەندىن كېيىن نۇمۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۇنى ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى. مال ساتقۇچى چۈشكەن سارايىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئۇزۇم ساتىمەن دەپ باشقا شەھەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇزۇملەر سېسىشقا باشلىدى. ئىلاجىسىز بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ ئۇنى تازىلاتقۇزدى. ھامۇت «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىچى تىتىلداپ بولالماي قالدى. ئۇ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر يەردە تۇرالماي ، كۈن بويى توختىماي ئۇيان— بۇيان قاترايتتى. كەچ بولغاندا يەنە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز ساناپ قالاتتى. يانچۇقتىكى پۇلمۇ تۈگەپ كېتىۋاتاتتى. ھامۇت تازا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ، چارىسىزلىقتا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ

يۈرگەن كۈنلەردە ئاخىرى نېسى بولسىمۇ ئۈزۈمنى ئالىدىغان خېرىدار چىقتى. خېرىدار بىر شىركەتنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى بولۇپ، ئۇ هامۇتقا كېنىشكىسىنى كۆرسەتتى. هامۇت خەنزۇچە خەتلەرنى ئانچە — مۇنچە تونۇيتتى. قارىغاندا، كېنىشكىدە مەسىلە يوقتەك قىلاتتى.

خېرىدار هۆججەت يېزىپ بېرىپ مالنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، هامۇت:

— ئىدارەڭنى كۆرۈۋالاي، — دېدى. خېرىدار ماقۇل بولۇپ، ئۇنى يوغان ۋىۋىسكىسى بار شىركەت بىناسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. هامۇت يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. خېرىدار هۆججەتكە شىركەتنىڭ تامغىسىنى بېسىپ بەرمەكچى بولدى.

— بولدى، مەنمۇ سەن بىلەن ئىشخاناڭغا بىللە كىرەي، — دېدى هامۇت ئەنسىزلىكىنى يوشۇرالماي.

— قالتىس پىشقان سودىگەر ئىكەنسەن. يۈر، مەن سېنى دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقاي.

شۇندىلا هامۇتنىڭ كۆڭلى تىندى. ئۇ مال باسقان ئاپتوموبىلنى شىركەت قورۇسىغا ئەكىرگۈزۈپ قويۇپ، خاتىرجەم هالدا خېرىدارغا ئەگىشىپ، دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى. ئىشخانىدا ئادەم يوق ئىدى.

— سەن بىر دەم ئولتۇرۇپ تۇر. مەن دىرېكتورنى چاقىرىپ كىرەي، — دېدى خېرىدار ۋە سۆزىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى.

هامۇت خېلى ئۇزاق ساقلىغاندىن كېيىن، ئىشخانىغا خام سېمىز بىرەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، هامۇتنى كۆرۈپ هەيران بولغان هالدا:

— نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

هامۇت ئەھۋالنى سۆزلەپ بولمايلا هېلىقى خام سېمىز چۆچۈگەن هالدا:

— ئاپلا، ئالدىنىپسەن ، چاپسان بول قوغلا ئۇنى، — دېگىنىچە تالاغا يۈگۈردى. ھودۇقۇپ كەتكەن ھامۇتمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا سىرتقا يۈگۈردى. يۈك باسقان ئاپتوموبىل كۆرۈنمەيتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنى ھېلىقى خېرىدارنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھامۇت گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيلا قالدى.

— ماشىنىنىڭ نومۇرىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى خام سېمىز.

— ياق، ھە راست ئېسىمگە كەلدى، — ھامۇت نومۇرنى بىردىن بىردىن ئاران ئېسىگە ئالدى.

خام سېمىز ئۇنىڭغا ساقچىغا مەلۇم قىلىش ئەقلىنى كۆرسەتتى.

ساقچى ھېلىقى ماشىنىنى بىردەمدىلا تاپتى. شوپۇر باشقا بىرەيلەن ئىدى. ئۇ ھامۇتنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، ماشىنىسىغا ئۆزۈممۇ باسمىغانلىقىنى، ماشىنىسىنى باشقىلارغا ئارىيەتمۇ بەرمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

ھامۇت نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئاخىرى ماشىنا نومۇرىنى خاتا ئەسلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن شوپۇردىنمۇ، ساقچىلاردىنمۇ قايتا — قايتا ئەپۇ سورىدى. ھامۇتچە بولغاندا مال شىركەت قورۇسىدا يوقالغاندىن كېيىن، شىركەتنى چىڭ تۇتسا بولاتتى. ئەمما، ساقچىلار بۇنىڭغا ئاساس تولۇق ئەمەس، دەپ تۇرۇۋالدى. ھېلىقى خام سېمىزمۇ، كىم سېنى ئۆزۈمىڭنى بۇ قورۇغا ئېلىپ كىرسۇن دېدى، دەپ ئۆكتەملىك قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار بۇ ئىشنى داۋاملىق سۈرۈشتۈرىدىغانلىقىنى، خۇلاسە چىقىشتىن ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ ھېچكىمنى ئەيىبلىشىگە بولمايدىغانلىقىنى كېسىم قىلىپ ئىشنى تۈگەتتى.

ھامۇت ساراڭ بولايلا دېدى. ئەخمەق قىلىنىش ۋە خورلىنىش ئۇنى قاتتىق ئازابلىغانىدى . ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا كۈن بويى ياتاقتىن چىقماي، چۆپقىتىدىن تېلېفون

كۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. بىر كۈنى تېلېفۇنمۇ كەلدى. چۆپقەت ھامۇتنىڭ پالاكەتچىلىككە ئۇچرىغانلىقىدىن قانداق خەۋەر تاپقانكىن، ھامۇتقا تەكەللۇپسىزلا بۇيرۇق قىلدى:

— سەن بۇ يەردە ماڭا ئىش تېپىپ بەرمەي قايتىپ كەتكىن. ئۇزۇملەرنى ئەرزانراق بولسىمۇ ئامال قىلىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇپ، مەنمۇ چىقىپ كېتىمەن. قالغان گەپنى كېيىن بىر نېمە دېيىشەرمىز.

ھامۇتنىڭ زادىلا چىقىپ كەتكۈسى يوق ئىدى. قايتىپ چىقسا خۇددى يۈرىكى مۇشۇ يەردە قالىدىغاندەكلا ئىدى، قاتتىق خورلۇققا ئۇچرىغان كىشىدەك ئازابلاندى. ئامال قانچە يانچۇقتا پۇل قالمىدى. ئەمدى تۇرىۋەرسە ئاچ قالىدۇ. قايتىپ كېتەلمەي قالامدۇ تېخى. قايتىپ بارسا قانداق قىلار، ئۇزۇمچى دېھقانلارغا نېمە دەپ جاۋاب قىلار؟ ھېلىقىلار ئۇنى يەپ قويىدىغاندەكلا قىلىدۇ...

ھامۇت ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ھېچ بولمىغاندا ساقچىلار ئۇنىڭ كۆزىچىلا ئۇزۇمىنى ئالداپ كەتكەن ئالدامچىلارنى تۇتقىچە ساقلىماقچى بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ساقچىخانىغا قاتراپ ھېچبىر جاۋابقا ئېرىشەلمەيۋاتاتتى. ساقچىلار، ئەتە، ئەتە... دەپ ئۇنى ماڭدۇرىۋەردى. ھامۇتمۇ زېرىكمەي مېڭىۋەردى. پۇلىمۇ پاك — پاكىزە تۈگەپ كەتتى. ئەمدى قۇرۇق موما يەيدىغانغىمۇ پۇل قالمىغانىدى. سارايۋەنمۇ ئۇنىڭدىن پۇل چىقمايدىغانغا كۆزى يېتىپ، ئۆتكەن كۈنلەردىكى ساراي ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى سارايدىن قوغلاپ چىقاردى. ھامۇت بىر كۈن ئۇيەر بۇ يەرگە دوقۇرۇپ يۈرۈپ، پۇلى بولمىسا، بۇ خەقنىڭ يۇرتىدا يەر دەسسەپ تۇرغىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كېتەي دېسە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. كەتمەي دېسە نەدە تۇرىدۇ؟ نېمە يەيدۇ؟ ئۇ ئاخىرى ھېلىقى ساقچىخانىغا بېرىپ ھال ئېيتىپ، شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن پاناھلىنىپ ياتماقچى بولدى.

— بولمىسا، مېنى تۈرمىگە سولاپ قويۇڭلار، ئەنزە بىر

تەرەپ بولغىچە تۆرمىدە يېتىپ تۇراي،— دېدى ئۇ ساقچىلارغا بىچارىلەرچە يالۋۇرۇپ. ساقچىلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، يۈك — تاقلىرىنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى ۋە ئۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كېسىپلا ئېيتتى. ئۇنىڭغا يۇرتداشلىرىنى ئىزدەپ ياردەم سوراپ بولىدىغانلىقىنى، پەقەت بولمىغاندا ساقچى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

هامۇت ساقچىخانىنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياتقان بولسىمۇ ساقچىلارنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. ئەكسىچە، سەندەكلەرنى تولا كۆرگەن بىز، دەپ ئۇنى دەرۋازا تۈۋىدىنمۇ هەيدىدى.

هامۇت ئىلاجىسىز يۇرتداشلارنى ئىزدىۋېدى، ئۇلار هەر هالدا ئۇنى ئاچ قويمىدى. هامۇت يۇرتداشلاردىن بىر ئاز پۇل سوراپ ئېلىپ، هېلىقى مال ساتقۇچىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئوبدان گەپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن قايتىپ كېتىشكە كىراغا پۇل سورىۋالدى. پۇل ئەڭ تېز دېگەندىمۇ 3 كۈن ياكى 5 كۈندە ئاران كېلەلەيتتى. ئۇ پۇل يېتىپ كەلگىچە يەنە يۇرتداشلارنى ئىزدەپ، بىر ۋاق تاماق ئۈچۈن چىراي سارغايتىپ يۈردى. هامۇت يوقسۇللۇقنىڭ، ئاچلىقنىڭ، خورلۇقنىڭ، مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمىنى تازا تېتىدى. پۇلنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر پۇڭ ئۈستىدە تىك تۇرۇپ باها تالىشىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىۋالدى. بۇ بىر نەچچە كۈن ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. ئۇ بۇ بىر نەچچە كۈندە ئاچ قالماسلىق ئۈچۈن ئىلگىرى ئۆگىنىپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەندى، كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆردى، قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلدى، دەپ باقمىغان گەپلەرنى دېدى. خەيرىيەت، ئۇ ئاخىرى يۇرتىغىمۇ كېتىۋالدى.

هامۇت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دېهقانلارغا «پۇل پات ئارىدا چىقىدىغان بولدى» دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، ۋاقىت ئۆزارغانچە دېهقانلار ئۇنىڭ يالغان

سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. بەزىلىرى «بولدىلا ئۇمۇ تەس كۈنگە قاپتۇ، ئىشىمىزنى خۇدا ئوڭشار» دېيىشمۇ، بەزىلىرى «ناۋادا، تۈمەنلەپ پايدا ئالغان بولساڭ، بىزگە بىر مونى ئارتۇق بېرەتتىڭمۇ» دەپ، ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى سۆرەپ مېڭىشقا باشلىدى.

ئاتىسىدىن مىراس قالغان گىلەملەر، رازىيخان ئانا بالىسىدەك ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ باققان قويلىرى، كېلىنىنىڭ تويلۇق ھالقا، ئۈزۈكلىرى، يېڭىلا سېتىۋالغان تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئېلىپ كېتىلىپ، ئۆي قۇرۇغداپ قويۇلدى. كۆز بولغاندا ھوسۇلمۇ ھامۇتقا تەگمىدى.

ھامۇت ئىچكىرىدىكى مال ساتقۇچى چۆپقىتىنىڭ دېرىكىنى ئېلىۋىدى، ئۇ، مەن جىق زىيان تارتىپ كەتتىم، پۇلنى ئايلاندۇرۇپ، زىيىنىمنى تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرەي، دېدى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ھامۇتقا قورساق توقلاشمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇ تاپتا ھامۇت ھېلىقى چۆپقىتىنىڭ دېرىكىنىمۇ ئالالمايۋاتاتتى. سوتقا ئەرز قىلىۋىدى «جاۋابكارنى تاپالمايۋاتىمىز، ئالدىرىساڭ، جاۋابكارنى ئېلىپ كەل» دەپ دېلونى سوتلاشنى مۇددەتسىز كەينىگە سۈرىۋەردى. ھامۇتنىڭ ئىچكىرىگە بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلگۈدەك نەدىمۇ پۇلى بولسۇن؟ بارغان تەقدىردىمۇ ئۇنى باشلاپ كېلەلىشى ناتايىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، قورساقنى قىسىشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھامۇتنى قەرز ئىگىلىرى ئەرز قىلغانلىقتىن بىر نەچچە قېتىم سولاقتا يېتىپ چىقتى. قەرز ئىگىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە خالىغانچە بۆسۈپ كىرىپ، قولىغا چىققۇدەك بىرەر نەرسىنى ئىزدەيدىغان، تاپالمىغاندا بولسا كۈن — كۈنلەپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھامۇتقا ئۆزىنىڭ ئۆيىمۇ ھارام ئىدى. ئۇ ئۆيىگە كىردىمۇ بولدى، قەرز سۈيلەپ كەلگەنلەر تەڭلا كىرىپ، ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايتتى. ئۇ

ئىلاجسىز ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىدا دەرۋازىنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئۆيدىن ھويلىغا چىقماي ئولتۇرىدىغان ياكى بولمىسا كۈن — كۈنلەپ ئۆيگە كىرمەي سىرتتا لاغايلاپ يۈرىدىغان بولدى. سىرتتا يۈرگەندىمۇ قەرز ئىگىلىرى ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئادەملەر ئانچە كۆپ بارمايدىغان جايلاردا يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. بىر ياققا بېشىنى ئېلىپ قېچىپ كېتەي دېسە قېچىپ كەتكۈدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغانىدى. بىر تەرەپتىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قورساق غېمى، يەنە بىر تەرەپتىن قەرز ئىگىلىرىنىڭ دەردى ھامۇتنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىزلاندۇردى. ئۇ خۇددى بۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى ئەمەستەك، بۇ يۇرتقا مۇساپىر بولۇپ قالغاندەك، ئۆيىمۇ يوقتەك قاتتىق غېرىبسىنىدى. بۇرۇنقىلار «ئاچلىقتىن غېرىبلىق يامان» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ئۇ بىردىنلا قېرىپ، 40 نەچچە ياشقا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، نېمە قىلارىنىمۇ بىلەلمەي كۈن بويى گاڭگىراپ، خامۇشلا يۈرىدىغان بولدى.

باشقىلارنىڭ ھامۇتنىڭ ھېلىقى مال ساتقۇچى چۆپچىتىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى يەتكۈزۈشى بىلەن ھامۇت چوڭ ئۈمىدكە تولۇپ، ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ باردى. ھامۇت ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ گەپ قىلالمايلا قالدى. ئۇ خوتۇنىدىن ئاجرىشىپ، قورۇنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بىر گەمە قېزىۋېلىپ، شۇ ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. ئۆيدە نە كىگىز، نە يوتقان — كۆرپە يوق. بىر بورا، بىر پالاز، بىر يۇرۇش پۇچۇق قازان — قومۇش... ھامۇت بۇلارنى كۆرۈپ، ئۇنى سوتقا ئەرز قىلىشنىڭمۇ پايدىسى يوقلىقىنى بىلدى. ئەمما، قەرز ئىگىلىرى ئۇنىڭغا يەنە ئالدانغانلىقىنى، ھېلىقىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاجراشقانلىقىنىڭ يالغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى باياشات ئۆتۈۋاتقانلىقىنى دەپ ئۇنى ئېچىتتى. ھامۇتنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. ئۇ خەقنىڭ يۇرتىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى — ھە؟ ئاخىرى ھامۇت قەرز

ئىگىلىرىنىڭ تەھدىتى ئارىلاشقان مەسلىھەتى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بىر ئىش قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بىر كۈنى ھېلىقى ئۆلۈمتۈك مال ساتقۇچىنى ئۆيىگە ئالداپ كېلىپ، ئۇنى سولاپ قويدى ھەمدە ئۇنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن خوتۇنىغا، پۇلنى بەرمىسەڭ ئېرىڭنى قويۇپ بەرمەيمەن، دەپ تەھدىت سالدى. ھېلىقى خوتۇن، ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، نېمە قىلساڭ قىلىۋەر، دېدى ئىنتايىن خاتىرجەم ھالدا. ھامۇت زور ئۈمىد ۋە غەيرەت بىلەن قىلغان بۇ ئىشىدىن نەتىجە چىقىرالماي پوق يەۋالغاندەك بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، نەدىن پەيدا بولدى ساقچى كېلىپ، قانۇنسىز ئادەم تۇتقۇن قىلىپسەن، دەپ ئۇنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇ بۇ قېتىم 40 كۈن سولاقتا ياتقاندىن كېيىن يېرىم يىل كېسىلىپ ، تۈرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىنىدىغان بولۇپ قايتىپ چىقتى.

ھامۇتلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تېخىمۇ ئوساللاشتى. ھەسەن لوبەن بىر نەچچە قېتىم ئۇن، گۈرۈچ دېگەندەك تۇرمۇش لازىملىقلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھال سورىدى. باشقا ئۇرۇق – تۇغقانلارمۇ ئۇن، گۈرۈچ، ياغ دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى بەردى. ئەمما، ھېچكىم ئۇلارغا بىر نەچچە يۈز يۈەن قەرز بېرىشكە خاتىرجەم بولالمىدى. نەۋرىنىڭ چوڭ مەكتەپكە كىتاب پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقتىن ئۇقۇتقۇچىدىن ئازار يەپ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىغۇدى، رازىيىخان ئانا ئۇنى مەكتەپكە ئۆزى ئېلىپ بېرىپ ، مەكتەپ مۇدىرىغا ھال ئېيتىپ، كىتاب پۇلىنى كېيىنچە تاپشۇرىدىغان بولدى. دوختۇرخانىدا يېتىشقا پۇل بولمىغانلىقتىن 3 — نەۋرە ئۆيدە تۇغۇلدى. كېلىن ساق — سالامەت يەڭگىدى. ئەمما، ئۇ ئالاھىدە كۈتۈنىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى قۇدىلار ئانا — بالا ئىككىيلەننى ئېلىپ كېتىپ، ھامۇتنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللىتىپ قويدى. رازىيىخان ئانا كۈن بويى ئوغلىنى بىر كىم بىر نېمە

قىلىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئامال قىلىپ قازان قاينىتىپ، ئوغلىنىڭ يۈكىنى بىر ئاز بولسىمۇ يېنىكلىتىشنى ئويلايتتى. تۇرمۇشنىڭ غورىگۈللىكى، غەم — ئەندىشە رازىيىخان ئانىنىمۇ ھالسىراتتى. كېسەل ئۇنى خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك چىرماشقا باشلىدى. ئۇغۇ دوختۇرغا بارغىلى زادىلا ئۇنىمىدى. ئەمما 2-نەۋرە ئاغرىپ قېلىۋىدى، ئۇنى دوختۇرغا ئاپارماسلىققا ھېچكىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى. پۇل تاپماي بولمايتتى. ئاچ قالماسلىقنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش بولۇۋاتقان يەردە قانداقمۇ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولسۇن؟ ھامۇت شۇ كۈنلەردە كىمگىمۇ 50 يۈەن قەرزگە ئۆتەر؟ ئاخىرى ھامۇتنىڭ شىرەم بىر تونۇشىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىرەيلەن ئۇنىڭغا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

بالا داۋالىنىپ ساقايدى. رازىيىخان ئانا نەۋرىسىنىڭ ساقىيىپ چىققانلىقىدىن شادلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئوغلىنىڭ بېشىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى چۈشۈپ، جىمغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنى ئېغىر غەم باسقانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. رازىيىخان ئانىنىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ، گۇمان بىلەن ئوغلىدىن بالىسىنى داۋالاتقان پۇلنى نەدىن تاپقانلىقىنى يەنە سوراپ، ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالغان سىقىرلىق چامادانىدا نېمە بارلىقىنى قىستاپ سۈرۈشتۈردى.

ھامۇت ئىلگىرى ئاپىسىغا بۇ ھەقتە بىر ئازمۇ تىنمىغان ئىدى. ئەمدى دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھامۇت، ئۇنىڭغا قەرز بەرگۈچىنىڭ بىر شەرتى بارلىقىنى، پۇل ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئەمدى يېنىۋالسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئاپىسىغا تەپسىلى ئەھۋاللارنى بىر — بىرلەپ دەپ بەردى.

— ئاھ! خۇدا، — دەپ نالە قىلدى رازىيىخان ئانا، — بىز تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنى نېمە قىلسۇن دەيسەن. . . مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىم… — ئۇ ئوغلىنىڭ گېپى

تۇگىمەيلا دات — پەرياد كۆتۈردى.
هامۇتمۇ ئۆزىنىڭ 3 بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇنتۇغان هالدا، كىچىك بالىلاردەك ئاپىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.
— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ ئاپا دېگىنە، قالداق قىلاي، ئاتا! ماڭا ئەقىل كۆرسەت، مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟ مەن يېنىڭغا كېتىمەن...
ئانا ئوغلىنىڭ ئاتىسىنى يادلاپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. قەرز ئىگىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇغدىلىپ قالغان داق ئۆيدە، بىر هازا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.
— بالام، مەن گۇناهكار، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئەيىبلىك، مەن سېنى ئوبدان تەربىيىلىيەلمىدىم، مەن سېنى قاتارغا لاياقەتلىك قوشالمىدىم. مەن ئاتاڭ ئالدىدا گۇناهكارمەن، سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناهكارمەن...
ئۇ هامۇتنى بۇنىڭدىن 10 — 15 يىل بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك باغرىغا بېسىپ ئۇزاق پەپىلىدى. شۇ ۋاقىتلار نەقەدەر ياخشى ئىدى — هە! ئۆي ئۆيگە، ئۆزىنىڭ ئۆيگە ئوخشاش. هەر قېتىم كىرگەندە ئىللىق سېزىم بىلەن قارشى ئالىدۇ. بالا بالىغا ئوخشاش سەبىي، ئوماق، تاتلىق. شۇ تاپتا هامۇتمۇ شۇلارنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ تاتلىق سېزىم ئىچىدە ئاپىسىنىڭ هىدىنى پۇرىماقتا ئىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ باغرىدىن چىقىپلا كەتسە هەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۆي ئۆيگە ئوخشىماي قالاتتى. ئۆيمۇ سۆرۈن چىراي، مەهەللىمۇ سوغۇق تەلەتكە كىرەتتى — دە جاننى بېرەمسەن، خەقنىڭ پۇلىنى، دەپ ئۇنى يەنە قىستايتتى. ئۇ ئويلىغانسېرى ئۇنىڭغا بۇ مەهەللىدە، بۇ دۇنيادا تۇرىدىغان جاي قالمىغاندەك، ئۆلۈمدىن باشقا يول يوقتەك سېزىلىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆلۈم ۋەهىمىسىدە ئاپىسىنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى.
ئۆيدە گۆش قاينىمىغىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى. كېلىن

بىلەن نەۋرىسىنىمۇ ئەپكېلىۋالىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. ئەپكېلىۋالسا ئۇنى ئوبدانىراق كۈتمىسە بولمايدۇ تېخى. چوڭ نەۋرىسىنىڭ كىتاب پۇلىنى قاچانغىچە كەينىگە سۈرۈش مۇمكىن؟!

رازىيەخان ئانا ئۇزاق ئويلىنىپ، ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى. خۇدا، ھەرنېمە قىلسام مۇشۇ بالام، ئوماق نەۋرىلىرىم ئۈچۈن قىلدىم، گۇناھىمدىن ئۆتەرسەن، دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

— بولدى بالام، بۇ ئىشنى مەن قىلاي، كىشىلەر مەندىن ئاسان گۇمان قىلمايدۇ. بايقىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، مەن ھېچنېمىنى ئۇقمىغان قىياپەتكە كىرىۋالسام، كىشىلەر تېخى ماڭا ھېسداشلىق قىلىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن رازىيەخان ئانىنىڭ سىرلىق ھەرىكىتى باشلاندى. مۇھىم ئىشى بولمىسا يىلدا بىرەر قېتىممۇ بازارغا چىقمايدىغان بۇ ئايال كۈن بويى بازاردا يۈرىدىغان، قەيەردە بازار بولسا شۇ يەردە پەيدا بولىدىغان، ئارىلاپ — ئارىلاپ ھەپتە، ئون كۈن يوقاپ كېتىپ، «باشقا ناھىيە، شەھەرلەردىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىدىغان» بولدى. ئۇ قولۇم — قوشنىلىرىغا «تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئۇششاق تىجارەت قىلىۋاتىمەن، پەقەت بولمىغاندا يىراقتىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭكىگە بېرىپ، ئۆتنە-يېرىم قىلىپ كېلىمەن» دەيتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمىدى.

ھامۇتلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇلارمۇ ئېغىر قەرزنى يۇدۇپ، قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. گەرچە ئۆي ئىچى قۇپقۇرۇق بولسىمۇ، ھەر ھالدا قورساقتىن غەم يوق، باشقا زۆرۈر چىقىملارمۇ كاپالەتكە ئىگە ئىدى.

بىر كۈنى توساتتىن ساقچى كېلىپ، ھامۇتنى تۇتۇپ كەتتى. بۇنىڭغا ھېچكىم ھەيران قالمىدى. چۈنكى، بۇنداق ئىش ئىلگىرىمۇ كۆپ قېتىم بولغان ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئىش باشقىچە ئىدى. ساقچىلارنىڭ مۇئامىلىسىمۇ ئىنتايىن

قوپال، پوزىتسىيىسى كەسكىن ئىدى. ئۇلار سوراق قىلغاندا ھەدەپ ساختا پۇل مەسىلىسىنى تىلغا ئالاتتى. ئۇلار رازىيخان ئانىدىنمۇ بۇ ئىشنى بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

— ئۇلار بىر نەرسىنى بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزگە ساختا پۇل بەرگەن كىشىنى بىلىدىكەن. يەنە بىزنىڭ قەيەردە، قاچان، نەچچە قېتىم كۆرۈشكەنلىكىمىزنىمۇ بىلىدىكەن. دېمىسەك بولمىغۇدەك، — دېدى ھامۇت ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ئۇنى يوقلاپ كىرگەن ئاپىسىغا ئۆپكىدىگەن ھالدا.

— ۋاي بالام ، ئۇلار سېنى نېمىمۇ قىلىۋېتەر. قانداقمۇ قىلارمەن؟ خۇدا يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇنغا نېمىشقا بۇنداق كۈنلەرنى سالىدىغاندۇ، نېمە تارتقۇلۇق بۇ، بۇ ئائىلە مېنىڭ قولۇمدا سورۇلۇپ كېتىدىغان بولدىغۇ؟ مەن ئاتاڭغا نېمە دەرمەن ؟ جېنىم بالام؟… — ئانا نە ئۆزىگە، نە ئوغلىغا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان تەلەپپۇزدا دات — پەرياد قىلدى.

— ئاپا، مېنى كەچۈرگىن ساڭا قارىيالمايدىغان بولدۇم. بالىلىرىمغا…— دېدى ھامۇت ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا گەپنى سوزۇپ.

— ياق، ياق بولمايدۇ، سېنىڭ بالىلىرىڭ بار . بالىلاردا گۇناھ يوق. ئۇلار ئاتىسىدىن ئايرىلىپ، سېنىڭ كۈنۈڭگە قالسۇنمۇ؟ بولمايدۇ، مەن قېرىدىم، كۆرىدىغان كۈنۈمنى كۆرۈپ بولدۇم، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، ئاتاڭغىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن. مەن ھېلىقى پەسنى تاپاي ، ئۇنىڭغا سېنى كۆرمىگەنلىكىنى، ھېلىقى نىجىسنى ماڭا بەرگەنلىكىنى دېگۈزىمەن. ساقچىلارغا بۇ نىجىسنى ئۆيگە مەن ئەپ كەلدىم، ئۆزۈم تارقاتتىم دەيمەن…— ئانا ئوغلىنى خۇددى بوۋاقنى قامىللىغاندەك قامىللاپ، باغرىغا بېسىپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— ياق، بولمايدۇ، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ، سەن قېرىپ قالدىڭ، بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. سالامەتلىكىڭ ياخشى ئەمەس...— هامۇت ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— ياق، مەن شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ.

ئانا قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى.

— بەلكىم، ئۇمۇ سولاقتا بولۇشى مۇمكىن، — ئاپىسىنىڭ پەيلىنى كۆرگەن هامۇت شۇنداق دېيەلىدى.

ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى تاپىمەن.

— ساقچىلار بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ.

— ئوغلۇم ماڭا ئىشەن، ئوغلى ئۇچۇن ئىش قىلىۋاتقان بىر ئانىنىڭ هەرقانداق ئىشقا قۇربى يېتىدۇ. جېنىم تېنىمدىلا بولسا، مەن سېنى قۇتقۇزىمەن.

رازىيخان ئانا هېلىقى قەرز بەرگۈچىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى تېپىپ، ئۇنىڭمۇ سولاقتا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئانا بىر كۈنى سولاقخانىغا، بىر كۈنى ساقچىخانىغا قاترايتتى. ئۇ ساختا پۇلنىڭ ئىشىدىن هامۇتنىڭ خەۋىرى يوقلىقى، بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ قىلغانلىقىدەك رېئاللىققا پاكىت تېپىشى، بۇ ئىشقا ساقچىلارنى ئىشەندۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق تېتىكلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇ كۈن بويى پالاقشىپ يۈرسىمۇ هارمايتتى، هېچنېمىدىن هېيىقماي ئىشىكمۇ — ئىشىك دوقۇراتتى. باشقىلارغا يالۋۇراتتى. هېچنېمىدىن قورقماي يالغان ئېيتاتتى، قەسەم قىلاتتى، ئىقرارنامىلەرگە بارمىقىنى باساتتى. ئۇ ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن نەۋرىسىگە ئۆز ئاتىسىنى قايتۇرۇپ بېرەلىگەنلىكى ئەڭ چوڭ غەلىبە. باشقىلىرى هېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن هەرقانداق جازا بەرىبىر ئىدى.

ياقۇپ ئىسمايىل قۇرۇلچى

# قۇرۇغان چىنار

چىنارخان مومامنىڭ ئۆيى چىنارلىق باغنىڭ يېنىدا ئىدى. «سەنلا مېنىڭ ھەقىقىي يۆلەنچۈكۈم،— دەيتتى ئۇ بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئېگىزلىكىدىن ئاسمانغا بويلىشىپ، يوغانلىقىدىن بەردەم ئۈچ ئەركەكنىڭ غۇلىچى يەتمەيدىغان چىنارغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ،— ساڭا قانچە يۆلەنسەممۇ قىلچە زارلىمايسەن، ئەكسىچە مەرھۇم ئانامنىڭ قاداق باسقان قوللىرىدەك يىرىك قوۋزاقلىرىڭ بىلەن مېنى ئەللەيلەپ، مەرھۇم ئانامنىڭ ئىسسىق مېھرىدەك بېشىمغا سايە تاشلاپ، ھاياتلىققا قايتا كۈلۈپ بېقىشقا ئۈندەيسەن!...»

چىنار باغدا بىرلا تۈپ چىنار دەرىخى بار ئىدى. يەنە شۇ چىنارنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە سېلىنغان كۆرۈمسىز كونا كەپىدە چىنارخان يالغۇز ھايات كەچۈرەتتى. چىنارمۇ، چىنارخاننىڭ كەپىسىمۇ مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەرگە ئاسانلىقچە ئادەم دارىمايتتى. پەقەت كېچىسى قارا بېسىپ قالغان ئايالارلا كىچىك تەخسە، چىنىلەردە ئازغىنە تاماق ياكى بىر يېرىم مېتىر لاتا، بىرەر نان دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇشاتتى. «تىنچ تۇردىلامۇ ئانا،— دېيىشەتتى ئۇلار قۇۋلۇق بىلەن،— ئۆزلىرىنى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان يوقلاپ كېلىشنى كۆڭۈلگە پۈككەن بولساقمۇ، شۇ تۈگىمەس ئېتىز ئىشى سەۋەبىدىن ھېلىغىچە كېلىپ بولالمىدۇق. بىزنى كەچۈرسىلە

ئانا…» چىنارخان موماي ئۆلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئالىرىنى بىلگەچكە، «ۋاي رەھمەت، ھېلىمۇ جۇۋاپ كېتىپلا» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايتتى. ئاغزىنى مىدىرلىتىپ ئىچىدە ئايەتلەرنى ئوقۇغىنىچە ھۇرۇپ، ئاياللارنىڭ دولىسىنى مۇجۇپ قوياتتى. نەتىجىدە شۇنچە روھسىز كەلگەن بۇ ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەتلىرىنىمۇ ئۇنۇتقان ھالدا، كېيىنەكتەك يېنىكلەپ قالاتتى. بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر ئارىسىدا يەنە تارىخ تەتقىقاتچىلىرى، فوتوگرافلار، ئۆزىنى ئىزدەش باياۋىنىدا مىنىنەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈۋاتقان يازغۇچى، شائىرلارمۇ بار ئىدى. بۇنداق چاغلاردا بۇ يەر ئادەم دېگىنىغا ئايلىناتتى — دە، ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ياسىنىپ كەلگەن كەنت باشلىقى سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۆز نۇتقىنى باشلايتتى: «بۇ چىنار بىزگە ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىر تەۋەررۈك، ئۇ يۇرتىمىزنىڭ شەرىپى، خەلقىمىزنىڭ پەخرى، ئۇ بۇ يىل 700 ياشقا كىردى، مۇنداقچە ئېيتقاندا تەبىئەتنىڭ كاتتا مۆجىزىسى …»

تارىخىي ماتېرىياللاردىن چىنار ھەققىدە يېزىلغان بايانلارنى ياد بولغىچە ئوقۇپ، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دەپ، قەيەرلەردىن تاۋاپ قىلىش مەقسىدىدە خالىس نىيەت بىلەن كەلگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر كەنت باشلىقىنىڭ قەيەرلەردىندۇ يادلىۋالغان پەلىپەتىش چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىزار بولۇشقىنىچە، بىر پارچە نىگاتىپنى قۇربانلىق ھېسابىغا چىقىرىۋېتىپ، ئۇنى سۈرەتكە تارتىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئاپپاراتتىن «چارس» قىلغان ئاۋاز چىققان ھامان، بەزى يۇرسەتپەرەسلەر كەنت باشلىقىنى ماختاشقا باشلايتتى، «ھۇششەرە سۇنجاڭ، ئالامەت چۈشۈەتتىلە، ھەقىقىي بىر يۇرت ئاتىسىغا خاس سالاپەت بىلەن دېسە.» بىچارە

دېھقانلاردىن ھەر كۈنى دېگىدەك بۇنداق مەدھىيە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، «يەنە يوقمۇ» دەپ ھومىيىدىغان كەنت باشلىقى لام — جىم دېمەي تۇرغانلارغا ئالىيىپ قوياتتى. ئۇلاردىن ھېچبىر سادا چىقمىغاندىن كېيىن بولسا تىللاپ، قوغلاشقا باشلايتتى. «نېمە، تەلمۈرۈپ قاپسىلەرغۇ، سىلەرنىمۇ تارتىپ قويسۇنمۇ — يا، پۇلغا كېلىدىغان نەرسە ئۇ، پۇلغا، مۇنداق بىزگە ئوخشاش ... ھە ...» دېگىنىچە خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن مېھمانلارغا قاراپ ھىجىيىپ قوياتتى. كىشىلەر تىل — ئاھانەت ئىلكىدە تارقىلىشقا باشلايتتى. تارىخي تەتقىقات ۋە ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىش جەريانىدا، ئاددىيلىق ئىچىدىن مۇرەككەپلىكنى بايقاشقا ماھىر بولۇپ كەتكەن بۇ مۆھتەرەم زاتلار كەنت باشلىقىنىڭ سۆزلىرىدىن نارازى بولغان ھالدا، كونا كەپە ئالدىدا ھېچكىمگە ئارىلاشماي غېرىبسىنىپ ئولتۇرغان مومايغا كۆز تىكىشەتتى — دە، ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا باراتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چوڭ ئانا، سالامەت تۇردىلامۇ؟

ئۆمۈرلۈك ھەمراھى ۋە بەردەم ئوغۇللىرىدىن ئايرىلىپ، تا شۇ كەمگىچە بىرەرىدىن بۇنداق ياخشى گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان موماي «ياخشى تۇردۇم» دېگىنىچە يامغۇردەك ياش تۆكەتتى. كەلگەنلەر ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى چىنار ھەققىدە بىلگەنلىرى بولسا سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كەنت باشلىقىنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، چىشلىرى غۇچۇرلاپ چىنارخان مومايىنى چايناپ پۇركۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتسىمۇ، لېكىن، بۇ يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەر ئالدىدا سەل تەپتارتىپمۇ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە بىلەرمەنلىك قىلىپ، «مەن دېدىمغۇ 700 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ، ئۇمۇ پەقەت شۇنىلا بىلىدۇ» دەپ

قوشۇپ قوياتتى. چىنارنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا پاراڭ چىقسا مومايىنىڭ جېنى يايراپ كېتەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ دەرھال كۆز — ياشلىرىنى سۈرتۈپ، باياتىنقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىمۇ ئۇنتۇپ سۆزىنى باشلايتتى:

— مەرھۇم ئاتامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، — دەيتتى ئۇ، — بۇرۇن بىزنىڭ يۇرتىمىز گىياھ ئۈنمەس چۆل — جەزىرە ئىكەن. يۇرت جامائەتى بۇ مۇشەققەتلىك تۇرمۇش ئۈستىدىن قانداق غالىپ كېلەرمىز، دەپ غەم يەيدىكەن. يۇرت ئەھلى ئەنە شۇنداق غەم — ئەندىشە ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن بولغان ئۇلۇغ بوۋىمىزغا ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئۇ پەرياد چېكىپ ئولتۇرغان بوۋامنى نوقۇپ تۇرۇپ: «ئاھ ئۇرغانىغا بىر ئىش ھاسىل بولمايدۇ، بۇ يەردە يىغلاپ ئولتۇرغىچە بىرەر يولىنى قىلساڭلار بولمامدۇ» دەپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز بولسا بوۋايدىن «دەل — دەرەخ تىكسەك تۇتمايۋاتىدۇ، زىرائەت تېرىساق ئۈنمەيۋاتىدۇ، زادى قانداق قىلساق بولار» دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ.

«بۇ يۇرتتىن ناھايىتى يىراقلىقتا، — دەپتۇ بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن، — ھۆر — پەرىلەر ياشايدىغان بىر يۇرت بار، شۇ يۇرتتا چىنار دەيدىغان بىر خاسىيەتلىك دەرخ بار، ئۇنىڭ شېخىنى يېرىپ يەرگە تىكسە شۇ ھامان كۆكلەيدۇ. بولسا، سىلەر شۇنىڭدىن ئەكېلىپ تىكىپ باقساڭلار، يۇرتۇڭلار گۈللەپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. لېكىن، بۇ بەك خەتەرلىك بىر ئىش، چۈنكى، چىنارنى دېۋىلەر كېچە — كۈندۈز نۆۋەت بىلەن ساقلايدۇ، چىنارنىڭ شېخىنى يىرغان ھامان جان دەپ قاچىدىغان گەپ. ئەگەر دېۋىلەر تۇتۇۋالسا چايناپ يۇركۇۋېتىدۇ. لېكىن، ھەر ئىشنىڭ بىر ئاسان يولى بولغانىغا

ئوخشاش، بار كۆچۈك بىلەن قىچىپ زادى ماجالىڭ قالمىغاندىمۇ يەنە دېۋىلەرنىڭ قولىدىن قىچىپ قۇتۇلالمىساڭ، ئايەت ئوقۇپ بىر ھۈرسەڭ، شۇ ھامان ئازادلىققا ئېرىشىسەن. لېكىن، بۇ ئايەتنى قىچىپ بولالماي جان ھەلقۇمغا كەلگەندىلا ئاندىن ئوقۇماق لازىم. بولمىسا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ. يەنە بىر ئىش، چىنارنى تىككەندىن كېيىن كۆكلىتىشكە بولىدۇكى، ھەرگىز قۇرۇتۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر كىمدەكىم قۇرۇتۇپ قويسا، دېۋە، ھۆر — پەرىلەر شۇنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ» دەپلا كۆزىدىن غايىپ بوپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز بۇنىڭدىن بىر ھەقىقەتنى چۈشەنگەندەك بوپتۇ — دە، دەرھال ئاۋامنى يىغىپ، ئاپئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، ئەل — يۇرتتىن دۇئا قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ چاغلار ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ كۈچ — قۇۋۋەتكە تولغان، كۆزلىرىدىن ئەقىل ئۇچقۇنلىرى پارلاپ تۇرغان نەۋقىران چاغلىرى بولغاچقا، بەزىلەر ئۇنى بۇ يولدىن توسماق بوپتۇ. «بولدى بارمايلا قوي،— دەپتۇ ئۇلار،— ‹جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان› دەپ، ئۇنچە ھەرەج تارتقىچە باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كەتسەكلا بولمىدىمۇ؟»

«ئەزىز قېرىنداشلىرىم،— دەپتۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز قەتئىيلىك بىلەن،— ئىنسان دېگەنگە ۋەتەنسىزلىكتىنمۇ ئېغىر ھاقارەت بارمۇ، ئۆز ۋەتىنىنى قەدىرلىمىگەن كىشىنى قانداقمۇ غورۇرلۇق ئەركەك دېگىلى بولسۇن؟ سىلەر مېنىڭ ئىشلىرىمغا خەيرلىك تىلەپ دۇئا بەرسەڭلەرلا بولدى، بۇ سەپەرگە ئاتلانغىنىم ئاتلانغان» دەپتۇ. يۇرت ئەھلى ئۆزلىرى ئۈچۈن جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتقان بۇ ئوغلاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا قان — ياش تۆكۈپ، ئىشلىرىغا خەيرلىك

تىلەپ دۇئا قىلىشىپ قايتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز سەپەرگە چىقىپ كۆرمىگەننى كۆرۈپ، مىڭ بىر جاپادا بۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن سۇندۇرۇپ، دېۋە، هۆر — پەرىلەرنىڭ هىيلە — نەيرەڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ، بىر يىل دېگەندە يۇرتىمىزغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا يۇرت ئەهلى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، يىراقلارغا سەپەر قىلىش تەرەددۇتىدا بولۇۋاتقانىكەن. ئۇ كېلىپلا بۇ شاخنى تىكىپ، تېگىگە سۇ قۇيۇپتۇ، ئەتراپىغا قاشا قىلىپ كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ پەرۋىش قىلىشقا باشلاپتۇ. نەتىجىدە بۇ شاخ كۆكلەپ، ئۈچ تارتىشقا باشلاپتۇ. ئارقىدىن باشقا دەرەخلەرنى تىكىپ، زىرائەت تېرىغانىكەن، ئۇلارمۇ هوسۇل بېرىشكە باشلاپتۇ. قۇم — بوران توختاپ، خەلقنىڭ چىرايىدا كۈلكە پارلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يۇرتنىڭ نامى مۇشۇ خاسىيەتلىك چىنارنىڭ نامى بىلەن «چىنارباغ» دەپ ئاتىلىپتۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىز كۆز يۇمۇش ئالدىدا ئەۋلادلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ، چىنارنى مەڭگۈ ياشنىتىپ تۇرۇشنى هەمدە بالىلىرىغا چىنار دەپ ئات قويۇشنى جېكىلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ جەمەتىمىز ئىچىدە ئوغۇل بولسا ئىسمىنى چىناربەگ، قىز بولسا چىنارخان دەپ ئات قويۇش ئادەتكە ئايلىنىپتۇ. مەن مەرهۇم ئاتامنىڭ بىر تاللا پەرزەنتى بولغاچقا، ماڭا چىنارخان دەپ ئىسىم قويغانىكەن».

تەتقىقاتچى، ئالىملار موماينىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان هۆرمىتى ئېشىپ، ئۆز يانلىرىدىن پۇل — پېچەك قالدۇرۇپ كېتىشەتتى. لېكىن، هەممە غەۋغا ئۇلار كەتكەندىن كېيىن باشلىناتتى.

— هۇ داپيۇز دەللە، — دەيتتى كەنت باشلىقى ئەزۋەيلەپ تۇرۇپ، — ئەجەپ چۆچەك توقۇشقا ئۇستىكەنسىنا؟ بېھىشنىڭ ئالدىدا چىنار تۇرىمىش، سېنىڭ مۇشۇ ئەسكى كەپەڭ

ئۇچماغما، تۇفى ساڭا، تولا گەپ قىلماي مېهمانلار بەرگەن پۇلنى چىقار، بۇ دېگەن سېنىڭ تىللا تۆكۇلىدىغان دەرىخىڭ ئەمەس، كەنتنىڭ يېرى بۇ ...

بۇنداق چاغلاردا موماي قەددىنى رۇسلاپ، پۇلنى ئۇنىڭ يۇزىگە ئاتاتتى.

— تويە، يەپ تويماس يەجۆجى — مەجۆجى، هەرقانچە بېهىش ماكان بولسىمۇ سەندەكلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا خارابىلىقا قاراپ يۇزلىنىدۇ — دە.

كەنت باشلىقى يەردە چېچىلىپ ياتقان پۇللارنى بىرمۇ — بىر تېرىۋالاتتى — دە، ئۆز يولىغا راۋان بولاتتى. «ئەجەپ سېخى دەللە — دە بۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ماڭغاچ، — كۇنى شۇنچە غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ — يۇ، پۇلغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.»

※ ※ ※

بىر يىلى تەتقىقاتچىلار يەنە كەلدى. ئۇلار چىنارخان مومايدىن چىنار هەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۇل تەڭلەپ كۆڭۇللىرىنى ئىزهار قىلىشتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئۇ قەتئىي رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن تەتقىقاتچىلار بىر ياندا مومايغا نېمە بېرەركىن، دەپ كۇزىتىپ تۇرغان كەنت باشلىقىغا تەنبىه بەردى.

— سىز دېگەن بىر كەنتنىڭ ئاتىسى، شۇنداق تۇرۇپ بۇ مومايىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرمىغىنىڭىز نېمىسى؟ بىز كېلەر يىلى يەنە كېلىمىز. ئەگەر كىمدەكىم بۇ مومايىنى بوزەك قىلىدىكەن، بىز بۇ ئەهۋالنى يۇقىرى دەرىجىلىك قانۇن ئورگانلىرىغا ئىنكاس قىلىمىز.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئۇنۇم بەردىمۇ قانداق، بۇ قېتىم ئۇلار بەرگەن پۇل ئۆز ئىگىسىنى تاپتى. لېكىن، ئۇلار شۇ هەرىكىتى

ئارقىلىق ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ياشناپ كېلىۋاتقان چىنارنى دۇشمەنلىك قىلىپ قويدى. «خەپ دەللە،— دەپ ئويلىدى كەنت باشلىقى،— مېنى ئەجەپ ئوسال قىلدىڭا، ئاشۇ چىنارغا سۇ بەرگىنىمنى كۆر، شۇ چاغدا چىنارمۇ، سەن چىنارخانمۇ قۇرۇپ بىراقلا تۇگىشىسەن.»

شۇ كۇنلەردە بۇ يۇرتتا تاغدىن كېلىدىغان ئېقىن سۇ مىقدارى ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، بىردىنلا ئۆستەڭ چېپىش دۇلقۇنى ئەۋج ئېلىپ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغان ھەر — ھەر يوغان ئۇژمە، قارىياغاچ، سۆگەت دەرەخلىرى قومۇرۇپ تاشلاندى. بۇنىڭدىن ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمگەن كەنت باشلىقى چىنارباغقا سۇ بارىدىغان ئېرىقنىڭ ئاغزىدىكى ئېچىقنى سىمونت لاي بىلەن ئېتىۋەتتى. چىنارخان موماي بولسا ئىشقا يارىمىغاچقا ئۇنىڭغا قەرز يېزىپ قويدى. لېكىن، «نېمىنى خورلىساڭ شۇنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن» دېگەندەك، دەل — دەرەخلەردىن قىزغىنىپ بىر مۇنچە ھەشەم بىلەن ياسالغان تاش ئۆستەڭ يەنە سۇسىز قالدى. چۇنكى، تەڭرىتاغلىرىغا ياغىدىغان ھۆل — يېغىن مىقدارى ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆستەڭگە سۇ كەلمەس بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر يەنە غەمگە پاتتى. يۇرت ئەھلىنىڭ ئىزتىراپ ئىلكىدە قالغانلىقىدىن كەنت باشلىقى يەنە بىر شۇملۇق ئويلاپ تېپىپ، كىشىلەردىن مەجبۇري پۇل يىغىپ زامانىۋى قۇدۇق قازدۇردى. ھاياتلىقتا ئۇمىد بەخش ئەتكۇچى يەر ئاستى سۇيىغۇ ئېتىلىپ چىقتى. لېكىن، كەنت باشلىقىنىڭ غەرىزى چىنارنى قۇرىتىۋېتىش بولغاچقا، قۇدۇق بېشىدىن تارتىپ ئېتىزلىققا بارىدىغان قۇدۇق ئېرىقىنى پۇتۇن سىمونتلاپ ياساتقۇزدى. يەنە تېخى چىنار دېگەن ئۇزاق يىل ياشىغان دەرەخ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى پۇختا ياسىمىساق سۇيىمىزنى

سۇمۇرۇۋالدۇ، دېگەن پەتىۋانى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چىنارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتىدىغان قىسمىنى چوڭقۇر كولاتقۇزۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى كەستى، ئاندىن قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان قاراماي يالىتىلغان قەغەزنى ئېلىپ كېلىپ يېپىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلياۋ ياتقۇزۇپ، سۇلياۋنىڭ ئۈستىگە تاش ۋە سىمونتتا ئۆستەڭ ياساپ ئېلىپ كەتتى.

زامانىۋى قۇدۇق قېزىلغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىمۇ قاندى. چۈنكى، ھەممە نەرسە تاۋارلىشىپ كەتكەن بۇ زاماندا سۇغىمۇ پۇل كېرەك ئىدى. بۇرۇنقىلاردەك چوڭ سۇ نۆۋىتى كەلگەندە كەنت باشلىقىدىن قورقۇپ تۇرسىمۇ، تۇغان ئېلىپ كەتكەننى باھانە قىلىپ، چىنارخان مومايىنىڭ يەرلىرىنى سۇغۇرۇپ قويىدىغانلارمۇ پۇلدىن بويۇن قىسىپ قېلىشتى. «ئەجەپ يامان بولدى،— دېيىشەتتى كىشىلەر چىنارخان مومايىنىڭ سۇسىز قالغان يەرلىرىگە قاراپ، — قاراپ تۇرۇپ قۇرۇپ قالىدىغان بولدى — دە.» چىنارخان موماي بار تۈگىچىنى يىغىپ سۇ ئالماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ كەنتكە ھەر خىل ئالۋان — ياساق، مەجبۇرىي ئەمگەكلەر ئۈچۈن يۈكلەنگەن قەرزى بار بولغاچقا، سۇ دەپ سۇنغان قولىدىكى پۇللار قەرزگە كېتىپ، قوللىرى قۇرۇق پېتى ھاۋادا بۇلاڭلاپ قالدى.

چىنارخاننىڭ سۇ ئېلىشقا ماجالى يەتمىگەندىن كېيىن، يىلتىزى قىرقىلغان چىنارمۇ سۇسىراپ، سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلىدى. چىنارخان موماي بولسا چىنارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ ئۈنسىز يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، چىنارنىڭ قۇرۇشىغا قاراپ تۇرۇش، ئۆزىنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، پۈتۈن مېھرى بىلەن مىڭ بىر جاپا — مۇشەققەتتە بېقىپ قاتارغا قوشقان مەرھۇم

ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىدىسىنى يەرگە ئۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. «مېنى كەچۈرۈڭلار، — دەيتتى ئۇ جەيناماز ئۈستىدە يۈكۈنگىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ، — بىچارە ئاجىزەڭلارنىڭ قولى ھېچ يەرگە يەتمەيدىكەن، سىلەر شۇنچە ھەرەج تارتىپ ھۆر — پەرىلەر ماكانىدىن ئېلىپ كەلگەن بۇ خاسىيەتلىك دەرەخ مەندەك بىر يارىماس پەرزەنتىڭلارنىڭ قولىدا قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى.»

※ ※ ※

بىر كۈنى سەھەردە گۈلدۈر — غاراس ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن چىنارخان موماي پايپاسلىغىنىچە ئۆيدىن چىقتى. كۆردىكى، بىر توپ كىشى چىنارنىڭ شاخلىرىغا مىنىۋېلىپ، شاخلىرىنى پالتا بىلەن چاپماقتا ئىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر! — مومايىنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتكەن كىشىلەر جىمىپ قالدى.

— ئىچىڭ ئېچىشىۋاتامدۇ، — دېدى قەيەردىندۇر پەيدا بولغان كەنت باشلىقى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — چىنارىڭ قۇرىدى، ئەمدى ئۇنى كۆرگىلى ھېچكىم كەلمەيدۇ، ساڭا كېلىدىغان پۇلنىڭمۇ مەنبەسى قۇرىدى دېگەن گەپ، ھەي ئىست، ئەمدى چۆچەك ئېيتالمايدىغان بولدۇڭ — دە.

— شۇنداقتىمۇ نېمىشقا كېسىسىلەر ئۇنى؟

— بۇنداق يۇرتنى سەتلەشتۈرۈپ تۇرغان قۇرۇق چىنارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. شۇڭا، شاخلىرىنى كېسىپ ئۈزۈملۈكىمنى كۆتۈرىمەن، غولىدىن كارىۋات ياسىتىپ ھوزۇرىنى سۈرەي دەيمەن.

— ھۇ دەيۈز، سەن ئەجدادلىرىڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟...

— ھا... ھا... ھا... ئەجدادلىرىغا يۈز كېلەرمىش. سەن يۈز كېلەلەمسەن؟ مۇشۇ كەمگىچە چىنارنى دەستەك قىلىپ پۇل

تاپتىك. يالغان — ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ گېزىتكە چىقىپ يۈز تاپتىك. خوش، ئەمدى بۇ چىنار ئۇسساپ جان تالىشىۋاتىدۇ، قېنى يامان بولساڭ سۇغۇرۇپ قوي. پۇلۇڭلا بولسا سۇ دېگەن تەييار ... ها... ها... ها...

— سۇ بېرىدىغانلا ئىشىڭ بولسا ئېغىلدىكى ئۆچكىنى ئال، بالا نەپسىڭنى تويغۇزۇپ چاپسان سۇ بەر...

— هوي قۇدۇقچى، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ماڭ، ئېغىلدىكى ئۆچكىنى تۇت! ئالبانىيە ئۆچكىسى ئالمەن دەۋاتامتىڭ؟ ئەمدى ئۇمۇ تەييار بولدى.

شۇ هامان قۇدۇقچى قارىغۇچى شاختىن ئىرغىپ چۈشتى — دە، ئېغىلغا قاراپ يۈگۈردى.

— ئۆچكىنى ئالغاندىن كېيىن، سۇنى چاپسان چىقار.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق،— دېدى قۇدۇقچى ئۆچكىنى باغلاۋېتىپ،— ئەمدى قەرزىڭ يېرىملاشتى. يۇقىرىدىن بۇرۇنقى باج، توختام پۇلىنى سۈيلەپ كەنت باشلىقىمىزغا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. يېرىڭنى سۇغىرالمىغاندىن كېيىن ئۇنىمۇ كەنتكە بېرىۋەت! شۇندىلا قەرزلىرىڭ تۈگەپ چىنارىڭ سۇ ئىچەلەرمىكىن.

— چىنار سۇ ئىچىدىغانلا بولسا مەيلى، ئۇنىمۇ ئېلىڭلار! جېنىمنىمۇ قوشۇپ — ... هەددىدىن زىيادە بېسىمغا ئۇچرىغان موماي هوشىدىن كېتىپ يېقىلدى. چىنارخاننىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگەن كەنت باشلىقى:

— مانا، خۇپ بولدىمۇ ئەمدى، ها ... ها... ها... «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر هەر باب بىلەن» دەپ تازا سالدىم سېنى، ها ... ها... ها... مانا ئەمدى سەنمۇ قۇرىدىڭ، چىنارىڭمۇ هەم...— كەنت باشلىقى خۇشال بولغان بىلەن مومايغا ئىچ ئاغرىتىدىغانلار يەنە چىقتى.

— سەمەت، چاپسان بول! چىنارخان مومايىنى دوختۇرغا ئاپىرايلى.

كەنت باشلىقىدىن قورقۇپ جىم تۇرغانلار مۇھەممەدنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مومايىنى يۆلەشكە باشلىدى.

— ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! ھېلىمۇ ئۇزۇن ياشاپ كەتتى ئۇ. بولدى قىل! — دېدى كەنت باشلىقى. مۇھەممەدمۇ غەزىپىنى باسالماي:

— ئاقنى قارا دېسەڭمۇ ھە دەيدىغان قورقۇنچاقلىقىمىز سەۋەبىدىن ھېلىمۇ كۆپ پايدا ئالدىڭ. ئالساڭ يېرىمىزنى ئېلىۋالارسەن، بىزنىڭ جېنىمىز ھەرھالدا چىڭ.

— سەن ... تۇتۇڭلار بۇ ئوغرىنى.

— كېلىشە قېنى؟

مۇھەممەد پالتىنى كۆتۈردى. باشقىلار ئۇنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا يېقىن يولىيالمىدى.

※ ※ ※

چىنارخان موماي دوختۇرخانىنىڭ ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان كارىۋىتىدا بىر نەچچە كۈن دەرمانسىز ياتتى. ئۇ ھەدەپ «چىنار، چىنار ...» دەپ جۆيلۈيتتى، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. «ئال، ھەممىنى ئال، چىنارغا سۇ بەر...» دېگىنىچە جىمىپ قالاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا سەمەت، مۇھەممەد قاتارلىق مەھەللىلىكلەر كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككىنىچە قاراپ تۇرىشاتتى.

— سۇ يىراق بولسىغۇ مەيلى، — دېدى سەمەت، — ئۇسسۇز قالغان يولۇچى دەريا بويىغا بېرىپ، دەريادىكى لەھەڭنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇپ سۇغا قاراپ جان ئۈزگەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ بۇ. مۇھەممەد، ئەجەپ قورقۇپتىمىز كەنت باشلىقى دېگەن ئۇ جوھۇتتىن.

— جاھاننىڭ ئىشلىرى بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، — دېدى مۇھەممەد جاۋابەن، — ئاڭلىسام، كەنت باشلىقىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق — زومبۇلۇقلىرى توغرىسىدىكى پاراڭلار ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغىمۇ يېتىپتۇدەك. ئۇلار ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، كەنتىمىزنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگۈدەك.

— شۇ چاغقىچە چىنارخان مومام ھايات تۇرۇپ بەرگەن بولسا، قانۇن ئورگانلىرىنىڭ كەنت باشلىقىنىڭ قولىغا سالغان كويزىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قېنىپ بىر نەپەس ئېلىۋالغان بولسا...

پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇلار چىنارخان مومايغا قاراشتى. جىم ياتقان موماي بىردىنلا بېشىنى كۆتۈردى.

— سەمەت، مۇھەممەد، سىلەر بارمۇ؟ قاراڭلار، چىنار ئۆرۈلدى...

— خاتىرجەم بولسىلا، بىز تېخى تۈنۈگۈنلا كۆرگەن. ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق مەزمۇت تۇرۇۋاتىدۇ.

— ياق، كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، — موماي بېشىنى ياستۇققا قويۇپ يەنە جىمىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېگىلى تۇردى. ئۇ چۈشىدە ئەجدادلىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. ئەجدادلىرى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇلۇغ بوۋىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىۋاتاتتى، — مېنى كەچۈرۈڭلار! مەن سىلەر يوقلۇقتىن ئاپىرىدە قىلىپ، شۇنچە يىللار كۆكلەتكەن چىنارنى قوغدىيالمىدىم.

— ياق، — دەيتتى ئۇلۇغ بوۋىسى، — سىز ھېلىمۇ ناھايىتى زور بەدەل تۆلىدىڭىز. بىز سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى. سىز بىر ئاجىزە تۇرۇپ، ئاشۇ چىنار ئۈچۈن

بارلىقىڭىزنى قۇربان قىلدىڭىز...

شۇ ئارىدا مەھەللىدىن بىرەيلەن كېلىپ، كەنت باشلىقىنىڭ چىنارنى قومۇرۇپ تاشلاپ، شاخ — شۇمبىلىرىنى چاناپ بولغاندىن كېيىن، غولىنى تۆت توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا سۆرەتكىنىچە ياغاچچىلىق زاۋۇتىغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

— ھۇ ناكەسلەر، — دېدى سەمەت غەزىپىنى باسالماي، — تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، ئاشۇ چاغدا ئىككى پۇتۇڭنىڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي.

※ ※ ※

كەنت باشلىقى چىنارنىڭ غولىدىن پەن تارتقۇزۇپ، ئۇستا ياغاچچى تەكلىپ قىلىپ، كارىۋات ۋە باشقا ئۆي جاھازىلىرى ياساتقۇزدى. كارىۋات پۈتكەندىن كېيىن يېڭىدىن سېتىۋالغان گىلەمنى سېلىپ، گىلەم ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ ياتتى. «ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىم، چىنارنىمۇ، چىنارخاننىمۇ قۇرۇتتۇم، ھا... ھا... ھا...»

بۇ چاغدا كېسەلخانىدا ياتقان چىنارخان موماي ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە دېدى:

— ھۆر — پەرىلەر كەلدى. ئۇلار كەنت باشلىقىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىدىغان بولدى. مەن، مەن ... رازى بولۇڭلار— ... ئۇ شۇنداق دەپلا كارىۋاتقا پوكلا چۈشتى.

※ ※ ※

مەھەللە جامائىتى چىنار دەرىخى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر دەرد تارتىپ ئاخىر پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقان بۇ جاپاكەش مومايىنى يۇيۇپ، تاراپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ كەتتى. شامال كۈچلۈك بولۇشىغا

قارىماي ناھايىتى سۈزۈك ئىدى. جامائەت تاۋۇتنى كۆتۈرگەن ھالدا بىر ئىزدا تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا قاناتلىق، غۇنچە بوي قىزلار پەر قاقماقتا ئىدى. «ھۆر قىزلار» مۇھەممەد ئاستا پىچىرلىدى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ تاۋۇت كۆتۈرگەن مۈرىسى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇ تاۋۇتقا قارىدى — دە، ۋارقىرىۋەتتى:

— قاراڭلار، تاۋۇت ئۇچۇۋاتىدۇ!

كۆپچىلىك ھاڭۋاقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى، تاۋۇت ھاۋادا لەرزان ئۇچۇپ بارماقتا ئىدى ...

— چىنارخان مومامنى ھۆر قىزلار ئېلىپ كەتتى!

دەل شۇ چاغدا ماشىنىلىرىنى غۇيۇلداتقان ھالدا يۇقىرىدىن كەلگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى توپ ئالدىدا توختىدى. بۇلارنى كۆرگەن يۇرت جامائىتى ئالەمچە خۇشاللىقتا چۆمدى. مۇھەممەد بىلەن سەمەت بولسا ئۇلارغا يول باشلاپ كەنت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيدە كەنت باشلىقىنىڭ خوتۇنى، بالىلىرى يىغا — زارىغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قېلىشتى. مەلۇم بولدىكى، كەنت باشلىقى يېڭى ياسالغان كارىۋات ئۈستىدە ھۇزۇرلىنىپ ياتقان چاغدا بىرلا شامال چىقىپ ئۇنى كارىۋات بىلەن قوشۇپلا ئۇچۇرۇپ كېتىپتىمىش. كارىۋاتنىڭ كەينىدىن يېڭىدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرىمۇ بىراقلا يوقاپتۇدەك. ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيرانلىقتا چۆمۈپ تۇرغان ۋاقىتتا، مەھەللىنىڭ جەنۇبىدىكى شىۋاقلىقتا كالا باقىدىغان پادىچى ھەسرەپ — ھۆمۈدىگەن ھالدا يېتىپ كەلدى.

— كەنت باشلىقى ... كەنت باشلىقى ... ئۇ ... ئۇ...

— كەنت باشلىقىغا نېمە بولدى، چاپسان دېمەمسەن؟

— مەن ... مەن كالا بېقىۋاتاتتىم، بىر چاغدا ئاسماندىن

يىنىمغا بىر نىمە چۈشتى. قارىسام ئۇ ... ئۇ ...

يۇقىرىدىن كەلگەنلەرمۇ، مەھەللە ئەھلىمۇ پادىچىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇلار بىرىپ كۆردىكى، كەنت باشلىقى يۈت، قولىغا بىردىن ئات چىتىلىپ، تارتقۇزۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدەك بەش پارە بولۇپ كەتكەنىدى. قىزىق بولغىنى شۇكى، ئۈنىڭدىن قان چىقماي، بەدبۇي بىر خىل سۇيۇقلۇق سىرغىپ چۈشۈپ، ئانا يەرنى مەينەتلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

# شئیرلار

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر

# باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر

نازىنىن نازلىق چېچەك، كىملەر ساڭا مەپتۇن ئەمەس؟
گەر نېسىپ بولسا جامالىڭ، كىمدۇر ئۇ مەجنۇن ئەمەس؟

قىش بويى قۇيۇق بۇلۇت ئاستىدا مۇزلاپ بۇ كۆڭۈل،
كۈن كۆرەلمەي، تىن سۇرەلمەي غەمگە پاتتى بۇ كۆڭۈل.

بۇ زەئىپ كۆكرەكتە ئۇل يارنىڭ خىيالى مۇتتەسىل؟
كۆيدۇرۇپ كۆپ ئۆرتىدى، كۆپ قالدى سۆزلەردىن بۇ تىل.

كېچە مەن كۆرگەچ چېچەكنى خۇددى كۆرۈشتۇم يار ئىلە،
يىغلىدىم بىئىختىيار ئەرزىمنى ئېيتتىم زار ئىلە.

دېدىم: «ئەي مەھبۇبى شاھى، مېنىڭ بۇ ئەرزىمنى ئال،
لۇتفى قىل مۇڭداشقىلى، بىر نەچچە كۈن يانىمدا قال!

ئەرزۇ — ھالىمنى ساڭا باشتىن — ئاياغ قىلسام بايان،
دىلدىكى ئارمانۇ — ئارزۇيۇم بولغۇسى ئاز — پاز ئايان.

ئەي، پەرىلەر نە ئۇچۇن سىزلەردە يوق قىلچە ۋاپا؟
كۆيدۇرۇپ مەجنۇن قىلىپ، جانغا قىلۇرسىزلەر جاپا.

قايتۇرۇڭ لۇتفەن جاۋاب، ئاشىقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇڭ.»
بۇۋاپالىق رەسمىنى، ئەھدىنى ئەمدى سۇندۇرۇڭ.

ئاڭلىغاچ ئاقتى چېچەكنىڭ كۆزىدىن ياش تارام،
كۆپ پۇشايمانلار يېدىم، ئېيتقان سۆزۈمگە مەن قارام.

كۆزنى باستى قاپقاراڭغۇلۇق، جاھان زۇلمەت بولۇپ،
ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ئاقتى قانلىق ياش تولۇپ.

كۆيدى ئۇل شاھى چېچەك ھالى پەرىشانىم قاراپ،
سورىدى: «ئەي بىچارە ئاشىق، نە ئۇچۇن ھالىڭ خاراب؟»

يىغا قايناپ بۇ تىلىم سۆزلەرگە ھالى يوق ئىدى،
ئۇدۇلۇمدا ئۇل چېچەك خۇددى قىزىل بىر چوغ ئىدى.

دېدى: «ئەي بىچارە، مىسكىن، يىغلىما، ھالىڭ دېگىل،
بىلگىنىمچە مۇڭدىشاي، بولسۇن پىدا جانۇ ۋە دىل.»

يىغلىبان دېدىم: «پەلەك باشىمغا نە كوي سالمىدى،
يىغلىماقتىن تاشقىرى بەندەڭدە بىر كوي قالمىدى.»

دېدى: «ئەي نادان، بىلەمسەن تاش باغىردۇر بۇ پەلەك،
كۆرمىدىڭمۇ ئۇندۇرۇر ئۇ بىر پەلەكتىن مىڭ خەمەك.»

1923 — يىل

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**

# تۇرپان تەسىراتلىرى

## بۇيلۇق

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى ئەي دىلبەر ماكان،
بار ۋۇجۇدۇم بولدى مەپتۇن ئۇشبۇ ئان.

قايىنىغاچ ئىلھام بۇلاقىم جۇش ئۇرۇپ،
ئۇچتى پىكرىم كەڭ سامادا قۇش بولۇپ.

بىر قەدىمىي توپا تاغ، باشى قاقاس،
باغرىدا چاقنار ئىكەن گۈل ئەتىياز.

شۇ قاقاس تاغدىن تامار چىم — چىم بۇلاق،
مەرۋايىتتەك تامچىسى زەپ پارقىراق.

ئاندا بىر كۆل، چايقىلار كۈن شولىسى،
قوينىدا ئالتۇن بېلىقلار جىلۋىسى.

ئويلىدىم «جەننەت» دېگەن يەر قانچىلىك،
بولسا باردۇر ئۇزلىقى بىر سەنچىلىك.

ئەي، گۈزەل بۈيلۈق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان!

گۈللىرىڭنىڭ ھۆسنىدىن مىڭ ئايلىناي،
گۈلشىنىڭ ئەتراپىدا بۈلبۈل بولاي.

ئاندا چوغلۇق بىرلە مۈدەن، مىرزىگۈل،
مۈندا ئەترە بىرلە نەركەس، سەبدىگۈل.

قانتىم بولسا ئىدى ئۈچسام ئىدىم،
كېپىنەكتەك ۋەسلىگە قانسام ئىدىم.

ئەي، گۈزەل بۈيلۈق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان!

بۈك — باراقسان باغلىرىڭنى نېمە دەي،
قايسى تىل بىرلە ئۈنى تەرىپ ئېتەي.

پارقىراپ تۈرغاچ باراڭدا ساپ ئۈزۈم،
جىلۋىسىدىن ھەر نەپەس تالدى كۆزۈم.

«نېمە بۈ، ياقۈتمۈ ياكى كەھرىۋا،
ياكى زۈمرەت، قاشتېشى زەپ دىلرەبا؟»

دەر ئۈنى شاخ — شاخىدا كۆرگەن كىشى،
ئاق، قىزىل سايىۋا، بىجاقى، كىشمىشى.

ئەي، گۈزەل بويلۇق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن هامان!

قىزىرىپ تۇرسا ئانارنىڭ غۇنچىدەك،
خۇددى تۇرپان قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك.

تامسا شاپتۇل، ئەنجۈرىڭنىڭ شەربىتى،
جانغا — جان قوشسا ئۇنىڭ تەم — لەززىتى.

كىم سېنى تەرىپلىمەس زوقى ئېشىپ،
خۇددى قاينام كەبى شەۋقى تېشىپ!

ئەي، گۈزەل بويلۇق دېگەن گۈلباغ دىيار،
بەختۇ — ئىقبال مەڭگۈ بولسۇن ساڭا يار!

سېنى گۈلباغ ئەيلىگەن ئەل ياشىسۇن،
ياشىسۇن خۇددى سېنىڭدەك ياشنىسۇن!

## ئىدىقۇت①

نامى مەشھۇر ئىدىقۇت شەھىرى شۇمۇ،
نىم دېگەن تېز چۆرگىلەيدۇ بۇ پەلەك!
ئىككى ئون ئەسىر دېگەن ئاز گەپمىدى؟
بىر ئەسىر يۈز يىلغا تەڭ تۇرسا، دېمەك.

قانچە قۇملار كۆچتى، قانچە يەل سوقۇپ،
قانچە خانلار ئۆتتىكىن دەۋران سۈرۈپ؟

ھېچبىرىدىن قالمىغان ئىز ۋە نىشان،
بىر قورغان تۇرىدۇ قەد كۆتىرىپ.

نىم دېگەن پۇختا بۇ قورغان تاملىرى.
ئۇنى سوققان مەرت يىگىتلەر كىم ئىكەن؟
ھەربىرى گويا تۇلۇقتەك كېسىگى،
ئۇنى قويغان ئەزىمەت دېۋىمىكىن؟

ئاندا پەشتاق قالدۇقى، مۇندا مۇنار،
قۇم بېسىپ ياتقان پەلەمپەيلەر قاتار.
كىم بىنا قىلغان بولغاي بۇ قەسىرنى؟
شۆھرىتى ئالەمچە بار، ئالەمچە بار.

كۆچتى قۇملار، قانچە — قانچە يەل سوقۇپ،
ئۆتتى ئەجداد ئوق ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇپ،
قالغىنى بىزگە تەۋەررۇك توپىسى،
بىزمۇ قەسىر قۇرماقتىمىز يەڭ تۈرۈپ.

نى ئاجايىپ قەسىرلەر بولغاي بىنا،
شۇ زېمىننىڭ توپىسى بولسا ئامان.
ئىدىقۇت شەھىرى - پەقەت خارابە، بەس،
تاڭ قالۇر يېڭى شەھەرلەرگە جاھان!

## بېزەكلىك②

قاقلىنىپ ئاپتاپتا ياتقان بىر جىرا،
ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئاققان سۇيى.

ئىككى يان مىستەك قىزارغان توپا تاغ،
قاسنىقى بىر يار ئىكەن تېرەك بويى.

ئاشۇ يارنىڭ باغرىدا تىلسىم كەبى،
توپا غارلار بار ئىكەن قاتار — قاتار.
ئۆتسىمۇ شۇنچە ئەسىرلەر ئارىدىن،
كۆزىنى يۇمماي هامان ئويغاق ياتار.

نېمىنى ئويلايدىكىن ئويغاق يېتىپ،
سەرگۈزەشتىلەر يادىغا يەتتىمىكىن؟
ياكى قونغان چاڭ — توزانلارغا قاراپ،
كۆڭلى هەريان چېچىلىپ كەتتىمىكىن؟

ياكى شۇم ئالۋاستىلارغا غەزىپى
قاينىغاچ، ئاچچىق يۇتۇپ ياتامدىكىن.
ياكى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن هەتتا يۈرەك —
ئۆزرە تەگكەن تىغ ئىزى قىينامدىكىن؟
ياكى ئوبدان ئاسرىماي قويغان ئۈچۈن،
بىزنىمۇ كايىش بىلەن قاغامدىكىن؟

كايىساڭ هەم قاغىساڭ، هەققىڭ سېنىڭ،
ئەي، گۈزەل سەنئەت پىرى قۇرغان ماكان؛
راست ئەمەسمۇ، دۆڭ پېشانە تەلۋىلەر،
باش — كۆزۈڭگە چاچتى توپا بىر زامان.

خارلىدى ئۈنچىنى دەسسەپ چەيلىدى،
كىردى گويا باغقا بىر تۇڭكۇم قاۋان.

نه هايا، نه قالدى سەنئەت، نه تۇزۇم،
نه تىرىككە كۈن، نه ئۆلۈك قالدى ئامان.

ئۇنتۇماس ئەۋلادلىرىڭ، ھېچ ئۇنتۇماس،
كۆزلىرىڭنى چوقىغان شۇم قاغا كىم؟
قان پۈراپ كەلگەندە ئاچكۆز بۆرىلەر،
يول بېرىپ، سېنى تالاتقان دورغا كىم؟

ئاڭلىغانسەن، ئەمدى گۈلدۈرمامىدەك،
ياڭرىدى ئەلنىڭ ئۈنى كۆپ ياڭراق.
ئىنتىقامنىڭ شەمشىرى قىنىدىن چىقىپ،
چالدى تارىخ «سوت ئوچۇق③» دەپ قوڭغۇراق.

ئىزاھاتلار:

① ئىدىقۇت ـ مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە بىنا قىلىنىشقا باشلىغان قەدىمقى ئۇيغۇر شەھىرى. ھازىر ئۇنىڭ خارابىسى تۇرپاندا.

② بېزەكلىك ـ تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم ئېغىزىغا جايلاشقان مەشھۇر «مىڭ ئۆي»لەر نىڭ بىرى. ئۇنىڭ بىنا قىلىنغان دەۋرى مىلادى 5 — ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى غارلارنىڭ تاملىرىدا قەدىمىي ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ نادىر گۈزەل — سەنئەت نامايەندىلىرى بولغان تام سۈرەتلىرى ۋە نەقىشلەر بار.

③ لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇروھ بىلەن «4 كىشىلىك گۇروھ» ئۈستىدىن ئېچىلغان ئوچۇق سوت.

ئابابەكرى ئەمەت

# ئىككى ساتىرا

## چوڭلاش

— كەكە ئاخۇن چوڭلا — چوڭلا بوپتۇ بىگەن،
تەخسىخانىمۇ چوڭلا — چوڭلا بوپتۇ لىگەن.
— تەخسىخانىنىڭ چوڭ بولۇشى ئىدى بەرھەق،
ئايىقىنىڭ تېزلىكىنى بىلەتتى خەق.
باشقىلارنىڭ قېشىغا بەك سۇرۇلەتتى،
ھېيىقماستىن ھۇنىرىنى كۆرسىتەتتى.
بولدۇم ھەيران كەكىنىڭكى چوڭلىيالىشىغا،
قارا ئۇنىڭ چىقىپ، چىپىپ — يۇنىشىغا.

ئۇستا تۇزدىن چوماق، كاۋاك — دەز تېپىشقا،
شۇ مىجەزدە چوڭلايدىكەن ئۇ نېمىشقا؟
— قىيىن ئەمەس، كەكىنىمۇ چوڭلاتمىقى،
بار ئەمەسمۇ ئۇنىڭ كالتە بىر ساپىقى.
(دېمەك، ساپاق كەكىنىڭ ئەڭ ئاجىزلىقى،
چىڭ تۇتسا كىم ئاسان ياغاچقا چاپمىقى.)
ئىشلەتكەنچە ئۇزۇرايدۇ ھەم ساپىقى،
چوڭلاپ تېخى ئىتتىكلەيدۇ ئۇنىڭ تىغى …

# ئالچاڭلايدۇ نېمىشقا؟

— نېمانچە ئالچاڭلايدۇ بۇ كىشى؟
تۈنۈگۈنگە ئوخشىمايدۇ مېڭىشى.
— بىلمىدىڭمۇ، ئۈستى كېچە مەنسىپى،
بۇگۈنكى بۇ — «ماس قەدەم» نىڭ دەسلىپى.
— ئالچاڭلايدۇ، چاترىقىدا بارمۇ يەل؟
تۈنۈگۈنلا ئۈمۈرتقىسىز ئىدى بەل.

— ئۈرلەش ئۈچۈن «لەيلەتكۈچ» كە لازىم يەل،
ئۇ ئىشىنىمۇ بەلكى كېچە قىلدى ھەل.
— قوللىرىنى قىلىۋاپتۇ كەينىگە،
تەكەببۇرلۇق كىرگىنىمۇ ئەپتىگە.
— ئەنسىرەيدۇ ئارقىسىدىن (بار خۇدۇك،)
كۆزەت قويغان يۇرەلمىگەچ بەخۇدۇك.

ئايگۈل مۇتىلا

# باغۋەن بوۋا

رەھمەت ساڭا،
خىزىر ئالدىدا،
ئىدىقۇتنىڭ باغرىدا،
كەتمەن چېپىپ ھارمىغان دېھقان.
سۈزۈك سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىپ،
ئۇخلىغانسەن كۆلنىڭ بويىدا،
نامىزىڭدا پاكلىقنى تىلەپ،
ئەجرىڭ كۈلەر باغنىڭ ئىچىدە.
ھېرىپ قالسا ئۇچقۇر تۇلپىرىڭ،
بۇغدايلىرىڭ خامان ئىچىدە،
بۇ گۈننىڭنى ئويلىمىغانسەن،
مەرۋايىتقا تولغان سەھەردە.

1

يۇرەكلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان،
ئۆتمۈشلەردە سايىداپ ياتقان،
خىزىر سۈپەت ئۈزۈمچى بوۋا،
مېۋىلەردىن تىللار يېرىلغان،

دىللىرىڭدىن گۈللەر ئېچىلغان.
يىغلاپ — يىغلاپ ئەلنىڭ ئىشقىدا،
ئۆرغۈپ تاشار سىزگە مېھرىمىز،
قېيىقلاردا ئوينىاپ نەۋرىڭىز،
يېشىللىقتا پۈركىنىپ ياتقان.
خىلۋەتتىكى ۋەتەن باغرىغا،
ئېقىپ چۈشكەن ئىسسىق يېشىڭىز...

2

نەچچە مىڭ يىل، ئەسىر ئالدىدا،
ئىنسان ئىزى چۈشمىگەن يۇرتتا،
بىر پادىچى ياشىغان ئىكەن،
پادا ھەيدەپ قۇمۇشلۇق ئارا.
نەي ئاۋازى كەلگەن يىراقتىن،
پەرىزات قىز كەلگەن ئىز قوغلاپ.
قۇم بويىدا،
يەلپۈپ ئاپئاق قاناتلىرىنى،
ئۇچۇپ كەتتى بىر ئاققۇ كېلىپ،
يېشىل بوستان، بۇلۇت تەرەپكە.

3

زېمىنىدىكى كىچىك ئارالدىن،
تېپىۋالدىم ئالتۇن كەش.

موما،
قۇشلار سايراپ قوندى سۆگەتكە.

4

تەڭرىتاغنىڭ كۆز ياشلىرىمىدۇ،
دېڭىز سۇيى تاشقىنلاپ ئاققان؟
كۆزلىرىدىن ئۇنچىلەر تۆككەن،
يۇرىكى ئوت، مەڭزى نەم،
ئېقىنلىرى كۆتۈرەر چوقان،
تۇلپار
چۆلدە
يىغلاپ — يىغلاپ تاغلار ئىچىدە،
قاغجىراق بىر چۆلنىڭ چېتىگە كەلگەن.
تۇپراق بىردىن يېرىلىپ چاك — چاك،
گۇللەر بىردىن ئۇنگەن بىخ سۇرۇپ.
قارلار ئېرىپ،
سۇلار ئېقىپ،
ھەممە نەرسە كۆكۈرۈپ كەتكەن.
يۇرتنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىپ شۇندا،
باغ — ۋاراندا قۇشلار سايرىغان؛
قۇم چۆلدە گۇللەر ئېچىلغان؛
مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەر پىشىپ،
بۇغدايلار پىشىپ.
يەر ئاغدۇرۇپ باھار كەلگەندە،

قارا ئۆڭكۈردىن بىر كىيىك چىقىپ
گۈزەل قىزغا ئايلىنىپ قالغان.
ئۆشتۆمتۆتلا قارا بوران چىقىپ
سۇ ئاستىغا قامىلىپ قالغان.

5

بېھىشقىلا ئايلانغان دۇنيا،
پەرىزات قىز كېلەرمۇ ئۇندا؟
ياكى ئايدىڭ — ئايدىڭ كەچلەردە،
تۈن نىسپىدە مۆكۈلىنىپ شۇنچە،
كۆل ئىچىدە يىغلامدۇ يەنە،
يار ۋەسلىدە تۆگۈلۈپ يېتىپ.
ياپراقتىكى سىرغىغان قەترە،
سېنىڭ شېرىن — شېرىن شەربىتىڭ،
ئېتىقادقا چىرمىلىپ تۇرغان.
كۈلۈپ تۇرغان يېشىل مەرۋايىت،
گۈلخان يېقىپ گۈلخاندەك كۆيگەن.
توغراقزارلىقتا،
ئېكىنزارلىقتا،
ئۇرۇق سېلىپ قىزىل دېڭىزغا،
يالقۇنتاغ،
كۆيۈپ — كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنار،
كۆيۈندىسى توزىغان ھاۋا.

6

تونۇدۇڭمۇ مېنى ئەي بوۋا؟
باغۋەن قىزى،
بېغىڭدا ئۆسكەن.
مىڭ ئۆيۈڭگە كۆمۈلگەن شولا،
يالقۇن كەبى كۆيدۈرگەن يۇرتتا.
كارىز سۈيى قېنىمىز بولۇپ،
كارىز سۈيى جېنىمىز بولۇپ،
ئەسىرلەردىن ئەسىرگە ئاققان.
بوۋا!
كىشمىش ئۈزۈم، غۇنچە ئۈزۈملەر
كۆرۈپتىمۇ قۇملۇق قىزىنى؟
ئۇيغۇر قېنى تومۇردا ئاققان.
تارىم بويى، يالقۇنتاغلارنى...
بوۋا!
يۇرتىمىزنىڭ بۈيۈك مۇنارى،
يۇلتۇز ساناپ تۇرامدۇ تۈندە.
چۈشلىرىڭدەك،
كونا شەھەر چىڭگىز ئاتلىرى،
مېڭىپ ئۆتسە ئايەم كۈندە،
قۇربانجاننى ئەسلەرمۇ شۇ چاغ،
ئانارخاننى ناخشىغا قوشساق.
موللا زەيدىن،
ئۇيغۇر يىگىتى ،

مەزەلەرگە داخىل بولارمۇ؟
يۇرتىمىزدا داستىخان سالساق.

7

يېشىل ئۇزۇم،
يېشىل مەرۋايىت،
مەرۋايىتتۇر چېھرىڭىز سىرغىغان قەترە،
كېچىلىرى ھېرىپ چارچىغان،
كۈندۈزلىرى،
چۈنجە ياسىغان.
ئۈزۈم ئۈزۈپ،
ئۈزۈم پۈتىغان،
تاڭ شەپقى — كۈن جەۋھىرىگە،
پاك شەبنەم سەن دىللارغا قونغان.

ئابدىسىم ئىسمايىل ئۆمىدى

# توپىلىق يول، گۈل ھىدلىق سەھرا

«يۈرىكىمنى سىلىپ كونۋېرتقا،
سېغىنىشنى ئەۋەتتىم قوشۇپ① »
مەيۈسلىنىپ قالارسەن بەلكىم،
مۆڭگا تولغان خېتىمنى ئوقۇپ.

ئارىمىزدا نۆرغۇن تاغ — دەريا،
(باردۇر يەنە ئۆزۈن مۇساپە.)
كۆيگە تولۇپ قالغاندۇ بەلكىم،
سەھرادىكى مۇساپىر كەپە.

توپىلىق يول، گۈل ھىدلىق سەھرا،
تومۇرلارغا تۇتاشقان كارىز.
چۆۋ — چۆۋلايدۇ تورغايلار ئۈندا،
كۆي تارقىتىپ ئەتراپقا لەزىز.

سۆزۈلمەستىن ئۆپۆق سەتھىسى،
سەن تۇرامسەن ئورنۇڭدىن ئاستا؟
يۈرىكىڭدىن ئۈنچە چاچرىتىپ،
سۇ سېپەمسەن ھويلىغا ئانا؟!

مول ھوسۇلغا تولغان ئېتىزدا،

دادام خۇشال يۇرەمدۇ شۇ تاپ.
دولىسىغا سالغان كەتمەندىن،
قۇياش نۇرى تۇرامدۇ چاقناپ.

ئۇكىلىرىم ماڭسا مەكتەپكە،
سەن قالامسەن ئۈمىدلىك بېقىپ؟
سېغىنغاندا ئويلامسەن مېنى؟!
سۈرىتىمنى مەڭزىڭگە يېقىپ.

خىيالىمدا جەننەت ھوزۇرى
بەخش ئەتكەن ئىللىق ئائىلەم.
توپىلىق يول گۈل ھىدلىق سەھرا،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ ھەردەم.

ئىزاھات:
① بۇ مىسرا ئادىل تۇنىيازنىڭ.

ئەكبەر نىياز پەتتارى

# يىلتىز

ئالەمنى بېزىگۈچىمۇ، بۇزغۇچىمۇ يەنىلا ئادەم.

— خاتىرەمدىن

كېچە،
جىمجىت كېچە، كۆرۈپتىمەن چۈش.
ئۇچقىدەكمەن بۇلۇتتىن ھالقىپ،
كۆك ئاسماندا بولۇپ خۇددى قۇش.
سۇ بويىدا سۇ دەپ توختىماي،
دەرەخلەرنى قىلماستىن قونداق،
ئاشقىنىمدا نەچچە پەللىدىن،
ئېچىپتۇدەك سەھرايىم قۇچاق.
دىدارلىشىپ تۇغقانلار بىلەن،
ھويلىمىزدا — ئۈجمە ئاستىدا،
ئىچكۈدەكمىز قېنىپ قىزىق چاي.
ھەممىمىزنىڭ چېھرىدە كۈلكە،
بولۇپ كەتكەن خۇددى گۈلچىراي.
شۇچاغ بىردىن بۇزۇلۇپ ھاۋا،
قارايغانمىش كۆمۈردەك ئاسمان.
ئۆرۈپ — تۈزلەپ دەرەخ، ئۆيلەرنى،

گۈركىرەرمىش دەھشەتلىك بوران.
يىغىپ كۆكتىن سىرىق توپا — چاڭ،
قاپتۇ ھەممە خەۋپ ئىچىدە.
بىردىن چۆچۈپ ئاچتىم كۆزۈمنى،
ياتقۇدەكمەن قارا كېچىدە.
بار ۋۇجۇدۇم تەرگە چۆمۈلۈپ،
شەھەردىكى غېرىب كۈلبەمدە...

***

ئېتىپتۇ تاڭ يېڭى ھېس قوزغاپ
نۇر چاچىدۇ زېمىنغا قۇياش.
باغاشلايدۇ مېھرىنى تۆكۈپ،
ئۆز، مېھرىبان ئانىغا ئوخشاش.
قۇياش
چىققان بىلەن تاغنىڭ كەينىدىن،
چىققان بىلەن دېڭىز تەكتىدىن،
بار ھېكمىتى (كىم بىلمەس بۇنى؟!)
دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك،
ئانام ياققان گىردە، توقاچتەك،
تۇيۇلىدۇ ھەر كۈنى يېڭى.
بىزنى ئايرىپ زۇلمەت — كېچىدىن،
يول باشلايدۇ خىزىردەك گويا.
نۇرلىرىغا چۆممەكتە تاغلار،
نۇرلىرىغا چۆكمەكتە باغلار،
ياسانماقتا قىز كەبى دۇنيا.
ئەنە،
ئېچىلماقتا كۆزلەر ئۇيقۇلۇق،
ئېچىلماقتا ئىشىك، روجەكلەر.

قىلىپ ئۆتى مەبۇد، ئابىدە،
ئۆلغايماقتا ئارزۇ — تىلەكلەر.
ئەنە،
رەستىلەردە يۈرەر ئادەملەر،
بولۇپ تۇرلۇك ئىشقا خام تالاش.
كىمدۇ بىرى تۇرسا خىرامان،
بىرلىرىنىڭ كۆزلىرىدە ياش.
ئەنە سۈلغۈن، خىياللار بىلەن،
چىگىش سىرتماق سوئاللار بىلەن،
كېلەر ئاستا بىر يىگىت غەمكىن.
ئۇ،
ئۇ بىر شېئىر، ئۇ بىر مۇزىكا،
ئۇ بىر سوئال، ئۇ بىر كۆپ چېكىت.
ئۇياق مۇندىن نەچچە ئاي بۇرۇن،
بۆلۇملەردىن ئىش سوراپ، تېنەپ،
ئىشسىز قالغان نەۋقىران يىگىت.
هايات،
تونۇش يەنە ناتونۇش سىرلىق،
تار كوچىدا ئۇچراتقان قىزدەك.
تۇرمۇشنى كىم سۆيمەيدۇ دىلدىن؟!
بىراق،
تىرىكلىكنىڭ تەشۋىشى تولا،
تۆكەر غەمگە تۇتاش مۇئەمما،
ئاغرىنغۇلۇق ئەمەس ئاي، يىلدىن!
هايات،
هايات شۇ تاپ ئۇنىڭ ئېگىدا،
بىر تۇپ دەرەخ بوي سوزغان ئېگىز.

شاخلىرىدۇر بارچە ئادەملەر،
سەھرا — تۇپراق، دېھقاندۇر يىلتىز.
ئۇ،
ئاشپۇزۇلدا تويۇپ ئولتۇرۇپ،
چۈشتە لەغمەن يېگىنى بىلەن،
ئىسمى بارۇ — ئىسمى يوق غەملەر،
تارتار ئۇنى بولۇپ پاتقاقلىق.
مەن،
مەن دېھقاننىڭ پۇشتى — بالىسى.
ئادەملەرگە سۆيگۈم لىقمۇ — لىق،
يوق كۆڭلۈمنىڭ قىلدەك ئالىسى.
شۇڭا رىشتىم باغلىنىپ يىپتەك،
ماڭدىم يىگىت كەينىدىن ئاخىر،
شەپە بەرمەي ئاستا ئەگىشىپ.
تېپىشماقتەك ئۇنىڭ سىرىنى،
بولارمۇ دەپ ئېچىشقا نېسىپ.
ئۇ،
بۇرۇلغاندا توپىلىق يولغا،
يىلتىزىغا — قەدىم سەھراغا،
پەرىشتىدەك قالدىم ئۇزۇتۇپ.
سۇزۇك سۇدەك سۇزۇك قەلبىمدىن،
ھۆرمەت ئېچرە ئاڭا گۈل تۇتۇپ.
***
سەھرا،
سەھرا دېگەن ھايات بۇلىقى،
قۇچىقىدۇر جەننەتكە ئەنداز.
ئۇندا ناخشا، چۆچەكلەر تولا،

يوللىرىمۇ ئۇيۇقتا تۇتاش.
باغلىرىنىڭ ئۆرۈك، ئانارى،
شەربەت تۆكۈپ يارىدۇ تىلنى،
ساناقسىزدۇر يۇلتۇزغا تەققاس.
تورغايلىرى ماھىر ناخشىچى،
ساز چالىدۇ ئېرىق — ئۆستەڭلەر،
گۈل — گىياھلار كۆز ئۇۋلار رەققاس.
ئادەملىرى مېھرىبان، ئىناق،
ھەممە نەرسە چىن ۋە شۇنچە ساپ.
يىگىت، قىزنىڭ چىرايى سۈزۈك،
تەرلەتسىمۇ كۆيدۈرمەس ئاپتاپ.
. . .
توپا كېچىپ سەھراغا ماڭغان،
كۆز ئالدىدىن يىگىتنىڭ شولار،
سۈرەت بولۇپ ئۆتمەكتە بىر — بىر.
ئالدىرايدۇ كۆڭلى بىتىنىم،
يوللار تۇگەي دېمەيدۇ ھېچبىر.
ئۆتەر ۋاقىت شۇنچىلىك ئاستا،
تىكلىشىپمۇ قالدى كۆكتە كۈن.
كەتكەندە ئۇ چاڭقاپ ھالىدىن،
كۆرسەتتى يۈز قەدىم مەھەللە،
يىراق قۇمتاغ دەرەخ كەينىدىن.
ئۆز يارىنى كۆرگەن يىگىتتەك،
نەپەسلىرى تېزلەشتى بىردىن.
بېسىپ قەدەم تونۇش كوچىغا،
تۇرۇپ قالدى بولۇپ ھەس — ھەيران.
گۆدەك چاغلار كۆرگەنلىرىگە،

ئوخشمايتتى بۇندا باغ — ۋاران.
تۆت كوچىنىڭ شمال دوقمۇشى،
قەدىم، يوغان ئۇجمىنىڭ ئاستى،
مۇڭلىنىدۇ ئادەمسىز، ئىزسىز.
ئۇ سورىدى ئۆزىدىن مەيۇس:
— قېنى زۇمرەت كەبى سۇزۇك سۇ،
گۆدەك چاغلار ئىچكەن دۇم يېتىپ؟
ئۇ،
ئۇنىڭ قەدەملىرى بەك ئېغىر.
باستى بىر تاغ گويا ئۇستىدىن.
قەلبىدىكى خارامۇشلىقى،
مۇڭ ياغدۇرار بۇندا ھەممىدىن.
ئۇ،
بوسۇق ئاتلاپ كىردى ھويلىغا:
— بارمۇ سىلەر ئاتا — ئانام،— دەپ.
شىپا تېپىپ قالسا نە ئەجەپ
ئۇزۇن يىللىق قەلب يارام دەپ؟!
چىقتى چۆچۈپ ئىچكەركى ئۆيدىن،
كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى قاچقان،
بېلى يادەك ئېگىلگەن موماي.
تۇرۇپ كېتىپ سىنچىلاپ بىر پەس،
قۇچاق ئاچتى يېشىنى تۆكۈپ،
دېدى: سەنمۇ بالام — ئۇمىد تاي.
ئولتۇرۇشتى سۇپا لېۋىدە،
ھاياجاندا بېقىپ يانمۇ — يان،
قۇت، دىدارنىڭ ئەللەيلىشىدە،
خېلى بىر پەس سۇرمەستىن زۇۋان.

ئاڭغىچە باغ — هويلا كەينىدىن،
چىقىپ كەلدى بىر بوۋاي مەزمۇت،
ئۈمىد چاچراپ تۇردى شۇ هامان.
قول ئۇزاتتى ئاتىغا ئوغۇل،
كۆزلەر ئۇزاق بېقىشتى ئۇدۇل،
(بىرى ئاق چاچ بىرى نەۋقىران).

***

سەهرا،
سەهرا ئۇ بىر گۈزەل بالىلىق،
بولغان بىلەن چۆچەكلەرگە باي.
قالغان ئىدى ئەمدى چۆلدەرەپ،
ئۆزگىرىشمۇ بار ئىدى تالاي.
ئاۋۇندۇرماس كۆڭۈلنى ئەمما،
ئوخشىمايدۇ ناخشىغا پەقەت .
ئاتا — بالا ئېتىز يولىدا،
كېتىۋېتىپ ئۆزىگە ئۈمىد،
پىچىرلىدى شۇلارنى بىر رەت.
ئەلمىساقتىن تائام — ئاش بەرگەن،
ئانا سەهرا ئۇستىباش بەرگەن،
بۇ ئالەمگە، بارچە ئىنسانغا.
سۇ،
ئاه، سۇ — زەمزەم، سۇ — ئابىهايات،
سۇ دەپ زارلار ئالتۇن باشاقلار؛
چېچەك ئاچقان سېرىق سەبدىدەك،
چۆنەكتىكى كۈمۈش مونچاقلار؛
چوڭ هەم كىچىك ساينىڭ تېشىدەك،
پىلەكلەرنىڭ ئىچىدە تۇرغان،

كۆكچى①، خانىش②، سېرىق شاپاق③لار؛
توپا بېسىپ يوپۇرماق ئارا،
ئەينى شالاڭ ئېسىلىپ قالغان،
ئاق مارجاندەك ئۈزۈم — ساپاقلار.
سۇ،
سۇ — ھاياتلىق، سۇدۇر قان دېمەك
سۇسىز قالغان ئېتىز، ئورمانغا.
ئاشۇلارنى ئويلىغان ئۈمىد،
چۆمدى تەگسىز ئويغا، پىغانغا.
ئەسكە ئالدى بىردىن تۇيۇقسىز،
مۆجىزىنى — بىر بۈيۈك ئىزنى.
بوۋىسىنىڭ بوۋىسى قازغان،
تەۋەررۇكنى — قەدىم كارىزنى.
كارىز،
ئومۇرتقىسى مۇشۇ دىيارنىڭ.
كاپالىتى يەرنىڭ كۆكەرگەن،
پەسىل كۆركى قۇتلۇق باھارنىڭ،
ھوزۇرىدۇر يازنىڭ، باھارنىڭ.
كارىزدا سۇ بولمىسا ئەگەر،
شەربەت ئاققان بېھىش — باغلار يوق،
ئاشلىق — داندىن خامان — تاغلار يوق.
توي قايىنىغان قۇۋناق چاغلار يوق. . .
تەستىقلىدى شۇلارنى ئۈمىد،
ئالقىش بىلەن كۆڭلىدە تالاي.
كارىزنى يوقلاپ قويۇشنى،
ئېيتتى ئاتا — توختىكارىزغا،
قالدى شۇكلەپ نېچۈندۇر بوۋاي.

شۈنداقتىمۇ ئوغۇلنى باشلاپ،
ئېلىپ ماڭدى كارىز بېشىغا.
ئاتا — بالا تېڭىرقاش ئىچرە،
يېتىپ كەلدى كارىز يېنىغا.
دەل شۇ چاغدا سەگىتىپ ئۈنى،
تىترىگەندەك بولدى كۆك ۋە يەر.
چۆچۈپ چىقىپ كارىز ئىچىدىن،
ئۈچتى كۆككە بىرتوپ كۆك كەپتەر.
بىر شۈملۈقنى سەزگەندەك ئۈمىد،
ئاھ، تاشلىدى كارىزغا نىگاھ.
چايان چاققان كەبى ئەندىكىپ،
ئىچ — ئىچىدىن دەۋەتتى «ئاھ، ئاھ»
كارىزدا يوق سۈدىن ھېچ ئەسەر،
تولغانىدى كارىزنىڭ كۆزى،
شاخ — شۇمبىغا، چالما — كېسەككە.
تۇرۇپ قالدى ئۇلار سۇكۇتلۇك،
يوچۇن تەشۋىش چۈشتى يۈرەككە.
چۈشەندى ئاھ، ھەممىنى ئۈمىد،
قالغاچقىمۇ ئۆزۈن تاشلىنىپ،
مۇندا ئەجداد مىراسى — كارىز.
كېسەل تەگكەن چالدەك، بالىدەك،
نىمجان، ئۇسساپ ياتقانكەن ئېتىز.
كارىز،
كارىز دېگەن يەرنىڭ تومۇرى،
قۇرۇپ كەتسە تومۇر ئىچرە قان،
نېمە بولار يەر بىلەن دېھقان؟
كارىز يەرنى يەكلىدىمۇ، ياق —

بەلكىم ئادەم ئۇنى ئۇنتۇغان؟ !
ئۇمىد قايتتى كارىز يېنىدىن،
ئېتىزدىن ھەم ياندى ئۆيىگە.
ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك،
ئاش ۋاقتىدىن تاكى كەچكىچە،
كۆرۈنمىدى ئاتىسى كۆزگە.
***
كېچە ئايدىڭ، ئۇزەر كۆكتە ئاي،
يۇلتۇزلارنى قىسىپ قولاقا.
ئۇمىد ياتار تىكىپ ئۆگزىدە
كۆزلىرىنى يىراق — يىراققا.
كېلەر ئىدى كوچا تەرەپتىن،
كىملەرنىڭدۇ سۆزى — ئاۋازى.
كېچىپ شېرىن ئۇيقۇدىن ئۇمىد،
تۇردى دەست، ماڭدى ئالدىراش.
مەھەللىنىڭ بېشى — چېتىدە،
قېرى ئۇجمە ئاستىدا سۆھبەت
قىلار ئىدى بار ھەم غۇدىراش.
ئۇمىد كېلىپ دېدى «ئەسسالام!»
بارى تۇردى شۇئان ئورنىدىن.
«كەلگىن، كېلە ئۇمىد» دېيىشىپ،
ئورۇن بەردى ئاگا ئارىدىن.
يوق دىللاردا ياتلاش — يېتىرقاش،
بولدى قۇتلۇق ئەھۋال سوراشلار.
كەلمىگەندەك ھېچكىم بۇ يەرگە،
كۆچتى ھەممە ئەسلى گېپىگە.
قاسىمتوقاي سۆز ئېلىپ دېدى:

— تۇغقانلىرىم ھەي مۇشۇ كۈندە،
«دېھقان بولماق تەس بولدىغۇ تەس»
ئويلاپ قالدىم يەر دېگەن نەرسە،
تىلسىم ئىكەن ھەسرەتكە تولغان،
تەرىپىگە سۆز يەتمەس پەۋەس.
بىز بىر ئۆمۈر ياشايدىكەنمىز،
يەر، يەر دەپلا يەرگە باغلىنىپ.
يەردىن چىقماس ئەجىرگە لايىق،
خۇش بولغۇدەك ھوسۇل — زىرائەت.
يەلكىمىزنى باسماقتا يەرلەر،
مەن سۆزلەيمەن تامچىنى پەقەت.
ئەتىيازدا سېتىپ ئالىمىز،
ئوغۇت، دورا يەنە يۇپۇقنى.
ئەينى يىللار ئۆزىمىز قازغان،
ئۆستەڭلەردىن، قۇدۇقتىن سۇنى.
قادىر توپاق سۆز قوشۇپ دېدى:
— قۇرۇلمىنى بازارغا قاراپ
تەڭشەپ تەستە تېرىغىنىمىز،
ئارزۇلارنى قويىدۇ ساۋاپ .
يالغان ئەمەس بەزى يىللىرى،
ئالغان بىلەن تاغ كەبى ھوسۇل.
قىلغان چاغدا ھېساب — كىتابنى،
شادلىق بىزنى كۆرمەيدۇ قوبۇل.
نېمىسىنى دەيلۇق بۇ يەرلەر،
قالغانمىكىن ياكى زېرىكىپ؟
يوقكەن ئامال قېچىپ كەتكىلى،
بولمايدىكەن يەردىن تېرىكىپ.

قۇرت، ھال بار كېۋىزىمىزدە،
بۇغدايلىقتا يەنە چېكەتكە.
ئارام بەرمەس يازدىن كۇزگىچە،
بوران، ئۇششۇك ۋە قۇرغاقچىلىق،
تېخى كەلكۈن، چاشقان — كۈسۈتكە.
پارنىك ياساپ ئۆستۇرسەك كۆكتات،
بىزدىن ئېلىپ ساتقانلىرى باي.
مىڭ جاپادا تەرسەك پاختىنى،
يېشىل ياقۇت كەبى ئۇزۇمنى،
باھاسىغا چىقمايدىغۇ ۋاي؟!...
مامۇت تورغاي گەپنى ئارىلاپ،
دېدى: — توغرا قادىر بۇرادەر.
يەر يەيدىكەن ئاخىر ئاھ! بىزنى،
ئەقلىمىزنى، ئەقىدىمىزنى،
يامغۇر كەبى تۆكسەكمۇ قان — تەر.
يۇسۇپ بوران قومۇش غاڭزىنى،
توكۇلدىتىپ يەرگە بىر ئۇرۇپ،
سۆز باشلىدى باجدىن — سېلىقتىن:
— ھەي، دېھقاندىن ئالارمەن تولا،
ھەق ئالىدۇ يەر، توك، چارۋىدىن؛
ئورمان، سۇدىن ۋە تاپاۋەتتىن،
گاھى بىرەر شەھەرگە كىرگەن،
تراكتوردىن، ئېشەك ھارۋىدىن.
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى ئاداش،
يۇقىرىدا سىياسەت توغرا.
ئەمما، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى
تۆۋەندە بار يوچۇق ئاز — تولا

شۈنداق بولغاچ بىزدەك دېھقاننىڭ،
تومىمۇ ئەمەس يانچۇق، غەللىسى.
ئىشىنەيلى يېقىن ئارىدا،
تۈزۈلىدۇ بۇنىڭ ھەممىسى.
دەپ سۆز بۆلدى داۋۇت ساقالمۇ.
تەستىقلىدى ھەممەيلەن بىردەك:
«توغرا، توغرا، سۇنى بۇلغىغان،
يېزىمىزنىڭ نەچچە تەلۋىسى.
ئۇلار بىلمەس ئۇشبۇ ھېكمەتنى،
خەلق سۇدۇر، ئەمەلدار بېلىق.
بېلىق سۇسىز ئەركىن ئۈزەلمەس،
(ئايرىلالماس سۇمۇ بېلىقتىن)،
سۇ لېيتىش بۇ قانداق قىلىق؟!».
سۆز بولۇندى سورۇندا يەنە،
ئەجدادلاردىن قالغان تەۋەررۇك،
شاھ مۆجىزە — كارىز ھەققىدە.
ساختا، ناچار تاۋار — مەھسۇلات،
چىرىكلىك ھەم ئورگان ئىستىلى،
يەپ ئۇلگۇردى سوققا — رەدىيە.
خەلقئارا چوڭ ئىشلار تېخى،
سۆھبەتلەردىن قالمىدى چەتتە.
نۆۋەتى سۆز ئېلىپ ئۇمىدمۇ،
قىلدى نۇرغۇن توغرا تەربىيە.
گەرچە ئىشسىز بولغىنى بىلەن،
ئۇ ئوقۇغان، بىلگەنلىرى كۆپ،
ئاز كەم ئون يىل شەھەر كۆرگەندە!
چىللىغاندا تۇنجى رەت خوراز،

خوش ئېيتىشىپ تارقىدى ھەممە.
ئۆمىد قايتىپ چىگىش خىيالدا،
ئۆزاق بېقىپ ياتتى ساماغا.
نېمە ئۈچۈن، دېگەن سۇئالدا
كۆپ قىينىلىپ، كەتتى ئۇيقۇغا.

***

سۇبھى، ئۆمىد ئۇيقۇنى تاشلاپ،
مەھەللىنى چىقتى ئارىلاپ،
باردى يەنە كونا كارىزغا.
تاشلانغىنى بۇ مۆجىزىنىڭ،
قايتا ئەلەم قىلدى دىلىغا.
خۇرسىنىشتا ئەلەملىك باقتى،
كۆزلىرىدە تارام — تارام ياش،
«دەرىخا، ئاھ!» دېدى ئۆكۈندى.
قىبلە بىلىپ كارىز بېشىنى،
سۆيدى ئۇنى، ھالسىز يۈكۈندى.
يەرگە كۆپتىن سۇزۇك سۇ بەرگەن،
ھاياتلىققا كۈچ — قۇۋۋەت بەرگەن،
ئەجدادلاردىن قالغان مىراسنى،
قۇتقۇزۇشنىڭ غېمىنى يىدى.
بانكىدىكى — ئامانەتتىكى،
ئىشسىزلىقنىڭ سۇغۇرتىسىنى،
مەبلەغ قىلماق بولدى بۇنىڭغا.
ئۇپۇق تۇغقان ئالتۇنرەڭ قۇياش،
نۇرلىرىنى چېچىپ ئايىماي،
دېدى: «مەن تۇغ بولاي يولۇڭغا.»
تورغايلارمۇ سايرىدى كۆكتە،

گۈل — گىياھلار چىلىشىپ چاۋاك،
ئېيتتى: « يىگىت ئاپىرىن، ياشا!
دەرت كەلمىسۇن بىر جۇپ قولۇڭغا! »
كۆز ئالدىدا ئۈمىد ئاشۇدەم،
كۆردى سۈرەت ئۆزگىچە گۈزەل.
قايتىدىن سۇ چىقسا كارىزدىن،
يەر شادلىنىپ، دېھقان شادلىنىپ،
ساما سىلىپ ئېيتماسمۇ غەزەل؟ !
ئۈمىد قىلدى خالىس نىيەت ھەم،
ئەل — مەھەللە كۆرسە گەر راۋا.
ئېلىپ نەچچە ئۆينى ئارىيەت،
ئاچماقنى ھەم بىر كىتابخانا. . .
قايتىپ ئۈمىد ئېتىز، كارىزدىن،
ئولتۇرغاندا ئۆيدە ناشتىغا.
ئارزۇسىنى بىرمۇ بىر ئىزھار،
قىلدى بېقىپ ئاتا — ئانىغا.
ئاتا ئاڭلاپ ئوغۇل سۆزىنى،
چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن.
خۇشاللىقتىن تۇتتى ئاپىسى،
بىر پىيالە چاينى قايتىدىن.
ھاياجاندا توختى كارىزنىڭ،
كەلمەي قالدى تىلىمۇ گەپكە.
قورۇقلىرى يوقاپ ئانىنىڭ،
گۈل قوندۇردى چېھرىگە كۈلكە.
ئۈمىد ئېيتتى ئۇلارغا قاراپ:
—يۆلەنچۈكۈم سىلەر باشپاناھ.
مەن ھازىرلا شەھەرگە ماڭاي،

ئاق يول تىلەپ بېرىڭلار دۇئا.
شەھەردىكى بۇرادەرلەردىن،
ئېلىپ كېلەي يەتكۈدەك كىتاب.
ئۆيۈمنىمۇ بىراقلا سېتىپ،
بانكىدىكى پۇلغا كارىزغا
ئېلىپ كېلەي ئۇسكۇنە ئاتاپ.
ئەمدى ھەرگىز بولمايلى ھايال،
ۋاقىت دېگەن تۇرمايدۇ ساقلاپ.
توختى كارىز سۇرتۇپ يېشىنى،
«بارغىن بالام، قېنى بار» دېدى.
«مەھەللىدە قېرىنداشلارمۇ،
قول قوشتۇرۇپ تۇرمايدۇ قاراپ،
قانات ئەل — يۇرت ساڭا يار» دېدى. . .
چىقتى ئۆيدىن ئۇلار — ئۇچەيلەن،
يۈزلىرىگە نۇرلار قوندۇرۇپ.
ئۈمىد كېلىپ كۆرگەن مەھەللە—
شىمال دوقمۇش — ئۇجمىنىڭ ئاستى،
قىزىپ كەتكەن خۇددى توي بولۇپ.
شوخ گۆدەكلەر سېلىشار چۇقان،
يىگىت، قىزلار چۇشكەن مەشرەپكە.
مويسىپىتلار ساقالنى سىپاپ،
غەرق بولغان قىزىق سۆھبەتكە.
توختىكارىز سالامدىن كېيىن،
جامائەتكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ،
ئارزۇسىنى ئېيتتى ئۈمىدنىڭ.
«بارىكاللا!» دېدى ياشۇ — چال،
قوللىرىنى تۇتۇپ يىگىتنىڭ.

ئۈمىد ماڭدى شەھەرگە قاراپ،
«خوش!» دەپ قالدى كۆجۈم مەھەللە.
قەدەملىرى تېگىدىن ئۈنىڭ،
كۆردى يېڭى ئۈمىدنى ھەممە. . .

***

سەھرا،
پەيدا بولغان ئاۋۋال ھاياتلىق،
ئىسسىق بۆشۈك ئىنسانغا ئەسلى.
ئۇ ئەبەدىي قۇرىماس بۇلاق،
تىرىكلىكچۈن مۇقەددەس تۇپراق،
ھەقداسىدۇر جاپاكەش دېھقان،
بىز ھەممىمىز دېھقانىنىڭ نەسلى.
سەھرا، دېھقان دۇنياغا تۇۋرۈك،
ئەلمىساقتا، ئەتىگە يىلتىز.
ئۇ نان، ئوتياش، پاختا بەرمىسە،
تۇرالماس تىك مىنۇت ئادەملەر،
شەھەرلەردە بىنالار ئېگىز.
ئايلىنىشتىن توختايدۇ بەرھەق،
ھاياتلىقنىڭ ئوقى، يەر شارى.
تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ دۇنيا،
نەدە بىزگە بەختنىڭ ۋەسلى؟!
سەھرادىكى دېھقان كۈلمىسە،
ھايات ئاتلىق گۈلزارىمىزغا،
تەخىرسىزلا باسىدۇ ئاياغ،
زىمىستان قىش شۇم خازان پەسلى.
يىلتىزىنى تونۇغان ئۈمىد،
مىليون كىتاب قىلىپ يازغۇدەك،

بۇ ھەقىقەت، قانۇنىيەتنى،
خېلى بالدۇر چۈشەنگەنلەرنىڭ،
ئارىمىزدا يۈرگىنى بىرى. . .
مەن،
مەن دېھقانىنىڭ ئاددىي شائىرى،
بار مېنىڭمۇ كىچىك ئۈمىدىم،
ئۇ قەلبىمنى قىلىدۇ تومۇز.
دەيمەن ئۈمىد ماڭغان يولىدا،
ياق يول ئەمەس، ئەقىدىسىدە،
يالغۇز ئاتتەك قالمىسا يالغۇز.
باغدا بارچە گۈللەر ئېچىلماي،
كەلگەن ھېساب بولمايدۇ باھار.
كېچىمۇ ئۆز ئاينى ساناقسىز،
يۇلتۇز ئوراپ تۇرغاچقا قاتار.

ئىزاھاتلار:

①، ②، ③ لەر قوغۇن سورتلىرى.

ئەخمەتجان ئىمىن ئارمان

## سەن ئېيۇلنىڭ ئىللىق سەھىرى

ئۇزاپ كەتتىڭ چۈشۈم ئارا ئايدىڭ كېچەمدىن،
قاچتى ئۇيقۇم، كارىۋىتىمنى سىيلىدىم رەت — رەت.
سەن يوق ئىدىڭ، تۇرار ئىدى ھەممە ئۆز پېتى،
ئاڭلانغاندەك بولدى جىمجىت ئاۋازىڭ پەقەت.

ئۇچار تىنماي تۈن شامىلى لەرزان پەر قېقىپ،
بۇ ئېيۇلنىڭ جىمجىت، سالقىن كېچىسى ئىدى.
ياتار ئىدىم كۆز نۇرۇمدا تاڭغا ئوت يېقىپ،
خىرەلىشىپ باراتتى ھەم سوغۇق ئاي نۇرى.

قاچان يەنە ئۇيقۇ باستى، ئويغانسام بىر چاغ
تۇرار ئىدىڭ يىراق تاغدا كۈلۈپ قۇياشىم.
سەن تۇغۇلغان كۈن ئىكەنغۇ بۈگۈن ئەسلىدە،
بۇ غەپلەتلىك ئۇيقۇم ئۈچۈن تۆكۈلدى يېشىم.

مېنى ئىزدەپ تۇمانلاردىن يېڭىلمۇ ئازار،
مېنى كۈتۈپ باياۋاندا قالدىڭمۇ يېتىم.
مەن بارىمەن تۇمانلارنى قوغلايمەن يىراق،
كۆيۈك باغرىڭ چوڭقۇرىدا ئۆچەر زۇلمىتىم.

سەن ئېيۇلنىڭ پارلاپ تۇرغان ئىللىق سەھىرى،
سەھەردەك ساپ، سۈزۈك ھېسلار ئويغاتقان مەندە.
سەن ئېيۇلدا كۈلگەن قۇياش — يازنىڭ جەۋھىرى،

ئاتەش ئەمگەن ھاياتىمنىڭ يىلتىزى سەندە.

سەن سەھرانىڭ سەھىرىنى ئويغاتقان قىزى.
سەن ئىيۇلنىڭ يېنىپ تۇرغان پارلاق كۈندۈزى.

## سۆيگۈ بەرسەڭ پۈتۈن بەر

بىلىپ قال، ھېچقاچان ئۆزۈمگە ئۆزۈم
ئىچىمنى ئاغرىتىپ باقمىغان پەقەت.
كەچمىشىم ئۈچۈنمۇ ياش تۆكمەس كۆزۈم،
ھېسداشلىق قىلىشىڭ ئەمدى نە ھاجەت.

ئۆتمۈشتە مەن سۆيگەن ھېلىقى قىزمۇ،
مېنىڭدىن ھېسداشلىق قىلمىغان تەلەپ.
قەلبىمنى ئۆرتىمەس ئۇ سالغان ئىزمۇ،
ئۇ مەڭگۈ سۆيسىمۇ بەختىمنى تىلەپ.

بولساڭمۇ شۇ قەدەر ناتىۋان بىر قىز،
مەن سېنى سۆيمىگەن ھېسداشلىق ئۈچۈن.
سۆيگۈڭنى پارچىلاپ بەرسەڭ ئەگەردە،
مەن سېنىڭ يېنىڭدىن كېتىمەن شۇ كۈن.

سۆيمەسمەن ھېچكىمنى ئۈچىنچى قېتىم،
يۈرىكىم سۆيگۈسىز قالسىمۇ قۇرۇق.
بەرمىسەڭ بەرمىگىن، بەرسەڭ پۈتۈن بەر،
بىل پارچە سۆيگۈڭگە پارچە كۆڭلۈم يوق.

توختى نەمتۇللا

# ئۇچ مۇخەممەس

## كارىز

بىر تومۇز پەيتى، ئىچىپ كارىز سۈيى — شەربەتنى مەن،
شۇندا هاياتىم بېغىغا بەردىم گويا زىنىنەتنى مەن.
ياغدۇرۇپ كارىزچىغا دىلدىن تۈمەن رەھمەتنى مەن،
قەدىرلەپ قىلدىم زىيارەت بۇ كەشپىيات — سەنئەتنى مەن،
كۆردۇم خەلق ئەجرىدىن ئالەمشۇمۇل شۆھرەتنى مەن.

قەدىمدىن «ئوت يۇرتى»، «تونۇر» دەپ ئاتالغانكەن بۇ يەر،
كەلسە ياز، تۇپراقى — تاش گويا چوغدەك قىزىپ كېتەر،
تەپتىدىن يالقۇن ئۆرلەپ تاش ئۇچۇرۇپ بوران كېزەر،
دەستىدىن كۆكلەم — گىياھ نابۇت بولۇپ قۇرۇپ تۈگەر.
سىغدۇرۇپ كېتەلمىدىم ئەقلىمگە بۇ ئاپەتنى مەن.

شۇندا ھەر ئىشقا قابىل ئەجداتلىرىم كارىز چېپىپ،
خۇددى ئالماس ئۇشكىدەك تەھتى — ئەسراغا كىرىپ،
زەپ سۈزۈك قاشتېشىدەك يەر ئۈستىگە سۇ چىقىرىپ،
باشلىدى كۆكلەم — بىنام، باغلارغا يېڭى جان بەخش ئېتىپ،
بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتتە كۆردۈم شۇنچە مول بەرىكەتنى مەن.

قاچانكى بىنا بولۇپ كارىز بۇ يۇرتنىڭ قوينىدا،
تەگرىدىن يامغۇر تىلەش تامامى پۈتكەن چېغىدا،
ئوينىتىپ كەتمەن — گۈرجەك ئەجداتلىرىم گاڭ قولىدا،

قىلدى جەك ھارماي داۋام ئارزۇ — بەختىنىڭ يولىدا،
«ئاپىرىن!» دېدىم كۆرۈپ قەلبىمدە بۇ مېھنەتنى مەن.

گۈل يۇرتۇم بولدى بىنا شۇندىن بېرى جەننەت بولۇپ،
يايرىدى كاككۇك بېغىدا سۇبھىدە خەندان ئۇرۇپ.
تۆرەلدى ئەمگەكتە يار، ئاستانە، يەمشى نۇرلىنىپ،
بورانۇ — قۇرغاقچىلىق ھەيۋىسىنى بويسۇندۇرۇپ،
قاغجىراق دەشتتە كۆردۇم مىسلى گۈلزار — سۇرەتنى مەن.

ئايىندى باغلاردا ئۈزۈم تالى قۇۋۋەتنى قۇچۇپ،
ئوخشىدى ئالما — ئانار، قوغۇن شەربەتكە تولۇپ،
قالدى ھەم ئۈزۈم يېمىش دۇنياسىغا بىر شاھ بولۇپ،
كى ئۇلار ئالغاچقا كارىز سۇيىدىن تەم سۇمۇرۇپ،
سۇرمىدىم ھەر جايدا تېتىپ بۇ كەبى لەززەتنى مەن.

تونۇلۇپ كارىز جاھانغا بىر بۈيۈك زور كەشپيات،
بۇ ئەزىز يۇرتۇم غورۇرلۇق كۆكىدە يايدى قانات،
بۇ مىراس ئەمگەكتە بولغاچ بۇ جاي زەپ كۆركەم — ئاۋات،
قانچىلاپ سەيياھ كېلىپ تارىخقا يازدى قاتمۇ — قات،
نېمە دەپ تەرىپ ئېيتەي بۇ كەبى شان — شەۋكەتنى مەن.

ئېھ! بۈگۈن كومپارتىيەم بولغاچقا غەمخور، يار — يۆلەك،
قىشۇ — ياز جەڭ باشلىدى تەشنىدە تالماس گاڭ بىلەك،
كۆكسىدە بۇ يۇرتنىكى كەلسۇن ئەبەتكە دەپ چېچەك،
لەڭ ئۇرۇپ ئاققان سۇدا كۆردۈم بەختىنى ئىز — دېرەك،
شۇ ئۈچۈن قامۇس تۈزۈپ يازاي تۇمەنلەپ بەتنى مەن.

## ئۈزۈم

بۇ مۇخەممەستە بايان ئەيلەي ئۈزۈم دۇردانىنى،

خىلمۇ — خىل مېۋە ئارا يىگانە شاھ — سۇلتانىنى،
ھەر يۇرەك سارىيىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر مېھمانىنى،
بۇ جاھان بازارىنىڭ كى زىننىتى — خەندانىنى،
شام كەبى تەننى ئېرىتكەن لەززىتى — قىيامىنى.

سايۋا ھەم كىشمىش، بىجاقى، ئۇنچە — غۇنچە، قاشقىرى،
ئالدى شېرىنلىكتە زەپ مەرتىۋە چەكتىن تاشقىرى،
ئالدىدا قىلدى خىزمەت قانچە يەرنىڭ ناشپىكىرى،
تەرىپكە كۆي — مۇقام قوشتى تۇمەنلەپ ياش — قېرى،
ئەتكۈزگەچ تىلنى چاك ماختايدۇ ھەربىر دانىنى.

بولدى بىر جەرراھكى يۇرتۇم ساپ جاۋاھىر تەرگۈچى،
بېغىدىن ئەھلى جاھانغا ئابىكەۋسەر بەرگۈچى،
جەننەتۇل مەھ بىلىپ كەلگەندە قۇچاق كەرگۈچى،
ئىززەتلەپ مىڭ رەت هامان مېھماننى ئەلا كۆرگۈچى،
تولدۇرۇپ ئۈزۈمگە، مەيگە داستىخان مەيدانىنى.

تاپتىغۇ ئاغرىق شىپا كىشمىش ئۈزۈم خىسلىتىدىن،
سەزدى چال شىر ئۆزىنى يىگەندە ھېكمىتىدىن،
بەخش ئېتىپ ھەر دىلغا خۇشلۇق نۇر ياغدۇرار ئۆز بېتىدىن،
دەر ئىمىش: ئەسلا ئۈزۈم چىققان تەڭرى جەننىتىدىن،
ئۈزۈمسىز يېمەس شۇڭا ھەردەمدە ئەل تائامىنى.

ئالدى جاي ئۈزۈم، جاھان يەرمەنكىدە تەخت قۇرۇپ،
كەتتى ھەم قىتئەئارا ئەزىزلىنىپ ئەرشتە ئۇچۇپ،
ئاشتى بەك ئۇندىن ئېلىمنىڭ ئىززىتى ھەردەم ئۆسۈپ،
باغۋىنىم باركى، ئۈزۈم چاقنار هامان زۇمرەت بولۇپ،
تارتقۇسى يىلتىزنى ئۇ بويلاپ چوقۇم يەر شارىنى...

# مۇنار

ئەي مۇنار، زەپمۇ ھەيۋەت قەددىڭنى ئاسمان ئەيلىدىڭ،
گۈل — نەقىش، زىننىتىڭدىن ئالەمنى ھەيران ئەيلىدىڭ،
ئالدىڭدا ئاققان سۇدەك يىللارنى كارۋان ئەيلىدىڭ،
كىم سېنى كۆرگەن ھامان ئاشىق — غەزەلخان ئەيلىدىڭ،
تا جاھان ئارا تۈمەن — سەيياھنى مېھمان ئەيلىدىڭ.

تاڭ بىلەن دۇنياغا مەن كۆزۈمنى ئاچقاندىن بۇيان،
نۇر بىلەن ئاتەش مېھىر — شەپقەتنى قۇچقاندىن بۇيان،
سۆيۈنۈپ تاڭ ۋەسلىدىن مەشرىققە باققاندىن بۇيان،
چېلىقىپ سەن كۆزگە، دىل رىشتىمنى تارتقاندىن بۇيان،
كۈندىلا قەلبىم كۆكىدە زەپمۇ سەيلان ئەيلىدىڭ.

شۇ سۈپەت كەتكەندە بىر قانچىلا قىش ياز ئۆتۈپ، قىر بۇزۇپ
ئوينايدىغان شوخلۇق تۈگەپ، ئەقلىم ئۆسۈپ،
بىر يىلى كەلگەندە ھېيت — ئايەم خەلقنى كۈلدۈرۈپ،
پەشتىقىڭدا شادىيانىغا سۇنايىنى چالدۇرۇپ،
ئەل بىلەن شۇندا بېرىپ كۆرمەككە ئىمكان ئەيلىدىڭ.

بىر ئۇلۇغ سېزىم بىلەن كىردىم ئىشىكنى ئېچىپ،
ئۆرلىدىم ئەرىشكە توقسان بىر پەلەمپەي ئايلىنىپ،
باقىنىمدا يەرگە شۇ دەم كۆرۈندى جەننەت يۈز ئېچىپ،
باغلىرى، قەسىرلىرى گويا ئالتۇندەك سېزىلىپ،
چىن غورۇرلۇق ئىلكىدە سەن مېنى سۇلتان ئەيلىدىڭ.

مەن شۇندىن بۇيان ئەگەر قالغاندا بوش ۋاقىت چىقىپ،
چىن كۆڭۈل — ئىشقىم بىلەن قىلدىم سېنى تاۋاپ كېلىپ،
تۇرىدۇ كۆكسۈمدە قول، جىسمىم تۈمەن كۆزدە بېقىپ،
ھۆرمىتىم شۇ چاغ ساڭا تۇرغان ئەزىم دەريا ئېقىپ،

سەن مېنى ئىشقىڭ بىلەن مەڭگۈگە مەستان ئەيلىدىڭ.

كۆرگىنىم ئويۇن ئەمەس سېنى ئەزەلدىن شۇ پېتى،
كۆرگىنىم نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى بۈيۈك تارىخ بېتى،
كۆرگىنىم ئەجداد — بوۋامنىڭ مەشھۇر، باھاسىز ھېكمىتى،
بارچە گۈل — نەقىش ئارا نادىر ھۈنەرۇ — سەنئىتى،
سەن ئاشۇ خىسلەتتە بۇ دىيارغا شەرەپ — شان ئەيلىدىڭ.

سەن ئۈچۈن ئەجدادلىرىم ماڭلىيىدىن زەرلەر تۆكۈپ،
لاي ئېتىپ شۇ زەردە، زەپمۇ پۇختا، كۆركەم خىش قويۇپ،
ئىجتىھات قىلىپ ئۇلار ئەقلىنى جارىي قىلدۇرۇپ،
(خۇددى بىر چوڭقۇر قۇدۇقنى قويغان كەبى دۈم كۆمتۈرۈپ)
قىلغىچە كىملەرنى سەن ۋەيرانۇ — سەرسان ئەيلىدىڭ؟

ئېچىلىپ شۇ قان تەردىن ھۆسنۈڭدە ھەرخىل گۈل تۈمەن،
بولدى بىر باھاردىكى خۇشبۇي پۇراق چاچقان چىمەن،
كۆرسە كىم سېنى دەر: «كۆردۈمغۇ كارامەتنى مەن»،
زەپمۇ ئۇز سەنئىتىدە يوق قىلچىمۇ نۇقسان — ئېۋەن،
سەن ئۆزۈڭنى قىشۇ — ياز گويا گۈلىستان ئەيلىدىڭ.

سەن پولات تۈۋرۈك بولۇپ تۇردۇڭ نەچچە ئەسىر بويى،
يەتتە قات يەر قەرىگە كۈنسېرى يىلتىز تارتقان كەبى،
قىلمىدى ھېچقانچە كار چاپقۇن — بوران، توپان سۈيى،
شۇ بوران — قىيان ساڭا بولدى تەبىئەت ئويۇنى،
سەن چىدام بابىدا بىر ئۆزۈڭنى پالۋان ئەيلىدىڭ.

شۇ سۈپەت تۇرغاچقا سەن ئەللەرنى ئەيلەپ مەھلىيا،
بۇ دىياردا پارلىتىپ سەنئەت — ھۈنەردىن نۇر — زىيا،
ھەم بولۇپ ھەر بېتى چەكسىز مەزمۇنغا باي قامۇس گويا،
خەلقىمىز سانالدى ھۈنەردە ئۇستاز، پىر — ئەۋلىيا،

شۇ بىلەن بۇ يۇرتنى سەن ئەسھابى — ماكان ئەيلىدىڭ.

ۋە لېكىن چىققاندا تەتۈر بىر قۇيۇن ئون يىل ئارا،
باسقىنىدا بۇ ئەزىز يەرنى كېلىپ تۈتەك قارا،
شۇم نىيەتلەر كونا دەپ چاپلاپ ساڭا بۆھتان — يالا،
بولدى گۇم قىلماق سېنى دىللارغا سېلىپ داغ — يارا،
شۇندا سەن ھەسرەتتە ئۇنسىز زەپ نالە — ئەپقان ئەيلىدىڭ.

ئاقىۋەت كېتىپ تۇمان كۆلگەندە ئاسمان نۇرلىنىپ،
يۇتتى شۇ تۇمان بىلەن سەندىكى تەشۋىش يوقىلىپ،
پارتىيە — نۇرلۇق قۇياش ئىگە ساڭا غەمخور بولۇپ،
چۇشۇرۇپ پەرمان دېدى: «مۇنارنى ئاسرايلى تولۇق».
بۇ ئۇلۇغ پەرمان بىلەن شادلىقتا خەندان ئەيلىدىڭ.

ئېچىلىپ ئىشىك بۈگۈن دوستلۇق قېرىنداش يولىدىن،
كەلدى دوست — مېھمان ساناقسىز مەشرىقۇ — مەغرىپ قوينىدىن،
كەلگىنى سېنى زىيارەت قىلدى سۆيۈپ چىن كۆڭلىدىن،
ئالدى كۆپ ئەندىزە ئەجدادلارنىڭ سەنئەت ئىزىدىن،
سەن ھەر چاغ خەلق شانىنى دۇنياغا داستان ئەيلىدىڭ.

رىشىت مەخسۇت

# رۇبائىيلار

قەدىرلە ئىلىم — پەن باھار پەسلىنى،
ھۆرمەتلە، ئۇستاز تۇت بىلىم ئەھلىنى.
ھەرە بول، پەن ئەھلى گويا گۈل — چېچەك،
تىنماي يىغ، شىرنە دەپ ئۇلار ئەقلىنى.

※ ※

كەلگۈسى ئەۋلاد دەپ چەكسەم رىيازەت،
قەلبىمدە سېزىمەن بىر شېرىن لەززەت.
ئەۋلادىم بەختىيار ياشاپ ئەسلىسە،
شۇ ماڭا ئەڭ يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئىززەت.

※ ※

تاڭ ئاتتى دېگىچە كەچ بولىدىكەن،
ياز بولدى دېگىچە قىش بولىدىكەن،
ۋاقىتنى ئالتۇندەك قەدىرلىمىسەڭ،
ئاقىۋەت ھەسرەتلىك ئىش بولىدىكەن.

※ ※

ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلىسكەن كىشى،
ۋاپاغا مىڭ ۋاپا قىلىسكەن كىشى.
ۋاپانىڭ ئورنىغا جاپا قايتۇرغان،
نامەرتنىڭ كۆكسىنى تىلىسكەن كىشى.

※ ※

شېكەرنىڭ شېرىنىدۇر ئورۇنلۇق ئاز گەپ،
ھەممىدىن سۆرۈندۇر تېتىقسىز ماز گەپ.
ئاز سۆزلە، ساز سۆزلە، دائىم راست سۆزلە،
ئۆلۈككە جان بېرەر ھەقىقىي راست گەپ.

يېقىننى كۆرگەندە يىراقىنمۇ كۆر،
ئالدىنى كۆرگەندە ئارقىنىمۇ كۆر.
«خۇدا»نى ئاتقلاپلا «بەدۋى» دېگىچە
«ئۇر، ئۆلتۈر» دەيدىغان قىلىقىڭنى چۆر.

※ ※

ھەر ئىشنىڭ ئالدىدا گېپى بولىدۇ،
ئەمەلگە ئېشىشنىڭ ئېپى بولىدۇ.
يىگىننى تاپساڭلا كەشتە پۈتمەيدۇ،
يىگىننىڭ رەڭمۇ — رەڭ يىپى بولىدۇ.

※ ※

نەپسىڭنى ھەر دائىم سەتلەپ تۇرمىساڭ،
سىنىمۇ يەر ئاخىر چەكلەپ تۇرمىساڭ.
نەپسىڭ ئۆز ئىچىڭدە يوشۇرۇن دۈشمەن،
ئەپلەر ئۇ سەن ئۇنى ئەپلەپ تۇرمىساڭ.

※ ※

سىنىڭدە جۇپ قۇلاق ئەلدە كۆپ قۇلاق،
ئەل كۆزى ئاسماننىڭ يۇلتۇزى سىياق.
ئەل ئاڭلار ھەممىنى، كۆرەر ھەممىنى،
مەيلى سەن يېقىن تۇر ياكى تۇر يىراق.

※ ※

يامان ئىش يامراشتا كاناي بولمىغىن،
ياخشىنى قوللاشتا گاچا بولمىغىن.
ياماننى توسىغىن، ياخشىنى قوللا،
ھەرگىز نا ئەھلى بىۋاپا بولمىغىن.

※ ※

ھاياتىڭ يۈز يىللار قىلسىمۇ داۋام،
ئاخىرى بىر كۈنى بولغۇسى تامام.
ئەھلى يۇرت كۆرمىسە سەندىن قىلچە نەپ،
قىرقىڭغا بارماستىن ئۇنىتار ئاۋام.

روزى نىياز

# شېئىرلار

## ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم

كېسىلگەن چاغ — دەمدە يۇمران كىندىكىم،
ئانا يەر باغرىغا ساقىغان قېنىم.
چوڭ بولۇپ، ئوڭ بولۇپ، چەكسەم ئەل غېمى،
ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم.

تەرىمدە زېمىننىڭ مەڭزىگە سۆيسەم،
تەقدىرىڭ — ئىقبالىڭ ئوتىدا كۆيسەم،
كۈن — تۈنۈم بى مىننەت ئەجىردە ئۆتسە،
ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم.

ئىجتىهات ئىتىدا ئىزدەنسەم بىلىم،
نۇرلاردا يۇيۇنۇپ يورۇسا دىلىم،
ئالماسمۇ قول قويسا ئۆتكۈرلىكىمگە،
ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم.

كونا سۆز — مۇقامغا چالمىسام داپنى،
ئاسمانغا غادىيىپ ئۇرمىسام لاپنى،
مېۋىلىك دەرەختەك ئېگىلسەم پەسكە،
ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم،

ئىجادىم گۈللىرى چاچسا خۇش پۇراق،
توشۇلسا شامالدا يىراقتىن — يىراق،
سانالسام شائىرى خەلقىم — ئاۋامىنىڭ،
ئاشۇنى كۈتىسەن مەندىن ۋەتىنىم.

ئېزىتقۇ نازلارغا تىزنى پۈكمىسەم،
ئىشرەتلەر لېيىغا پېتىپ — چۆممىسەم،
ئەخلاقىم گۈل بەرگى تۇرسا تاپتازا،
ئاشۇنى كۈتىسەن مەندىن ۋەتىنىم.

تۇتسام مەن قورساقنى جاھاندىنمۇ كەڭ،
«گادايۇ، شاھ» قىمۇ باقسام تەپمۇ — تەڭ،
بەرمىسەم يول كىچىك ھەسەت، «لەببەي» گە،
ئاشۇنى كۈتىسەن مەندىن ۋەتىنىم.

دوستلارغا ئۇرغۇسا سۆيگۈم كەۋسىرى،
يالتىرار رەقىبكە قەھرىم شەمشىرى،
قىلمىسام دوست يىغلار، رەقىب كۈلەر ئىش،
ئاشۇنى كۈتىسەن مەندىن ۋەتىنىم.

تەرمىسەم كوچا — كوي پىتنە — يالغاننى،
ھەقىقەت يولىدا بەرسەم مىڭ جاننى،
«كۆيدۈرگە» ئاتالماي، «ئادىل» ئاتالسام،
ئاشۇنى كۈتىسەن مەندىن ۋەتىنىم.

نەپ — مەدەت كۈتمىسەم شۆھرەت — مەنسەپتىن،

«تام — قورغان» قۇرمىسام تۇغقان — نەسەبتىن،
كۆتۈرسەم بېشىمدا تالانتلىقلارنى،
ئاشۇنى كۆتسەن مەندىن ۋەتىنىم.

تۇرسىلا يۇلتۇزدەك چاقناپ كۆز نۇرۇم،
ئاقىدۇ تومۇرۇمدا ۋىجدان، غورۇرۇم.
پاك ياشاپ،
دۇنيادىن
پاك پېتى كەتسەم
ئاشۇنى كۈتسەن مەندىن ۋەتىنىم.

## ئۇستاز

چىقىپ مۇنبەرگە تەمكىن، شاد يېگى تاڭدا سەھەر، ئۇستاز،
لېۋى بىرلە بىلىم قۇياشىدىن زەرلەر تۆكەر ئۇستاز.

پۈتۈن بەستى ۋۇجۇدۇمغا گويا پىلدەك چىدام — غەيرەت،
دېگۈزۈپ «دادا» جاپالارنى قاچۇرغان دەر بەدەر، ئۇستاز.

ئۇچۇرغۇزغان سەبى — ياشنى ئۇ مەكتەپتىن — بۇ مەكتەپكە،
ئېگىز — يۈكسەك بىلىم — پەندىن تاقاپ قاناتۇ — پەر ئۇستاز.

سىڭىپ تۈن قوينى، دوسكىغا چېچىنىڭ قاپقارا رەڭگى،
توزان — بوردا بېشى قاردەك ئاقارغان جان پەدەر ئۇستاز.

كۆڭۈل ئاسماندىن چېچىپ باھار ئاپتىپى نۇرىنى،
يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى ياراملىق شۇ قەدەر ئۇستاز.

سۆيۈنۈشلەر دېڭىزىدا چۆمۈپ — ئۈزۈپ سېزەر پەخىر،
مېۋە كۆرسە شاگىرتتىن يېزا، يايلاق، شەھەر، ئۇستاز.

سانالسىمۇ باھاسىز، دەپ مۇبارەك نامنى، مېھنىتى،
ئەمەل — ئابرۇيى مۇناردىن ئەبەدىي بى نەزەر ئۇستاز.

ۋەتەن — يۇرتىنىڭ گۈزەل ئەتىسىنى كۆزلەپ بىدارلىقتا،
ئېچىشقا سىر قۇلۇپىنى دائىم قىلغان سەپەر، ئۇستاز.

تىلىكىم گۈل — پاياندازدۇر ئاشۇ سەپەر داۋامىغا،
بېسىپ ئۆتكەن ئىزىڭىزنى باغاشلىسۇن زەپەر، ئۇستاز.

قولۇم كۆكسۇمدە — ھۆرمەتتە، بۇلار خۇرسەن يۈرەكىممۇ،
غەزەل — ناخشامنى خۇش بۇيلۇق ئىكەن دەپ بىلسەگەر،
ئۇستاز.

رەيھانگۈل غېنى

# ئايال

(ئادىل تۇنىيازنىڭ «ئەركەكلەر، قېنى سىلەر»① ناملىق داستانىنى ئوقۇپ)

قۇياشتەك نۇر چاچقانمۇ ئايال،
خۇشبۇي پۇراق چاچقانمۇ ئايال.
كۆزلىرىدىن مېھىر تامدۇرۇپ،
ھاياتنى بال قىلغانمۇ ئايال.
سىرلىق تۇرمۇش باياۋىنىدا،
ماياك بولۇپ يانغانمۇ ئايال.
پەرزەنت، ئەر دەپ كۈن ۋە تۈنلەردە،
شامدەك ئېرىپ كۆيگەنمۇ ئايال.
كۆڭۈل خۇشى ئىزدەپ بەزمىگە
مەجنۇنلارچە چاپقانمۇ ئايال.
پۇل ۋە ھوقۇق پەرۋانىسى بوپ،
شەيتان كەبى ئازغانمۇ ئايال.
مەيلى قانداق بولسىمۇ پەيلى،
ئايال بىلەن پۈتۈندۇر جاھان.
ئايال ھاۋا، ئايال ئېقىن سۇ،
دىلدىن — دىلغا سۆيگۈ تاراتقان.
ئايال شېرىن، ئايال سۆيۈملۈك،
ئايال يۇلتۇز، ئايال تولۇنئاي.

ئۇلۇغلۇقتا مەبۇدتۇر گويا،
جىمى گۈزەل سۈپەتلەرگە باي.
ئايال گىياھ تاش ئاستىدىمۇ،
چىقىدىغان بولۇپ تۆت قۇلاق.
ئايال ئۈنسىز بەخش ئەتكۈچى،
خىلۋەتتىكى قۇرىماس بۇلاق.
ئايال دەريا، بىپايان دېڭىز،
گاھى تىنىق، گاھىدا قايناق.
ھايات دېگەن ئايال قولىدا،
داۋام ئېتەر ئۇزاقتىن — ئۇزاق.
سىزمۇ ئايال،
مەنمۇ ئايال ھەم.
چىن ئايالدەك ياشايلى جەزمەن،
ئۈنۈتمايلى، بۇ ئۆتنە ئالەم.
ئەۋلادلارنى ئېچىندۇرمىسۇن،
بىز ماڭغان يول،
بىز باسقان قەدەم.
قەلبىمىزدىن سەل بولۇپ ئاقسۇن،
ئايالغا خاس چىنلىق، ساداقەت.
پاك ئەقىدە، سۆيۈش، قانائەت،
تىرىشچانلىق، ئىزدىنىش، مېھنەت،
شەخسىيەتسىز كۆيۈش — مۇھەببەت.

ئېھ، ئايااللار،
ئەرلەر قاقشال بولماقتا.
قۇرت يېگەن ئۇژمە شېخىدەك.
كۈندە مىڭ خىل ئۆزگىرىپ،

يىتىشەلمەي مودا دەۋرگە،
قىرىماقتا.
قۇمدەك كۆپەيگەن،
قائىدە — يوسۇن، چايلار ئارىسىدا.
پىلسىراتتەك توي سىلىقىدا.
بەزى يىگىتلەر،
پۇل تاپالماي ئوۋلىيالمىغاچ
قىزلار كۆڭلىنى،
ھەسرەت چەكمەكتە.
ئۆي ئالالماي،
خازان بولماقتا،
چۇشىنەلمەي ئازابلانماقتا،
سىرلىقلاشقان قىزلار قەلبىنى.
ئۆتمەكتە ئۆمرى
ئۇمىدسىز كۇتۇش ئىچىدە.
قىزلار تولماقتا
تولۇنئايسىمان،
پۇلدار ئەر ئىزدەپ،
لىۋىنى چىشلەپ،
تانسىخانا، بەزمىخانىدا...
لەرزان لەيلەپ، ئەنسىز تەمترەپ.
قىرىماقتا
ئىزسىز، مەزگىلسىز،
شاھلار كەبى بەخت چۇشىدە.
ئەرنىڭ غىمىدە
ئەقلىدىن ئازماقتا،
ئەر كۆڭلىگە يۇگەن سالالماي،

ئەرنىڭ دەردىدە.

ئۇتتەك يېلىنجاپ كۆيدۇرگەن ئايال،
سۇدەك جىمىرلاپ سۆيدۇرگەن ئايال.
ئەرلەر بىزگە تەئەللۇق،
ئەرلەر بىزنىڭ قانىتىمىز،
ئەرلەر بىزنىڭ تەڭرىقۇتىمىز،
ئەرلەر بىزنىڭ ئېتىقادىمىز،
قانداق ئازاب
ئاھ، قانداق دەھشەت،
بۇ ھاياتنى ئۆلارسىز ياشاش.
ئەر ئەمەسمۇ ئايالنىڭ جېنى،
ئەر ئەمەسمۇ ئايالنىڭ قېنى،
ئەر ئەمەسمۇ بارچە ئايالنىڭ
يۆلەنچۈكى، زەپەردەست تېغى؛
يۈرىكىدە يالقۇنجاپ تۇرغان،
مۇھەببىتى، ئۆلمەس سۆيگۈسى،
چەكسىز غېمى
چەكسىز لەززىتى.

ئايال
گۈل بولسا ئەگەر،
دېمىگەنمۇ ئاقىللار
ئەر دېگەن يىلتىز، ياپراققا ئوخشاش.
ئەر ئايالدىن تۇغۇلۇپ،
ئايال ئۈچۈن ياشاپ،
ئايال ئۈچۈن كۈلۈپ،

ئايال ئۇچۇن قان ۋە ياش تۆكۈپ،
ئۆمرى سۇدەك ئۆتىدۇ ئېقىپ،
ئايال ئۇچۇن ھەتتا كېتىدۇ ئۆلۈپ.

تۇرمۇشنىڭ قايمىقى ئايال،
ئازابنىڭ مەنبەسى ئايال،
ھاياتنىڭ شادلىقى ئايال،
دۇنيانىڭ قۇدرىتى ئايال.
ئەمما،
ئەرلەر بولمىسا
تاشلاندۇق ئارالدۇر ئايال،
تۆھمەتنىڭ كانىدۇر ئايال،
كۈلپەتنىڭ قۇلىدۇر ئايال،
يانتاقنىڭ كۈلىدۇر ئايال.
گاھى ئەرلەرنى يىغلىتىپ،
ئالقىنىدا ئويناتقانمۇ ئايال.
گاھى ئەرلەرگە يالۋۇرۇپ،
ھەسرەت چەككەنمۇ ئايال.
بىچارىمۇ ئايال،
ئەزىزمۇ ئايال.

ئايال
رېستۇران ۋە بەزمىخانىدا،
قاتار چاي ۋە تۇگىمەس تويدا،
يۈرەر گۈزەل توزدەك ياسىنىپ.
گىرىمسەن ئۈز، ئاپئاق تۇماندا،
بۇلۇت كەبى يېنىك لەيلىشىپ،

نازلىق كۈلۈشۈپ.
ھۆكۈم سۈرەر جىمجىت كېچىدە،
غېرىب ئۆيدە ئېغىر ئۇھسىنىش،
ئاچچىق سوئال، تۇنجۇققان ئۈندەش
رۇجەكلەردىن چىقماقتا سىرغىپ.
سەبى بالا ئەر قۇچىقىدا
ئولتۇرىدۇ ئىشىككە بېقىپ.
ئون ئىككىگە داڭ ئۇردى سائەت
كەلمەس سىرتتىن ھېچقانداق تىۋىش،
ئەر ئازابلىق تىنىپ بىئامال
غەزىپىنى ئىچىگە يۇتتى،
بىر تال ئاچچىق تاماكا چېكىپ.

ئېشىپ بارماقتا ئايالنىڭ خەجى،
ئېشىپ بارماقتا ئۆينىڭمۇ يۈكى.
خورىماقتا ئەرلەرنىڭ زېھنى،
ئۈپرىماقتا ئەرلەرنىڭ ئۆمرى.
مودىكەش ئايال
كىيىم — كېچەك، زىبۇ — زىننەتكە
پۇل بەرمىسە ئەر،
قاپاقنى تۈرەر.
سەھەردىن كەچكە
پاشىدەك غىڭشىپ
سانجىيدۇ نەشتەر.

جاپاكەش ئەر، پۇل ئۈچسا قايان
ئۈچۈپ بارماقتا يوپۇرماقسىمان.

ئېتىزلاردا قاقشىنىپ يۈرۈپ،
سوغۇقلاردا شۈمشىيىپ يۈرۈپ،
پۇل تاپماقتا
كۆكتات، سۈت سېتىپ.
كەتمەن چاپماقتا،
پېشانىسىدىن
مۇنچاق — مۇنچاق تەرلەر ئېقىتىپ.
قوناق ئۈزمەكتە،
پاختا تەرمەكتە،
ئۈزۈم ئۈزمەكتە،
تاتلىق — تاتلىق خىيالغا پېتىپ،
ئۆز — ئۆزىگە دەردىنى تۆكۈپ.

ھەي! ئايال،
ئامانىنسامۇ
ئايال ئىدىغۇ، ئايال!
ئوردا راھىتى
سۇندۇرالمىغان، ئۇنىڭ جىسمىدا
قەد كۆتۈرگەن ئاياللىق روھىنى.
تىكلەپ بەرگەن ھاياتىدا ئۇ
ئاياللىقنىڭ ئابىدىسىنى.

ئوغۇزمۇ ئەر ئىدى،
يۈسۈپ②مۇ ئەر ئىدى،
مەھمۇد③مۇ ئەر ئىدى،
ئۇيغۇر④مۇ ئەر ئىدى،
ئوخشاشلا ئايال تۇغقان،
ئايال سۈت بەرگەن،
ئايال قۇت بەرگەن؛
ئايال ھەممە

ھەممىنى بەرگەن.
قېنى ئاشۇنداق
ئاقىل، ئالىم باھادىرلارنى
يېتىشتۈرگەن دانىشمەن ئايال.
سەمىمي ئايال.
پىداكار ئايال.
ۋاپادار ئايال.
مىننەتسىز ئايال...

شۆھرەتخور ئايال.
ئىشرەتخور ئايال.
ھازازۇل ئايال.
يەتتە باشلىق يالماۋۇز كەبى
سۈمۈرمەكتە ئەرلەر تېنىدىن
قىزىل قېنى، يىلىكلىرىنى؛
ئەركەكلىكنىڭ گېنى، روھىنى؛
ئۈمىد، ئارزۇ — ئىستەكلىرىنى؛
خىرە — شىرە خۇشاللىقىنى؛
ئەبەدىيلىك كېلەچىكىنى.
شۇڭا ئەرلەر
ئىزدىمەكتە ئەركەكلىكىنى.

ئىزاھاتلار:

① مەزكۇر داستان ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999 — يىللىق 4 — سانىدا ئېلان قىلىنغان.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

③ مەھمۇد قەشقىرى.

④ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر.

مۇھەممەتجان راشىدىن

# ئىككى ساترا

## ئويناپ تۇرسۇن ئاق كۈچۈك ...

ـ داموللامنىڭ قىزى قايتىپ چەت ئەلدىن
كەپتۇ! ـ دېدى، — يېڭىلىقتا يۈگۈنۈپ!
كىرىۋېدۇق شۇ «يېڭىلىق» يېتىپتۇ،
پەي ياستۇقتا چۆككىنىچە تۈگۈلۈپ.

يېڭى تۇغقان بالىسى، دەپ دەسلەپتە،
تاس قاپتىمەن كۆرۈملۈكمۇ بەرگىلى.
مەندىن ئاۋۋال ئايالىممۇ ماڭغانتى،
«ۋاي ساقام!» دەپ قۇچىقىنى كەرگىلى.

چۈنكى، ئۇنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇققانتۇق،
بىراۋلاردىن «مەدەنىيەت» ئىكەن دەپ.
چۆچۈپ كەتتۇق كۆتۈرگەندە بېشىنى،
كىرپىكلىرى كۆرۈنگەندە تىكەندەك.

بوۋاق دېسەك، بولۇپ چىقتى بىر كۈچۈك،
دېمەك، ئاشۇ سىم كارىۋاتتا ياتقان قان.
ۋۇجۇدىدا ياتسىراشتىن ئەسەر يوق،
يېتىرقاشنى بىلمەيدىكەن بىر ئوبدان.

ئاق ئوغلاقتەك ساڭگۈل — سۇڭگۈل يۇڭى بار،

بىر مەخلۇقكەن سالپاڭ قۇلاق، خاپانباش.
بىلەلمىدۇق: ئورغاچىمۇ، ئەركەكمۇ،
سورالمىدۇق، قۇرامىنى ـ قانچە ياش؟

قۇيرۇقى بار كېلەڭسىزدىن — كېلەڭسىز،
تاپالمايسىز نەدە ئۇنىڭ سەت كۆزى؟
قىسقا — قىسقا پۇتلىرىدىن قورقىسىز،
تەقى — تۇرقى ئالۋاستىنىڭ نەق ئۆزى.

ئۇيان چېپىپ، بۇيان چېپىپ بۇ مەخلۇق،
بىز قايتقىچە كىيدى ئۆينى بېشىغا.
ئەركىلەيتتى گەپنى گەپكە قوشماستىن،
كېلىۋېلىپ ئىگىسىنىڭ قېشىغا.

گاھ يالايتتى ئاپئاق قىزنىڭ قولىنى،
گاھ يامىشىپ يۇزلىرىنى پۇرايتتى.
قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ بەزىدە،
نېمىنىدۇ، بىر نەرسىلەر سورايتتى.

چىقىۋالسا بىردەم سەكرەپ سافاغا،
گاھ شىرەنىڭ ئۇستىنىمۇ قويمايتتى.
خۇددى كەپسىز بالىلاردەك تېپىرلاپ،
هاي! دېمىگەچ خالىغانچە ئوينايتتى.

قىزىق ئىدى داموللامنىڭ قىزىمۇ،
كۇچۇكنىڭ باشلىرىنى سىيلايتتى.
پاراڭ سالغاچ، بارمىقىدا بىر ياقتىن،
بۇ دەيۇزنىڭ قۇلىقىنى كولايتتى.

مەست بولغانچە كەلدى ئۇنىڭ مەستلىكى،
ئۆزى بىلەن ئوينىغانغا كۇچۇكى.
چىدىماستىن ئاخىر ئاڭا دەپ سالدىم:

بارمۇ نېمە كۆچۈكىڭىزنىڭ چۈچۈكى؟

ساھىبخانىنىڭ كەيپى ئۈچتى شۇ ھامان،
ئوخشاپ كەتتى كۆچۈكىگە چىرايى.
قىزىق كىرىپ، يېنىپ چىقتۇق سالپىيىپ،
ئاڭا سەۋەب بۇ ئاغزىمىنىڭ گۇناھى.

ئۇقتۇق جىق گەپ كېيىن يەنە كوچىدىن،
ياتىدىكەن تۇندە ئۇنى قۇچاقلاپ!
ئۇ سۆيمىگەن تۇمشۇقلىرى قالماپتۇ،
بەس، كەتمەيلى ئەمدى گەپنى ئۇششاقلاپ.

داموللامنىڭ كىچىك قىزى ئىدى ئۇ،
ئوقۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەن چەت ئەلگە.
نەدە قالدى ئوخشاتقىنى مەرھۇمنىڭ،
شۇ قىزىنى ئۆزى ئۈچۈن مەشئەلگە؟!

دېيىشتى ئەل: دامولامنىڭ ئۆلۈمى،
يارىشىپتۇ مودا پەرەس قىزىغا.
باشقىلارنىڭ باللىرى گۈل تەرسە،
ئىت باغلىدى قىزى ئۇنىڭ ئىزىغا.

شۇنداق بولسا مەدەنىيەت، يېڭىلىق،
ئويلاڭلارچۇ، ئەل ئىچىگە سىڭەمدۇ؟
جاھان ئۆزاق، ئويناپ تۇرسۇن ئاق كۆچۈك،
بىز يېڭەمدۇق، بىزنى يا ئۇ يېڭەمدۇ؟!

## «چۈشەنمىدىم»

چۈشەنمىدىم، ـ دېدى بىر دوستۇم، ـ
بۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئىشىنى.

ئالتۇن ساپتۇ، ئۇقسام، خوتۇنۇڭ
ئېلىۋېتىپ ئۇچ تال چىشىنى.

ساق كۆزىگە كۆزەينەك تاقاپ،
بولۇۋالدى بىزنىڭ ئايالمۇ؟
پەيدا بولۇپ قالدى مەڭزىدە،
ئۇنى ئاز دەپ تېرىقتەك خالمۇ.

تالادىمۇ تولا مۇنداق ئىش،
بېرەرسەنمۇ سىرىنى يېشىپ؟
خادىك ھەيدەپ بارىدۇ بىرى،
ئورۇق ئاتقا قوڭغۇراق ئېسىپ.

بىرى ئەنە زەمبىل توقۇيدۇ،
بىزگە بىر خىل، ئۆزىگە بىر خىل.
خېرىدارى ئوخشاش ئادەمغۇ،
توقۇلىدۇ نېمىشقا ھەرخىل؟

يامانلارنى «ئىت» دەپ تىللايمىز،
ئىت باقىمىز ئۆي — ئۆيدە، لېكىن.
توۋا دەيمەن، ئىتنى يامان دەپ،
يۆرگەنلىرى يالغان گەپمىكىن؟

تاللاپ يەيمىز ناننى جوزىدىن،
قويماي يەيمىز ئەمما ئاخىرى.
چۈشەنمىدىم، ئېيتقىنا دوستۇم،
بۇ ئىشلارنىڭ بار قانداق سىرى؟

تىرىكىدە تىللىغانلارنى،
ئۆلگەن كۈنى ماختايمىز ئەجەپ!
ئېيتىپ باقسۇن مۆتىۋەرلەرمۇ،
بۇنىڭ ئۆزى قانداق بىر ئەدەپ؟!

**مۇھەممەت خېۋىر**

# ئاتەش رىۋايەتلىرى

## 1

تەگشىلىپ چىقسام قاۋاقتىن، سىگسە گەر بەدنام ماڭا،
تەگلىشىپ يۈرسەم جاھانغا بەدۋىچە بايرام ماڭا.
بەك يىراق، يىراقتا سەن كوزىغا كەتتىم چۆكۈپ،
باغلىدى زەنجىرى ھەسرەت، بىر ئۆمۈر ئىھرام ماڭا.
لال بولۇپ ئۆتمەك سەبىنىڭ خىسلىتىدۇر، بەك ئىنىق،
مۈپتىلالىق تۈنلىرىمدە بەرمىدى ئارام ماڭا.
بۇ رىيازەت مەنزىلى ئۆرتەپ، تاپانغا كىردى مىخ،
راسلىدى ماڭدامدا قانچە قەستى قابىل دام ماڭا.
گۆرسىمان رەزگى سۈكۈتتىن سۇلدى ئىدراكلار تولا،
رەھمىتىم، زەخمەتلىرىم جۇغلىدى ئىلھام ماڭا.
سەللىلەر نىقابلىرىدا قالدى ۋەزلەر تاش بولۇپ،
سېھرى ھېكمەت سىرلىرىنى يەتكۈزەر ھەر جام ماڭا.
ۋەسلى دەملەر قالدى پىنھان مۈلكىدە يانغىن بولۇپ،
ساقى يا، ھېكمەتلىرىگدىن تۈتقىنا ئىلدام ماڭا!

## 2

ئىشق گۈلخانىدىن تاپتىم ئۆزۈلمەس ئىنتىزارىمنى،

خىياللار ئالدى مەيلىمدىن ئۈزۈلمەس ئىختىيارىمنى.
شارابتىن بەزلىنىش دەردمەن ئىشىغا بىر ئۈدۈم بولدى،
ھىجىر دەلىلىدىن تاپتىم يوقالغان غەمگۈزارىمنى.
كىشىنىڭ بەختىگە ئىقبال تىلەپ ئۆتمەكتە مەۋقەيىم،
تاپارمەن ئاخىرى، بەلكىم، شۈ يەردىن لەيلىزارىمنى.
تىتىلغان باغرى زەرداپتىن كېلەر مەرغۈلى تۈنلەرنىڭ،
تېپىپ كەلدىم قەلەم ئىزھارىدا نىمكەش غۈبارىمنى.
مېنى كۆرمىشلەر زەردار مەرتىۋىسىنى قىياس قىلدى،
تىيىن ھىممىتىگە زارلىق ئېلىپ تۈرسا قارارىمنى.
قولۈم ئىمكانغا ئىمكانسىز پەلەكتە لەيلىدى، كۆيدى،
بېھىش ئارمانىدىن كەتمەي ئۈزاتتىم كۆپ باھارىمنى.
يېشىم لەززەتلىرىدىن مەست بولۈپ كەلمەكتە كىم —
كىملەر،
ئەجەم خەندانىغا تەققاس بىلىپ پەريادۈ — زارىمنى.
خارابە كەچمىشىدىن ئىپتىخار مەيلى ئۈمىدسىزدۈر،
شۈڭا كەلمىشكە قويدۈم تاپمىغان نەۋگۈل ئۈزارىمنى.
ئىچىمدە ماگما غەليانى پۈرۈقلاپ جۈش ئۈرار تىنماي،
تۆكۈل پىنھان، جاھان كۆرسۈن مېنىڭ زەخمەت دىدارىمنى.

## 3

ساقى يا كەلتۈر شاراب، قۈي يۈرىكىم گۈلخانىغا،
ئوتنى دەپ كىردىم مۈقەددەس سىر ئۆيى — مەيخانىغا.
سېھرى مۈڭغا بىر چۆكەي ئۈنتۈپ جاھانىنىڭ دەردىنى،
بەھۈزۈر پىكرەتكە جاي بۈ ئىستىكىم ئىمكانىغا.
ھەزرىتى ھەييام بىلەن سۆھبەتكە نائىل مەن بۈگۈن،
ياكى يەتمىشمەن كەيپىنىڭ بىمالال ئېھسانىغا.

باغ ئارا گاھ سايرىسا تورغاي، كۆيىگە بولما لال،
بولسا ئالجىش بولماس ھەيران شىر كەيىپ خەندانىغا.
قۇي شاراب، قۇي يالقۇنۇم يىلتىزلىرىغا، پەسلىسۇن،
جان بولۇپ قويسۇن چېكتنى چىلىلەر ھىجرانىغا.
ئۆلغىيار ئوت، دۇملىنەر روھ، تاۋلىنار ئىشقى بايان،
كۆكلىتىپ تاڭ چۇشلىرىمنى سىڭدۇرۇپ جەريانىغا.
قۇي شاراب، سېھرى سۇزۇكلۇك پەزلى ئەلگە پارلىسۇن،
قاينىسۇن قان، ئايلىنىپ سۆيگۇ — ئىشق قىيانىغا.
رەڭلىرى ئۆچسۇن نىقابنىڭ، رەڭلىنىپ چىقسۇن شەپەق،
كىرمىسۇن رەزگى پالاكەت كۆلكىلەر دەردخانىغا.
كۆز ئېچىپ خامۇشلىقىڭدىن سۆھبىتىمگە سال قۇلاق،
قالمىسۇن پىنھان كەيىپتىن بۇ قاۋاق بۆھرانىغا.

4

باغ ئارا گۈل پەيزىدىن تاق بەھىر ئالماق تەس ئىكەن،
سەزمىگەن ئەيىب بولۇر، يار قىممىتى پەيۋەس ئىكەن.
بىلمىسەڭ بۇ بەختىيارلىق دەملىرىنى شۇندا كۆر،
گۈلنى دەۋر قىلغۇچى پەرۋانىلەر بەس — بەس ئىكەن.
دەردى ھىجراندىن يىراقتا نە ئىشقنىڭ تەشۋىشى،
چۈلنى كۆرمەي چەشمە زەمزەم قەدرىگە يەتمەس ئىكەن.
كىم ئىشقتىن ئالجىدى، كىم كىردى شەيتان كەينىگە،
تاڭنا بەش كۈندە ئۆنىڭ ئەھۋالى ناچار، خەس ئىكەن.
كىم ئىشقتىن تاڭ ياساپ تۆت پەسلدە ياشنىسا،
بەھرىمان بولغان كىشى ئوتلۇق ئىشقتىن مەست ئىكەن.
باغ ئارا، يوللار ئارا گۈل زارىدىن گاھ غەش كۆڭۈل،
گاھى گۈلگە بىر ئۆمۈر ئەھدۇ — ساداقەت تەس ئىكەن.

ئاڭلىغان ھېكمەت بوگۈن پىنھانىغا باشلاپ بەردى دەرس،
كېپىنەكنىڭ گۈل خىيالى بىر سۆيۈق ھەۋەس ئىكەن.

## 5

ناۋادا كۆيلىرىم گۈلگۈن دىلىڭدا قوزغىسا رەنجىش،
ئۇ ھالدا باشلىغىن ناخۇشلۇقۇم يىلتىزىغا تەپتىش.
مېنىڭ شەيتانلىرىم ھەرگىز كۆنەلمەس ياپيېشىل يازغا،
ئۇنىڭ شەيتانلىقى قوزغار دىلىمدا ھەر قاچان تەشۋىش.
ماڭا داغ يۇكلىمەك شەيتان ئۇچۇن ئادەتكە ئايلاندى،
شۇڭا، تەشۋىشكە ئىتتەردى كۆڭۈلنى كىر قىلىپ كەچمىش.
بۇيۇكلۇك ئىزدىسەڭ مەندىن، مېنىڭ مەۋجۇدلىقىم يوق گەپ،
ئىشق ۋەسۋەسىسىدە مۇمكىن مېنىڭچە ھەر قانچە ئەتمىش.
ئىشق رىزقىمغا كىم شېرىك، چىدامىلار مەندە نۆل تەھقىق،
ئىشق دەۋاسىدا تەس ئىش شەخس دۇنياسىدىن ھالقىش.
يېقىملىق كۆيلىرىم ئۆچكەي نىجىسقا گەر يېقىپ قالسا،
نۇرانە تۆرگە يەتكۈزگەي، نىگار ۋەسلىگە تاق يەتمىش.
غېرىب پىنھاندا تەشۋىشنىڭ ئاداقىي يىلتىزى بىرلا،
ئېتىشتۇر گۈلنى سوغلاردىن كامالەت مەۋجىدە پەرۋىش.

ھەبىبۇللا رەجەپ

# كارىزنىڭ سۈيىدە يۇيدۇم روھىمنى

## پۇل گەردىشى

تۈن دەرياسى شىرىلدايدۇ چايقىلىپ،
ئاڭا چوڭقۇر چۆكەر ئەقىل بېلىقى.
قاش تۈۋىدە قارايمايدۇ ئادەملەر،
ئەركىنلىكتىن سۇغۇلماقتا قىلىقى.

قارا رەڭدە كۆرۈنىدۇ گۈللەرمۇ،
چاك – چېكىدىن سۇنغان قۇياش نۇرىمۇ.
تىرىلمەكتە «پۇل» دېگەن بىر ئېتىقاد،
ئاھ! قارىيىش ئادەملەرنىڭ شورىمۇ؟

بۇلاپ – تالاپ يېيىشمەكتە ھاۋانى،
پۇلنىڭ قولى سوزۇلماقتا قۇياشقا.
پۇلنىڭ چاقى چۆرگىلەيدۇ كۆزلەردە،
قاقشال بولغان رەقىمىنى ساناشقا.

پۇل گوياكى ھەشەمەتلىك خەرىتە،
ياتقان لەكمىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس كانلار.
پۇل گوياكى ئالتۇن چوققا، ئالتۇن تاغ،
دەريا، دېڭىز چايقاپ ئاققان مارجانلار.

پۇل بولماسلىق ھەرگىز ئىزگۈ ئىش ئەمەس،
پۇل ئۇستىدە ئولتۇرساڭمۇ سەن ئادەم.
پۇل نازىدىن ئاقسا ئەقىل شۆلگىيى،
ھېس — ھاياجان ئۇششۇپ قالار ئاشۇ دەم.

ئايلىنىدۇ تەڭگىلەرگە قىر — تۇپراق،
تەڭگىلەردە قۇتراپ تۇرغان سان — سىفىر.
پۇلنىڭ چىشى ۋاقىتلارنى غاجايدۇ،
ۋاقىت يەيدۇ ئادەملەرنى بىرمۇ — بىر.

قىز — چوكاننىڭ كۇلكىسىمۇ پۇل دەيدۇ،
قەلەم قېشى ئوينىمايدۇ بىكارغا.
سولاشماقتا مۇھەببەتمۇ يىگىلەپ،
پۇلسىز ھېچكىم چىقمىغاچقا شىكارغا.

پۇل بولماقلىق گۆركار بولماق ئۆزىگە،
پۇل گەردىشى ۋەسۋەسىسىدە تەس كۈنى.
ناخشا — غەزەل ئۇندىن ھۇركۇپ قاچىدۇ،
چۈشىن كەبى گىژىلدايدۇ خەس ئۈنى.

ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانا پۇلسىزدى،
مەبۇد ئەمەس راھىب ئۈچۈن پۇل دېگەن.
ئىشق چۆلىدە غېرىب ئۆتكەن مەشرەپنىڭ
مىسرالىرى ئالتۇن تەڭگە دېمىگەن!

پۇل گوياكى سېھرىگەرگە ئوخشايدۇ،
يۇلتۇزلارمۇ تۆكۈلىدۇ قوينۇڭغا.
يۇلتۇز نېمە، نۇرى نېمە بىلمەيسەن،
سوغۇق بىر قول گىرە سالار بوينۇڭغا.

دوستلىرىڭنىڭ قېنى سەندىن سوۋۇيدۇ،
مۇزلاپ كېتەر قېنىڭ ھەمدە تەرلىرىڭ.
ئېتىقادىڭ، كۆز يېشىڭنى يوق قىلار،
شورلىشىدۇ كۆڭۈل دېگەن يەرلىرىڭ.

ئىسىم قويۇپ ياساپ چىقتۇق قەغەزنى،
ئاتاپ ئاڭا قاراۋۇللۇق خەزىنە.
پەيدا قىلىپ ئۇنىڭ دەھشەت سۈرىنى،
قىلىپ قويدۇق بۇ جاھاننى تارغىنە.

چېچەكلەيدۇ جىنايەتمۇ پۇل بىلەن،
پۇل ئۈستىدە چېۋىن گويا ئادەملەر.
ئالەم بەربات پۇلپەرەسنىڭ دەستىدىن،
بەربات شادلىق، بەربات مەغرۇر قەدەملەر.

مېھنەت بىلەن ئېپار بويدۇر ھاياتمۇ،
مېھنەت بىلەن باراقساندۇر كۈنلەرمۇ.
مېھنەتلىك ئۆي قوۋناق كۈيگە بۆلەكلىك،
مېھنەت بىلەن بىر لىرىكا تۈنلەرمۇ.

پۇلنىڭ ھەرگىز كۆزى بولۇپ باقمىغان،
يوق چىرايى، روھى ھەمدە تېنىمۇ.
ئادەملەرنىڭ بېشىنىمۇ يەيدۇ پۇل،
يىرىڭلىغان پۇلدىن دۇنيا قېنىمۇ.

رېلىس بولۇپ يېيىلغاندا ئاي، يىللار،
پۇلسىز ھەممە كۆرۈنىدۇ قارا بوپ.
ئابىدىسى ئەزرائىلنىڭ ئۆلۈملەر،
قالار شۇنداق تارىخ باغرى يارا بوپ.

## غەم نۇرى

قولۇمنى تارتىدۇ سائەتنىڭ تىلى،
ئالدىغا ماڭ دەيدۇ ئەنسىز چىكىلداپ.
قىرلىق چاقىرار يوچۇن ئاۋازدا،
ياشايمەن ئەشۇنداق تىنماي سوكۇلداپ.

مۇكىدەك ئۆتۇشەر ئادەملەر يولدا،
مەنزىلسىز سەپەرگە تاشلىغان قەدەم.
كۆزلىرىم ئىزدەيدۇ كىمنىدۇ، ئەمما،
ئادەملەر ئىچىدە كۆرۈنمەس ئادەم.

قۇيۇندا توزۇيدۇ توپا — چاڭ، قەغەز،
ۋاڭ — چۇڭنى باسماقتا ئىغىر بىر سۇكۇت.
ئولتۇرار غورۇرنى پۇتىغا چىلاپ،
يىگىتلەر بۇ دەمدە قاناتسىز بۇركۇت.

ئۇمىدىم چىقىلار پارە — پارە بوپ،
تاش تىگىپ چىقىلغان ئەينەكتەك گويا.
قىزلىق ناز غۇنچىدەك ئۇششىمەكتە، ئاھ!
قىسقا، تار يوپكىدا يوقىلىپ هايا.

نىمىشقا روھىڭدىن چىقىپ كىتىسەن،
نىمىشقا چاقنىماس مىسران خىياللار؟!
مەشئەلدەك يانمايدۇ ئەركەكلىك قىنى،
ئىمكاننى ئەپقاچار سەرسان شامالار.

پالۋانلار ناخشىسى تىلىم ئۇچىدا،
كارىزنىڭ سۇيىدە يۇيدۇم روھىمنى.
بوۋامنىڭ هۇشىنى ئىزدەيمەن بۇ دەم،

ئازابلىق مەنزىرە تۇتما قولۇمنى.

ئەتىكى سەھەرنىڭ دوقمۇشلىرىدا،
كىملەر ئۇ تاقەتسىز ساقلىغان مېنى؟
بىر قولدا تۇتقىنى بىر قۇتا هاراق،
بىر قولدا ناز قىلار ئىشرەت شەيتىنى.

بەزمىلەر رەقىمى چۈشەر توكۇلداپ،
ئاياللار سومكىسى پوچتا ساندۇقى.
چايقىلار جانانىنىڭ تولغان ساغرىسى،
رومكىدا لەۋدىكى گىرىم قالدۇقى.

چەكلەنگەن مېۋىلەر ئۈزۈلەر بىر-بىر،
جىرىڭلاپ تۇرسىلا كۈمۈش تەڭگىلەر.
كۈچ ئۇلاپ ئۇنىڭغا بىزەك ئېلانمۇ،
رادىئو، گېزىت ھەم تامغا بىر كېلەر.

سېغىندىم، چېچىنى قىرىق تال ئۆرۈپ،
ئەتلەستىن شاھى تون كىيگەن جانانىنى.
قاچاندۇ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن دوپپىلار. . .
بولدىلا، سورىماي كونا خامانىنى.

سەۋرچان بول دەيمەن يۈرەككە يەنە،
تۇرسىمۇ ۋاگونلاپ غەملەر توشۇلۇپ.
ئېقىپ تۇر سۈپسۈزۈك كارىزىم سۈيى،
ئاقسۇن پاك كۆز يېشىم ساڭا قوشۇلۇپ.

## سەن ئۇمايىنىڭ شىخسەن

يىلتىزلاپ كۆكلەيدۇ ئېتىزدا ناخشاڭ،

گۈللەرنىڭ پۈرىقى ئاۋازىڭدۇر، بەس.
كىم دەيدۇ شورلاشقان ساۋاتسىز سېنى،
شەھەرلىك قىزلارغا تېگىشكۈم كەلمەس.

توپىلىق يوللاردا ماڭساڭ نازلىنىپ،
كىم دەيدۇ ئېتىزلىق بىلگەن دۇنياسى؟
ھارۋاڭدا توشۇيسەن ساددىلىقنى سەن،
چاچىسەن ئالەمگە پاكلىق زىياسى.

يامغۇر بوپ ئاسماندىن تۆكۈلدۈڭ گويا،
گىياھ بوپ كۆكلىدىڭ گۈلگۈن دالىدا.
ئۈمايىنىڭ شېخىسەن باراقسان ئۆسكەن،
پەرىشتە كۆتۈرەر سېنى قولىدا.

يۈرىكىڭ پاتىسمۇ توپىغا، لايغا،
دىلىڭدا سايرايدۇ باھار قۇشلىرى.
بىر تال گۈل — گىياھچۈن كۆيىسەن گۈر — گۈر،
ئازدۇرۇپ كېتەلمەس شەيتان چۈشلىرى.

قىرىق تال چاچلىرىڭ، كۆيگەن ئاپتاپتا
ئاقىقان شوخ كارىزنىڭ سۇلىرى گويا.
ياۋا ئوت ئۈنمىگەن قىرلاردا پەقەت،
مايسىدىن ھىممىتىڭ باقىدۇ قىيا.

شورلاشقان لەۋلىرىڭ سۆيگۈ ئۇپۇقى،
ئەقىدە قۇشلىرى تۇرىدۇ سايراپ.
چولپاندەك كۆزۈڭدەقۇياش يورۇقى،
سۇلاقچى يىگىتكە چاچىدۇ ئاپتاپ.

قىرىق تال چاچلىرىڭ قىرىق ئالەمدۇر،

قىرىق مىڭ كەچمىشىڭ — قىرىق مىڭ چۆچەك.
تېگىشكۈم يوق پەقەت شەھەرلىك قىزغا،
كىم مېنىڭ دىلىمغا نۇر بەرگەن سەندەك؟!

## ئۆزگەرگەن رەسىم

ھايانى چاينىغان قايسى ئېغىزدۇ؟
ئىپپەتىنىڭ كۆزىدە يالتىرايدۇ ياش.
كۈلدانغا ئايلاندى جانان چىنەڭمۇ،
نومۇسىنىڭ ئىسىدىن قېيىپ قالغان باش.

پۇلدارنىڭ خورىكى — مۇزىكا بولدا،
رېتىمسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىسەن.
ئالماڭمۇ سېسىغان شېخى يېرىلىپ،
بىر تەلۋە شەھۋەتتە ئۆششۈپ كېتىسەن.

جىگىرىڭ يەم بولدى غەملەرگە كاتتا،
يۈرىكىڭ شامالدا قالغان يوپۇرماق.
يىلتىزسىز قامغاقتەك لەيلەيدۇ روھىڭ،
ھەۋەسىڭ قوللىرى چالار قوڭغۇراق.

بولدىلا، كەچمىشىڭ چۈشتەك تۇزىسۇن،
چاراسلاپ كۆيىمەن بۇ دەم ھەسرەتتە.
غورۇرنىڭ كۆزىگە كىم پۈركىدى قۇم،
روھلارنى بۇلغىغان مىكىر — مەقسەتتە.

كۆيىنىكىڭ تۈگمىسىز يۈرسەڭ مەيلىمۇ؟
ئېتىپ قوي نۇزۇگۈم چىدالماي قالدى.
ھۆپىگەر كۆيىگە مەستانە بولما،
سادىرمۇ ئاچچىقتا بۇ دەم ھار ئالدى.

نازىڭدىن ياسىدىڭ ھەۋەس ئامبىرى،
ئىشىكى كەڭ ئوچۇق پۇلدار غوجامغا.
قاغىغا يەم قىلما غۇنچە بويۇڭنى،
يىقىلار سەن ئۇچۇن غەم بوسۇغامغا.

قاپقارا سايىلەر ئۆتىدۇ لىپ — لىپ،
كۆڭلۈمنىڭ ئۆيىگە تۈڭلۈكتىن ماراپ.
نېمىشقا چىرمىماس ۋەھىمە مېنى،
تانىسكەش ئەي سىڭلىم بويۇڭغا قاراپ.

ئىزدىدىم ئۆزۈڭدىن سېنى، بىر سېنى،
رەسىمىڭ ئوخشىماس ئۆزۈڭگە پەقەت.
چۆچەكچى مومايمۇ سورايدۇ سېنى،
قىينالدىم يازالماي سەن توغرىلىق خەت.

كىملەرنىڭ قولى ئۇ، كىملەرنىڭ قولى،
تانىسكەش، ئالىپتە ئۆزگەرتكەن سېنى؟
تۇمارىس بولالماي قالىسەن ئەبەد،
تومۇردا ئاقمىسا ئۇمايىنىڭ قېنى.

هەمراگۈل غوپۇر

# رېئاللىققا قايتاي مەن ئەمدى

تونۇشۇپ بىز ئۆتمەستىن ئۇزاق،
ئاھ، ئۇلغايدى قەلبىمدە پىراق.
ئىشتىياقىڭ يۈرەكنى ئۆرتەپ،
ئاشىقلىقتىن ياندۇردى چىراغ.

ئىللىقلىق قەلبىم تۆرىدىن،
ئالدى تىرەن پاساھەتلىك جاي.
نۇر تۆكۈلەر چېھرىڭدىن ماڭا،
قونغان ئوخشاش گويا تولۇن ئاي.

چۈشەنسەممۇ ھىجراننى بۇرۇن،
يۈرىكىمنى ئالمىغان بېسىپ.
تۇۋلىسامۇ «يار» ناخشىسىغا،
ۋۇجۇدۇمغا سىڭمىگەن كىرىپ.

بۈگۈن، لېكىن، باشقىچە ھالىم،
جىسمىم بۆلەك، يۈرىكىم بۆلەك.
كۆرسەم سېنى، ئويلىرىم يىتىپ،
ۋۇجۇدۇمنى تىترىتەر يۈرەك.

ئىشقىڭ قىلغاچ روھىمنى سەرسان،
تىلەپ يۈردۈم قەلبىڭگە شەپقەت.

كۆزۈم بىلەن ئىزدىدىم سەندە
بارمىدۇ دەپ ماڭا مۇھەببەت.

تەبەسسۇملۇق بېقىشىڭ گويا،
بولدى مېنىڭ سۆيگۈمگە جاۋاب.
ئاھ! بىپەرۋا ھەرىكەتلىرىڭدىن،
لېكىن، بولدى ھالىم بەك خاراب.

مۇھەببەتتىن جۈرئەتكە كېلىپ،
بۈگۈن ئاخىر ئاچتىم سىرىمنى.
تاڭ قالدۇردى كۈتمىگەن جاۋاب،
باغرىم تىلىپ، بوغۇپ گېلىمنى.

چۈشەكىگەن ئادەمدەك شۇندا،
كۆزۈم ئاچتىم يوغان ھەم يوغان.
ئۆزۈم سۆيگەن گۈزەل دۇنيانى،
قاپلاپ ئاپتۇ غۇۋا بىر تۇمان.

خىيالىمدا كۆرۈپ دۇنيانى،
رېئاللىقتىن يۈرگەچ مەن چەتنەپ.
نەزىرىدىن قاچۇرماي تۇرمۇش،
قاپتۇ مېنى مۇشۇنداق ئەسلەپ.

ئۆكسۈمىدىم، دەرد تۆكمىدىم ھەم،
ئېيتتىم بەلكى تۇرمۇشقا رەھمەت.
رېئاللىققا قايتۇرغاچ مېنى،
تۇرمۇشتىكى ئاشۇ «مۇھەببەت».

ئوسمانجان ساۋۇت

# ئىككى شېئىر

## تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ ...

تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ،
نۇرغا چۆمەر بۇ يېشىل دۇنيا.
بۇ بىر كۈننىڭ تويىنى تويلاپ،
بۇلاق قۇبۇز بولىدۇ گويا،
نۇرغا چۆمەر بۇ يېشىل دۇنيا.

ئارچىلاردىن چاڭقىيدۇ ئىپار،
قارىغاي ئوخشار ئېتىلغان ئوقىا.
مېھرىگىيا شىپالىق تىنار،
ۋالىلدايدۇ سامادا چوققا،
قارىغاي ئوخشار ئېتىلغان ئوقا.

تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ
زەپمۇ گۈزەل بۇندا بۇ ئەسنا.
تاڭ ساباسى قاپتالدا سويلاپ،
تىنىم بەرمەس تۇيغۇغا ئەسلا،
زەپمۇ گۈزەل بۇندا بۇ ئەسنا.

جاراڭلايدۇ دەل جاۋاب تاغلار،
ئاھۇلاردىن چىققاندا سادا.
تاڭ تاغلارغا رىشتىنى باغلار،
ئۆز بۇرچىنى قىلىپ ئۇ ئادا،
ئاھۇلاردىن چىققاندا سادا.

تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ ...
چاقناپ كېتەر گۈلدار ئېتەكلەر،
كۈلكە تۆكسە ئالتۇن چېچەكلەر
چاقناپ كېتەر گۈلدار ئېتەكلەر.

ئۇچۇپ يۈرەر ھايات ناۋاسى،
چۈشمۇ، تىلسىم، بۇ رەڭ، بۇ جىلۋە؟
«مەن ھايات» دەپ سۆزلەر ھاۋاسى،
گۈزەللىككە مانا چىن قىبلە،
چۈشمۇ، تىلسىم، بۇ رەڭ، بۇ جىلۋە؟

تاڭ تارايدۇ تاغلارنى بويلاپ،
يوللىرىدا جۇشقۇن بىر ھايات.
دەريا ئاقار شەپەقنى ئويناپ،
تاڭ تارايدۇ، تارايدۇ ھەيھات،
يوللىرىدا جۇشقۇن بىر ھايات.

## يۇلتۇز

دىلبەر، كېچە چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار،
بىر يۇلتۇزدىن يۈرىكىمدە مىڭ ئىز بار.
شۇ يۇلتۇزغا ئوخشايدىغان كۆزلىرى،
يۇرتتا قالغان پەرى سۈپەت بىر قىز بار.

يۇرتتا قالغان پەرى سۈپەت بىر قىز بار،
ئۇدۇلۇمدا لاۋۇلدايدۇ يۇلتۇز نار.
مەن قارايمەن يۇلتۇزلارغا پەرىشان،
بۇ سىرىمنى بىلەمدىكىن يۇلتۇزلار؟

بۇ سىرىمنى بىلەمدىكىن يۇلتۇزلار؟
ئاسماندىكى زەپ يېقىملىق گۈل قىزلار.
مەن قارايمەن ھەم قارايدۇ ئۇنىڭغا،
كىيىك كۆزلۈك، چېچى قارا قۇندۇز يار.

دىلبەر، كېچە چاراقلايدۇ يۇلتۇزلار،
يۇلتۇز تارتتى يۈرىكىمدە يىلتىزلار.
دەرقەم قىلغان نىگاھلارنى بىر يەردە،
ۋاھ يارايسەن! يارا نۇرلۇق قىرمىزلار.

ئۆمەر نىياز تالىپ

# ئىككى شېئىر

## خاتالار

كېتىپتۇ خاتالار تولۇپ يولۇمغا،
كۆز ئېچىپ ئۇيقۇدىن باقسام يىراققا.
نېمىشقا ئۆيگىلا بولىمەن بەنت؟
قالغاندەك ئىشىكلەر ئېچىلىپ خاتا.
دىلبىرىم جىلۋىسىن كۆرسەتمەك بولۇپ،
گىياھقا ئايلىنىپ كەتكەندەك گويا.

ئاھ! نېچۈن تۈڭلۈكۈم باقار قۇياشقا؟
قېنى ئۇ قامچىدەك مەن سۆيگەن بەدەن؟
بۇ ئېقىن نە ئۈچۈن ئاقتى تۆۋەنگە؟
قېنى ئۇ بىر كىندىك ھەمراھىم ھەسەن؟!
ئەسلىسەم بىر چاغدا تۇتۇق ئۆتمۈشنى،
قاتمۇ ـ قات خاتالار چىرماپتۇ ئەجەب.
لېۋىمۇ سۆيۈپتۇ لەۋلەرنى خاتا،
«قىزىل گۈل قار ئىچرە پورەكلىسۇن» دەپ.

## يېنىمدىكى ئايالغا

(بىر دوستۇمنىڭ ئاغزىدىن)

ياشىدۇق غەشلىكتە ئۆتتى ئۇزۇن يىل،
تارتىمىدۇق دەملەرنى غەپلەت قوينىدىن.
گىرىمسەن كېچىلەر ئۆتتى نازىڭسىز،
تامچىماس شېرىنلىك سۆيگۈ بەرگىدىن.

ساختىلىق قۇلىدەك شۇنچە مۇلايىم،
بىزىدۇق جاراھەت ئاغزىنى ئەپلەپ.
كەتمىدى دىماغدىن ئاچچىق بىر تىنىق،
باقمىدۇق قەلبنى ھەقىقىي كۆيلەپ.

ئاھ! بىزنى بۇ ھالغا كەلتۈرگەن نېمە؟
بىردەملىك لەززەتمۇ ۋە ياكى مەستلىك.
ياكى بىر ئالجىغان تەقدىرمىدۇ بۇ،
ئالدىراپ «سۆيىمەن» دېگەن سەۋەبلىك؟...

ئېلى ھېمىت

# قۇمتاغ باغرىدىكى قىسسە

(داستان)

## مۇقەددىمە

ئاتا قۇمتاغ سېغىندىم سېنى،
چۇشلىرىمگە كىرىسەن ھامان.
ئالقۇنلىرىڭ چىللايدۇ مېنى،
كۆڭۈل قۇشۇم كېتەر سەن تامان.

تومۇز تەپتى كۆيدۈرسىمۇ تەن،
يالاڭئاياغ كېزەتتىم سېنى.
توشقان قوغلاپ يانتاقلىق ئارا،
شېكەر يىغقان چاغلىرىم قېنى! ؟

كارىز سۈيى زېمىن قېنىدۇر،
كۆزلىرىمنى قىلدى ئۇ روشەن.
زەپ ئوخشىدى قوغۇن — ئۈزۈمىڭ،
ئۇ قوينۇڭنى ئەيلىگەچ ۋەتەن.

ئېيتىپ بەرسەم ساڭا چۆچەكلەر،
مۇڭلانما ھەم كۈلمە، سال قۇلاق.
ئۆتمۈشۈڭگە تىزدىم ئالتۇن خەت،
سېنى كۈيلەپ تۇردۇم ھەممە ۋاق.

قانچە كارۋان ئۆتتى بۇ قۇمدىن؟
ئۇچۇپ كەتتى ئىزى شامالغا.
ياۋا تۆگە يانتاقلىق ئارا،
ئۇچراپ قالار گاھى — گاھىدا.

***

قۇرغاق ھاۋا ئۇرۇلسا يۈزگە،
كۆڭۈل چاپار نەدە دەپ بۇلاق.
يازنىڭ تومۇز ئاشۇ كۈنىدە،
بىر قىز كېلەر مىنىپ ئارغىماق.

تال — تال ئۇزۇن ئۆرۈم چاچلىرى،
ياپار ئىدى يۈزىنى بەزەن.
ھىمىرىلگەن نازۇك قاشلىرى،
ئەسلىتەتتى ھىلالنى ئەينەن.

چاچ تەڭگىسى قالسا جىرىڭلاپ،
قىز قارايدۇ ئارقىغا ئەنسىز.
يىراقلاردىن كېلەر يېقىنلاپ،
دۈپۈرلىگەن ئاۋاز تىنىمسىز.

قىز قەلبىنى سالدى لەرزىگە،
چاقىرغاندەك قۇياش يېنىغا.
قىز كەلگەندە بىر چاغ ئېسىگە،
كۆزى چۈشتى بىر ئوتۇنچىغا.

بوز ئېشەككە ئارتىلغان ئارچا.
ئوتۇنچىمۇ تۇراتتى قاراپ.
قىز كۆردىكى قاۋۇل بىر يىگىت،

سالام بېرىپ كۆتەتتى جاۋاب.

ئۆزۈن، قارا، توم قاشلىرى ھەم،
قوي كۆزلىرى كۆرىنەر ئوتتەك.
پالتىسىنى قىسقان بېلىگە،
تۇرار ئىدى گويا رۇستەمدەك.

«سالام ئاكا!» دەپلا ئاران قىز،
ئاتتىن ئاستا يىقىلدى ھۇشسىز.
يىگىت ئوقتەك ئېتىلدى قىزغا،
قۇچىقىغا ئالدى ھايالسىز.

قىزنىڭ تېنى تونۇردەك قىزىق،
تىنىقىمۇ ئاجىز ئىدى بەك.
ئۇسسۇزلۇقتىن يېرىلغان چاك — چاك
كالپۇكلىرى قوناق نېنىدەك.

تۇيۇقسىزلا چىققاندەك قۇيۇن،
بىر توپ چىرىك كەلدى شۇ دەمدە.
ئوتۇنچىمۇ پالتىنى ئېلىپ،
شىردەك ھەيۋەت ئېتىلدى جەڭگە.

«ئاھ، ۋاي» غىمۇ ئۇلگۇرمەي ياتتى،
بىر نەچچىسى پالتا زەربىدە.
دومىلىدى بەزىسى ئاتتىن،
جەڭمۇ شۇندا چىقتى ئەۋجىگە.

بىر توپ غالجىر ئىتتەك چىرىكلەر،
يۇپۇرۇلدى يىگىتنى قورشاپ.
بىر نەچچىسى قىزنى كۆتۈرۈپ،

ئېلىپ قاچتى بىر ئاتقا باغلاپ.

ئوتتۇنچىنى ئۇرۇپ غالچىلار،
بويىنۇەتتى قېپقىزىل قانغا.
تاشلاپ كەتتى «ئۆلدى» دەپ ئۇنى،
«يەم بولسۇن» دەپ ئاچكۆز قاۋانغا.

ياڭراپ قىزنىڭ نالىسى، چۆلگە
سىڭىپ كەتتى توزانلار ئارا.
كۈن ئولتۇرۇپ، قارايدى ئاسمان،
چىقتى بوران يىرتقۇچتەك گويا.

گۆرىستاندەك زىندان ئىچىدە،
پۇت، قولىغا زەنجىر چېتىلغان؛
ياتار ئىدى جۆيلۈپ ئانارگۈل،
پۈتۈن تېنى قانغا بويالغان.

«قويدۇم سېنى بىكار بالاغا،
ئەي ناتونۇش ئەزىمەت ئاكا.
ئامانمۇ سەن قەيەردە ئۆزۈڭ؟
ئۆمۈر بويى قەرزدارمەن ساڭا.»

مىدىرلايتتى لېۋى شۇنداق دەپ،
تىت — تىتلىقتا تولغىنىپ ھەريان.
تۇرار ئىدى چىرىكلەر قاراپ،
گويا بولۇپ قاتمۇ — قات زىندان.

تەك باراڭلىق ھويلىدا غەمكىن،
ئېيتار مۇقام مۇقامچى بوۋاي.
يىگىت كۈتۈپ قىساس پەيتىنى،

تولغىناتتى نىم جانغا باقماي.

مۇقام تۈگەپ، بوۋاي جىم بولۇپ،
ئېچىناتتى يىگىت ھالىغا.
رەھمەت بوۋا ئاتامسەن ئۆزۈڭ،
بالا بولاي سەن نىجاتكارغا.

— ئوغلۇم ئۇنچە چەكمىگىن ھەسرەت،
ئەزىمەت ھېچ قايتماس لەۋزىدىن.
ساقاي ئوغلۇم، بارغىن قىساس ئال،
يىگىتلىكنى ئادا قىل تېزدىن…

سىقار گالنى تىنجىق بۇ ھاۋا،
سېسىقچىلىق تۆت كوچا ئارا.
پاشا چېقىپ بەرمەيتتى ئارام،
ئۇخلاش دېگەن يوق ئارامخۇدا.

بەكمۇ ئېگىز شەھەر سېپىلى،
قۇۋۇقلاردا چىرىكلەر قاتار.
شۇ قۇۋۇقلار پىلسىرات گويا،
ئۆتكەنلەرنى بۇلايدۇ ئاشكار.

شۇنداق ئۇزۇن قارا تۈن بويى،
زىنىدانلاردىن نالە ئاڭلىنار.
شاراقلايدۇ كىشەن — زەنجىرلەر،
ۋىژىلدايدۇ قانلىق قامچىلار.

ئانارگۈلنى قانخور جاللاتلار،
ئېلىپ كىردى سوراقخانىغا.
چاشقان بۇرۇت قېرى بىر دوتەي،

ھەيۋە بىلەن كەلدى ئالدىغا.

تۇرار ئىدى ئانارگۇل مەزمۇت،
ئۇچقۇندايتتى كۆزلىرىدە ئوت.
تىترەپ بىردىن دوتەي دېدى: — ھەي،
ئۇ يالاڭتۆش گادايىنى ئۇنۇت.

يۇۋاش بولغىن، خوتۇن بول ماڭا،
بايلىق، مەنسەپ بېرىمەن يانا.
ياشلىق گۇلۇڭ ئېچىلماي سولسا،
ئەلەم — ھەسرەت بولمامدۇ ساڭا؟

— «تۇفى!» ئىپلاس،— دېدى ئانارگۇل،
مىختەك قادىلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە.
ئاچچىقىدا يېرىلىپ دوتەي،
قامچا ئۇردى قىزنىڭ يۈزىگە.

— بەرسەم ساڭا ئاخىرقى پۇرسەت،
كۆيۈنگەننى بىلمىدىڭ نەچچە.
قىلىچ بىلەن بېشىڭنى كېسىپ،
ئىبرەت قىلاي ئەتە ھەممىگە!

قەددىنى تىك رۇسلاپ ئانارگۇل،
شۇنداق دېدى غەزەپلىك بېقىپ:
— غالجىر، قولۇڭدىن كېلەر ئاران شۇ،
ئالالمايسەن ۋىجداننى سېتىپ.

— ئەپچىق! — دېدى دوتەي ئاچچىقتا،
لاغىلدايتتى بەزگەكتەك ئاجىز.
تۇتتى ئەپيۇن خۇمارى شۇتاپ،

ئوڭدىسىغا چۈشتى تەخىرسىز.

تۆتەك باسقان بۇ كونا قەلئە،
تۆن كېچىدە بولار گۆرىستان.
چاراسلىدى تۆرمە ئىشىكى،
ۋەھىمىگە تولدى ھەممە يان.

ئارغامچىدا سىپىل تېشىغا،
ياماشتى تەك بىر جۈپ كۆلەڭگە.
«قاچتى!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەك،
سىڭىپ كەتتى ئۇلار كېچىگە.

بۇ تۆيۈقسىز زەربىدىن دوتەي،
ئورۇن تۇتۇپ ياتتى بىر ھەپتە.
«ئوتتۇنچى ۋە قىزنى ئالدىمغا،
تىرىك ئەپكەل!» دەيتتى غەزەپتە.

ئېشىپ ئۇلار تاغۇ — داۋاندىن،
كەلدى ئاخىر بۇلاق بېشىغا.
تەشنالىقى قېنىپ كەۋسەردىن،
يۈرەك سۆزىن ئېيتتى مۇڭداشقا.

— رەھمەت ئاكا، مېھرىبان كىشىم،
سالىمىمنى ئالغىن! — دېدى قىز.
سۆزلەپ بېرەي كەچۈرمىشىمنى،
سانجىلماقتا قەلبىمگە بىگىز.

جاللات دوتەي ئاتا — ئانامنى،
زار قاخشىتىپ ئۆلتۈردى ئاخىر.
مېنى بولاپ خوتۇن قىلماقچى،

قالمىدى ھېچ خورلۇققا تەخىر.

ياشلىق گۈلۈم بولماقتا خازان،
جاھالەتنىڭ قۇربانى بولۇپ.
قالدىم يېتىم، زۇلمەتتە سەرسان،
يۈرەك — باغرىم ھەسرەتكە تولۇپ.

قېنى مېنىڭ ئالتۇن تاغلىرىم،
چىمەنزارلىق گۈزەل باغلىرىم.
خورلۇق، قۇللۇق، نامراتلىق بىلەن،
ئۆتتى ئەجەپ سەبى چاغلىرىم.

دەرد — ئەلەمنى سۆزلەيمەن تەكرار،
تۈگىمەيدۇ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ.
غەزەپ ئوتى قەلبىمدە يانار،
قىساس ئۈچۈن ھەردەم ئۆرتىنىپ.

يىغلاپ سالدى ھۆكرەپ ئانارگۈل،
نەپسى ئوت، ۋۇجۇدى گۈلخان.
ئۇھسىنغانچە يىگىتمۇ دەردتە،
ئۆتمۈشىنى ئەيلىدى بايان.

— جېنىم سىڭلىم، تىنىك تۈرۈۈڭ ھامان،
بوپ ئۇيغۇرنىڭ مەرت، باتۇر قىزى.
ئەرك ئۈچۈن بولسا كىم قۇربان،
قالار ئۆچمەي ھەردەم ئىش — ئىزى.

مەنمۇ سىزدەك غېرىب مىسكىنمەن،
قۇل ھاياتتىن جاق تويدۇم شۇنچە.
بايغا ئىشلەپ قەرزگە بوغۇلۇپ،

تاياق يېدىم خورلۇقتا قانچە.

ئەرك ئۈچۈن تەشنا يۈرىكىم،
ئاتا قىلدى پۈتمەس كۈچ — قۇۋۋەت.
خەلقىم زارى مەدەتكار هامان،
زۇلپىقارمەن قۇللۇققا ئەبەد...

دۇلقۇنلىنىپ يىگىت ۋۇجۇدى،
قايناق هېستا باقتى قۇمتاغقا.
بىر ئىللىقلىق ئۇلارنى شۇ تاپ،
باشلاپ كىردى گۈزەل گۈلباغقا...

«ئات كىشنىشى! ئاڭلاڭ،» دېدى قىز،
يىگىت قۇمغا قۇلاقنى قويدى:
«دۈپۈرلىگەن ئاۋاز چوقۇم شۇ،
كېلەر بىر توپ چېرىكلەر ئەمدى.»

«ئاكا — سىڭىل بولدۇق قوشماق بىز،
ئۆلۈمدىمۇ بىللە بولىمىز!»
دېدى ئۇلار، بېرىشتى قەسەم،
بىر جۈپ شۇڭقار ئۇچتى گويا تېز.

چاڭ — توزانلار تۇمان دەرياسى،
غايىپ بولدى ئۇلار ئالۇۇندەك.
بىر توپ چېرىك قوغلاپ يېتەلمەي،
چۆلدە قالدى قارا قۇيۇندەك.

قۇمتاغنىڭ كەڭ قوينى — باغرىدا،
گۈكىرەيدۇ هېلىمۇ قۇيۇن.
تاڭدەك قىزىل چېچەكلەپ يەنە،

مەزمۇت تۇرار تاۋلىنىپ يۇلغۇن.

## خاتىمە

ساما قىزى كۇلۇپ باقماندا،
جىلغىلاردا تاۋلىنىدۇ زەر.
چىمەنزارلىق ۋادىلار ئارا،
قۇشلار كۈيى تىنماس شۇ قەدەر.

ئاتا قۇمتاغ باغرىڭدا مانا،
يېڭى هايات كۇلۇپتۇ گۇلگۇن.
سەندە ئۆتكەن گۈزەل رىۋايەت،
هەقىقەتنى سۆزلەيدۇ بۇگۇن.

ئاستىڭدا بار كىتىك شەھىرى،
مەدەنىيەتنىڭ يېڭى سەھىرى.
ھەر زەررەڭگە يازاي بىر بىيىت،
سەن ئەبەدىي ئىلھامىم بەھرى.

ئىسمايىل ئېلى

# ئىككى شېئىر

## نېمىشقا

(ساتىرا)

نانىنى يەيدۇ، دېھقاننى ئەسلىمەيدۇ نېمىشقا،
«دېھقان ئۇلۇغ» دېيىشكە ئەرزىمەيدۇ نېمىشقا؟
«سىلىق ئېغىر» دەپ قويسا، نارازى بوپ دېھقانلار،
«جۆيلۈشمە» دەپ چالۋاقار، «جۆيلۈمە» يدۇ نېمىشقا؟
جەرىمانە قويىدۇ خالىغانچە دېھقانغا،
ئەمەل تۇتقان جانابلار تۆلىمەيدۇ نېمىشقا؟
ساختا مالنىڭ باھاسى يىلدىن — يىلغا ئۆرلەيدۇ،
يەردىن چىققان مەھسۇلات ئۆرلىمەيدۇ نېمىشقا؟
بىر خالتا ئۇن، بەش جىڭ ماي يىل بولامدۇ نامراتقا،
بۆلۈنگەنكەن ھۆددىگە يۆلىمەيدۇ نېمىشقا؟
بۇزۇپ — چېچىپ چەشلەرنى ئىسراپ قىلسا توخۇلار،
قاراپ تۇرۇپ خامانچى «تاخ» دېمەيدۇ نېمىشقا؟
زىرائەتكە ھال چۈشسە دورا چاچسا يوقايدۇ،

دېھقانلارغا چۈشكەن «ھال» تۈگىمەيدۇ نېمىشقا؟
قالايمىقان ھەق يىغىش تۈگىتىلسە تەلتۆكۈس،
دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى گۈللىمەيدۇ نېمىشقا؟
«ئېغىر سېلىق سالما» دەپ پەرمان چۈشسە مەركەزدىن،
يەرلىك «بەگ» لەر بۇ ھەقتە سۆزلىمەيدۇ نېمىشقا؟
كومپارتىيە ھەر دائىم ئەل بەختىنى كۆزلەيدۇ،
ئاز ساندىكى «غوجام»لار كۆزلىمەيدۇ نېمىشقا؟

## ياخشى

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر غەزىلىگە)

تار تەڭشەلمىگەن سازدىن چېلەك بەرگەن سادا ياخشى،
ئەجىرسىز ساختا شۆھرەتتىن بەختسىزلىك، جازا ياخشى،
مۇناپىق دوست — بۇرادەردىن ۋاپادار دىلرەبا ياخشى،
تىرىكتاپ قاغا — قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى.

جاھاننى تەڭشىگەي ئاخىر ئىلىم — پەن، كاتتا ئالىملار،
ئۇنىڭ — ھېكمىتىن بىلمەس نادان ھەم رەزگى جاھىللار،
ھامان بىر كۈن زاۋال تاپقاي، كېرەكسىز، ساختا ئامىللار،
كېرەك ئەمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشىنا ياخشى.

بېشىمچە كىرگىنىم كىرگەن ئىجاد ئاتلىق شۇ يالقۇنغا،

بۇ يولنى ئەسلا بەرمەيمەن پېقىر بولساممۇ ئالتۇنغا،
يولۇم داغدام قەدەم باسماي ئۆتەرمەن تار چىغىر يولغا،
تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا،
كى دەردلەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۇلا ياخشى.

بولاي ئەل خەنجىرى ئۆتكۈر، ئۇلۇغ «ئىز» سېھرى قۇدرەتتىن،
تاقاي ئەل كۆكسىگە گۈللەر، هالال تەر، ئەجرى — مېھنەتتىن،
ۋەتەنگە تۆھپە قوشساممۇ يىراق مەن بەلكى مىننەتتىن،
قەسەم بىللا، تامايىم يوق بەھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن،
پېشانەم تەرىدىن پۈتكەن بى مىننەت بورىيا ياخشى.

تائام، راھەتكە قۇل بولماق ھاياتتا ئەسكى ئىللەتتۇر،
«ئۆمۈر گوياكى ئاتقان ئوق» نىھايەت قىسقا مۆھلەتتۇر،
ۋەتەنگە جان نىسار قىلماق ماڭا چوڭ شانۇ — شۆھرەتتۇر،
مېنىڭ تاجىسىز ساياق باشىم ئۆزۈمگە تاجۇ — دۆلەتتۇر،
ئەركىسىز پادىشاھلىقتىن جاھانكەشتى گاداي ياخشى.

مۇقەددەس تۇپرىقى ئالتۇن، مەدەنلىك تاغلىرى ھەيۋەت،
قۇياشلىق باغرىدا يالقۇن، ئېقىن، دەريالىرى زۇمرەت،
چاچار گۈلشەنلىرى ئەنبەر، تۆكەر گۈلباغلىرى شەربەت،
نە ھاجەت جەننەتۇلمەئىۋا، ۋەتەنىنىڭ قوينى بىر جەننەت،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لاچىنغا كەڭ ساما ياخشى.

يېزىلدى نەزمەئى تەخمىس ۋەتەندە، نەۋ باھارىمدا،

ۋەتەننى گۈللىمەك ئەھدىم ئۆمۈرلۈك كەسپى كارىمدا،
ۋەتەننى كۈيلىمەك بەختىم كۈمۈش تارلىق ساتارىمدا،
مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن داجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ — ۋاپا ياخشى.

مۇھەررىر : ئىلھام سەدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىر : قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور : تۇرغۇن جالالىدىن
تېخرىداكتور : خاتىمە ئېلى

# ئاپرېلدىكى گۇگۇم پەسلى

## (ھېكايە ۋە شېئىرلار)

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 13
**سانى** : 0001 ـ 1500
**باھاسى** : 17.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

四月的晚霞/伊里哈木等著. 一北京：民族出版社，2006.5
ISBN 7-105-07721-2

Ⅰ.四… Ⅱ.伊… Ⅲ.①短篇小说一作品集一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）②诗歌一作品集一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ. I217.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052436 号

出版发行: 民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址: 北京市和平里北街 14 号　　邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 乌鲁木齐光彩印刷厂
版　　次: 2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本: 850 毫米×1168 毫米
印　　张：13
印　　数: 0001-1500 册
定　　价: 17.00 元

باش تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
مۇھەممەت شاھنىياز
تۈزگۈچىلەر: ئىلھام سەدۇللا
تۇرغۇن جالالىدىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : تۇرغۇن جالالىدىن
بەتچىك: خاتىمە ئېلى



ISBN 7-105-07721-2

ISBN 7-105-07721-2/I・1674
民(维 246)　定价：17.00 元